# ئاقسۇ نەزمىلىرى

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

جۇڭگو خەلق ئەدەبىياتى توپلىمى
شىنجاڭ تومى
290700

# ئاقسۇ نەزمىلىرى

توپلاپ نەشرگە تەييارلىغۇچى
تەھرىرى : تۇنىياز مەتنىياز

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
1993 ـ يىل ئۈرۈمچى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئابلىمىت سادىق

تەھرىر : تۇنىياز مەتنىياز

مەسئۇل تەھرىر : غوجاخۇن خۇدابەردى

فوتو سۈرەتلىرىنى: تۇنىياز مەتنىياز، توختى ھەسەن
قەيۇم قادىرلار تارتقان

مۇقاۋىنى: شادىيە ھاشىم لايىھىلىگەن

قىستۇرما رەسىملەرنى: پەرھات ئىبرايىم
ئابدۇللا توختى ئىشلىگەن

جۇڭگو خەلق قوشاقلىرى شىنجاڭ تومى

**ئاقسۇ نەزمىلىرى**

توپلاپ نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇنىياز مەتنىياز

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9- قورۇ. پ : 830002)
ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرى ئىشخانىسى تۈزدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدۇ
«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
فورماتى: 1168×850مم، 1/32، باسما تاۋاق 22
1993- يىل 5- ئاي 1- نەشرى. 1- بېسىلىشى
ISBN7—5371--1535—4/I·543
تىراژى: 1—3570

باھاسى: قاتتىق مۇقاۋىلىقى14 يۈەن

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى كاڭ كېجەنىڭ بېغىشلىمىسى ؛

# 热烈祝賀
# 阿克苏民间歌謠出版：
# 文化艺术的沃土

康克俭

一九九三年四月

مەدەنىيەت - سەنئەتنىڭ مۇنبەت زېمىنى. ئاقسۇ نەزمىلىرىنىڭ
نەشر قىلىنغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

كاڭ كېجەن

1993- يىلى 4- ئاي

# ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى مەمتىمىن زاكىرنىڭ بېغىشلىمىسى:

(«ئاقسۇ نەزمىلىرى» نىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن)

ئاقسۇ - دۇنياغا مەشھۇر قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى، سۈيى مول تۇپرىقى مۇنبەت گۈرۈچ ماكانى.

«ئاقسۇ نەزمىلىرى» - ئەنە شۇ باياشات، گۈزەل ماكاندا ياشاپ كېلىۋاتقان باتۇر ئەمگەكچان، مېھماندوست سەنئەت خۇمار خەلقىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق سىياسىي ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە مول تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسىدۇر.

نۆۋەتتىكى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دولقۇنىدا، پارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرىنى قېزىش توپلاش، نەشر قىلىش خىزمىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى نەتىجىسىدە «ئاقسۇ نەزمىلىرى» دىن ئىبارەت بۇ بىباھا گۆھەر يۈزگىچە نۇر چاقنىتىپ، كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ، ھەممىمىز ئاپىرىن ئوقۇشقا ئەرزىيدىغان، كىشى قەلبىگە ئىلھام بەخش ئېتىدىغان خۇشاللىنارلىق ئىش.

مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن «ئاقسۇ نەزمىلىرى» نى توپلاش ۋە نەشر قىلىش ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ قوللىغان ھەر مىللەت كادىرلىرىغا ۋە بۇ بىر جاپالىق قۇرۇلۇشقا ئەمگەك سىڭدۈرگەن ۋىلايەتلىك «ئۈچ توپلام» ئىشخانىسىدىكى خادىملارغا، ھەمدە بۇ خىزمەتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا سېخىيلىق بىلەن ماتېرىيال تەمىن ئەتكەن خەلق ئېغىز ئەدەبىيات - سەنئەت پېشىۋالىرى، خەلق سەنئەتچىلىرى، خەلق قوشاقچىلىرى ۋە ئەلنەغمىچىلىرىگە چىن قەلبىمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن.

بىز ئاقسۇ دىياردا تۇنجى نۆۋەتلىك كۆسەن ئەدەبىيات - سەنئەت بايرىمى ئۆتكۈزۈش ھارپىسىدا بۇ توپلام نەشردىن چىقتى.

مەن ئىشىنىمەنكى، بىز پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، قەدىمكىدىن يېڭىنى يارىتىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى قېزىش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىش جەھەتتە تېخىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بېيىتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشالايمىز.

مەمتىمىن زاكىر

1993- يىل 1- ماي.



ۋىلايەتلىك پارتكوم شۇجىسى كاڭ كېجەنبىلەن ۋالىي مەمتىمىن زاكىر «ئاقسۇ نەزمىلىرى» نىڭ ماقالىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.




ۋالىي مەمتىمىن زاكىر «ئاقسۇ نەزمىلىرى» توغرىسىدا يوليورۇق بەرمەكتە.




بۈگۈنكى ئاقسۇ




يىپەك يۇرتىدا



بايدىكى
كۆمۈر كان




شايار نېفتلىكىدىن بىر كۆرۈنۈش



ئاقسۇ دەريا ۋادىسىدىن بىر كۆرۈنۈش




گۆرۈچ ماكانى - ئاقسۇ



ئاقسۇدىكى كان بايلىقلىرى



دولان دىيارىدا
«دولان مۇقامى»
نىڭ تېكىستلىرىنى
توپلاش



«ئاقسۇ نەزمىلىرى»
نىڭ تەھرىرى ئىش
ئۈستىدە




ش ئۇ ئا ر
خەلق ئەدەبىياتى
توپلاملىرى ئىشخانى-
سىنىڭ مۇدىرى
ئابلىمىت سادىق
«ئاقسۇ نەزمىلىرى»
نىڭ ماقالىلىرىنى
تەكشۈرۈپ بېكى-
تمەكتە




دولان
مەشرەپىدىن
كۆرۈنۈشلەر









دولان مۇقامى




داڭلىق خەلق سازەندىسى – نىساخان



بايدىكى قىزىل مىڭئۆي



كۇچادىكى سۇبېشى قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن كۆرۈنۈش




قەدىمكى تۇر




مىڭئۆيدىكى تام سۈرەتلىرى






300 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە كۇچا مەسچىتى



ئۇچتۇرپاندىكى مۆلجەر تېغى



ئۇچتۇرپاندىكى «يەتتە قىزلىرىم» مەقبەرىسى

# كىرىش سۆز

ئاقسۇ — «قەدىمىي يىپەك يولى» نىڭ ئوتتۇرا قىسمى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىدىكى تۇپرىقى مۇنبەت، يەر ئاستى بايلىقى مول بوستانلىق بولۇپ، نوپۇسى بىر مىليون 544 مىڭدىن ئارتۇق. ئۇيغۇرلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 76.25 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئاقسۇ قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە يۇرت. بايدىكى قىزىل مىڭئۆيى، كۇچادىكى قۇمتۇر مىڭئۆيى، سىم - سىم مىڭئۆيى، مازار بېغى مىڭئۆيى، قىزىلقاغىدىكى تور قاتارلىقلار دۆلەت دەرىجىلىك مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرى بولۇپ، ئۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىگە، شۇنداقلا ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئۇلۇغۋار تۆھپىلىرىنىڭ بىر قىسمى.

«ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» دېگەن نام بىلەن تونۇشلۇق بولغان ئاقسۇ دىيارىدىكى ئەمگەكچان، سەنئەتخۇمار ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى مول خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە خەلق سەنئىتى بايلىقلىرىنى ياراتقان. ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى بولغان ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئانىسى ھېسابلىنىدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە دولان مۇقاملىرى، تېكىستلىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، مۇزىكىسىنىڭ يېقىملىقلىقى بىلەن كەڭ تارقالغان كۇچار ناخشىلىرى ئەنە شۇ بايلىقلىرىمىزنىڭ گۈلتاجىسى بولۇپ جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەدەبىيات-سەنئەت بايلىقلىرى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قىلىنىپ بىزگىچە

ۋە سەنئەتكارلىرىنىڭ يېقىندىن ياردەم قىلىشى بىلەن تەۋەيىمىزدىكى سەككىز ناھىيە، بىر شەھەردە نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بايلىقلىرى توپلاندى ۋە قۇتقۇزۇۋېلىندى.

قولىمىزدىكى «ئاقسۇ نەزمىلىرى» ئاقسۇ دىيارىدىكى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگىلىرىنى تاللاش ئاساسىدا تۈزۈلدى. «ئاقسۇ نەزمىلىرى» — «دولان توققۇز مۇقامىنىڭ تېكىستلىرى»، «كوچا ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرى ۋە كوچا مەشرەپلىرى»، «ئەمگەك قوشاقلىرى»، «سىياسىي قوشاقلار»، «مۇراسىم قوشاقلىرى»، «مۇھەببەت قوشاقلىرى»، «تۇرمۇش قوشاقلىرى ۋە باشقا قوشاقلار»، «تارىخىي قوشاقلار»، «بالىلار قوشاقلىرى»، «ئاقسۇ خەلق ئەلنەغمىچىلىرى» قاتارلىق ئون قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مەزمۇنىنىڭ موللىقى، شەكلىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، يەرلىك تۈسىنىڭ قويۇقلۇقى، تىلىنىڭ يېقىملىق ۋە ئاممىباپلىقى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

تارىختىن بۇيان كۆرۈلمىگەن بۇ قېتىمقىدەك كەڭ كۆلەملىك توپلاش پائالىيىتىدە ئاقسۇ دىيارىدىكى خەلق قوشاقلىرىنىڭ كۆپ قىسمى توپلانغان بولسىمۇ، لېكىن تەلتۆكۈس بولدى دەپ ئېيتالمايمىز، ئەلۋەتتە. يەنە بىر قىسىم قىممەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بايلىقلىرى بىزنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىشىمىزنى كۈتمەكتە. بۇنىڭدىن كېيىن ھەممىمىزنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا بۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭمۇ يورۇقلۇققا چىقىشىغا ئىشەنچىمىز كامىل. مانا شۇ سەۋەبتىن كىتابىمىزدا بىر قىسىم بوشلۇقلارنىڭ بولۇشى، شۇنداقلا سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلىدىن بەزى يېتەرسىزلىكلەرنىڭ كۆرۈلۈشى تەبىئىي. كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

— تەھرىردىن

يېتىپ كەلدى. بۇ مىراسلار ھازىرمۇ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى بېيىتىشتا ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپلا قالماستىن، يەنە خەلقىمىزنىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي ھاياتى، تارىخى، تۇرمۇش ئۆرپى - ئادەتلىرى، پەلسەپىۋى قاراشلىرى، تىلى قاتارلىقلارنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتىمۇ ئىنتايىن قىممەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىياللاردۇر.

ئازادلىقتىن كېيىن ئاقسۇ خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتى بايلىقلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش جەھەتلەردە بەزى خىزمەتلەر ئىشلەنگەن بولسىمۇ، بىراق ئىزچىل ۋە كەڭ دائىرىلىك ئېلىپ بېرىلمىغانىدى.

پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتى بايلىقلىرى ۋە بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەر ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئورنىغا ئىگە بولدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 1984- يىل 808- نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ش ئۇ ئار كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئار خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ 1987- يىل 44- نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ۋىلايىتىمىزدە ۋە ھەر قايسى ناھىيىلەردە خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرى، ئىشخانىلىرى قۇرۇلۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە بۇ ئاساستا خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى ئىشلەش خىزمىتى قانات يايدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ قوللىشى، كەسپىي خادىملار، ھەۋەسكارلار، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، خەلق قوشاقچىلىرى، چۆچەكچىلىرى

# دولان توققوز موقامنىڭ
# تېكستلىرى



## مۇندەرىجە

دولان توققۇز مۇقاملىرىنىڭ تېكىستلىرى ......... 1

كۇچا خەلق مەشرەپلىرى ۋە كۇچا ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرى ............................. 43

ئەمگەك قوشاقلىرى ............................... 113

سىياسىي قوشاقلار ............................... 141

مۇراسىم قوشاقلىرى ............................... 205

مۇھەببەت قوشاقلىرى ............................... 237

تۇرمۇش قوشاقلىرى ۋە باشقا قوشاقلار ........... 603

تارىخىي قوشاقلار ............................... 633

بالىلار قوشاقلىرى ............................... 647

ئاقسۇ خەلق ئەلنەغمىچىلىرى ..................... 663

## ١. باش باياۋان مۇقامى

### مۇقام

هاۋا① بىلەن ئادەم② قېنى، ئەيسا③ بىلەن مۇسا④ قېنى؟
ئىككى ئالەم سەردارى غوجام رۇسۇلىللا⑤ قېنى؟

قايتۇرما:

ۋاي ئاللا... ۋاي ئاللا... ۋاي ئاللا...

گۆرنىڭ ئىچى قاراڭغۇلۇق، قايدىن چۈشەر يورۇقچىلىق؟
بىچارە بولۇپ ياتقۇلۇق، بۇ دۇنيانىڭ پايانى يوق.

قايتۇرما:

### چېكىتمە

ياردەپ مەن ئادا بولدۇم، غەمگە مۇپتىلا بولدۇم،
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى، ئاشىق بىقارار بولدۇم.

### سەنەم ( 1- ئاهاڭ )

ئەل مېنى يامان دەيدۇ، بىلمەيمەن يامانلىقنى،
كەچ يېتىپ، سەھەر قوپۇپ، تىلەيمەن ئامانلىقنى.

قايتۇرما:

ۋاي - ۋاي... مەستان يارەي، ۋاي - ۋاي... زالىم يارەي،
ئايارەي، دەردىڭ يامان، ئايارەي، ئايارەي.

بىزنى سورىغان يارغا، بارساڭلار سالام دەڭلار،
يار بىزنى سوراپ قالسا، شەھىرىدە ئامان دەڭلار.

---

① هاۋا — هاۋا ئانام، ② ئادەم — ئادەم ئاتام، ③ ئەيسا — ئەيسا پەيغەمبەر، ④ مۇسا — مۇسا پەيغەمبەر، ⑤ غوجام رۇسۇلىللا — مۇھەممەت پەيغەمبەر.

نادامەت ئەيلىگەن بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن تىرىلمەيدۇ،
ئاھئۇرۇپ، پەرىيادىلەرچەكسەڭ، قەبرىدىن ئاۋاز كەلمەيدۇ.

قايتۇرما:

دەردىڭگە بولاي جانانىخان ۋاي ـ ۋاي...
باراي دەپ نەچچە ياد ئەتتىم، پىيادە مەن بارالمىدىم،
سېنىڭ ئايدەك جامالىڭنى، مەن بېرىپ كۆرەلمىدىم.

قايتۇرما:

## 2. بوم باياۋان مۇقامى

### مۇقام

بارچە كىيىەل داۋاسى بار، يار ئوتىنىڭ داۋاسى يوق،
سورىسام تېۋىبلار ئېيتىدۇ، يار ئوتىنىڭ داۋاسى يوق.

قايتۇرما:

ۋاي ئاللا... ۋاي ئاللا... ۋاي ئاللا...
جانىمغۇ بەردى خۇدا، بىر كۈن ئامانەت ئالىدۇ،
مىڭ مۇشەققەتلەر بىلەن سالغان ئىمارەت قالىدۇ.

قايتۇرما:

### چېكىتمە

گۈلمىدى ئاچىلغىلى، غۇنچىمىدى ساچىلغىلى،
ۋەدىڭىز شۇنداقمىدى ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلغىلى.

### سەنەم

كەتسەڭ كېتىۋەر يارىم، سەندىن نىمە پەرۋايىم،
شۇل باشىم ئېسەن بولسا، ھەر جايدا مېنىڭ يارىم.

قايتۇرما:

ۋاي-ۋاي...زالىم يارەي، ۋاي - ۋاي... مەستان يارەي
ئايارەي، دەردىڭ يامان ئايارەي - ئايارەي.

سەنەم ( 2- ئاھاڭ )

يار يامانلاپ باردۇ، قانداق قىلىپ ئالدىۋالاي،
ئالدىدا چاينى قويۇپ، ئويناپ - كۈلۈپ ئالدىۋالاي.

قايتۇرما:

ئاتا مەندە بولمىسا، ئانا مەندە بولمىسا،
ئەمدى مەن قانداق قىلاي، كۆڭۈلدىكى يار بولمىسا.

قايتۇرما:

ھوزۇر ( سەلىقە )

كۆرگىلى كەلگەنمىدۇ، كۆيدۈرگىلى كەلگەنمىدۇ؟
كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتىنى ياندۇرغىلى كەلگەنمىدۇ؟

چىشىڭنى ئۈنچىدىن دەيمۇ، لىۋىڭنى غۇنچىدىن دەيمۇ؟
ئىشىكتىن يەلپۈنۈپ چىقساڭ، يېڭى باغنىڭ گۈلى دەيمۇ؟

قايتۇرما:

ۋاي - ۋاي... ۋاي - ۋاي...

سىرىلمە ( 1- ئاھاڭ )

تېرەكلىكا تېرەكلىك، مارالبېشى تېرەكلىك،
ئاشنا تۇتساڭ جۇۋان تۇت، ئويىنىغىلى يۈرەكلىك.

قايتۇرما:

قاشىڭ بىلەن قارايسەن، زولپىڭ بىلەن باغلايسەن،
مەن ساڭا نېمە قىلغان، ئۆلتۈرگىلى چاغلايسەن.

سىرلىمە (3_ ئاھاڭ)

ئۇقەت قىلمىدىڭ دەيسەن، قانداق قىلىمەن ئۇقەت،
يار يادىمغا يەتكەندە، تەندە قالمىدى تاقەت.

قايتۇرما:

ۋاي - ۋاي ... ۋاي ... ۋاي، ۋايىۋايەي.

## 3. سىم باياۋان مۇقامى

### مۇقام

ئۆلۈمگە ھېلىلەر قىلغان لوقمان ھېكىم① قالدىمۇ؟
خۇدادىن ئۆمۈر تىلەپ، ئىستىگەن جان قالدىمۇ؟

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن، ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى،
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ، لەھەڭلىرىم يۇتقاي سېنى.

### چېكىتمە

ئاتلارنى ھەيدەيدىكەن مۇز داۋان بىلەن،
بىر ياخشىنى قىينايدىكەن بىر يامان بىلەن.

### سەنەم

ھاۋا ئايلىناي دەيدۇ، مەنمۇ ئايلىنارمەنمۇ،
دۇشمەنىنىڭ سۆزى بىلەن ياردىن ئايرىلارمەنمۇ.

سېنى ئۇنداق ياراتىپتۇ، مېنى مۇنداق ياراتىپتۇ،
ئىككىمىزنىڭ ئاراسىدا ئاقار دەريا ياراتىپتۇ.

بۇغداي تېرىدىم تۈزگە، تەگدىن تولىسى كۈزگە،
شۇنچە خەق ئاراسىدا ئەجەب كۆيىمەن سىزگە.

بۈگۈن ئايغا ئۇن يەتتە، مەن ئۆزۈم خىيالەتتە،
مەندىن باشقا يار تۇتساڭ، ئەرزىم بار قىيامەتتە.

---

① لوقمان ھېكىم ـــ مەشھۇر تېۋىپ.

ئەل مېنى يامان دەيدۇ، بىلمەيمەن يامانلىقنى،
كەچ يېتىپ سەھەر قوپۇپ، تىلەيمەن ئامانلىقنى.

سەن چىمەننىڭ گۈلى بولساڭ، مەن چىمەننىڭ بۇلبۇلى،
سەن چىرايىڭغا ئىشەنسەڭ، مەن خۇدايىمنىڭ قۇلى.

سايراڭ بۇلبۇلۇم سايراڭ، چىنارنىڭ شېخى سۇنسۇن،
يار ئايرىلمەن دەيدۇ، ئايرىلىپ كۆڭلى تىنسۇن.

ئاتنىڭ ئاتلىقى باردۇر، ناۋاتنىڭ تاتلىقى باردۇر،
سەن ئۆزۈڭنى داڭلايسەن، سەندىن باشقا يار باردۇر.

### ھوزۇر (سەلقە)

ئاتنى باغلاڭ خادىغا، مالنى ھايداڭ شادىغا،
بىر يىگىتنىڭ بېشىدىن يەتتە چوكان سادىغا.

قايتۇرما:

ئايارەي... ئاھ ... جان بالىخان ... يار سېنىڭ دەردىڭ.

### سىرىلمە (1- ئاھاڭ)

سېنىڭ ئايدەك جامالىڭغا خۇدايىم نۇرىنى سالدى،
ئەزەلدىن تا قىيامەتكە مېنىڭ جېنىمنى شۇ ئالدى.

ئۆلەرمەنمۇ، كۆيەرمەنمۇ، ئۆزۈمنى چاغلىيالمايمەن،
يامان - ياخشى گۇناھ قىلساڭ، ئەقىدە باغلىيالمايمەن.

### سىرىلمە (2- ئاھاڭ)

غەزەلنى تولا ئېيتسام، ئەل مېنى ساراڭ دەيدۇ،
مېنى باققان ئانام بولسا، دەردى بار بالام دەيدۇ.

قاشلىرىڭغا كۆيدۇممەن، لەۋلىرىڭگە سۆيدۇممەن،
بارچە يەرلىرىڭ ياخشى، جۇپ ئالماڭغا كۆيدۇممەن.

قايتۇرما:

ھەق ئاللا، خارابىڭ مەن،
شەھىرىڭدە گادايىڭمەن... ئايارەي.

### سەنەم

مەن باردىم كېچە بىلەن، ئېرىقىنىڭ ئىچى بىلەن،
قولۇم باغلىنىپ قاپتۇ يارىمنىڭ چېچى بىلەن.

قايتۇرما:

مەن باغىڭغا كىرمەيمەن، ئانارىڭنى ئۈزمەيمەن،
ئەمدى كەلدىم ئەقلىمگە، نادان بىلەن يۈرمەيمەن.

مەن مەھەللەڭگە بارمايمەن، مەھەللەڭنىڭ گېپى يامان،
بارمايمەن دىيەلمەيمەن، كۆيۈك ئوتلىرىڭ يامان.

قايتۇرما:

### ھوزۇر (سەلىقە)

كېۋەزلىككە كىرىپ باقسام، كېۋەزلەر غوزا باغلاپتۇ،
مېنىڭ ئاقسۇدىكى يارىم، بېلىگە پوتا باغلاپتۇ.

### سىرىلمە (1- ئاھاڭ)

يىگىتلىك ياشتا بولۇر، ياخشى جۇۋان قاشتا بولۇر،
ئاۋۋال ئاخشام سۆيسىلە، تاڭ ئاتقىچە ناشتا بولۇر.

ھاۋارەڭ تونىنى كىيىپ ھاۋادا ئوينايدۇ كۆكۈل،
ياخشىنى ياندا قويۇپ، يامانىنى خالايدۇ كۆكۈل.

ئالما ئاتارىم كېلىدۇ، كىرپىك سانارىم كېلىدۇ،
باشىغا گۈلنى قىسىپ، خۇشخۇي نىگارىم كېلىدۇ.

### هوزۇر (سەلىقە)

ئاق ئالمىنىڭ شاخىدەك، ئېگىلەمسەن ئاق جۇۋان؟
ئىچىمدىكى دەردىمنى سەن بىلەمسەن ئاق جۇۋان؟

### سىرىلمە (1- ئاھاڭ)

بارارغا يوللىرىڭ بولغاي، قىزىل گۈل ھەمراھىڭ بولغاي،
سېنىڭدەك نازىنىن يارغا، مېنىڭدەك قۇللىرىڭ بولغاي.

ئاسماندىن ئالاي ئاينى، قوينۇمغا سالاي يارنى،
باخ - باخ ئېتىلى يارنى، ئېچىلسۇن ئىچى - قارنى.

### سىرىلمە (2- ئاھاڭ)

دەردى بولمىسا يارنىڭ ئېيتامدۇ تولا ناخشا،
ناخشا ئېيتقانغا يار كەلمەس، ئەسلى بىر كۆڭۈل خوشى.

كېچە بولسا ياتمايدۇ تېرەك بېشىدا قاغا،
نېمە ئانچە يىغلايسەن، ۋاپا قىلمىغان يارغا.

## 4. باياۋان مۇقامى

### مۇقام

يارىمنى كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ، بېلىمنى سەيلىگە باغلاپ،
يارىمنى كەتتى دەپ ئاڭلاپ، باياۋان چۆللىدە يىغلاپ.

جاھاندا نېمىلەر ياخشى، ئاتا بىلەن ئانا ياخشى،
ۋاپاسىز قېرىنداشتىن، ۋاپادار ئاشنا ياخشى.

### چېكىتمە

دوستقا دوست قىلدىڭ مېنى، دۈشمەنگە دوست قىلدىڭ مېنى،
سۆرى ياسىننى ئوقۇپ، ئايرىلغۇسىز قىلدىڭ مېنى.

ئاق تەڭگە پۇلۇم بولسا، ئاق يەرگە ساراي سالسام،
ئاق جۇۋان مېنىڭ بولسا، بويىنىغا گىرە سالسام.

باشىمدىكى دوپپامنى قارا يىپتا يۆمەيمەن،
بىزنىڭ قارا كۆز يارنى ئۈچ كۈن بولدى كۆرمەيمەن.

هوزۇر (سەلىقە)

بۇلبۇللار بىلۇر باغقا كاككۇك كەلگەننى،
نادانلار بىلۇر يارغا ئەلەم يەتكەننى.

قايتۇرما:

سىرلىمە (1 ـ ئاهاڭ)

يار بىلەن ئوينايمەن دەپ، سۇندى مېنىڭ نازۇك قولۇم،
يارىمنىڭ ياغلىقىدا ئاڭسام ساقايمايدۇ قولۇم.

كەتتىيا كۆڭلى قارا، بارامسەن يارىم دېمىدى،
ئالدىدا چاينى قويۇپ، ئىچەمسەن يارىم دېمىدى.

سىرلىمە (2 ـ ئاهاڭ)

گۈلمۇ دەپ سۆيدۇم سېنى، گۈلدىن بەتتەر قىلدىڭ مېنى،
سەن ئۆزۈڭ ئەپسۇن ئوقۇپ، ئايرىلغۇسىز قىلدىڭ مېنى.

قايتۇرما:

سىزمۇ كېلىڭ، مەنمۇ باراي يولدا تۇرۇڭ، جان بالىخان...

مەن ئۆلەرمەن، مەن ئۆلەرمەن، يولدا قويماڭلار مېنى،
يولدا قويساڭلار قويۇڭلار، چۆلدە قويماڭلار مېنى.

سىرلىمە (3 ـ ئاهاڭ)

مەن يارنى كۆردۇم، مەستانە بولدۇم،
ئەقلى ـ هوشۇمدىن دىۋانە بولدۇم.

سەردىمە (2- ئاھاڭ)

ئېشىك ئالدى كۆل بولسا، قاپاق تېرەك ئۆسمەمدۇ،
كۆڭۈلدىكى يار بولسا، كۆڭلۈم تاغدەك ئۆسمەمدۇ.

ئېشىك ئالدى قارا ياغاچ، پالتا ئۇرسام تېگى تاش،
سېنى ئالسام ئارام يوق، جاننى ئالغان قەلەم قاش.

مەن راۋابنى چالىمەن، چالسام راۋابقا ئوخشىماس،
قىز قوچاقلاپ ياتىمەن، ئەسلى جۇۋانغا ئوخشىماس.

## 5. موغال باياۋان مۇقامى

### مۇقام

خۇدايا ئۇل خۇداۋەندە، ئەجەب ئادەم بىنا قىلدىڭ،
يارالغان ئادەمزاتنى ئۆلۈمگە ئاشنا قىلدىڭ.

كېتەردە خوش دېمەي كەتكەن مېنىڭ مۇنداق يارىم يوق،
پېشانەمگە پۈتۈلگەننى، ئۇنى تارتماسلىققا چارەم يوق.

### چېكىتمە (1- ئاھاڭ)

كەلمىگەن يەرگە كېلىپ داپنى سوقالمايدۇ كىشى،
چەككىلى تاماكا يوق، ئوينىغىلى نەدە كىشى.

### چېكىتمە (2- ئاھاڭ)

ئاتادەك مېھرىبان قايدا، ئانادەك مېھرىبان قايدا،
بېشىمغا كۈنلەر چۈشكەندە، ئانادەك مېھرىبان قايدا.

### سەنەم

ياشلىقىم - پاشالىقىم، ھەر تەرەپتىن گۈل كېلۇر،
ياشلىقىمدا سۆيمىسەڭ، قېرىغاندا كىم كېلۇر.

ۋاي ـ ۋاي زالىم يارەي... ۋاي ـ ۋاي مەستان يارەي...
دەردىڭ يامان ئايارەي... ئايارەي.

جۇۋان ئايلام تۇم بىلەك، چوكان ئايلام تۇم بىلەك،
ئۆيىڭىز قەيەردىرەك؟ مەنمۇ باراي شۇ يەرگىرەك.

بىر قويۇم ئىككىنى تۇغدى، بىرىپ كۆرۈڭ قوزاسىنى،
كىم يامانلىق ئەيلىسە، خۇدا بىرۇر جازاسىنى.

سوپىياڭ سىرىق بولۇر، يول ياقىسى تىرىق بولۇر،
ئىككى يار تۇتقان خىنىمىنىڭ چىرايى سىرىق بولۇر.

قايتۇرما:

هوزۇر (سەلىقە)

ئاللا يارىم خىيالىڭنى بىلىپ بولمايدۇ،
سەنلەر يۈرگەن كوچىلاردا يۈرۈپ بولمايدۇ.

سىرلىمە (1 ـ ئاهاڭ)

(يار سىنىڭ دەردىڭ ئاهاڭىدا)

سىنى دەپ كەلدىم بۇ يەرگە، كەلگىنىم پۇشمان ماڭا،
ئالتە تال قارا چاچىمنىڭ ھەممىسى دۇشمەن ماڭا.

بارسىلا بىللە باراىلى، ئايرىلىپ قالغان يامان،
ئايرىلغانغا كىم ئۆلۈپتۇ، يولدا يالغۇزلۇق يامان.

سىرلىمە (3 ـ ئاهاڭ)

سىنىڭ ئاشناڭ مىنىڭ دوستۇم، سارايدا مەشرەپ ئوينايلى،
كۆزىگە ئىلمىغان يارنىڭ بىشىغا دەسسەپ ئوينايلى.

دىۋانە قىلغان ئايدەك يۈزۈڭدۇر،
مەستانە قىلغان شېرىن سۆزۈڭدۇر.

## 6. سامۇك باياۋان مۇقامى

### مۇقام

خۇدانىڭ ئەمرىنى تۇتماي مۇسۇلمانمەن دېگەن بىلەن،
قاراڭغۇ گۆر ئازابىدىن قۇتۇلماقلىق يەسى مۇشكۈل.

جاھانغا پادىشاھ بولساڭ، ئۆلەرسەن ئاقىۋەت بىر كۈن،
ياقاسى، يېڭى يوق تونىنى كىيىپ، ياتارسەن ئاقىۋەت بىر كۈن.

### چېكىتمە (1 - ئاھاڭ)

قىزىلگۈل ئاراسىدا، بويۇڭنى كۆرۈپ قالدىم،
ئەمدى ئۈپىتمىسام بولماس، مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم.

قايتۇرما:

يۇملاق خېنىم يارەي...

### چېكىتمە (2 - ئاھاڭ)

كەچ بولدى، زاۋال بولدى، يارىمغا ئۇۋال بولدى،
ساچىنى ئۇزۇن سالىپ، بىر ياخشى جۇۋان بولدى.

قايتۇرما:

ئاق جۇۋان قايان بارىسەن... قاراكۆز جاننى ئالىسەن... ئا يارەي.

### سەنەم

بۇ راۋاب قانداق راۋاب، قوي تارىسى سالغان راۋاب،
ياخشى مېھمان كەپتۇ دەپ، توي بىلىپ چالغان راۋاب.

قايتۇرما:

ئا... مەستان يارەي، ئا بىر گۈل يارەي...
ئايارەي دەردىڭ يامان... ئايارەي... ئايارەي!

ئىككى تاغ ئاراسىدا، قاما بىلەن قۇندۇز بار،
كەچ بولسىمۇ كەل يارىم، ئاي بولمىسا يۇلتۇز بار.

سەنەم (2 ـ ئاهاڭ)

قوغۇن تېرىدىم خەندەك، خەقمۇ تېرىسۇن مەندەك،
خەق سۆيگەننى سۆيمەيمەن، ئۆزۈمنىڭ سۆيگىنى قەندەك.

قايتۇرما:

هوزۇر (سەلقە)

سېنىڭ جېنىڭ، مېنىڭ جېنىم بىر جان ئەمەسمۇ،
سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جېنىم قۇربان ئەمەسمۇ.

قايتۇرما:

كېلىڭ ئوينايلى يار بىلەن بوستان،
كېلىڭ ئوينايلى باغ بىلەن بوستان.

سىرىلمە (1 ـ ئاهاڭ)

سەھرامۇ سەھرا كۆرگىلى كەلدىم،
ياخشى ياماننى بىلگىلى كەلدىم.

ياخشى ـ ياماننى هېچكىشى بىلمەس،
يولدا قوشۇلغان هەمراهى بولماس.

بولسا قاناتىم ئۇچسام هاۋاغا،
ئەرزىمنى ئېيتاي قادىر خۇداغا.

ئاتاسى ئۆلمىگەن كىم بار، ئاناسى ئۆلمىگەن كىم بار،
كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ مۇساپىر بولمىغان كىم بار.

كەتسەڭ كېتىۋەر يارىم، سېنىڭدىن نېمە پەرۋايىم،
شۇل باشىم ئامان بولسا، ھەر جايدا مېنىڭ يارىم.

## 7 . جۇلا باياۋان مۇقامى

### مۇقام

ئاناسى پاتىمە - زۆھرە①، ئاتاسى شاھى مەردانىدۇر②،
خۇدا يولىدا جان بەرگەن يۈسۈپ③ بىلەن زىلەيخا④ دۇر.

سەن ئەزىز ئەتكەن قولۇڭنى خار ئېتەلمەيدۇ كىشى،
سەن ئۆزۈڭ خار ئەيلىسەڭ، نەگە بارسا خار كىشى.

### چېكىتمە

باردى دەيدۇ، ياندى دەيدۇ، خىيال ئۆزۈمنىڭ،
ئۇرغان بىلەن سەكسەن قامچا، يارىم ئۆزۈمنىڭ.

سېنى دېسەم، سېنى دېسەم، كويۇڭدا يۈرسەم،
سارايىڭغا مەسچىت سالىپ، ناماز ئۆتىسەم.

### سەنەم (1 - ئاھاڭ)

ئاي دېسەم ئايدىن چىرايلىق يۈزلىرىڭ تۇرسا سېنىڭ،
جان دېسەم جاندىنمۇ تاتلىق سۆزلىرىڭ تۇرسا سېنىڭ.

قايتۇرما:

---

① پاتىمە - زۆھرە — مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ قىزلىرى.
② شاھى مەردان — ھەزرىتى ئەلى.
③ يۈسۈپ — يۈسۈپ پەيغەمبەر.
④ زىلەيخا — يۈسۈپ پەيغەمبەرنىڭ ئايالى.

# 8. چۆل باياۋان مۇقامى

### مۇقام

ئەلھەمدۇلىللا باياۋاندا، تېنەپ قالدىم بۇ جاڭگالدا،
پۇتۇمغا كۆك تىكەن تەگسە، ئالالماي ئەقلىم ھەيراندا.

ئەجەبمۇ كەلمىدىڭ يارىم، يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم،
قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ، يۈرەكنى يارغۇدەكبولدۇم.

### چېكىتمە

مەھەللەمدىن، مەھەللىسىگە يولى بارمىدۇ؟
بولۇپتىمەن دەرد ئاغرىقى، دورا بارمىدۇ؟

دەرد ئاغرىقى بولغانلارنىڭ دورىسى مەندە،
كەچتە يېتىپ، سەھەر قوپۇپ يارنى سۆيگەندە.

### سەنەم

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ قىزىرىپ تۇرغان بىلەن،
كىشىنىڭ يارى يار بولۇمدۇ ھېجىيىپ تۇرغان بىلەن.
قايتۇرما:
ۋاي - ۋاي زالىم يارەي...
ۋاي - ۋاي مەستان يارەي، ئايارەي... ئايارەي.

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ، باشقا قىسسا بىر قۇچاق،
كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇ، ئۆلگىچە جانغا پىچاق.

بارغۇچە باغ بىلەن باردىم، يانغۇچە يارىم بىلەن،
ئاقىۋەت باشىم كېتەدۇر قاراكۆز سېنىڭ بىلەن.

### سىرىلمە (2 - ئاھاڭ)

تۈنلەر كېچىدە توخۇلار پەرياد ئېتىدۇ،
ھايۋان جېنىدا دوستىنى ياد ئېتىدۇ.

ئى يارىم، سېنىڭ جۇپتى - ئانارىڭ يوقمىتى؟
ئالدىراپ بەرگەن كۆڭلىنىڭ ئەتىۋارى بولمىدى.

قارا مىلتىقنىڭ ئوقى ھاۋادا ئۇچتى پىرقىراپ،
مېھرىبان يارنىڭ ئوتى جاندىن ئۆتتى سىرقىراپ.

سەنسەن مېنى سەن، خارابە قىلدىڭ مېنى سەن،
ئوتلارغا سېلىپ كاۋاپى قىلدىڭ مېنى سەن.

### سىرىلمە (3 - ئاھاڭ)

يارىم سەن، نىگارىم سەن، نىگارىم كەلگەن ئوخشايدۇ،
ئۇچاي دېسەم ئۇچالمادىم، قاناتىم سۇنغان ئوخشايدۇ.

سېنى دەيمۇ، سېنى دەيمۇ، سېنىڭ دەردىڭگە يىغلايمۇ،
سەندىن ئايرىلىپ بۇ شەھەردە، غېرىب بولغانغا يىغلايمۇ.

### سىرىلمە (4 - ئاھاڭ)

خېنىيارنىڭ① چىگىسى، ئالىيەي، ئاللا،
موللا مېھمان ئىگىسى، ئالىيەي، ئاللا،

ئاشىقلىقتا يارىماس، ئالىيەي، ئاللا،
جۇۋانىلىنىڭ قېرىسى، ئالىيەي، ئاللا،

---

① خېنىيار — جاي ئىسمى.

ئۆلۈپ كەتسەك، بۇرادەرلەر، ئۆلۈپ كەتتى دېمەس ھېچكىم،
جىنازامنى كۆتەرگەندە، يىغامنى يىغلىماس ھېچكىم.

### چېكىتمە

كېلىڭ يارىم، كېلىڭ يارىم، بىللە بارايلى،
بىز كۆزلىگەن مەنزىلگە بىللە يېتەيلى.

ئاشۇ تۇرغان شامالباغدا چىراغ كۆيەمدۇ؟
چىراغ ئەمەس، يارىنىڭ ئۈتى، يۈرەك كۆيەمدۇ؟

ئورنىڭىزنى مەن ئوردۇم، ئۈنچىڭىزنى سايلىماي،
يېنىڭىزدا يار تۇتتۇم، ئوتىڭىزغا پايلىماي.

### سەرلىمە

قارىغاي بولۇر تاغدا، گۈللەر ئاچىلۇر باغدا،
دوستلىرىم دۈشمەن بولدى، ئايرىلدۇق يامان چاغدا.

كەتمەكنى خىيال ئەيلەپ، باغلار ئارا يول سالدۇق،
ئويۇننى تولا ئويناپ يۈرەكلەرگە داغ سالدۇق.

مەن ئاتامدىن ئايرىلىپ، سۇندى قاناتىم قايرىلىپ،
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن جانىم ئانامدىن ئايرىلىپ.

## دولامەت باياۋان مۇقامى ئىككىنچى مەشرەپى

(چېكىت-مىسىز بولۇپ، ئون خىل نەغمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)

### 1 - نەغمە

### سەنەم (1 - ئاھاڭ)

يارىم ئۆتتى يانىمدىن، كۆيدۇرۇۋەتتى جانىمدىن،
ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلدىم خۇما كۆزلۈك يارىمدىن.

قايتۇرما:
ۋاي - ۋاي زالىم يارەي... ۋاي... ۋاي مەستان يارەي.

هوزۇر (سەلىقە)

قاشىڭنىڭ قاراسىگە ئۇسما قويغىنىڭ يالغان،
مەن كۆيسەم ساڭا كۆيدۈم، سېنىڭ كۆيگىنىڭ يالغان.
قايتۇرما:
ۋاي - ۋاي... ۋاي... ۋايۋا... يەي.

سىرىلمە (1 - ئاھاڭ)

قاشىڭنىڭ قاراسىگە، خال بولاي ئاراسىگە،
ئەسلى رەھىمىڭ كەلمەيدۇ، مۇسۇلمان بالاسىگە.

ئېرىقنى ئويۇپ قويدۇم سۇلار تولۇپ ئاقسۇن دەپ،
يارغا - يار كېرەك بولسا، يارمۇ كېلىپ باقسۇن دەپ.

سىرىلمە (2 - ئاھاڭ)

يارىم بارمىغان تويغا مەن سورىماي باراالمايمەن،
يارنىڭ كۆڭلى بەك نازۇك، چاي قويۇپ ئاالمايمەن.

قارچىغام ئۇچۇپ كەتتى بىر غىرىچ بېغى بىلەن،
راست گېپىڭنى ئېيتساڭچۇ، ئوينايمەن سېنىڭ بىلەن.

ئالمىنى ئويۇپ قويدۇم، نەشپۈتنى سويۇپ قويدۇم،
كۆڭلۈم چۈشمىگەن يارنى جايىدا قويۇپ قويدۇم.

## 9. دولامەت باياۋان مۇقامى بىرىنچى مەشرىپى

### مۇقام

ئۆلۈم دەيدۇ، ئۆلۈم دەيدۇ، ئۆلۈمنىڭ نۆۋىتى يوقتۇر،
ئۆلۈمگە رۇسلىغان جاينىڭ ئىشىك ھەم تۈڭلۈكى يوقتۇر.

### 2-ئاھاڭ

تاغقا چىقتىم داۋانسىز، يارغا كۆيدۈم ئارمانسىز،
كۆيگۈنىمنى بىلمىدى كۆڭلى قارا ۋاپاسىز.

ئايۋان سالدۇرۇپ قويدۇم، بېدەباستۇرۇپ قويدۇم،
يوغان سۆزلىمەك يارىم، سىزنىمۇ كۆرۈپ قويدۇم.

### 3-ئاھاڭ

بىر بىلەيمۇ يارنى، ئىككى بىلەيمۇ يارنى،
شېشىدىن ساندۇق ياساپ، ساقلاپ سۆيەيمۇ يارنى.

يار بىلەن ئىچسەم هاراق بىر پىيالە تولمىدى،
ئالدىراپ بەرگەن كۆڭۈلنىڭ ئەتىۋارى بولمىدى.

### 4-ئاھاڭ

(بىۋاپا يار ئاھاڭىدا)

ئى خۇدايا، خۇدايا، چىنە-تەخسىدە بۇغدايا،
سېنى ماڭا، مېنى ساڭا جۆرە قىلغان خۇدايا.
قايتۇرما:
ئاللادۇيا - ئاللادۇ، جاننى خۇدا ئاللادۇ،
خۇدا ئالمىسا جاننى، بەندە قانداق ئاللادۇ.

### 2 - مەشرىپى

ئېگىز-ئېگىز تاغ بېشىدىن سىرىلدىم تۈزگە،
بىلەمسىزكىن - بىلمەمسىزكىن، كۆيمەن سىزگە.

ئېگىز - ئېگىز تاغ بېشىدا چىراغ كۆيەرمۇ؟
چىراغ ئەمەس يارنىڭ ئوتى شۇنداق كۆيەرمۇ؟

قايتۇرما:
ھەق ئاللا ـ ئاللا... خارابىلىك مەن...
شەھىرىڭدە گادايىڭمەن، ھەق ئاللا... دەردىلىك يامان.

ئاتام مەككە، ئانام مەككە، تۇغۇلدۇم بىر كۈن ئۆلمەككە،
ئاتا ـ ئانىدىن مىراس قالغان قارا يەرگە كۆمۈلمەككە.

كېتەرمەنغۇ، كېتەرمەنغۇ، كۆزۈڭدىن يۈتەر مەنغۇ،
ھەر قانچە يامان بولسام، يادىڭغا يېتەرمەنغۇ.
قايتۇرما:

سەنەم (2ـ ئاھاڭ)

ئالىمان قارچۇغام بولسا، قوندۇرسام بىلەكىمگە،
ياخشى يار مېنىڭ بولسا، بىر تاڭسام يۈرەكىمگە.
باغىڭغا كىرەر بولساڭ، قولۇڭغا پەنەر ئالغىن،
يۈرىكىم سۇ بولۇپ ئاقتى، ھالىمدىن خەۋەر ئالغىن.
قايتۇرما:

ياندۇرغۇسى (چۆشۈرگىسى) 1ـ ئاھاڭ

(جانىمەي مەشۇقۇم ئاھاڭىدا)

قاشىڭىزنى ئاتتىڭىز، بىزنى تاشلىۋەتتىڭىز،
يوقمىدى خۇدايىڭىز، زار-زار يىغلاتتىڭىز.

چەللەڭدە كەپتەر، تاماكا سەپبەر،
تاماكاڭنى چەكمەيمەن، يارىمنى تەپبەر.

### 3 ـ مەشرەپى

#### سەنەم

غىلدىر ـ غىلدىر سۇ ياخشى، تېيىلغىلى مۇز ياخشى،
ئۇنداق ـ مۇنداق جۇۋاندىن ئوينىغىلى قىز ياخشى.
قايتۇرما:

ۋاي ـ ۋاي ئاللا يارىم يار سەنەم.

ئىشىك ئالدى گۈل بولسا، بۇلجا تېرەك ئۆسمەمدۇ،
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا، بويۇم تاغدەك ئۆسمەمدۇ.

ئەتىگەندە شەبنەمدە، يورغىلايدۇ بوز توشقان،
بىزنىڭ قارا كۆز يارنىڭ لېۋىگە شېكەر قوشقان.
قايتۇرما:

ۋاي ... ۋاي ئاللا ... يار سەنەم.

مەن باغىڭغا كىرمەيمەن، ئانارىڭنى ئۈزمەيمەن،
ئەمدى كەلدىم ئەقلىمگە، نادان بىلەن يۈرمەيمەن.

#### ياندۇرغۇسى

#### (1 ـ ئاھاڭ)

كېلىڭ يارىم ئوينايلى، دەريا بويى بويلايلى،
بېلىقلارغا ئەرز ئېيتىپ، بىز خۇداغا يىغلايلى.

ئاسماننى ئالاڭ دەيدۇ، يۇلتۇزنى شالاڭ دەيدۇ،
مەن سىزنى ئالاي دېسەم، دۈشمەنلەر ساراڭ دەيدۇ.

#### 2 ـ ئاھاڭ

بىلمىگەنلەر ئېيتىدۇ: ئالمىخان قانداق نېمە؟
بېشى پاخپاق، قوڭى دوڭغاق، شۇنداقىنە بىر نېمە.

دورا دەيدۇ، دورا دەيدۇ قىچا ياغىنى،
ئەقلىم بولسا سۆيەرمەنمۇ كىشىنىڭ يارىنى.

كۆرەي دىسەم كۆرۈنمەيدۇ ئۆستەڭنىڭ باشى،
شامال كەلسە يەلپۈنەمدۇ يارىمنىڭ چاچى.

### ياندۇرغۇسى (چۈشۈرگە) 1 - ئاھاڭ

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ كۆلگە چۈشتى شولىسى،
يېڭەياچە يارتۇتسام، يىراق ئىكەن ھويلىسى.

باغقا كىردىم شوراڭدىن، تۆتنى ئالدىم غوراڭدىن،
ئانىسى يامان ئىكەن، ئايرىۋەتتى جورامدىن.

### 2 - ئاھاڭ

ئى خېنىم، ساقلاپ تۇرۇپ، ئەسلىدە ماڭغىم كەلمىدى،
قاش - كۆزىنى ئوينىتىپ، چىققىسا خېنىم جان قالمىدى.

قايتۇرما:

ئا...يالىرىڭ قەندەكمۇ ... سۆيگەن يارلىرىڭ مەندەكمۇ.

بىز كىرگەن قومۇشلۇققا يولۋاسمۇ كىرەلمەيدۇ،
مەن سۆيگەن قارا كۆزنى باشقىلار سۆيەلمەيدۇ.

قايتۇرما:

يارىنىڭ ئۆيى جەينەكتە، قەستىم يارنى كۆرمەكتە،
يار مەندىن چاناي دەيدۇ، قاراپ باقسۇن ئەينەككە.

قايتۇرما:

ئانام بەرگەن ئاق كۆڭلەك، كات ئۈستىدە قاتلاقلىق،
سەن يارىمنىڭ گەپلىرى يۈرىكىمدە ساقلاغلىق.

ھەر جايغا بارساڭ، ھەقنى ئۇنۇتما،
قارا كۆزۈڭدىن ياشنى قۇرۇتما.

### سەنەم (2 - ئاھاڭ)

باغدا بۇلبۇل سايرايدۇ گۈلگە قونسام دەپ،
ياتسام ئۇيقۇم كەلمەيدۇ يارنى سۆيسەم دەپ.

مېنىڭ ئىچىم سەھرىمەيدۇ ئىككىمىز ئوتىدا،
يۈرەك باغرىم كاۋاپ بولدى يارنىڭ ئوتىدا.

### ھوزۇر (ياندۇرغۇسى)

#### 1- ئاھاڭ

قولاق سېلىڭ گۈلجامال، مېنىڭ سىزگە سۆزۈم بار،
بولدۇم ئاشىق مەن سىزگە، يۈرىكىمدە ئوتۇم بار.

ئەجەب ياخشى سۆز قىلدىڭ، ئەگرى ئىشنى تۈز قىلدىڭ،
تەشنالىققا سۇ بېرىپ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇردۇڭ.

دەردىڭگە بولاي دەرمان، بىرگە ئىشلەيلى شۇئان،
ئەگەر سەن ۋاپا قىلساڭ، مەشۇقىڭ مەن ھەر قاچان.

#### 2 - ئاھاڭ

مەن باردىم كېچە بىلەن، ئېرىقىنىڭ ئىچى بىلەن،
قولۇم باغلىنىپ قاپتۇ يارىمنىڭ چېچى بىلەن.

ئۆرۈمچىنىڭ كوچىسى، ھەر دوقمۇشتا مۇنچىسى،
مېنىڭ سۆيگەن يارلىرىم قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسى.

قايتۇرما:

جېنىمما ئالمىخان پوندەك،
خېنىمما ئالمىخان پوندەك.

ئالمىخاننىڭ بېغى بار، باغ ئىچىدە دېڭى بار،
ئالمىخانغا سەپ سېلىشلار ئوڭ قېشىدا مېڭى بار.

ئالمىخاننىڭ ئۆيلىرى، زىلچا ـ گىلەم كىگىزى،
ئالمىخاننى ئالما قىلغان ئوپا ـ ئەڭلىك پەدىزى.

ئالمىخاننىڭ بېغىدا ئۈچ تۈپ ئانارى قەشقىرى،
ئالمىخانغا سەپ سېلىشلار، ئۈتتۈر چىشى تاشقىرى.

ئالمىخاننىڭ ئاقلىقى ئاتمىغان ئاق پاختىدۇر،
سۆڭگىچىنىڭ گۆشى يوق، رەندە سالغان تاختىدۇر.

ئالمىخانغا ئۆتۈك ئالسام، پاتمىدى پايپاق بىلەن،
ئەمدى مەن قانداق قىلارمەن ئالمىخان مايماق بىلەن.

قايتۇرما:

### 4 ـ مەشرەپى

### سەنەم (1 ـ ئاھاڭ)

باغدا قىزىل گۈل، سايرايدۇ بۇلبۇل،
ھەر جايدا بولماس سەندەك قىزىل گۈل.

ھەر جايدا بولسا، سېنىڭچە بولماس،
شاخىدا بۇلبۇل، نازىڭچە بولماس.

ئاتلىق مېڭىپتۇق، قالدۇق پىيادە،
قانداق قىلارمىز، تەقدىر ـ ئىرادە.

### 2 ـ ئاھاڭ

(يارلىرىم ئاھاڭىدا)

ئۆيىنىڭ ئارقىسى خامان، پۇر ـ پۇر ئۇچىدۇ سامان،
يېڭى يارنىڭ ئوتلارى دوزاخ ئوتىدىن يامان.

يارىمنى كۆرەرمەنمۇ، ليۇڭگە سۆيەرمەنمۇ؟
دوست ـ دۈشمەن ئاراسىدا دەرد بىلەن ئۆلەرمەنمۇ؟

قايتۇرما:

ئەي يارلىرىم قەندەكمۇ...
سۆيگەن يارلىرىڭ مەندەكمۇ.

### 3 ـ ئاھاڭ

(بىۋاپا يار باقمىدى ئاھاڭىدا)

سېنى ئۇنداق، مېنى مۇنداق ياراتىپتۇ،
ئىككىمىزنىڭ ئاراسىدا ئاقار دەريا ياراتىپتۇ.

قايتۇرما:

باشىم ئۈستى، چاچىم ئۈستى، چۈشتى مېنىڭ قاشىمگە،
نى جاپالار ، نى سەۋدالار چۈشتى مېنىڭ باشىمگە.

قايتۇرما:

بىۋاپا يار باقمىدى تاشلىدى كەتتى ... يارىم ئايارەي.

ئات مىنىپمۇ يۈرگەنسىز، تون كىيىپمۇ يۈرگەنسىز،
ئوتىڭىزدا كۆيگەننى چىرايىمدىن بىلگەنسىز.

### 6 ـ مەشرەپ

#### سەنەم

(يار سېنىڭ دەردىڭ يامان ئاھاڭىدا)

ھاتمىش ئالتە دەريا سۈيى بىر بولۇپ ئاقتى،
يارىم بىلەن ئوينىماي دېسەم، ئوقەتنىڭ ۋاقتى.

## 5 ـ مەشرەپى

### سەنەم

يارى دەيدۇ، يارى دەيدۇ يـاردا يوقتۇر ۋاپا،
ياردىن ئېغىز ئاچساڭلار قىلىدۇ جانغا جاپا.

ئالما بەرسەڭ يەمدىلا؟ شاپتۇل بەرسەڭ يەمدىلا؟
ئالمىمۇ، شاپتۇلمۇ يوق، ئاخىر نادامەت يەمدىلا؟

كېچىمۇ كېچە بولسا، كۈندۈزمۇ كېچە بولسا،
يار بىلەن تېپىشقاندا تاڭ ئاتماي كېچە بولسا.

### ياندۇرغۇسى (1 ـ ئاھاڭ)

(ۋاي دادەي ئاھاڭىدا)

يارىمنىڭ ئاتاسى يوق، بېلىدە پوتاسى يوق،
يېڭىياچـە يار تۇتسام، دەردى بـار، ۋاپاسى يوق.

قايتۇرما:

ئادايىڭمەن، گادايىڭمەن،
شەھىرىڭدە مۇساپىرمەن.

ئېرىقنىڭ تېگى لايدۇر، دەسسىسەم لىغىلدايدۇ،
يۈرىكىم جىغىلدايدۇ، ئېرى كەلگەن ئوخشايدۇ.

تاللىرىنىڭ سايىسى چۈشۈپ قاپتۇ ھويلىغا،
يار يولىغا تەلمۈرۈپ كۆزۈم كېتىپتۇ ئۇيقۇغا.

قايتۇرما:

ئادايىڭمەن گادايىڭمەن،
شەھىرىڭدە مۇساپىرمەن.

قايتۇرما:

چىمەنگە بويلاپ چىمەنىنگول... ئۆزۈك ياشايسەن.

ئاسمانغا چىقاي دەمسەن، بولۇتقا مىنەي دەمسەن،
ئۆزى كەلمىگەن يارنى چىللاپ كەلتۇرەي دەمسەن.

قايتۇرما:

چىمەنگە بويلاپ چىمەنىنگول ... ئۆزۈك ياشايسەن.

3 - ئاھاڭ

يارنىڭ بېغىغا كىرسەم، ئالما تۆگمىدەك بوپتۇ،
كىچىككىنە يارىم بار قايرىپ سۆيگىدەك بوپتۇ.

قايتۇرما:

ئالمىچى ئانارلىرىڭ قەندەكمۇ...
سۆيگەن يارلىرىڭ مەندەكمۇ.

شايىدىن شاپاق دوپپا، شاپتۇل شاخىدا قالدى،
ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق، ئىچىمدە ئوتلىرىڭ قالدى.

قايتۇرما:

7 - مەشرەپ

سەنەم

(سوقا مەستان يارەي ئاھاڭىدا)

بارىمەنۇ بارىمەن، يارىم قېشىغا بارىمەن،
ئارىدا ئىككى قونۇپ يارىم قېشىغا بارىمەن.

قايتۇرما:

سوقا مەستان يارەي ئايارەي... چىلگە پۇرايدۇ قوينىڭىز،

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى خېنىم ئايلام ئۇشلىغان،
چوكان ئالمايمەن دېسەم، بېشىمغا بەشنى مۇشلىغان.

ئى خېنىم، سۆزۈڭ چىراي، ئوتتۇغا مەن قانداق چىداي؟!
ئېگىز ئايۋانغا چىقىپ تاڭ ئاتقۇچە راۋاب چالاي.

قايتۇرما:

يار سىنىڭ دەردىڭ ئايارەي ... ئايارەي،

قاراموُقۇم چىچىلىپ كەتتى، تىرىشىپ بەرسىلە،
سۆيەي دېسەم بويۇم يەتمەس، ئېگىشىپ بەرسىلە.

قايتۇرما:

يار سىنىڭ دەردىڭ ئايارەي...
يارسىنىڭ دەردىڭ يامان ئايارەي

بېغىڭدىكى ئالمانى چىشلەپ يەيمەن، ئۈزمەيمەن،
سىنىڭدەك لېۋەن ياردىن ئۆلسەم ئۈمىد ئۈزمەيمەن.

قايتۇرما:

## ياندۇرغۇسى

### 1 - ئاھاڭ

يارىم كېلىدۇ دۆڭ مەھەللىنىڭ باشى بىلەن.
قوينۇم تولىدۇ كۆزۈمدىكى ياشىم بىلەن.

گۈلمىدى ئاچىلغىلى، غۇنچەمىدى ساچىلغىلى،
ۋەدىمىز شۇنداقمىدى ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلغىلى.

### 2 - ئاھاڭ

(چىمىنىگگە بويلاپ ئاھاڭىدا)

ئاچىلىپ قاپتۇ باغنىڭ گۈللىرى،
ئەجەب ئوينايدۇ دولان باللىرى.

قايتۇرما:

چىمىنىگگە بويلاپ چىمەننىگۈل ... ئۈزۈڭ ياشايسەن،

يارىم بىلەن مەن باردىم، باغدىن گۈل ئۈزۈپ ياندىم،
يارىم ئۇندا يار تۇتسا، مەن ئۈمىد ئۈزۈپ ياندىم.

## 8 - مەشرەپى

### سەنەم

(ياريار ئايلىنىمەن ئاھاڭىدا)

ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم شىۋىرغان يامان قاردا،
بېشىمدا ھەر بالا تۇرسا، يەنە تويمۇدۇم يارغا.

قايتۇرما:

ياريار ئايلىنىمەن يارەي... يار سېنىڭ دەردىڭ يامان.

ئاھ خېنىم، ئالتۇن خېنىم، تىللا بويۇڭدىن ئۆرگىلەي،
ئىشقى ئوتۇڭدا مەن سېنى پەرۋانىلەردەك چۆرگىلەي.

قاش ئاتارىم كېلىدۇ، كىرپىك سانارىم كېلىدۇ،
قولىدا پىيالىسى، تەشنا نىگارىم كېلىدۇ.

قايتۇرما:

### ھوزۇر (ياندۇرغۇسى)

#### 1 - ئاھاڭ

چىڭگىلىك ئاھ چىڭگىلىك، سۇ بويىدا چىڭگىلىك،
سۆيسەڭ ياخشىنى سۆيگىن، بولمىسا مەندەك يۈرگىلىك.

باغ ئارىلاپ شاپتۇلى، ئۈچقان كىمنىڭ كەپتىرى؟
ئوقۇسام ئادا بولماس، سەن يارىمنىڭ خەتلىرى.

ئالا ئىتىڭ يامان ئىكەن، زەنجىرىڭدە باغلاپ قوي،
مەن كۆيسەم ساڭا كۆيدۇم، سۆيمىسەڭمۇ قاراپ قوي.

بۈگۈن ئايغا ئون يەتتە، يارىم كېلۇر ئەلۋەتتە،
يارىم كەلسە پات كەلسۇن، مەن قالماي خىجالەتتە.

قايتۇرما:

سەرقامەستان يارەي...ئايارەي...چىلگەپۇراپدۇ قويىنىڭىز.

مەن راۋابنى چالىمەن، چالسام راۋابقا ئوخشىماس،
جۇۋان قۇچاقلاپ ياتىمەن، قىز بالىغا ئوخشىماس.

## ياندۇرغۇسى (1 ـ ئاھاڭ)

(ئاچىلدى گۈلۈم ئاھاڭىدا)

قاپقارادۇر قاشلىرىڭىز، سىلكىنەدۇر چاچلىرىڭىز،
مېنى ئويلاپ كەلدىمۇ كىرپىك ئارا ياشلىرىڭىز؟
قايتۇرما:

ئاچىلدى گۈلۈم، ساچىلدى گۈلۈم،
يارنىڭ ئىشقىدا سايراڭ بۇلبۇلۇم.

باغقا كىردىم گۈل ئۈزەي دەپ، گۈل ياتار شېخى بىلەن،
گۈل ئېچىلغاندا كېلىڭ، باغلاپ بېرەي بېغى بىلەن.

## 2 ـ ئاھاڭ

قىزىلگۈلنى دېمىسەم، غۇنچىسىنى ئۈزگۈم يوق،
سەن يارىمنى دېمىسەم، بۇ شەھەرىڭدە يۈرگۈم يوق.
قايتۇرما:

ئېتىم ئوروق، چىلان توروق...
مىنەي دېسەم ئىسكەتى يوق.

ئاسماندىكى توپ يۇلتۇز ئاينىڭ گۈلى مەن، دەيدۇ،
ئون بەش ياشتا قىز باللا ئاشنا بولىمەن، دەيدۇ.
قايتۇرما:

قايتۇرما:

ئايدەك يۈزلىرى... ناۋاتتەك سۆزلىرى،
ئېيتسام- ئېيتسام تۈگىمەيدۇ شېرىن سۆزلىرى.

يارىم كەتتى ئۇياققا، مەنمۇ كەلدىم بۇياققا،
يارىم بىلەن ئىككىلەن پىچىرلاشتۇق قولاققا.

**2 - ئاھاڭ**

مۇھەببەتنى ئاسان چاغلاپ، غازاڭ قىلدىڭ باھارىمنى،
ئەجەب سەزمەپتىمەن باشتا پۇشايمانغا قالارىمنى.

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس،
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

ئاي بىلەن كۈننى قېتىپ ئەلچى ئەۋەتتىم مەن ساڭا،
ئايمۇ ياندى، كۈنمۇ ياندى، ھېچ خەۋەر يوقتۇر ماڭا.

**10 - مەشرىپى**

**سەنەم**

ئاق لەيلى، يېشىل لەيلى، يارنىڭ بېغىدا سەيلى،
يار كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ، يارنىڭ ئۆزىنىڭ مەيلى.

قايتۇرما:

ھەي يارەي... ھەي يارەي... ھەي يارەي... ئا يارەي.

پۇر-پۇر بۆدۈنەم ئۇچتى، گۈلنىڭ تۈۋىگە چۈشتى،
جەينەكچە بويى بىلەن يارنىڭ كويىغا چۈشتى.

جەينەكچە دېمەڭ بىزنى، كۆيدۈرۈۋالىمىز سىزنى،
ھەر قانچە كىچىك بولساق، سەكرەپ سۆيىمىز سىزنى.

**ھوزۇر (ياندۇرغۇسى)**

خۇمارىما خۇمارىم، خۇمارىمدىن ئايرىلدىم،
خۇمارىمنى دەپ بېرىپ، شۇڭقارىمدىن ئايرىلدىم.

### 2 ـ ئاھاڭ

ئۈشنىڭ ئالدى كۆلمەنچەك، مۇز توڭلاپتۇ ئەينەكتەك،
بىز ئىككىمىز ئايرىلدۇق كاككۇك بىلەن زەينەپتەك.

ئۈشنىڭ ئالدىدا قۇدۇق، قۇدۇق بېشىدا تۇردۇق،
بىزنىڭ يارلا ئويناپتۇ، بىزمۇ ئوينىغاچ تۇردۇق.

ئاق بوز ئېتىڭ ئامانمۇ؟ بېدە يەمدۇ سامانمۇ؟
يار ئوينىسا ئويناپتۇ، بىز ئوينىساق يامانمۇ؟

### 9 ـ مەشرەپى

#### سەنەم

(ئويناي مەن سېنىڭ بىلەن ئاھاڭىدا)

شىلدىر ـ شىلدىر قومۇشقا، شەبنەم چۈشتى نېمىشقا؟
قەدىر بىلمەس نادانغا كۆڭلۈم چۈشتى نېمىشقا؟

قايتۇرما:
ئويناي مەن سېنىڭ بىلەن،
كۆڭلۈمنى ئالالامسەن؟

يىگى ئايدەك كۆرۈنۈپ، غايىب بولارنى بىلمىدىم،
ئالتە كۈن مېھمان بولۇپ تاشلاپ كېتەرنى بىلمىدىم.
كەتسەڭ كېتمۇر يارىم، سەندىن نېمە پەرۋايىم،
شۇل باشىم ئامان بولسا، ھەر يەردە مېنىڭ يارىم.

قايتۇرما:
قاشىڭ بىلەن قارايسەن، زۇلپىڭ بىلەن باغلايسەن،
مەن ساڭا نېمە قىلغان، ئۆلتۈرگىلى چاغلايسەن.

قايتۇرما:

#### ھوزۇر (ياندۇرغۇسى)

### 1 ـ ئاھاڭ

چىرايىڭنى بىر كۆرسەم، سىزنى ۋالسام، سۆرەتكە،
كەپ ـ سۆزۈڭنى تۇماردەك تېگىۋالسام يۈرەككە،

مېنى كەمسىتمەي ئىچەرلا،
چىيىمنى ئىچىپ بولۇپ.
پىيالەمنى بېرەرلا،
جېدەل تاپماي كىتەرلا.

## دولان مەشرىپىدىكى مىرۋازلىق قوشاقلىرى

شىرىق ـ شىرىق ئىككام قىرىق،
ئەدىمەتچىلىك، زىيا پەتچىلىك.
تەگدىمەتچىلىك، قوشىنىدارچىلىق،
ئەل ـ ئاغىنىدارچىلىق، مەھەللىدارچىلىق.

كەتتى ئۈستەك ياقىلاپ،
تاش بىلەن قۇمنى ساناپ.
يارنى كەتتى دەپ ئاڭلاپ،
قالدۇق يۈرەكنى تاتىلاپ.

تاماشا ئاكامدىن ×× مىڭ دوللار كەتتى،
ئامۇت ئاخۇندىن ×× سەرياچەن كەتتى.
شاھزادەخان بىلەن مەمتاخۇندىن يۈز ياچەن كەتتى،
زىبىدىخاندىن ئەللىك سەر داچەن كەتتى.

ئۇجمە ياڭرىقتىن* كەتتى،
ئايكۆل* سايرىقتىن كەتتى.
توخۇلا* سەكپاچىدىن كەتتى،
بالداڭ* قارىمۇقچىدىن كەتتى.

قۇمباش* بېشىرىقتىن كەتتى،
ئاۋات غوروچۆلدىن* كەتتى.

---

* جاي ئىسمى

قاشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە، ئاشىنا بولدۇم ئۆزۈڭگە،
ئىچىمدىكى دەردىمنى ئېيتالمىدىم ئۆزۈڭگە.

كۆرگىنىم يامان بولدى، چىرايىم سامان بولدى،
يار بىلەن كۆرۈشكىلى بەش - ئالتە زامان بولدى.

كۆرگىنىم چارشەم① بازا، كۆرمىگىنىم سەيشەم② بازا،
يار يادىمغا يەتكەندە، گېلىمدىن ئۆتمەيدۇ غىزا.

بارسىلا كەلمەيدىلا، ياغلىقلىرى قالسۇن ماڭا،
يىغلىسام يېشىمنى ئېيتاي، ھەمراھ بولۇپ تۇرسۇن ماڭا.

2. ئاھاڭ

يامان يولۋاس يولدا يېتىپ شىرغا يول بەرمەس،
ئاتاسىدىن قارغىش ئالغان ئىلگىرى كەلمەس.

ئۇيان ئۆتۈپ، بۇيان ئۆتۈپ ئالاي كۆڭلۈڭنى،
قارچىغامنىڭ بالىسىدەك ئېگەي بوينۇمنى.

## دولان مەشرىپىدە چاي تۇتۇش قوشىقى

چايى دەيدۇ، چايى دەيدۇ،
چاينىڭ قايماقى بار.
قەستىمىزغۇ چايدا ئەمەس،
ئۇيناپ كۆكۈل ئاچماقى بار.

خاقانى چىندىن كەلگەن چاي،
ئاپئاق ئايلام ئەتكەن چاي.
چاپاق ئايلام ساتقان چاي،
تاپقىنىم مۇشۇ بىر پىيالە چاي.

① چارشەم — چارشەنبە.
② سەيشەم — سەيشەنبە.

## «دولان توققۇز مۇقامى» نىڭ تېكىستلىرى ۋە دولان مەشرىپى

«دولان توققۇز مۇقامى»— ئۇيغۇر سەنئەت تارىخىدا ئەڭ قەدىمىي، قويۇق ھەم مۇكەممەل يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە، يۇرۇشلەشكەن چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىدىن تەركىب تاپقان خەلق سەنئىتىنىڭ گۈلتاجىسىدۇر ھەمدە ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام» نىڭ ئاساسىدۇر. ئۇ دولان دەرياسى ۋادىسىدا ياشاپ كېلىۋاتقان ئىجادچان سەنئەتخۇمار ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇن ئىجاد قىلىپ، بۈگۈنگە قەدەر ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۇزۇلدۇرمەي داۋام ئېتىپ كەلگەن مەنىۋى ھاياتىنىڭ بىباھا بايلىقىدۇر.

ئاقسۇ خەلقى، بولۇپمۇ دولان دەرياسى ۋادىسىدا ياشاپ كېلىۋاتقان ئەمگەكچى خەلق ئۆزىنىڭ بۇ قىممەتلىك سەنئەت بايلىقىنى ئۇزۇلدۇرمەي داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىجادىي ھالدا ۋارىسلىق قىلىپ كەلمەكتە.

«دولان توققۇز مۇقامى» نىڭ ئۇسلۇبى، كۈيى، ئاھاڭ ۋە نەغمە شەكىللىرى ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇر مۇقاملىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ.

ئۇ، مۇقام ناملىرى ۋە مۇقام تېكىستلىرى جەھەتتىنمۇ بىر پۈتۈن خاسلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ مۇقام ناملىرى كۆپىنچە «باياۋان» ئاتالغۇسى بىلەن ئاتىلىدۇ. «باياۋان» سۆزى ئۇيغۇر تىلىدا، بىپايان دەشتى، چۆل دېگەندەك مەنالارنى بىلدۈرىدۇ.

دېمەك، دولانلىقلارنىڭ ئاتا ماكانى قەدىمدىن تارتىپ «تەكلىماكان» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان پايان-

قۇملۇق چىغانچۇلدىن * كەتتى،
شاقۇر پىچاق سۈندىدىن * كەتتى.

ئاقسۇ ساق - ساق مارالدىن * كەتتى،
مارالبېشى ئاقسا قمارالدىن * كەتتى.
قارىتال يېڭى مەھەللىدىن * كەتتى،
غورۇچۆل ئارا مەھەللىدىن * كەتتى.

ئات ئېگىرى بىلەن كەتتى،
كالا جۈپى بىلەن كەتتى.
مال قوتىنى بىلەن كەتتى،
توخۇ كاتىكى بىلەن كەتتى.

ئۆي مەھەللىدىن كەتتى، دۆڭ مەھەللىدىن كەتتى.
نەغمىچىلەرنىڭ غەيرىتى ئېشىپ كەتتى.
ئۇسسۇلچىلار ھېرىپ كەتتى،
پۆت - قوللىرى تېلىپ كەتتى.

يۈرەكلىرى سېلىپ كەتتى،
ئەتراپىغا قاراپ كەتتى.
ئوينىغانلار ئويناپ كەتتى،
ئوينىمىغانلار نەگە كەتتى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە غورۇچۆل يېزىسىدىكى دولان ئەلنەغمىچىلىرىدىن: ئاۋۇت مۇسا، ئىمرەمزى قۇربان، سەمەت سوپى، ئىمىر ئىبراھىم، ئىمىر ئەمەت.

توپلىغۇچى: تۇلىياز مەتنىياز، ئابدۇقادىر مۇسا.

توپلانغان ۋاقتى: 1981 - يىل 1 - ئاي، ئاۋات.

* جاي ئىسمى

شەھـەرى، ئاقسـۇ كونىشەھەرلەردە دولان مەشرىپى كۆنسېرى جانـلىنىپ، بېيىپ كەلمەكتە.

«دولان مەشرىپى» خەلقنىڭ قائىدە ـ يوسۇن ئەدەب ـ ئەخلاق ۋە ئادەمگەرچىلىكنى ئۆگىنىشكە ئاساس سالغۇچىدۇر. ئۇ قەدىمدىن تارتىپ تاكى بۈگۈنكى ئەۋلادلارغىچە ئۆز ئـالا ـ ھىدىلىكى بويىچە بىر قاتار مەشرەپ ئىنتىزامىنى شەكىللەند ـ دۈردى. ئۇ كىشىلەردىن جەمئىيەت ئەخلاقىنى ھىمايە قىلىش، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزگە خىلاپ ئىشلارنى چەكلەش، شۇ ئار ـ قىلىق ئەۋلادلارنى ئەدەب ـ ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىپ كەلدى.

مەشرەپلەردە يۇقىرىقى مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈ ـ چۈن « يىگىت بېشى »، قازى، مىرشاپ بېگى، دورغا دېگەنگە ئوخشاش تەرتىپ ساقلىغۇچىلار تۇرغۇزۇلغان بـولۇپ، ئـۇلار ھەر قايسى مەشرەپ سورۇنلىرىدا خالىس باشقـۇرغۇچى ھـەم مەشرەپنى قىزىتقۇچى خادىملار ھېسابلىنىدۇ.

مەشرەپتە قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقـان « جازا» ھېلىمۇ مەۋجۇت. ئۇنىڭ خىللىرىمۇ كۆپ بولۇپ، ئا ـ ساسەن مەشرەپ ئىنتىزامىنى بۇزغان ( رۇخسەتـسىز مەشرەپ سورۇنىدىن چىقىپ كەتكەن، كېچىكىپ كىرگەن ياكى نەغمە ـ ئۇسسۇل بولۇۋاتقاندا تەرتىپكە رىئايە قىلمىغان ۋە سەۋەبسىز قاتارى مەشرەپكە كەلمىگۈچىلەر ) لارغا مـەشرەپ « جازا » ـ سى بېرىلىدۇ، جازانى مەشرەپ ئەھلى بەلگىلەيـدۇ. ئـاۋۋال بىر كىشى يۇقىرىقى سەۋەبلىكلەرنى سادىر قىلغانلار ئـۈستى ـ دىن يىگىت بېشىغا « ئەرز » قىلىدۇ. يىگىت بېشىـنىڭ تاپ ـ شۇرۇقى بىلەن « قازى » سوراق قىلىدۇ. گۇۋاھچىلار ئۇنى دە ـ لىللەيدۇ، قازى مەشرەپ ئەھلى ماقۇل كۆرگەن « جازا » نى جاكارلايدۇ. ئاندىن «دورغا» ئىجرا قىلىدۇ. جازانىڭ تـۈرى

سىز مۇنبەت زېمىن بولغىنى ئۈچۈن، بۇ خىلۋەت ماكان، ئۆزىگەخاس يەرلىك پۇراق ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان مۇكەممەل بۇ سەنئەتنى ھېچقانداق مۇقام ياكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىگە بېقىندۇرماي ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە يەرلىك ئالاھىدىلىك بىلەن ئىجاد قىلغان ۋە ساقلاپ قالغاندۇر.

دولان مۇقامىنىڭ مۇقام تېكىستلىرى ۋە مەشرەپ ئاھاڭلىرى، دولانلىقلار ئارىسىدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خەلق قوشاقلىرى ژانىرىنى گەۋدە قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تېكىستلىرى، ئەڭ پىشقان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بايلىقىنىڭ جەۋھەرلىرىدۇر. ئۇ شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. دولان مەشرەپلىرىدىكى تېكىستلەر مەشرەپ كەيپىياتىغا ماس ھالدا ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ئۇنىڭدا مۇقىم ھەم قېلىپلاشقان تېكىستنىڭ بولۇشىمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ. بۇ تېكىستلەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇھەببەت قوشاقلىرى بولۇپ، يەنە بىر قىسىم تېكىستلەر ئەمگەك، تۇرمۇش ئىلمى توغرىسىدىكى قوشاقلار، ھەجۋى قوشاقلار ۋە مەۋسۇم قوشاقلىرى ، ئۆرپ - ئادەت قوشاقلىرىغا ئوخشاش كۆپ خىل مەزمۇنلاردىكى خەلق قوشاقلىرىنى قوبۇل قىلغان.

« دولان » دېگەن نام ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ خېلى كۆپ جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئاۋات، ئاقسۇ،شايار، كۇچار، باي، توقسۇ، ئاقسۇ كونىشەھەر قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ خېلى كۆپ يەرلىرىدە دولانلىقلار خېلى قەدىمدىن بۇيان ماكانلاشقانلىقى ئۈچۈن، بۇ جايلاردا ھازىرغىچە « دولان مەھەللىسى » دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان جايلار خېلى كۆپ. ئەنە شۇ دولانلىقلار ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان « دولان مەشرىپى » بۈگۈنگە قەدەر ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئومۇملاشقان. بولۇپمۇ ئاۋات، شايار، ئاقسۇ

بىرلىرى ئۈستىدە ئورتاق مەسلىھەتلىشىش ۋە يامان ئىش قىلغۇچىلارنى جازالاش، تەنقىد - تەربىيە بېرىشكە ئوخشاش ئىشلار ئۈستىدە قارار چىقىرىدۇ.

دولان خەلقى قاتار مەشرەپتە، ئۆزىنىڭ قورامىغا يەتكەن بالىلىرىنى مەشرەپ ئەھلىگە قېتىپ، ئەل - يۇرتنىڭ كوللېكتىپ ئىنتىزامىغا قوشىدۇ ۋە ھەممە كىشى مەشرەپتە ئۆز ئارا ئەدەب - ئەخلاق، قائىدە - يوسۇن ئۆگىتىدۇ ۋە ئۆگىنىدۇ.

4. ناماقۇللۇق مەشرىپى: ناماقۇللۇق سۆزى — ئۇيغۇرلاردا بىرەر كىشى، باشقا بىر كىشى ياكى جامائەت ئالدىدا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىنى تونۇش ۋە يۇرت ئەھلىگە ھۆزۈر ئېيتىش دېگەندەك مەنانى بىلدۈرىدۇ.

ناماقۇللۇق مەشرىپىنى مەشرەپ ئەھلى تەرىپىدىن جازالانغۇچى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

5. ئاداۋەتنى يۇيۇش مەشرىپى: بىرەر يۇرتتا كىشىلەر ئۆز ئارا ئاداۋەتلىشىپ قالسا، يۇرت ئەھلى يىگىت بېشى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىر قېتىملىق مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ ئاداۋەتلەشكۈچى تەرەپلەرنى چاقىرىپ، مەشرەپ ئەھلى ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئاداۋەتنى يۇيۇۋېتىشىنى، بىر-بىرىگە چاي تۇتۇپ بېرىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇلار ئۆز ئارا چاي تۇتۇشقاندىن كېيىن ئاداۋەت يۇيۇلۇپ كېتىدۇ. يەنە كۆڭلىدە داۋاملىق ئاداۋەت ساقلىغۇچىلار بولسا، يۇرت ئەھلى تەرىپىدىن ئەيىبلىنىدۇ.

دولان مەشرەپلىرى كىشىلەرنى، بولۇپمۇ ياشلارنى مىللىي ئۆرپ - ئادەت ۋە مىللىي ئەنئەنە بىلەن تەربىيىلەيدىغان رولىنى كۈنسېرى نامايان قىلىپ كەلمەكتە.

دولان مۇقامى ۋە مەشرەپلىرى بىر پۈتۈن، سىستېمىلىق چوڭ ناخشا ھەم مۇزىكىلىق، خەلق سەنئىتىدۇر، بۈگۈنكە

كۆپ بولۇپ، «ساما يېقىش»، «جۇۋازغا قېتىش»، «مونەك تۇگۇش»، «سۇرىتىنى تارتىش»، «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش» كە ئوخشاش جازانى مەشرەپ سورۇنىدا ئىجرا قىلىپ، مەشرەپ كەيپىياتىنى قىزىتسا، يەنە بەزى جازالار — «گۇناھكار» نىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئەل - يۇرتقا «ناماقۇللۇق مەشرىپى» ئۆتكۈزۈپ بېرىش جازاسى بېرىلىدۇ ۋە يۇرتقا ئاش، چاي بېرىش سىلىقمۇ سېلىنىدۇ.

دولان مەشرەپلىرىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، دولانلىقلار ئارىسىدا هازىرغىچە تۆۋەندىكى بىر قانچە خىل مەشرەپ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

1 . هېيت - بايرام مەشرىپى: بۇ ئاساسەن شۇ يۇرتتىكى كاتتا يىغىلىش ۋە هېيت - ئايەم كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ بولۇپ، ئۇنىڭ كۆلىمى كەڭ، تاماشىبىنلىرى كۆپ، داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

2 . توي - تۆكۈن مەشرىپى: بىر ئائىلىدە ئۆتكۈزۈلگەن تويىنى قۇتلۇقلاش، تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن مەشرەپ بولۇپ، ئۇنىڭغا تويغا ئىشتىراك قىلغۇچىلار نىڭ هەممىسى قاتنىشىدۇ.

3 . قاتارى مەشرەپ: بۇ، دولان يېزىلىرى ۋە دولانلىقلار ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئەڭ كۆپ ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ بولۇپ، دائىرىسى ئانچە چوڭ بولمايدۇ. ئۇ، بىر نەچچە ئائىلە، بىر قانچە مەھەللە ۋە كەنت ئىچىدىلا ئۆز ئارا كېلىشىش ئارقىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى كۆپ بولۇپ، بۇ خىل سورۇنلار مەشرەپ ئويناش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. كىشىلەر ئۆز ئارا مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە كېڭىشىش، مەسلىھەت بېرىش، بىرەر بالا - قازا ياكى بەختسىزلىككە ئۇچرىغۇچىلاردىن هال سوراش، ياردەم قىلىش تەد-

# كوچا خەلق مەشرەپلىرى
# ۋە
# كوچا ناخشىلىرىنىڭ
# تېكىستلىرى



قەدەر ئۆلىنىڭ يۇرۇشلەشكەن تېكىستلىرى خەلق ئارىسىدا ئېيى-
تىلىپ، رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ سەنئەت پروگراممىلىرىدا بې-
رىلىشى ئاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، توپلاپ رەتلىنىپ، مەتبۇئات-
لاردا ئېلان قىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغانىدى.

پارتىيىنىڭ 11- نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 3- ئومۇمىي يىغىنى-
نىڭ ئىلھامى بىلەن سابىق ئاۋات ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق
ھۆكۈمىتى 1981- يىلى باھاردا ئاۋات ناھىيىسىدە دولان مۇقامىنى
كەڭ كۆلەمدە توپلاش، قېزىش مەقسىتىدە بىر قېتىملىق ئەل-
نەغمىچىلەر كۇرسى چاقىرىپ، خەلقىمىزنىڭ بۇ قىممەتلىك
بايلىقىنى ھەقىقىي رەۋىشتە قۇتقۇزۇپ قالدى. بىز ئاقسۇ نەز-
مىلىرىنى تۈزۈش، نەشر قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئەينى يىل-
لاردا بۇ خەيرلىك ئىشقا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن ئاۋات نا-
ھىيىلىك پارتكومنىڭ سابىق شۇجىسى مامۇت مەممەت، نا-
ھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق ھاكىمى ئابدۇللا ھەسەن
قاتارلىق يولداشلارغا مەتبۇئات يۈزىدە بارلىق كىتابخانلار
نامىدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

— تەھرىردىن

## كۇچا خەلق مەشرەپلىرى

خەلق مەشرەپلىرى — ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق يىللىق كۇرەش تارىخى ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تارىخى داۋامىدا، سەنئەتخۇمار ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان بۈگۈنگە قەدەر خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش ئادىتى سۈپىتىدە داۋام قىلىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى، ئۇنىۋېرسال قىممەتلىك بەدىئىي سەنئەت مىراسلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خەلق مەشرەپلىرى — بارلىق خەلق سەنئىتىنىڭ ئانىسىدۇر. ئۇ، خەلق ئارىسىدا ئەدەب - ئەخلاق، قائىدە - يوسۇن ۋە ھەر خىل سەنئەت ماھارىتىنى ئۆگىنىش، تارقىتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ھەمدە ئۇنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە مول مەزمۇنلار بىلەن داۋام ئەتتۈرۈشكە مۇستەھكەم ئاساس ياراتتى.

خەلق مەشرەپلىرى — ئىجادچان ئەجدادلىرىمىز ياراتقان قىممەتلىك سەنئەت بايلىقى بولۇپ، ئۇ، رەڭدار ھەم چوڭقۇر بەدىئىي ئىپادىلەش شەكلىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەندۇر. ئۇنىڭ جېنى — خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بايلىقى ۋە خەلق ئەلنەغمە سەنئىتىدۇر.

كۇچا خەلق مەشرەپلىرى — پۈتۈن ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ باشقا جايلاردىكى خەلق مەشرەپلىرىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

كۇچار مەشرەپلىرى — «تەزە»، «سەنەم» دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئەلنەغمە شەكلى بويىچە داۋاملىشىدۇ. مەشرەپ ئەھلى جەم بولۇپ، ئەلنەغمە باشلىنىش بىلەن مەشرەپ ئۇسۇلى ئوينىلىدۇ. ئالدى بىلەن ئەلنەغمە «تەزە» دىن باشلىنىدۇ.

[illegible]

ۋە

[illegible]

[illegible]



كۇچا مەشرەپلىرىدىمۇ «دولان مەشرىپى» گە ئوخشاش قىزىقارلىق مەشرەپ ئويۇنلىرى بىرگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنداق ئويۇنلار، مەشرەپ راسا ئەۋجىگە چىقىپ، سازەندە ۋە ئۇسسۇلچىلارغا ھاردۇق يەتكەن چاغدا، يىگىت بېشى تەرىپىدىن تەشكىللىنىپ، قائىدە - يوسۇنلۇق ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ خىل ئويۇن «چىلىم» ئويناش دەپ ئاتىلىپ، ئالدى بىلەن يىگىت بېشى داپ ياكى بىر تال گۈلنى ئېلىپ، ئاياللار سورۇنىغا كېلىدۇ ۋە ئۆزى خالىغان ئايالغا ئۇنى ھۆرمەت بىلەن سۇنۇپ، ئويۇنغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئايال سورۇنغا چۈشىدۇ، بىر جۈپ كىشى گۈلنى مەركەز قىلىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوڭ قولىنى بېسىپ ئۈچ قېتىم يېرىم ئايلىنىدۇ. ئۇلار ھەر قېتىم ئايلانغاندا تولىمۇ خۇشخۇي تەبەسسۇمغا تولىدۇ. ئاندىن يىگىت «چىلىم» نى ئايالغا سۇنۇۋېتىپ، بېيىت ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئايال ئۆزى بىلىدىغان ئەڭ ياخشى بېيىتتىن بىرنى ئوقۇپ بېرىپ «چىلىم» نى قولىغا ئالىدۇ ۋە ئۇمۇ ئۆزى خالىغان بىر ئەرنى «چىلىم» ئويناشقا تەكلىپ قىلىدۇ، ئويۇن مۇشۇ ھالەتتە بىر پەس داۋام قىلغاندىن كېيىن، ئەلنەغمە باشلىنىپ، مەشرەپ يەنە داۋام قىلىدۇ. مۇشۇ خىل تەكرارلىنىش ئىچىدە كۇچا مەشرەپلىرى بىر ۋە بىر نەچچە كۈن ناھايىتى قىزغىن ئۆتكۈزۈلىدۇ.

كۇچا مەشرەپلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كۇچا خەلقى ئارىسىدا تۆۋەندىكى بىر قانچە خىل مەشرەپ بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە ۋە ئوينالماقتا.

### 1. چىللاق مەشرىپى

چىللاق سۆزى — ئۇيغۇرلاردا تەكلىپ قىلىش، مېھمانغا چاقىرىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ چاغدا ئەر ئۇسسۇلچىلار ئالماش قول ھەرىكىتى بىلەن بىر
قولىنى بەلگە قويۇپ، بىر قولىنى كۆككە يېيىپ، بەزىدە ئىك-
كى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ لەرزان ئۇسسۇل باشلايدۇ. ئايال-
لار تۆت بارمىقىنى يېرىم يۇمۇپ، ئەرلەرگە ماس ئۇسسۇل
ھەرىكىتى بىلەن ئۇسسۇلنى ئەۋجىگە كۆتۈرىدۇ.
ئەلنەغمە «سەنەم» پەدىلىرىگە يۆتكەلگەندە ئەرۋە ئايال
ئۇسسۇلچىلار جۈپ - جۈپى بىلەن ئەلنەغمە رىتىمىگە ئەگى-
شىپ، گاھ يۈگۈمە ھەرىكەت بىلەن، گاھ ئارقىسىغا يېنىپ يۆ-
گۈشۈپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ.
كۆچا مەشرەپلىرىدىكى ئەلنەغمە پەدىلىرى ئاھاڭ جە-
ھەتتىن چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇ سازەندىلەرنىڭ ماھارى-
تىگە باغلىق بولۇپ، ئۇلار قانچەكۆپ ئاھاڭ ۋە ناخشا بىلسە،
ئەلنەغمە شۇنچە ئۇزاق داۋام قىلىپ، مەشرەپ شۇنچە جان-
لىق تۈس ئالىدۇ.
مەشرەپ داۋامىدا يىگىت بېشى مەشرەپ كەيپىياتىنى
جانلاندۇرۇش ئۈچۈن «ئۆرۈمە» قىلىش ئارقىلىق مەشرەپ
ئەھلىگە شادلىق بېغىشلايدۇ. مەشرەپ ئەھلى ئۇسسۇلچىلار-
نىڭ ماھارىتىگە قايىللىق ۋە رازىمەنلىكتە تولغان ھاياجان
پەيتلىرىدە ئالاھىدە رەڭدار پەتنۇسلارغا پۇل ياكى قىممەتلىك
رەخت قاتارلىق نەرسىلەرنى سېلىپ يىگىت بېشىغا سۇنىدۇ.
يىگىت بېشى ئۇنى دەرھال قوبۇل قىلىپ، ئۆرۈمە قىلغۇچىنىڭ
ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ، قىزىقارلىق سۆز سەنئىتى بىلەن مەش-
رەپ ئەھلىنى ئارىلاپ چىققاندىن كېيىن «ئۆرۈمە» نى سازەن-
دىلەرنىڭ ئالدىغا ئىززەت - ئىكرام بىلەن قويىدۇ. بۇ چاغدا بىر
نەچچە ياش بېشىنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، ھۇ... بەللى...
دەپ بارىكاللا توۋلايدۇ. مەشرەپ تېخىمۇ قىزغىن كەيپىياتقا
چۆمۈلىدۇ.

قاراپ)، مەشرەپ بىر نەچچە كۈن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن مېھ-
ماندارچىلىق تاماملىنىپ، مېھمانلار قايتىش ئالدىدا، سا-
ھىبخان كەنت خەلقىنى مېھمانغا تەكلىپ قىلىدۇ ۋە كاتتا مەش-
رەپ ئۆتكۈزۈپ ئۇزىتىدۇ. بۇ «چىللاق مەشرىپى» دەپ
ئاتىلىدۇ.

## 2. سەيلە مەشرىپى

كۈچا يېزىلىرىدا «كەكلىك سەيلىسى» دەپ ئاتىلىدى-
غان بىر خىل باغ سەيلىسى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ
كەلگەن بولۇپ، كەكلىك باققۇچىلار ئۆز ئارا كەكلىك سوقۇش-
تۇرۇش ئۈچۈن، ھەر يىلى ياز باشلىنىپ، باغلار بۆك - با-
راقسان بولغان، ئۆرۈكلەر رەڭ تۇزۇپ ئالا - سېرىق بولغان
پەيتتە كەكلىك سولانغان قەپەزلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ چوڭ -
چوڭ باغلارغا جەم بولىدۇ. بۇ تاماشانى كۆرۈش ئۈچۈن،
يىراق - يېقىندىن كۆپلىگەن كىشىلەر توپلىشىدۇ. كەك-
لىك سوقۇشتۇرۇش باشلىنىدۇ. باغنىڭ بىر تەرىپىدە مەشرەپ،
يەنە بىر تەرىپىدە چېلىنىش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىر تەرەپتە
بولسا مەمۇرچىلىق بىلەن تولغان بازار ئۆتكۈزۈلىدۇ. باغ
سەيلىسى ناھايىتى قىزغىن ھەم كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ. تاماشا
ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يىگىت بېشى كېيىنكى كۈنلىرى ئۆت-
كۈزۈلىدىغان باغ سەيلىسىنىڭ ئورنى ۋە ۋاقتىنى جاكارلايدۇ.
شۇنداق قىلىپ بۇ خىل سەيلە بىر ئاي ئەتراپىدا داۋام قى-
لىپ، ئىككىنچى يىلى ئوخشاش مەزگىلدە يەنە باشلىنىدۇ.
مۇنداق سەيلە كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپلەر، كۈچار
خەلقى ئارىسىدا «سەيلە مەشرىپى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

## 3. ئوغلاق مەشرىپى

كۈچا يېزىلىرىدا ئەتىياز پەسلى بىر ياكى بىر قانچە
كەنت خەلقى بىرلىشىپ، كەڭ مەيدان تەييارلاپ ئۇ يەردە

مېھماندوست كۇچا خەلقى ئارىسىدا، تارىختىن بۇيان
داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر كەنت خەلقى يەنە بىر كەنت
خەلقىنى كەنت ياكى مەھەللە بويىچە مېھماندارچىلىققا چاقى-
رىدىغان بىر خىل ئادەت تاكى يېقىنغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن.
بۇنداق مېھماندارچىلىق تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولۇپ، بىر خىل
كوللېكتىپ كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى ھېسابلىنىدۇ.
بۇنداق مېھمانغا چاقىرىشتا، چاقىرغۇچى كەنتنىڭ يىگىت بې-
شى قارشى تەرەپنىڭ يىگىت بېشى بىلەن كېڭەشكەندىن كې-
يىن مېھمانغا چاقىرىشىدۇ. ساھىبخان كەنت خەلقى، كاتتا سو-
رۇن تۈزگەندىن باشقا، يەنە ھەر قايسى ئائىلىلەرمۇ ئۆز ئال-
دىغا ئالاھىدە مېھمان كۈتۈش تەييارلىقىنى قىلىدۇ. ئالدى
بىلەن مېھمانلار (چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال، قېرى - ياش)
نىڭ ھەممىسى كەنت بويىچە تەييارلانغان سورۇندا شاد - خو-
رام ئۇچرىشىدۇ، مەشرەپ ئوينايدۇ، بۇ كۈنى كەنت ئىچى
قايناق بايرام ھەم بازار تۈسىگە كىرىدۇ. ھەر خىل تىجا-
رەتچىلەرمۇ بۇ كۈننى ئۆز تىجارەتلىرى بىلەن جانلاندۇرۇ-
ۋېتىدۇ. كەچتە ساھىبخان كەنت خەلقى، ئۆز مېھمانلىرىنى
ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىدۇ. بۇنداق مەشرەپلەر كۆلىمى ئەڭ
كەڭ، كوللېكتىپ مەشرەپ بولۇپ، ساھىبخان كەنت بىلەن،
مېھمان كەنت خەلقى بىر-بىرىگە بېقىشىپ تەييارلانغان كەڭ
سورۇندا ئولتۇرىدۇ، ئاش - چاي تارتىلىدۇ. ئاندىن يىگىت
بېشى مەشرەپنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلايدۇ ھەم ئۆزى
باش بولۇپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇلارنى ئۇسسۇلغا
تەكلىپ قىلىدۇ. ئاستا - ئاستا ئىككى تەرەپ گىرەلىشىپ ئۇ-
سسۇل ئوينايدۇ. مەشرەپ «چىلىم» ئويۇنى ۋە بېيىت ئوقۇش
بىللە داۋام قىلىدۇ. مەشرەپ كۈنبويى داۋام قىلىپ قالماس-
تىن كېچىلىرىمۇ داۋاملىشىۋېرىدۇ (كىشىلەرنىڭ كەيپىياتىغا

ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ خىل مەشرەپ «قارلىق مەشرىپى» دېگەن نام بىلەن بۈگۈنگىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

### 5. بەزمە مەشرىپى

بەزمە مەشرىپى، ئاساسەن، شەھەر ئىچىدىكى ھەر خىل ھۈنەرۋەن، كاسىپ، سودىگەرلەر ئارا ياز كۈنلىرى ھاۋا ئىسسىپ ئۈجمە، ئۆرۈك قاتارلىق يازنىڭ مېۋىلىرى پىشقان كۈنلەردە ئارام ئېلىش، ئۆزئارا مېھماندارچىلىق قىلىش ۋە زىياپەت بېرىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. بەزمە ئويۇشتۇرغۇچى ئۆز مېھمانلىرىنىڭ شەرىپىگە كاتتا داستىخان ۋە ماھىر نەغمىچى، ئۇسسۇلچىلارنى تەييارلاپ، كەڭ، گۈزەل باغقا سورۇن تۈزۈپ مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. مەشرەپتە يەنە ماھىر داستانچىلار، سازەندىلەر ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىپ، سورۇن كەيپىياتىغا شادلىق بېغىشلايدۇ. بۇ خىل مەشرەپ بەزمە مەشرىپى دەپ ئاتىلىپ داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

### 6. قاتارى مەشرەپ

قاتارى مەشرەپ، خەلق ئارىسىدا بىر ياكى بىر نەچچە مەھەللىنى ئاساس قىلىپ، ھەپتىدە بىرقېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلق مەشرىپى بولۇپ، بۇنىڭ قاتناشقۇچىلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. بۇ خىل مەشرەپنى كىشىلەر ئۆزلىرى كېڭىشىپ ئۆتكۈزىدۇ، كېلەر نۆۋەتتىكى مەشرەپ ئۆتكۈزۈش نۆۋىتى كىمگە كەلسە، شۇ ئۆز لايىقىدا تەييارلىق قىلىپ مەشرەپ ئەھلىنى رازى قىلىدۇ. مەشرەپتە «غاز ئويۇنى»، «جەرەن ئويۇنى» دېگەنگە ئوخشاش خەلق ئويۇنلىرى ئوينىلىدۇ. قاتارى مەشرەپ يىلنىڭ قايسى پەسلىدە بولمىسۇن چەكلىمىگە ئۇچرىماي ئۆتكۈزۈلۈۋېرىدۇ.

### 7. سوقا مەشرەپ

كۈچا يېزىلىرىدا قەدىمدىن بۈگۈنگىچە داۋام قىلىپ كې-

ئوغلاق تارتىشنىڭ ئويۇنى ئېلىپ بارىدۇ . ئويۇنغا ھەر قايسى
تەرەپلەردىن ماھىرلار ئەڭ يۈگۈرۈك ئاتلىرىنى مىنىپ كېلىپ
بەيگىگە چۈشىدۇ . بەيگە ئالدىدا سېمىز بىر دانە ئوغلاق بو-
غۇزلاپ تەييارلىنىدۇ ، بەيگە باشلانغاندىن كېيىن يىگىت بې-
شى ئوغلاقنى چەۋەندازلار ئارىسىغا تاشلايدۇ. ئۇنى كىم ئاۋ-
ۋال ئالسا، ئۇ، شۇ ھامان ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئۆزى خالىغان
تەرەپكە ئېلىپ قاچىدۇ . باشقا چەۋەندازلار ئوغلاقنى تارتى-
ۋېلىش ئۈچۈن قوغلايدۇ ، ئويۇن داۋام قىلىدۇ . ئوغلاقنى
كىم تارتىۋالسا ، ئۇ يەنە داۋاملىق ئات چاپتۇرۇپ قاچىدۇ
ۋە مەھەللە ئارىلاپ كېتىۋېتىپ ئۆزى خالىغان بىر كىشىنىڭ
ھويلىسىغا ئوغلاقنى تاشلايدۇ - دە ، بەيگە ئاخىرلىشىدۇ .
لېكىن شۇ كۈنى ئوغلاق تاشلانغان ھويلا ئىگىسى قوي سويۇپ
پۈتۈن مەھەللىگە ئاش-چاي تارتىپ كاتتا مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ
بېرىدۇ . بۇ «ئوغلاق مەشرىپى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**4. قارلىق مەشرىپى**

قىش كىرىپ تۇنجى قار ياغقان كۈنى ، خالىغان بىر
كىشى «قارلىقنامە» يېزىپ ئۇنى ئۆزىنىڭ يېقىن دوست - يا-
رەنلىرىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ
«قارلىقنامە» نى سەزدۈرمەستىن يوشۇرۇپ قويۇپ، قايتىش
ئالدىدا: «قارلىق بېسىۋالمىسۇن!» دەپ توۋلىغىنىچە ئۆز ئۆ-
يىگە قاراپ قاچىدۇ. ئۆي ئىگىسى قوغلايدۇ، مۇبادا «قارلىق»
تاشلىغۇچى يېرىم يولدا تۇتۇۋېلىنسا، ئۇنىڭ يۈزىگە قارا سۈر-
تۈلۈپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈلۈپ، «سازايى» قىلىدۇرۇشقا
ئوخشاش قىزىقارلىق ئويۇنغا قالىدۇ (جازالىنىدۇ). ئەگەر
ئۆي ئىگىسى ئۇنى تۇتۇۋالالمىسا، شۇ كۈنى كەچتە ياكى ئەتى-
سى ئالاھىدە تەييارلىق بىلەن ئەلنەغمىچى، ئۇسسۇلچى ۋە ئاش-
چاي تەييارلاپ، ئەل - يۇرتنىڭ تەلىپى قانغۇدەك مەشرەپ

ئۇيغۇرلار ياشايدىغانلىكى جايدا توي مەشرەپسىز ئۆتكۈزۈلمەيدۇ. كۇچار دىيارىدىكى توي مەشرەپلىرى باشقا جايلاردىكى توي مەشرەپلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. توي باشلىنىشى بىلەن يىراق - يېقىندىن كەلگەن مېھمانلار كەڭ، ئازادە ھويلا - ئارام ياكى باغلارغا تەييارلانغان سورۇنغا جەم بولۇپ، بۇ قۇتلۇق كۈننى تەبرىكلەپ (قىز تەرەپ ھەم ئوغۇل تەرەپنىڭ ئائىلىلىرىدە) مەشرەپ ئوينايدۇ، ھەتتا قىز كۆچۈرۈشمۇ مەشرەپ ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. قىز، ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئوغۇل ئىگىسى ئائىلىسىدە يەنە كاتتا مەشرەپ ئۆتكۈزۈلۈپ، پۈتۈن ئەل ئارىسىدا ئۆز شادلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ «توي مەشرىپى» دېيىلىدۇ.

### 10 . يۈز ئاچقۇ مەشرىپى

تويى بولغان قىز، يىگىتنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن، قىز قولدىشى ۋە ئۇنىڭ ھامىيلىرى ھەم يىگىت تەرەپنىڭ نەچچە ئون مېھمانلىرى بىر ئۆيگە جەم بولۇپ مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ، قىزنىڭ يۈزىنى تۇنجى قېتىم يىگىت تەرەپ ئالدىدا ئاچىدۇ. ئاندىن كېيىن قىز ۋە يىگىتمۇ مېھمانلار بىلەن بىللە مەشرەپتە ئۇسسۇل ئوينايدۇ. بۇنداق مەشرەپلەرنىڭ ۋاقتى ئانچە ئۇزۇن بولمايدۇ. بۇ مەشرەپنى خەلق «يۈز ئاچقۇ مەشرىپى» دەپ ئاتايدۇ.

### 11 . قوغۇن مەشرىپى

كۈز پەسلى ھەر خىل مېۋىلەر پىشىپ، ھەممە يەردە مەمۇرچىلىق بولغان كۈنلەردە، دېھقانلار مەھەللە بويىچە كاتتا باغ ياكى كەڭ ھويلىلارغا يىغىلىپ، قوغۇن ۋە باشقا مېۋىلەر بىلەن مېھمان بولۇشقاندىن كېيىن، يەنە نەغمە - ناۋا قىلىشىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ، ئۆزئارا كۆڭۈل ئېچىشىدۇ. بۇ مەشرەپ كۇچا يېزىلىرىدا «قوغۇن مەشرىپى»

لىنىۋاتقان بىر خىل مەشرەپ بولۇپ، ئۇ ئەتىياز، ياز ۋە قىش
پەسىللىرى دېھقانلار تېرىش- يىغىش مەۋسۇملىرىدا ئېتىز-
ئېرىق ۋە ئىش مەيدانلىرىدا ھاردۇق يەتكەن ھامان چوڭراق
ھويلا-ئارام ياكى بىرەر باغقا جەم بولۇپ راسا قانغۇچە، ھار-
دۇقلىرى چىققۇچە شاد- خۇراملىق ئىچىدە مەشرەپ ئويناپ
تارقىشىدۇ. بۇ مەشرەپتە ئالاھىدە رەسمىيەتلەر كۆپ بولمى-
غىنى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى «سوقا مەشرەپ» دەپ ئاتايدۇ.

## 8. نورۇز مەشرىپى

نورۇز—مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرام كۈنى بولۇپ،
ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا مول مەز-
مۇنلۇق خەلق سەنئىتى ۋە ئاممىۋى تەنتەربىيە ھەرىكىتى بىلەن
بېيىپ كەلمەكتە. ئۇ، قىش ئۇزاپ، باھار باشلىنىپ، كىشىلەر
يېڭى بىر يىلنى كۈتۈۋالىدىغان، ھەممە جايدا ئەتىيازلىق
تېرىلغۇغا ئالدىراش تەييارلىنىۋاتقان خاسىيەتلىك كۈنلەر-
دە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

نورۇز بايرىمى كۈنى مەيلى كۇچادا بولمىسۇن ياكى
تەگرىتېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي، تەكلىماكاننىڭ قايسى-
بىر چېتىدە بولمىسۇن، كاتتا سورۇن تۈزۈلۈپ، كىشىلەر يېڭى
باھارنى كۈتۈۋېلىشىدۇ. دار ئويۇنى، مەشرەپ قاتارلىق كۆپ
خىل ئەنئەنىۋى ئويۇنلار بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلىدۇ.
كۇچار يېزىلىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ خىل مەشرەپ «نورۇز
مەشرىپى» دەپ ئاتىلىپ بۈگۈنگىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

## 9. توي مەشرىپى

مېھماندوست ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا، ئەۋلادمۇ ئەۋ-
لاد داۋاملىشىپ كەلگەن توي ئۆتكۈزۈش ئادىتى ناھايىتى
ئۇرغۇن قائىدە- يوسۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. «توي مەشرى-
پى» ئەنە شۇ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىمىزنىڭ بىرسى بولۇپ،

# كۇچا ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرى

قەدىمدىن «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» دېگەن پەخىرلىك نام بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان كۇچا دىيارى، بۈگۈنكى ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ئەڭ بۇرۇن شەكىللەنگەن ئانا ماكانىدۇر.

كۇچا خەلق ناخشىلىرى، ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن، ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكا سەنئىتى تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

كۇچا خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرى، خەلق قوشاقلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ مېھنەتكەش، سەنئەتخۇمار ئەجدادلىرىمىزنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئەقىل-ئىدراكىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ھېسسىياتلىق تۇيغۇ بىلەن ئىپادىلىنىشىدۇر. بۇ ناخشىلار تېما جەھەتتىن كەڭ، تېكىستلىرى مول مەزمۇنلۇق بولۇپ، ئۇنىڭغا خەلقنىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرىتى، گۈزەل ئارزۇ ئىستەكلىرى چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن.

كۇچا خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭلىرى جۇشقۇن ھەم لىرىكىلىق بولۇپ، ئۇنى بارلىق ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن لەرزان ھەم ئوبرازلىق ئورۇنلىغىلى بولىدۇ.

كۇچا ناخشىلىرى خېلى بۇرۇنلا يۈرۈشلىشىپ، بىر سىستېمىغا كىرگەن مۇكەممەل ناخشىلاردۇر. ئۇ، كۇچادىكى ماھىر خەلق سەنئەتكارلىرىدىن مەرھۇم نىساخان ئاچىنىڭ بىر ئۆمۈر جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق بۈگۈنكى سەنئەت بېغىمىزنى تېخىمۇ مول مەزمۇنغا ھەم رەڭدار شەكىلگە ئىگە قىلدى.

بىز خەلقىمىزنىڭ بۇ قىممەتلىك سەنئەت بايلىقى مىراسىنى قوغداش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش نىيىتىدە ئۇزاق يىل ئىزدىنىش ۋە قېزىپ توپلاش ئارقىلىق كىتابخانلارنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇق.

**— تەھرىردىن.**

دېگەن نام بىلەن ئومۇملاشقان.

## 12 . ھېيت مەشرىپى

كۈچا يېزىلىرىدا ھەر يىلى روزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنلىرى، ھېيت نامىزىدىن كېيىن قېرى - ياش، ئەر ئاياللار ئايەملىك كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىشىپ، ھېيتنى قۇتلۇقلايدۇ ۋە مەشرەپ ئوينايدۇ، بۇ مەشرەپلەرنىڭ ۋاقتى ئانچە ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ ھەمدە بارتۇقچە كۆپ قائىدە- يوسۇنلارمۇ تەكىتلەنمەيدۇ. بۇ، ھېيت مەشرىپى دەپ ئاتىلىدۇ.

تەييارلىغۇچى: نىياز مەخمۇت

ياردىن تەلىيىم بولسا،
ئۆلسەم ئارمىنىم يوقتۇر.

ئاقتۇر بىلىكىم ئاقتۇر،
بىرىپ رەمچىگە رەم باقتۇر.
رەمچى ئېيتىدۇ يالغان،
دەردىڭگە داۋا يوقتۇر.

## بارسىلا بىلله بارايلى

بارسىلا بىلله بارايلى،
ئايرىلىپ قالغان يامان.
ئايرىلغانغا كىم ئۆلۈپتۇ،
يولدا يالغۇزلۇق يامان.

مەن بۇ يەرگە كەلمەس ئىدىم،
يار كەلتۈردى مېنى.
ئۇتقا سالسا كۆيمەس ئىدىم،
يار كۆيدۈردى مېنى.
قايتۇرما:
ئۇتۇڭ يامان، هەي دادەي، دەردىڭ يامان،
كۆيدۈرۈشۈڭ ئاندىن يامان.

## كەلمىشىم

شۇندىن - شۇنغا كەلمىشىم،
سەن يار ئۈچۈندۇر.
جەۋرۇ جاپا چەكمىشىم،
دىدار ئۈچۈندۇر.

## بىز ئويناپلى خۇش

قىزىلگۈللەر ئېچىلىپتۇ،
باغچا ئىچىدە.
قاراقاش يارىم ئولتۇرۇپتۇ،
ھوجرا ئىچىدە.

كۆلمىسەڭمۇ كۈلدۈرىمەن،
ئىنقىلاپ بىلىپ.
سۆزلىمىسەڭمۇ سۆزلەتتۇرىمەن،
قوشاقلار قېتىپ.

ئېگىز ئاسماندىن چۈشۈپتۇ،
مۈشتەك ئالا تاش.
كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىدۇ،
زالىم قارا قاش.

ھەر يان چىمەنگۈل يارەي،
ئاچىلدى گۈللەر.
باغلار ئازادە يارەي،
خۇشال بۇلبۇللار.

## ئاقتۇر بىلىكىم ئاقتۇر

ئاقتۇر بىلىكىم ئاقتۇر،
ياردىن تەلىيىم يوقتۇر.

قايتۇرما:

ئۇتتۇڭ يامان، دەردىڭ يامان،
كۆيدۈرۈشۈڭ ئاندىن يامان.

## ئاللا يارىم

ئاللا يارىم، خىيالىڭنى،
بىلىپ بولمايدۇ.
سەن يۈرگەن كوچىلاردا،
يۈرۈپ بولمايدۇ.

ئاللا يارىم، ئۆگزىسىگە،
كىشمىش يېيىشۋېپتۇ،
سىنىڭ بىلەن يۈرگىنىمنى،
دۈشمەن بىلىشۋېپتۇ.

ئاللا يارىم، باشىڭدىكى،
مەنچىستىر بۆكمۇ؟
ئەۋۋىلىدە ئوينىشۋالدۇق،
ئەمدى يول يوقمۇ؟

ئاللا يارىم، بۇ دەردنى،
مەنلا تارتايمۇ؟
ئوتتىڭىزدا كۆيۈپ - پىشىپ،
مۇزدا ياتايمۇ؟

## كارىز ناخشىسى①

ئالتە شەھەرگە داڭ كەتتى،
بۇ يىل كارىزنىڭ سەيلىسى.

① ئەينى يىللاردىكى كۆچا ۋاڭلىرى خەلققە زۇلۇم سېلىپ كارىز كولاتقان. بۇ ناخشا ئەنە شۇ يىللاردىكى زۇلۇم ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەتتۇر.

چىمەنلىكتە يەتمىگۈنچە،
سايرايدۇ بۇلبۇل.
بۇ مېنىڭ سايراشلىرىم،
سەن يار ئۈچۈندۇر.

## كۆيمەمدۇ كىشى

كۈلمەمدۇ كىشى، ئۆلمەمدۇ كىشى،
كۆيگەن يارنى سۆيمەمدۇ كىشى.
كۆيكەن يارنى بىر سۆيسە كىشى،
ئەقلى - ھوشىدىن كەتمەمدۇ كىشى.

ھاۋادىكى بىر قۇشمەن،
يار دەردىدە بىھوشمەن.
ئەقلىڭ بولسا بىل يارىم،
ئالتۇن بىلەن كۈمۈشمەن.

## غەم قىلما يىڭىدىمەن

ئالتۇن قەپىزىم بولسا،
بۇلبۇلنى باقاي دەيمەن.
كۆڭلۈمدىكى يارىمنى،
باغرىمغا ياقاي دەيمەن.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
باغدىكى تېرەكلەرگە.
يار ئوتى ياماان ئىكەن،
ئوت كەتتى يۈرەكلەرگە.

كارىزدا ئۆلۈپ كەتتى،
زۇڭگەن غوجام رەھمەتلىك.

قايتۇرما:

ئالتۇن بالىخان مادارىم يوق،
سىنىڭدىن باشقا يارىم يوق.

## سۇلتان بۇغراخان

بىر سەر ئالتۇن ئون مىسقال،
بىر پۇڭ كىمسپ كەتكەن يوق.

قايتۇرما:

سۇلتان بۇغراخان،
ئون سەككىزمىڭ ئالەمدە،
مۇرادىغا يەتكەن يوق.

يارىدىن ئايرىلغىلى،
كىمنىڭ خىيالى بار ئىدى.
ئايرىۋەتتى ئول خۇدا،
نە گۇناھىم بار ئىدى.

ئىتىكىمگە سۇ تولدى،
سۇ ئەمەس، ياشىم مىنىڭ.
دوست ـ دۈشمەن ئاراسىدا،
پاتمىغان باشىم مىنىڭ.

يامغۇر ياغىدۇ تاشقا،
دەردلەر كىلىدۇ باشقا.
ئۆلۈمنىڭ نۆۋىتى كەلسە،
باقمايدۇ قىرى ـ ياشقا.

بىر تەرەپتە نەغمىسى بار،
ياش بالىلارنىڭ غەلۋىسى.

زۇڭگەن① غوجام ئۆي سالپتۇ،
تۆت بۇرجىكىگە گۈل قويۇپ.
بىر بۇرجىكى قالغاندا،
ئاخىرەتكە يول قويۇپ.
قايتۇرما:
ئالتۇن بالىخان مادارىم يوق،
سىنىڭدىن باشقا يارىم يوق.

زۇڭگەن غوجام ۋارقىراپ،
كارىزغا چىقتى ئالدىراپ.
زۇڭگەن غوجامنى دەي ـ دەيگە سالغان،
سەلەي بىلەن ماموۇت مىراپ.

كارىز يولى ئوي لەگزە،
چۆرىسى قوموۇش لەگزە.
زۇڭگەن غوجامنى يوقاتقان،
بەش جىڭ هاراق خوخەنزە.

زۇڭگەن غوجامنىڭ ئاتلىرى،
قارا ياغاچقا باغلاقلىق.
زۇڭگەن غوجامنىڭ دەۋايى،
قىيامەتكە قاراقلىق.

كارىز يولى هەيۋەتلىك،
ئىچكەن سۈيى شەربەتلىك.

① ئوردا ئەمەلدارلىرى.

ئالسۇن ماباڭنى،
سالسۇن پاچاقنى.
قايتۇرما:
ۋاي شېرىنجان...

يارىم ئويناپدۇ،
ياۋاغ داۋزىسىدا.
كۆرگىلى بولمايدىكەن،
شاخىنىڭ دالدىسىدا.

ئالمىنىڭ ئاقى،
بادامنىڭ شاخى.
مىڭ تىللاغا ئەرزىيدۇ،
لەۋەنىنىڭ نازى.

## يار مىرادىغا يەتتى

ئۇيانمۇ تاغ، بۇيانمۇ تاغ،
باغراشنىڭ تاغى.
قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
يارىمنىڭ باغى.

يارىم نەگە كەتتى،
شەن يامۇلغا كەتتى.
بېرىۋالسا كەلمەيدۇ، دادەي،
يار مىرادىغا يەتتى.
قايتۇرما:
باردى دەيدۇ، ياندى دەيدۇ،
مەيلىم ئۆزۈمنىڭ.

ئۆي تۈگمەنگە نو قويدۇم،
دۆڭ تۈگمەنگە كۆلدۈرمە.
دەردىڭنى قورساقتا بىل،
دۈشمىنىڭگە بىلدۈرمە.

چىلگە سارغىيىپ قاپتۇ،
كېۋەزلىكتە پىلەكتە.
سەن سورىما مەن ئېيتماي،
دەردىم تولا يۈرەكتە.

## بالىخان دادەي

بالىخان دادەي ئۆيۈك نەدە؟
شايارنىكى لەڭگەردە.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسىز،
چارشەنبە سەھەرلەردە.

تېرەكسىز هويلىغا كىرسەم،
بېشىمدىن ئاپتىپىڭ ئۆتتى.
بويۇڭدىن ئۆرگىلەي يارىم،
سېنىڭ قەدرىڭ ماڭا يەتتى.

بۇلبۇل سايراپ ئۆتەرمۇ؟
يار ناخشا ئېيتىپ كېلەرمۇ؟
ئىككى ياخشى بىر بولۇپ،
مۇرادىغا يېتەرمۇ؟

## ئاشنام بۇدۇڭتەي

ئاشنام بۇدۇڭتەي،
چىقسۇن چىنارغا.

ئېگىز تاغقا چىقماڭ يارىم،
سىرىلدى دەيدۇ.
تال چىۋىقنى ئەگمەڭ يارىم،
كۆرۈشتى دەيدۇ.

ئېگىز تاغقا چىققان بىلەن،
كۆرۈشەلەمدۇ.
تال چىۋىقنى ئەگكەن بىلەن،
سۆيۈشەلەمدۇ.

## ئەل ئامان

ئارىدا تاغ بولمىسا،
يارنى كۆرەتتىم پاتمۇ پات.
يۈرىكىمگە قان تولۇپتۇ،
لەيلى گۈلدەك قاتمۇ قات.

گۈل ـ گۈلىستان بولغۇدەك.
ئالەم گۈلىستان بولغۇدەك.
ياخشىلار بىر جايدا بولسا،
چۆللەرمۇ بوستان بولغۇدەك.

قايتۇرما:

ئەل ئامان دوستلار ئامان،
كۆيدۈرۈشۈڭ ئاندىن يامان.

## ئاھ ئۇرارمەن

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم تۇتقاي سىنى.

ئۇرغان بىلەن سەكسەن قامچا،
يارىم ئۆزۈمنىڭ.

## ئايدەك جامالىڭ

شۇندىن شۇنغا كەلمىشىم،
سەن يار ئۈچۈندۇر.
جەۋرى - جاپا چەكمىشىم،
سەن يار ئۈچۈندۇر.

قەلەمدەك قاشلىرىڭ،
ئايدەك جامالىڭ.
مېنى ئوتلارغا سېلىپ،
نەدۇر خىيالىڭ.
قايتۇرما:
چىمەنلىگە يەتمىگىچە،
سايرايدۇ بۇلبۇل.
بۇ مېنىڭ سايراشلىرىم،
سەن يار ئۈچۈندۇر.

باغىڭدىكى گۈللەرگە،
بۇلبۇل قونسا سايرايدۇ.
ساڭا كۆيگەن ئوتلاردا،
ساماۋەر قويسا قاينايدۇ.

ئېگىز - ئېگىز تاغ باشىدا،
چىراغ كۆيەدۇر.
چىراغ ئەمەس يارىڭ ئوتى،
يۈرەك كۆيەدۇر.

يۆرىكىمگە ئوت تۇتاشتى،
يار ئۇنى بىلدىمىكىن؟

ئاپتاپتەك ئاي يۈزۈڭگە،
قىپقىزىل خالىڭ بولاي.
ئەۋرىشىمدەك بويلىرىڭغا،
شايى رومالىڭ بولاي.

قايتۇرما:

ھەر جايدا سىنى دەيمەن،
كېلىڭا يارىم بىرگە بولايلى.

## سالامەت قىلسا ئويناىمەن

بارارغا يوللىرىڭ بولسۇن،
ياناغا ھەمراھىڭ بولسۇن.
سىنىڭدەك نازىنىن يارغا،
مېنىڭدەك قۇللىرىڭ بولسۇن.

قايتۇرما:

سالامەت قىلسا ئويناىمەن.

مىڭدىن بىرىنى ئېيتسام،
تۈگىمەيدۇ مېنىڭ دەردىم.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
ئۈزۈلمەيدۇ كۆڭۈل رىشتىم.

قايتۇرما:

ئاق لەيلى، قىزىل لەيلى،
يارىڭ بارمىدۇر مەيلى.
بولسا ـ بولمىسا مەيلى،
يارىڭ ئۆزىڭ مەيلى.

كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بىلىنقلىرىم يۇتقاي سېنى.

قايتۇرما:

رەھىم قىلساڭ ئۆتتىن ئالغىن،
كۆيمىسۇن جانىم مېنىڭ.

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم ئالەمچە بار.
بىۋاپا يار دەردىدە،
كۆز يېشىم دەرياچە بار،

## جورا بولىلى قاچماڭ

يارىمسەن، نىگارىمسەن،
بوينۇمدا تۇمارىمسەن.
قاراڭغۇ كېچىلەردە،
ياندۇرغان چىراغىمسەن.

قېشىڭ دەيمۇ، كۆزۈڭ دەيمۇ،
سىياقىڭ قىلدى ۋەيرانە.
جاھاننى ئىزدىسەم يوقتۇر،
سېنىڭدەك ياخشى مەردانە.

قايتۇرما:

ئانارلىق باغقا گۈل چاچماڭ،
جورا بولىلى قاچماڭ.

## ھەر جايدا سېنى دەيمەن

مەن يىراقتىن يارنى كۆردۈم،
يار مېنى كۆردىمىكىن؟

يارىم قىلغان ئاداۋەت،
يۈرىكىمگە داغ بولدى.
قايتۇرما:
ئايرىۋەتسە دوست ئاداۋىتى يوق،
كۆڭۈلنى ئالسا خاپىلىقى يوق.

## ئالتۇن ئىكەن يارلار

سېنىڭ دەردىڭدە ئاۋارى،
قويمايدۇ كۆڭۈل كارى.
ئۆزۈڭ بىلىسەن يارىم،
دەردلەرگە نىمە چارى.

قىمىرلايدىكەن يارلار،
چىمىرلايدىكەن يارلار.
مەيگە چىقسا ئەزايى،
ئالتۇن ئىكەن لىۋەن يارلار.

مېنىڭ بۇ خەستە كۆڭلۈمنى،
چىرايلىق مەشۇقۇم ئالدى.
راست گېپىڭنى ئېيت يارىم،
جان كىچىككىنە قالدى.

مېنىڭ دەردىمنى سەن تارتقان،
سېنىڭ دەردىڭنى مەن تارتقان.
كېچىلەر تالى مەجنۇندەك،
بىللە چىرمىشىپ ياتقان.

## ئۆرگۈلدى پەلەك

كۈچانى چۆل دەيدۇ،
چۆل ئەمەسكەن ئاۋاتكەن.
بىزنىڭ يارنى قەنتدەيدۇ،
قەنتتىن ئارتۇق ناۋاتكەن.

ئۆرگۈلدى پەلەك،
چۆرگۈلدى پەلەك.
يارنىڭ ئىشقىدا،
كۆيدۇ يۈرەك.

ئۆرگۈلدى پەلەك،
چۆرگۈلدى پەلەك.
يارىم يوق مېنىڭ،
سېنىڭدىن بۆلەك.

## ئايرىۋەتسە ئاداۋىتى يوق

بولمايمەنا بولمايمەن،
سېنىڭ بىلەن بولمايمەن.
سېنىڭ بىلەن يۈرگىنچە،
تەنها يۈرۈپ ئۆينايمەن.

قايتۇرما:

ئايرىۋەتسە دوست ئاداۋىتى يوق
كۆڭۈلنى ئالسا خاپىلىقى يوق.

كۆچەت تىكتىم باغ بولدى،
بىر قاراڭغۇ باغ بولدى.

سىڭدىن بىرىنى ئېيتسام،
تۆگىمەيدۇ مېنىڭ دەردىم.
ۋاي دەردىم، تۆگىمەيدۇ ۋاي ئېيتسام.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
ئۈزۈلمەيدۇ كۆڭۈل رىشتىم.

## ئاسمىنىڭدا ئاي بارمۇ؟

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل،
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

ئېگىز ئاسماندا تۈۋرۈك يوق،
ئاقار دەريادا كۆۋرۈك يوق.
جىمى ئالەم گۇۋاھ بولسۇن،
سېنىڭدىن باشقا يارىم يوق.

قايتۇرما:

ئاسمىنىڭدا ئاي بارمۇ؟
باغلىرىڭدا جاي؟
قىزىلگۈلدەك بويلىرىڭدىن،
جان ئايلىناي.

## بىرگە بولايلى

يارىم بىلەن ئىككىمىز،
ئويناپ تاماشا قىلىمىز.

# مىراجىخان

ئۆزۈڭ مۇندا بارامسەن،
مېنى مۇندا يەنە قويامسەن.
مېنى مۇندا قويامسەن،
ئۆزۈم سالغان باغچامدا،
ئوينىغىلى يەنە قويامسەن،
ئا، بالام مىراجىخان.

ئارقىدا قىمار ئويناپ،
سەيپۇڭ قارىنى مەن ئۇتۇپ،
زەيتۇنىخانىنىڭ دەردىدە،
پارە ـ پارە يەنە قان يۇتۇپ،
ئا، بالام مىراجىخان.

سېرىق قوشقاچ بولۇپ سايراپ،
چىمەنىنىڭ يولىغا قاراپ.
قارا كۆزۈم بېسىر بولدى.
يولىغا قاراپ،
چىمەنىنىڭ يولىغا قاراپ.

قارا كۆزۈم بېسىر بولدى،
سېنىڭ يولۇڭغا مەن قاراپ،
جېنىم بالام مىراجىخان.

ھەج سۇلتاندا مىڭ ئەلەم،
خۇدانىڭ ئىلكىدە قەلەم،
يىغلىماڭلار خالايىقلار،
ماڭا كەلگەن دەرد ـ ئەلەم،
ۋاي بالام مىراجىخان.

غېرىب ئاۋارىدۇر كۆڭلۈم،
ئۆتەر يولۇم ماكان بولماس.
ئوتۇڭدا ئۆلۈپ كەتسەم،
خۇنۇم ئەلگە داۋا بولماس.

يار دەپ مەن ئادا بولدۇم،
غەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى،
ئاشىق بىقارار بولدۇم.

قايتۇرما:

ئۈچلىماڭ بىلەكىمنى،
كۆيدۈرمەڭ يۈرەكىمنى.

## دەرد - ئەلىمىڭ يامان

بارغۇچە باغ بىلەن باردىم،
يانغۇچە كوچاڭ بىلەن.
خۇشمۇ - خۇش بەتنام كۆتەردىم،
مېھرىبان سەن يار بىلەن.

كۆرگىلى كەلدىڭلىمۇ؟
كۆيدۈرگىلى كەلدىڭلىمۇ؟
كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتلىنى،
ياندۇرغىلى كەلدىڭلىمۇ؟

قايتۇرما:

دەردىڭ يامان، ۋاي ئەلىمىڭ يامان،
كۆيدۈرۈشۈڭ ئاندىن يامان.

باغ ئىچىنى ئايلىنىپ
كۆڭلىمىزنى ئاچىمىز،

قايتۇرما:

ئۆرگىلەي بىرگە بولايلى،
چۆرگىلەي ھەمراھ بولايلى.

سايراڭ بۇلبۇلۇم سايراڭ،
چىنارنىڭ شاخلىرى سۇنسۇن.
يار ئايرىلمەن دەيدۇ،
ئايرىلىپ كۆڭلى تىنسۇن.

## باغ ئىچىدە بىر گۈل بار

باغ ئىچىدە بىر گۈل بار،
گۈل شېخىدا بۇلبۇل بار.
ئازادلىقنىڭ يوللىرىغا،
بىزدە بۈيۈك مەقسەت بار.

گۈل ئېچىلدى شىنجاڭدا،
تىكەنلەر ئۈنەلمەيدۇ.
بىرلىك ئىتتىپاقىمىزنى،
دۈشمەنلەر بۇزالمايدۇ.

## يۈرىكىم چاك - چاك بولدى

يۈرىكىم چاك - چاك بولدى،
لېۋىڭدىن سۇ ئىچەي يارىم.
كېتەر يولۇڭغا باش قويۇپ،
ئەجەل يەتسە ئۆلەي يارىم.

قايتۇرما:
ئانارلىق باغقا گۈل ساچتى،
بەخت بىزگە قۇچاق ئاچتى.
ئۇنىڭ دەردى بار باللا،
زامان بىزگە قۇچاق ئاچتى.

## جان بالىخان

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ،
ئاي يۈزۈڭگە قەلەم قاش.
دەردىڭنى تولا تارتتىم،
رەھىم قىلغىن قەلەم قاش.
قايتۇرما:
ئۇنىڭ چىكەڭدە جۇڭخۇا گۈل،
قارىمايسەن جان بالىخان.

ئەجەبمۇ كەلمىدىڭ يارىم،
يولۇڭغا بارغىدەك بولدۇم.
قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ،
يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم.
قايتۇرما:
ئۇنىڭ چىكەڭدە جۇڭخۇا گۈل،
قارىمايسەن جان بالىخان.

## بارغىچە باغ بىلەن باردىم

بارغۇچە باغ بىلەن باردىم،
يانغۇچە كوچاڭ بىلەن.

## تۇمۇچۇقۇم سايرايدۇ

تۇمۇچۇقۇم سايرايدۇ،
يارىم ئۇيىنىغان باغدا.
تامامى جانىم كۆيەدۇر،
سېنى ياد ئەيلىگەن چاغدا.

بۇلبۇل سايراپ ئۆتەرمۇ؟
يار ناخشا ئېيتىپ ئۆتەرمۇ؟
ئىككى ياخشى بىر بولۇپ،
مىرادىغا يېتەرمۇ؟

باغقا كىردىم شوراڭدىن،
تامايىم يوق غوراڭدىن.
قادىر ئاللا خۇدايىم،
ئايرىۋەتتى جورامدىن.

كەتمەكنى خىيال ئەيلەپ،
باغچا بىلەن يول ئالدىم.
مەشرەپنى تولا ئويناپ،
يار كۆڭلىگە ئوت سالدىم.

## ئويناڭ دەردى بار باللا

قېشىڭ دەيمۇ، كۆزۈڭ دەيمۇ،
سىياقىڭ قىلدى ۋەيرانە.
جاھاننى ئىزدىسەم يوقتۇر،
سېنىڭدەك ياخشى مەردانە.

ئەزىز جانىم سادىغاڭ كەتسۇن،
يىغىرمە ئالتە ياشىمدا.

بىللە قاتار ئوينىشايلى،
ھېچبىر ئارمان قالمىسۇن.
كىمنىڭ مەيلى كىمگە بولسا،
قايلاپ بېرىپ ئويناسۇن.
قايتۇرما:
ئوينايلى يار كۈلەيلى،
كۆڭۈلدە ئارمان قالمىسۇن.

## شەلىرىك ئامان

### 1 - ئاھاڭ

ئاۋاتى يەي، ئاۋاتى،
بەشكېرەمنىڭ ناۋاتى.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن، شەلىرىك ئامان،
لەۋەن يار خاراۋاتى.
قايتۇرما:
ئاللا - ئاللا لەيلىگلار،
ئوينىمىساڭلار مەيلىگلار.
بۇلبۇل سايراپ ئۆتەرمۇ،
يار ناخشا ئېيتىپ ئۆتەرمۇ؟
ئىككى ياخشى بىر بولۇپ، شەلىرىك ئامان،
مىرادىغا يېتەرمۇ؟
بۇغداي باغلىغان باغلىق،
يۈرەكنى داغلىغان ياغلىق.

قاتمۇ ـ قات بەتنام كۆتەردىم،
مېھرىبان سەن يار بىلەن.

باغ گۈلى، باغنىڭ گۈلى،
كۆيدۈردۇ يارنىڭ ئوتى.
مەيلىغۇ كۆيدۈرسىمۇ،
شۇ مېھرىبان يارنىڭ ئوتى.
قايتۇرما:
دەردىڭ يامان، ئەلىمىڭ يامان
كۆيدۈرۈشۈڭ ئاندىن يامان.

## ئاپتاپتەك ئاي يۈزۈڭگە

ئاپتاپتەك ئاي يۈزۈڭگە،
قىپ ـ قىزىل خالىڭ بولاي.
تال چىۋىقتەك بويلىرىڭغا،
شايى رومالىڭ بولاي.

مەن يىراقتىن يارنى كۆردۈم
يار مېنى كۆردىمىكىن؟
يۈرىكىمگە ئوت تۇتاشتى،
يار شۇنى بىلدىمىكىن.
قايتۇرما:
ئەگەكچى مېنىڭ يارىم،
كېلىڭلار دوستلار ئوينايلى.

## ئالتۇن تەقىر باشىمدا

ئالتۇن، تەقىر باشىمدا،
خۇما كۆز يار قاشىمدا.

مەن قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
يارىمنىڭ باغى.

بۆگۈنمىكىن، ئەتىمىكىن،
يارىم كەتكۈدەك.
ئالتە ئاي يازدىن ئوينىغانىم،
بىكار كەتكۈدەك.

قايتۇرما:

يارىم نەگە كەتتى؟
شايارغا كەتتى.
بېرىۋالسا كەلمەيدۇ،
بۇ يۈرەككە ئوت كەتتى.

## بارارغا يوللىرىڭ بولسۇن

بارارغا يوللىرىڭ بولسۇن،
قىزىلگۈل ھەمراھىڭ بولسۇن،
سېنىڭدەك نازىنىن يارغا،
مېنىڭدەك قۇللىرىڭ بولسۇن.

قايتۇرما:

ئوڭ چېكىڭىزدە جۇڭخۇا گۈل،
قارىمايسىز جان بالىخان.

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ،
ئاي يۈزۈڭگە قەلەم قاش،
دەردىڭنى تولا تارتتىم،
رەھمە قىلغىن باغرى تاش.

قىلىقىڭنى دېمىسەم، شەلىرىڭ ئامان،
چىرايلىقلىقىڭ چاغلىق.

## بۇلبۇلىجان

يار دەپ مەن ئادا بولدۇم،
غەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى،
ئاشىق بىقارار بولدۇم.

بۇلبۇلىجان، بۇلبۇلىجان،
سايراپ ئۆتىسىز.
باغرىمغا يېقىپ ئىشقى ئوتىنى،
بىر چىرايلىق قاراپ ئۆتىسىز.

گۈل ئىكەنۇ گۈل ئىكەن،
رەنا، رەيھان گۈل ئىكەن.
قامىتى گۈلدىن گۈزەل،
ئۆزى شوخ بۇلبۇل ئىكەن.

كوچانى چۆل دەيدۇ،
چۆل ئەمەسكەن ئاۋاتكەن.
بىزنىڭ يارنى قەنت دەيدۇ،
قەنتتىن ئارتۇق ناۋاتكەن.

## يارىم نەگە كەتتى

ئۇيانمۇ تاغ، بۇيانمۇ تاغ،
ئىلىنىڭ تاغى.

ئۆزۈم ئويلاپ ئوينايمەن،
مەن سەندىن ئايرىلمايمەن.
قىلغان ۋەدىمىز ۋەدە،
ئىرادەمدىن قايتمايمەن.

## سايراڭ بۇلبۇلۇم سايراڭ

سايراڭ بۇلبۇلۇم سايراڭ،
چىنارىمنىڭ شاخلىرى سۇنسۇن.
يار ئايرىلىمەن دەيدۇ،
ئايرىلىپ كۆڭلى تىنسۇن.

قايتۇرما:

ئا، بىرگە بارايلى،
ئا، بىرگە ئىشلەيلى.

يارىم بىلەن ئىككىمىز،
ئويناپ تاماشا قىلىمىز.
باغچىلارنى ئارىلاپ،
كۆڭلىمىزنى ئاچىمىز.

## ئانارگۈل

ئىشىك ئالدى ئانارگۈل،
ئانارگۈلنى پۇراملا.
كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ،
گۆھەرنى تاشقا ئۇراملا.

## بۇلبۇل كېلىپ نەگە قونار

مەن بېلىمنى باغلىدىم،
قىل بىلەن ھەم سىم بىلەن.
سەن ئەقىدە باغلىساڭ،
ئۆمرۈم ئۆتەر سەن بىلەن.

بۇ چىنار ئېگىز چىنار،
چىقماي تۇرۇپ شاخى سۇنار.
شاخلىرى سۇنسا ئەگەر،
بۇلبۇل كېلىپ نەگە قونار؟

## چىرايلىق

قاراپ ئولتۇرسام، يارىم،
چىرايلىقتىن چىرايلىقسەن.
مەن كۆيگەن بۇ ئوتلارغا،
سەن كۆيۈپ چىدالامسەن؟

قايتۇرما:

دادەي چىرايلىق.

ئاق ئالما قىزارغاندەك،
قىزىل يۈزلۈكۈم يارىم.
ناۋات بىلەن يۇغارغاندەك،
شېرىن سۆزلۈكۈم يارىم.

باغىڭغا كىرەر بولساڭ،
قولۇڭغا پەنەر ئالغىن.
شەرىڭگە مۇساپىرمەن،
ھالىمدىن خەۋەر ئالغىن.

قايتۇرما:

ئاھ دەيمەن خۇدايىمغا،
يەتكۈزگەي مۇرادىمغا.

## تېرەك بوستان

تېرەك بوستان، تېرەك بوستان،
تېرەك بوستانغا مەن ھەيران.
سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئارام تاپتى،
مېنىڭ كۆڭلۈم تېخى ۋەيران.

ئاياغىمنىڭ مادارى يوق،
ئەل بىلەن ماڭالمايمەن.
ئۆزۈمنىڭ تەلىيى شۇنداق،
مەن كىمدىن يامانلايمەن.

ئات مىنسەممۇ ئوينايمەن،
مىنمىسەممۇ ئوينايمەن.
زامانىمىز كەڭ تاشا،
ئەركىن - ئازاد ئوينايمەن.
قايتۇرما:
ھەشقىپىچەك باغدا رەيھان،
شېخىدىن ئايرىلمىسۇن.
قىز بالا ئاجىز نىمە،
ئانىسىدىن ئايرىلمىسۇن.

ئىشىك ئالدى تال تېرەك،
نو بولامدۇ، بولمامدۇ.
باغرى قاتتىق تاش يۈرەك،
يار بولامدۇ بولمامدۇ.
قايتۇرما:
بىر قاراپ خىنىم بولىلا،
ئىككى قاراپ جاننى ئالىلا.

## يۈمىلاق

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى شورلۇق،
پۈتۈڭ ئاغرىمدىكىن يارىم؟
دەردىڭدە ئۆلۈپ كەتسەم،
ئىچىڭ ئاغرىمدىكىن يارىم؟

ئاسمىنىڭدا ئاي بولۇپ،
جىمى ئالەمنى تەڭ كۆرسەم.
پىيالەڭدە چاي بولۇپ،
لەۋلىرىڭنى كۆيدۈرسەم.
قايتۇرما:
يۈمىلاق ئا يۈمىلاق سەن يۈمىلاق،
سەن چىرايلىق مەن ئامراق.

## لېۋەن يارلار

ئۇششاق باللار دۈنيايدۇ،
تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ.
مۇساپىر باللار يىغلايدۇ،
ئۆز يۇرتىنى ياد ئېتىپ.

## جامالىڭغا ئېشەنمە

ئالمىنى ئاتتىم ئاتكەنگە،
سىم كارۋاتتا ياتقانگە.
دەردىڭ بولسا ئېيت يارىم،
سېنىڭ يانىڭدا ياتكەنگە.

ئات، كالا قىشلاق سايىسىدا،
مالچى باللار ياتادۇر.
تاۋار بەرقۇت ئۇستىدە،
كۆرۈشكەن يارلار ياتادۇر.
قايتۇرما:
جامالىڭغا ئېشەنمە،
جوراڭ خاپا بولادۇر.

## دادەي

سېنىڭ جانىڭ، مېنىڭ جانىم،
بىر جان ئەمەسمۇ.
سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جانىم،
قۇربان ئەمەسمۇ.

سېنى دېدىم، سېنى دېدىم،
كەچتىم بۇ جاندىن.
يۈرەك باغرىم پارە - پارە،
كۆز يېشىم ئاندىن.

ئۇ مەھەللەڭدىن، بۇ مەھەللەڭگە،
دۇنياي دەپ كەلدىم.

## باغ قاراڭغۇلاشقاندا

ناخشا ئېيتىمەن كۆندە،
ئۇنۇمدىن تونارسەنمۇ؟
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
قەدرىمنى بىلەرسەنمۇ.

دۇتار چالسام ئۇينايلا،
ئالتە داچەن سۇنمايلا.
بىر سۆيگەنگە ئۆلمەيلا،
ئاغرىق - سىلاق كۆرمەيلا.
قايتۇرما:
كەلسىلە، بارسىلا ئۇينايلى،
لەۋەن يارنى تاپقاندا.

يار بېغىدا ئېچىلغان،
ئانار گۈلنىڭ نارىمەن.
ھەر تەرەپكە يول سالغان،
بىۋاپانىڭ يارىمەن.

ئېتى يانىمغا سىغمايدۇ،
ياداچىندىن ئۆزگەسى.
خىيالىمدىن كەتمەيدۇ،
لەۋەن ياردىن ئۆزگەسى.
قايتۇرما:
كېلىڭ يارىم ئۇينايلى،
باغ قاراڭغۇلاشقاندا.

يار بىغىدا ئۈنچىلغان،
ئانارگۈلنىڭ نارىمەن.
ئاشۇ گۈزەل يارىمنىڭ،
كۆڭلىدىكى يارىمەن.

## ئاشناجان

قارا ـ قارا قاشلارىڭ،
يەلپۈنىدۇ چاچلارىڭ.
ساڭا نىمە دەرد كەلدى؟ ئاشناجان،
تۆكۈلەردۇ ياشلارىڭ.

قارا سايىنىڭ تاشلارى،
سەتەڭ يارىمنىڭ قاشلارى.
يار يادىمغا يەتكەندە، ئاشناجان،
قۇرۇمايدۇ ياشلارى.

## لەۋلىرىجان

بىر كۆرۈپ ھەسرەتتە قالدىم،
ئول پەرى رۇخسارىنى.
نەچچە كۆرسەم دەپ تىلەيمەن،
كۆزلىرى خۇمارىنى.

يارىم كەتتىڭ مەھەللىگە،
ناخشا ئېيتىپ ئەل نەغمىگە،
كۆزىڭىزدىن ياش چىقارما،
ئەقلى يوق لامزەللىگە.

مەيلىڭ بارمۇ، مەيلىڭ يوقمۇ،
سىناي دەپ كەلدىم.
قايتۇرما:
دادەي، جانىم دادەي،
قۇربان ئەمەسمۇ.

## تاغقا چىقسىمەن ئەمدى

تاغقا چىقسىمەن ئەمدى،
قارىغاي كېسسىمەن ئەمدى.
كۆڭلۈڭگە ئېغىر ئالما جان بالىخان،
ئاشنا تۇتسىمەن ئەمدى.

سەن يارىم ئىشتىتىڭمۇ،
چايغا چىللىغانىمنى.
كۆڭلۈڭگە ئېغىر ئالما،
ئويناپ تىللىغانىمنى.

## ياخشىلارنىڭ يارىمەن

ئىلى يولى پوستانلىق،
باراقسانلىق گۈلباغلىق.
يارىم بەرگەن قولياغلىق،
يۈرىكىمدە ساقلاغلىق.

ياخشىلارنىڭ يارىمەن،
كۆڭلىدىكى بارىمەن.
قولغا ئېلىپ چالغاندا،
دۇتارنىڭ تارىمەن.

بار بويۇمغا ئوت تۇتاشتى،
يار شۇنى بىلدىمىكىن؟

يار دەپ مەن ئاۋارە بولدۇم،
غەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى،
ئاشىق بىقارار بولدۇم.

## سېنىڭمەن

سېنىڭمەنۇ سېنىڭمەن،
سېنىڭ بولماي كىمنىڭمەن؟
ئەزىزانە شەھەرلەردە،
چېكەڭگە قىسقان گۈلىڭمەن.

باغىڭغا كىرەر بولساڭ،
قولۇڭغا پەنەر ئالغىن.
بۇ شەھەرگە مۇساپىرمەن،
ھالىمدىن خەۋەر ئالغىن.

## شىنجاڭ ئازادە

ھەريان چىمەنگۈل ، ئايلىناي،
ۋاي ، ئاچىلدى ياشلار.
قاشىڭدا كارۋان ، ئۆرگىلىمەن،
نۇرلاندى چۆللەر.

بولدى بۇگۈن ، ئايلىناي،
شىنجاڭ ئازادە.

قايتارما:
لەۋلىرىجان ، لەۋلىرىڭىز،
خۇشال قىلدى.
باغرىمغا يېقىپ ئىشقى ئوتىنى،
دەرتلەردىن خالاس قىلدى؟

## مەن دېمىدىممۇ - دېمىدىممۇ

يارىم بىلەن ئىككىمىز،
بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان.
ئەسلى ۋەدىمىز شۇنداق،
ئايرىلماسقا دوست بولغان.

ئالتە ئاي بولدى كەلدىڭمۇ؟
تاۋار - دۇردۇن كەيدىڭمۇ؟
كۇچا دېگەن شەھىرىڭدە،
يادىڭغا يېتەرمەنمۇ؟
قايتۇرما:
مەن دېمىدىممۇ - دېمىدىممۇ،
ئۆزۈڭ چىدىمايسەن دېمىدىممۇ.

## مەن يىراقتىن يارنى كۆردۈم

مەن يىراقتىن يارنى كۆردۈم،
يار مېنى كۆردىمىكىن ؟

خىيالىمدىن كەتمەيدۇ،
لەۋەن يارنىڭ كەپلىرى.

**2- ئاھاڭ**

ئاتمىش ئالتە دەريا سۈيى،
بىر بولۇپ ئاقتى.
مەن يارىمغا باقاي دېسەم،
ئوقەتنىڭ ۋاقتى.
قايتۇرما:
ئۆرگىلىمەن ، چۆرگىلىمەن،
بىللە بارايلى.

**3- ئاھاڭ**

يارەي، ۋاي سەنەمەي،
هەي سەنەمەي، هەي يارەي،
ۋاي يارەي، ۋاي يارەي.

**4- ئاھاڭ**

كۆرگىلى كەلدىڭلىمۇ؟
كۆيدۈرگىلى كەلدىڭلىمۇ؟
كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتلىنى،
ياندۇرغىلى كەلدىڭلىمۇ؟

**5- ئاھاڭ**

يار ئۆزىنى كۆرسىتىپ،
بەك خۇشال قىلدى مېنى.
دۈشمىنىمنى يىغلىتىپ،
غەمدىن خالاس قىلدى مېنى.

**6- ئاھاڭ**

ئالمىنى بېرىڭ دەيسىز؟
بەرسەم كىم بىلەن يەيسىز؟

ئازاد زاماندا، ئۆركىلەي،
ياشايلى ئەمدى...

## گۈليارلار

شايىدىن شاپاق دوپپا، گۈليارلار،
شاپتۇل شاخىدا قالدى، گۈلى بارلار.
گۆدەكلىكتە تۇتقان يار،
نەدە ئايرىلىپ قالدى؟

ئەتىگەندە شەبنەمدە،
يورغىلايدۇ بوز توشقان.
مېنىڭ قارا كۆز يارىمنىڭ،
لېۋىگە شېكەر قوشقان.

سېنىڭمەنا سېنىڭمەن،
سېنىڭ بولماي كىمنىڭمەن،
ئەزىزانە شەلىرىڭدە،
چېكەڭگە قىسقان گۈلىڭمەن.
قايتۇرما:
گۈليارلار، لېۋەن يارلار، گۈليارلار،
لەۋەن يارنىڭ جۆرىسىمەن گۈليارلار.

## كوچا سەنىمى

### 1- ئاھاڭ

باغ ئارىلاپ شاپتۇلى،
ئۇچقان كىمنىڭ كەپتىرى

قايتۇرما:
گۈلمىدىڭ ئاچىلغىلى،
بۇلبۇلمىدىڭ سايرىغىلى.
ۋەدىمىز شۇنداقمىدى،
مۇلمەي تىرىك ئايرىلغىلى.
قايتۇرما:
مەن سۆيەي ئەي يار سىنى،
مۇرادقا يەتكۈزگىن مىنى.

## ئۇينايمەن سىنىڭ بىلەن

ئۇينايمەن سىنىڭ بىلەن،
كۆڭلۈمنى ئالالامسەن؟
ئاخشاملىقنا كەل دىسەم،
ۋاقتىدا بارالامسەن؟

باغىڭغا كىرىۋېلىپ،
ئالما ئىرغىتاي يارىم.
ناخشامغا قېتىۋېلىپ،
سىنى يىغلىتاي يارىم.
قايتۇرما:
ئۇينايمەن باراڭلىقتا،
ياشلىقتا — ساراڭلىقتا.

بۈگۈن ئايغا ئون يەتتى،
ئايدىڭ بولماي تاڭ ئاتتى.
يار ئۇتتى يامان ئىكەن.
يۈرىكىمنى ئۇيناتتى،

قەدىرلىك مېنىڭ يارىم،
ئۆلگىنچە مېنى دەمسىز؟

## نەگە بارىسەن قاغا

نەگە بارىسەن قاغا؟
ئەركەشتامدىكى ياغا.
كۆزۈم تويسا تويغاندۇ،
يۈرىكىم قانمىدى يارغا.

سېنى قەشقەردە دەپ ئاڭلاپ،
بېلىمنى شوينىدا باغلاپ.
سېنى كەلمەيدۇ دەپ ئاڭلاپ،
باياۋان چۆللىدە يىغلاپ.

قايتۇرما:

ئۆرگىلىمەن ئايارەي،
ھەر جايدا سېنى دەيمەن.

## مەقسەتكە يەتكۈزگىن خۇدا

تاماكىنى كۆپ تارتىدۇ،
ئۆزى غېرىب دەردمەن كىشى.
يار بىلەن ئويناپدۇ دائىم،
مەيلى بار زوقمەن كىشى.

ياربىلەن ئۆتكەن ئۆمۈرنىڭ،
بىر يىلى بىر كۈنچە يوق.
ئىشقى ئوتى ئالدىدا،
دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق.

جاھان ئەھلىگە بەرمەسمەن،
سېنىڭدەك جۆرى خانىمنى.
قايتۇرما:
باغدا كاككۇك، سايرايدۇ بۇلبۇل،
چىنارنىڭ شاخلىرى سۇنسۇن.

## ئاھ دەيمەن، سېنى دەيمەن

بۇلۇتلار زارى يىغلايدۇ،
مېنىڭ ئاھۇ پىغانىمغا.
قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ،
قويۇپ قويدۇم خۇدايىمغا.
قايتۇرما:
ئاھ دەيمەن، سېنى دەيمەن،
ۋاي جانىم بالىخان،
بېرىپ ھەزرەتتە يىغلايمەن.

## ئاچىل

ئاچىل، ئاچىل گۈل ئاچىل، ئاچىل،
ئاچىلغاندا بىر گەپ بار، ئاچىل.
قىزىلگۈلدە پۇراق بار، ئاچىل،
گۈل ئاچىل يوپۇرماقتا ئاچىل.
سۆيسەڭ ياخشىنى سۆيگىن،
ئاچىل گۈل ئاچىل،
ئاخىرەتتە سوراق بار، ئاچىل.

مەن بۇ يەرگە كەلمەيتتىم ئاچىل،
باشلاپ كەلگەن ئىبراھىم.

ئېرىقتىكى لاي سۇنى، دىل
كۆلگە باشلىماق يارىم.
ئەقلى ـ هوشىڭىز بولسا،
بىزنى تاشلىماق يارىم.

ئۆرۈكۈمما ئۆرۈكۈم،
باغدا پىشقان ئۆرۈكۈم.
سىزنى بىردەم كۆرمىسەم،
چىدىمايدۇ يۈرۈكۈم.

ئاخشام ئويلىغان سىزنى،
ئەمگەكچى قارا كۆزنى.
قول سېلىپ كېلىپ قاپسىز،
سىغىنغانمۇ سىز بىزنى؟
قايتۇرما:
ئويناي مەن باراڭلىقتا،
ياشلىقتا ـــ ساراڭلىقتا.

## ئاق ئالما قىزارغاندەك

ئاق ئالما قىزارغاندەك،
قىزىل يۈزلۈكۈم يارىم.
ئۆرگىلەي يادوست، ئۆرگىلەي،
ناۋات بىلەن يۇغارغاندەك،
شېرىن سۆزلۈكۈم يارىم.
قايتۇرما:
قىزارىپ تەنگە سىغماسمەن.
مەگەر كۆرسەم جامالىڭنى.

هەي مەستان داغىمەي،
ئايارەي ـ ئايارەي.
باھار بولدى گۈل ئاچىلدى،
مېنىڭ گۈلۈم ئاچىلماسمۇ.
مېنىڭ گۈلۈم ئېچىلغاندا،
خۇشپۇراق چاچىلماسمۇ.

2ـ ئاھاڭ

بولمايمەنۇ بولمايمەن،
سېنىڭ بىلەن بولمايمەن.
سېنىڭ بىلەن بولغۇنچە،
تەنھا يۈرۈپ ئۆينايمەن.

قايتۇرما:

يارلار ئازادە،
هەي جان، ۋاي دادەي،
شىنجاڭ ئازادە.

## كېتەردە خوش دېمەي كەتكەن

كېتەردە خوش دېمەي كەتكەن،
مېنىڭ ئۇنداقمۇ يارىم يوق.
بېشانەمگە پۈتۈلگەن شۇ،
ئۇنى تارتماسقا چارەم يوق.

جاھاندا بىر گۈلى رەنا،
يامان چاغدا خازان بولدى.

ئاشىق بىلەن مەشۇقنى،
ئايرىۋەتكەن خۇدايىم.
ئاچىل، ئاچىل، گۈل ئاچىل،
ئاچىلغاندا بىر گەپ بار، ئاچىل.

## بېغىمىدىكى رەيھاننى

بېغىمىدىكى رەيھاننى،
شامماللار قايرىۋەتكەندۇ.
بورانلار قايرىۋەتكەندۇ،
كۆڭلۈمدىكى يارىمنى.
دۈشمەن ئايرىۋەتكەندۇ،
خۇدايىم ئايرىۋەتكەندۇ.

## توي سەنىمى

### 1- ئاھاڭ

ۋاي سەنەمەي،
ۋاي سەنەمەي.
ھەي ئايارەي،
ھەي مەستان داغىمەي،
يارەي ئايارەي.
ئوتىغات باشتا بولۇر،
ياخشى لەۋەن قاشتا بولۇر.
ئاۋۋال ئاخشام بىرنى سۆيسەم،
تاڭ ئاتقىچە ئاشتا بولۇر.
قايتۇرما:
ۋاي سەنەمەي،
ھەي ئايارەي.

ئىككى ياخشى بىر بولۇپ،
مىرادىغا يېتەرەۋ.

## قىمىرلايدىكەن يارلار

باغقا كىردىم شوراڭدىن،
تامايىم يوق غوراڭدىن.
تەقدىر ئاللا خۇدايىم،
ئايرىۋەتتى جورامدىن.

ئاق چەكمەن، قىزىل چەكمەن،
رەڭدە بويىغان چەكمەن.
شۇ خېنىمنىڭ دەردىدە،
بولدى يۈرىكىم دەردمەن.

قايتۇرما:
قىمىرلايدىكەن يارلار،
چىمىرلايدىكەن يارلار.
مەيگە چىقسا، دوست، ئەزايى ئالتۇن،
ئالتۇن ئىكەن يارلار.

## بەشتۆگمەننىڭ ساداسى

بەشتۆگمەننىڭ ساداسى،
تۆۋەنگە قاراپ ئاقامدۇ؟
ئەسقاتمىغان شۇ يارىم،
شەرەت قىلسا ئۇقامدۇ؟

قايتۇرما:
ئۆرگىلىمەن دوست شايىگۈل،
چۆرگىلىمەن دوست شايىگۈل.

مېنى ئۇتقا سېلىپ قويۇپ،
ئۆزى يولغا راۋان بولدى.

قايتۇرما:

ئاھ دەيمەن، خۇدا دەيمەن،
ئەقىدەمگە يىغلايمەن.

## سەھەر قوپۇپ ياد ئەتكۈلۈك

دۇتارنى چېلىپ - چېلىپ،
كاتىڭغا يۆلەپ قويدۇم.
سەن يارنىڭ قىلىقىنى،
يۈرىكىمگە سولاپ قويدۇم.

ئېگىز تاغدىن سۇ كەلدى،
تاشقا تەگمەي شارقىراپ.
ئولتۇرۇپسىز ئالدىمدا،
جا ئۆزۈكتەك پارقىراپ.

قايتۇرما:

نېمە قىلغۇلۇق، نېمە ئەتكۈلۈك،
سەھەر قوپۇپ ياد ئەتكۈلۈك.

ئالتۇندىن ئۈزۈك بولسا،
مەرۋايىت كۆزى بولسا.
يار بولسا لەۋەن بولسا،
ناۋاتتەك سۆزۈك بولسا.

## ئاھۇ پەلەك

تۇمۇچۇقۇم سايرايدۇ،
يارىم ئۈيىنىغان باغدا.
تامامى جانىم كۆيىدۇ،
سېنى ياد ئەيلىگەن چاغدا.

ئېرىقىڭنىڭ تېگىدىن،
تېرىۋالىلى مارجانىنى.
قاش، كۆزۈڭنى ئۈيىنىتىپ،
سەن ئالامسەن بۇ جانىنى.
قايتۇرما:
ئاھۇ پەلەك، كۆيىدۇ يۈرەك،
كۆزىڭىز بىزدە، خىيالىڭىز بۆلەك.

## يارىم كېلىۋاتىدۇ شامالباغدا

ئالتۇنمىكىن بويلىرى،
كۈمۈشمىكىن كۆزلىرى.
ناۋاتمىكىن سۆزلىرى،
قايناپ تۇرغان بۇلاقتەك،
ئۈيناپ تۇرغان كۆزلىرى.

ئىشىك ئالدى تال، يارىم،
ئۈزۈم پىشتى، كەل يارىم.
چىدىمايدىكەن يۈرەك،
ئانچە - مۇنچە كەل يارىم.
قايتۇرما:

كۆك چاي ئىچىپ، ئاق چاي ئىچىپ،
مەست بولۇۋالغۇم بار.
سېنىڭ ياخشى سۆزلىرىڭگە،
دوست بولۇۋالغۇم بار.

## ئەل ئامان دەردىڭ يامان

دەرد ـ ئەلەملەر كېلىدۇ،
ئوغۇل بالانىڭ باشىگە.
سايىدا تۈگمەن چۆرگىلەيدۇ،
كۆزدىن ئاققان ياشىگە.

دوستلىرىم مەندىن زېرىكتى،
دۈشمەنلىرىم سەنمۇ زېرىك.
مەن ئىشەنگەن تاغلاردا،
ھەرگىزمۇ ياتمايدۇ كېيىك.
قايتۇرما:
ئەل ئامان، دەردىڭ يامان،
كۆيدۈرۈشۈڭ ئاندىن يامان.
مەن ئۆزۈم كەتكەن بىلەن،
كۆڭلۈم سېنىڭدىن كەتمىدى.
ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام،
ئەرزىم خۇداغا يەتمىدى.
قايتۇرما:
ئەل ئامان، دەردىڭ يامان،
كۆيدۈرۈشۈڭ ئاندىن يامان.

بۇ يوللار ئۇزاق يوللار،
تاشى بار، توپاسى يوق.
شۇ يارغا ئىشەنمەڭلار،
جاپاسى بار، ۋاپاسى يوق.

## سۇندۇرماڭ بىلەكىمنى

ئېتىمنى چاپاي چۆلگە،
بەش موللاق ئاتاي كۆلگە.
ئوتلىرى يامان ئىكەن،
مەيدەمنى ياقاي ھۆلگە.

يارىمنىڭ ئېتى گۈلسۈم،
چاقىنى قۇرۇپ قويسۇن.
ئاخشاملىقتا مەن باراي،
ئۆيىدە تۇرۇپ تۇرسۇن.

قايتۇرما:
سۇندۇرماڭ بىلەكىمنى،
ئادا قىل تىلەكىمنى.

## قاچان كېلىسەن يارىم

بازاردىن پىچاق ئالسام،
قولۇمدىن بالام ئالدى.
بەش كۈنلۈك بۇ ئالەمدە،
ئۇيىنىڭ ۋالىغىنىم قالدى.

چاپىنىڭنىڭ پېشىدىن،
كېسىۋالاي تۇمالىق.

ئال ئالماڭنى سال قوينۇڭغا،
يارىم كېلىۋاتىدۇ شامالباغدا.

## سەنەم

تال ئۇچى تالغا تېگەمدۇ،
ياپرىقى ئاندىن يىراق.
كۆڭلىمىز سىزگە چۈشۈپتۇ،
ئۆيىڭىز ئاندىن يىراق.

ئۆيىڭىز تۈگمەن بېشىدا،
ئاڭلىمايسىز ناخشىنى.
ئۆزىڭىز ئوبدان بالا،
تاللىمايسىز ياخشىنى.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
ئالمالىنى ئىرغاتىلى.
يۇقىرى - تۆۋەن بېرىپ،
مەشۇقلارنى يىغلاتىلى.

## تۇرۇمتايدەك جۇۋان بولدى

كەچ بولدى، زاۋال بولدى،
يارىمغا ئۇۋال بولدى.
چاچۋاقنى ئۇزۇن سېلىپ،
تۇرۇمتايدەك جۇۋان بولدى.
قايتۇرما:
ئوينايمەن سېنىڭ بىلەن،
كۆڭلۈمنى ئالالامسەن؟

ئەرگە تەگسە تىگمۆەرسۇن،
بەگنىڭ قىزلىرى.
ئەمگەكچىگە مۇناسىپتۇر،
يوقسۇل قىزلىرى.
قايتۇرما:
بەگدىن قاچايلى.

## ئىسهاق غوجام

ئىسهاق غوجام تۇرپاندا،
جەڭ قىلادۇر موردا.
ئالتۇن دەستا باشىدا،
چىلتەنلىرى قاشىدا.

قايتۇرما:
دەرد كەلسە خۇدا دەگلار.

خان غوجامدىن خەت كەپتۇ،
ئىسهاق خاننى يانسۇن دەپ.
ئىسهاق غوجام ئۇنىمايدۇ،
بارىكۆلنى ئالسام دەپ.

قايتۇرما:
بالا كەلسە قىرىنداشتىن.

ئاتامۇ ئۆلۈپ كەتكەن،
ئانامۇ ئۆلۈپ كەتكەن.
ئاتام بىلەن ئانامدىن،
خۇدا يىم ئايرىۋەتكەن.

قاچان كېلىسەن يارىم،
سۆيۈۋالاي خۇمالىق.
قايتۇرما:
خېنىم خەجلەيدۇ كۈمۈش تەڭگە،
لەۋەنىنىڭ سۆيۈشى مىڭ تەڭگە.

## بەش - ئالتە زامان بولدى

بەش - ئالتە زامان بولدى،
ئالەم چۆرگىلەي دەيدۇ.
يۈرەكتىكى زەرداب سۇ،
قانغا ئۆرگىلەي دەيدۇ.

مەن غازاتقا ئاتلانسام،
بولامدۇ ئاتام رازى.
ئۆلگەنلەر شېھىت كەتسۇن،
قالغانلار تامام غازى.
قايتۇرما:
ئاھ دەيمەن، سېنى دەيمەن،
بېرىپ ھەزرەتتە ئوينايمەن.

## بەگدىن قاچايلى

تالنىڭ شاخى ئېگىلىپ قاپتۇ
ئاپتاپ-سۇنىمەن دەپ.
بەگنىڭ قىزى ياسىنىپ قاپتۇ
ئەرگە تېگىمەن دەپ.

ئۆگزەڭگە چىقىپ باقسام،
تۆڭلۈكۈڭدا پەرمان يوق.
سېنىڭ ئۈچۈن دەرد تارتىپ،
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق.

## يارنى دەپ

سەكرىتۋا باغىڭغا كىردىم،
بىر قىزىل ئالمىنى دەپ.
بىر قىزىل ئالمىنى ئۈزدۈم،
مېھرىبان سەن يارنى دەپ.
قايتۇرما:
ئەل ئامان، دەردىڭ يامان،
بارماي دېسەم ئۆتۈك يامان.

مېھرىبان سەن يارنى دەپ،
زىنداندا ياتسام مەيلىمۇ؟
ئىشقى ئوتۇڭدا كۆيۈپ،
سۈيۈگدە ئاقسام مەيلىمۇ؟
قايتۇرما:

يار يامانلاپ بارىدۇ،
قانداق قىلىپ ئالدىۋالاي.
ئالدىدا چاينى قويۇپ،
ئويناپ كۈلۈپ كۆڭلىن ئالاي.

تاڭ سەھەر بولمىغىچە،
بۇلبۇل چىمەندە سايرىماس.
دەرد ـ ئەلەم كەلمىگىچە،
يارىم ئۆزىچە يىغلىماس.

## ھەسەل دەپ يۇتاي

سىنىڭ ئۇتتۇڭ - پىراقىڭدا،
تۈلگۈدەك بولدۇم.
شۇ بۇ كەمدە كەلسە يارىم،
سۆيگۈدەك بولدۇم.

قاتار تېرەك، سېرىق سۆگەت،
شاخىڭنى پۇتاي.
يارىم بەرگەن ناۋات چاينى،
ھەسەل دەپ يۇتاي.

قايتۇرما:

باغقا بارايلى.

## كىچە ئۇيقۇدا ياتسام

كىچە ئۇيقۇدا ياتسام،
ئېتىڭنى قامچىلاپ ئۆتتۈڭ.
ئۇنۇڭمۇ يوق، سۆزۈڭمۇ يوق،
ئىچىمگە ئوت سېلىپ ئۆتتۈڭ.

قايتۇرما:

بۇ دەردكە نېمە چارە؟

ئايۋانىڭدا ياتايمۇ،
سارغىيىڭدىمۇ؟
ۋاي، كىچە بارايمۇ،
ياكۇندۇزدىمۇ؟

يار قېشىغا باراي دېسەم،
ئوقەتىنىڭ ۋاقتى.

ھەرەم باغدىن كۆرۈنمەيدۇ،
شەھەر دەرىخى.
باراي دېدىم بارالمىدىم،
يولىنىڭ يىرىقى.

## سەيلىسى باردۇر ھەزرەتىنىڭ

مەن باراي بازارىڭگە،
چاي سالاي قازانىڭگە.
قارىسام كۆزۈم تويماس،
سىنىڭ ئايدەك جامالىڭگە.

قايتۇرما:

سەيلىسى باردۇر ھەزرەتىنىڭ.

بۈگۈن كېچە تاڭ ئاتمايدۇ،
يار يانىمدا ياتمايدۇ.
يار يانىمدا ياتقاندا،
جېنىم ئىچىمگە پاتمايدۇ.

## مەيلىم ئۆزۈمنىڭ

ئۈيان ئۆتۈپ، بۇيان ئۆتۈپ،
ئالاي كۆڭلۈڭنى!
قارچۇغىنىڭ بالىسىدەك،
ئىگەي بوينۇڭنى.

قايتۇرما:
ئەل ئامان دەردىڭ يامان،
بارماي دېسەم ئوتۇڭ يامان.

## گۈلۈم كەتتى

گۈلۈم كەتتى- گۈلۈم كەتتى،
قولۇمدىن بۇلبۇلۇم كەتتى.
مېنى مەيخانىغا باشلاپ،
ئۆزى سەھرا چىمەن كەتتى.

ئوقۇپ موللا بولاي دېسەم،
دۆۋەت بىلەن سىيا رىم يوق.
شۇ يارىمنىڭ ئالدىدا،
مېنىڭ قىلچە گۇناھىم يوق.
قايتۇرما:
ئاھ دەيمەن سېنى دەيمەن،
غېرىب بولغانغا يىغلايمەن.

## تەقدىر ئاللا

تەقدىر ئاللا - تەقدىر ئاللا
تاغنى ياراتتى.
تاغ ئىچىنى قاراڭغۇ دەپ،
ئاينى ياراتتى.

ئاتمىش ئالتە دەريا سۈيى،
قوشۇلۇپ ئاقتى.

ئاقمۇ ئايدىڭ كوچىلار،
ئاپئاقمۇ ئايدىڭ كوچىلار.
گۈل بىلەن رەيھان پۇرايدۇ،
يارىم ماڭغان كوچىلار.

قايتۇرما:

ھەي دەردۇ بېشىم،
دەريادۇر يېشىم.
دەريا بولۇپ،
ئاقسۇن يېشىم.

## ئويىناڭ بەختى بار باللا

يارىم سەن ـ نىگارىم سەن،
بوينۇمدا تۇمارىم سەن،
قاراڭغۇ كېچىلەردە،
ياندۇرغان چىراغىمسەن.

قايتۇرما:

ئوينا ڭ بەختى بار باللا.

قېشىڭ دەيمۇ، كۆزۈڭ دەيمۇ،
سىياقىڭ قىلدى ۋەيرانە،
جاھاننى ئىزدىسەم يوقتۇر،
سېنىڭدەك ياخشى مەردانە،

قايتۇرما:

بەخت بىزگە قۇچاق ئاچتى،
ئويناڭ بەختى بار باللا.

قايتۇرما:
مەيلىم ئۆزۈمنىڭ.

سىم ـ سىم ئارىلاپ قار ياغامدۇ،
دەريانى بويلاپ.
قارا كۆزۈم بىسىر بولدى،
يولۇڭغا قاراپ.

قايتۇرما:
مەيلىم ئۆزۈمنىڭ.

## چىمەندە گۈل

ئېتىم سۇنى ئىچمەيدۇ، چىمەندە گۈل،
ئۆدەك بارمىكىن كۆلدە، چىمەندە گۈل.
ئاشنام سۇغا چىقمايدۇ، چىمەندە گۈل،
ئېرى بارمىكىن ئۆيدە، چىمەندە گۈل.

ئوڭ قولۇمدا ئون ئۈزۈك، چىمەندە گۈل،
چەپ قولۇمدا بىلەزۈك، چىمەندە گۈل.
مېنى سۆيگەن ئاغزىڭدا، چىمەندە گۈل،
كىمنى سۆيدۈڭ ئاق سۈزۈك، چىمەندە گۈل.

## دەريادۇر يېشىم

يار بىلەن ئوينايمەن دەپ،
سۇندى مېنىڭ نازۇك قولۇم.
يارنىڭ ياغلىقىدا،
تاڭسام ساقايمايدۇ قولۇم.

## شاخىدا بۇلبۇل سايرايدۇ

لاچىن بولۇپ ھاۋادا،
سايراپ شاخقا قوناي دەيمەن.
يەش تۈگمەڭنى، ئاچ مەيدەڭنى،
ساڭا ھەمراھ بولاي مەن.


مېنىڭ يارىم سەپەرگە كەتتى،
پىيادە مەن بارالمايمەن.
كىراغا ئات ئېلىپ بېرىپ،
جامالىڭنى كۆرەلمەيمەن،

ئاق ناۋات دېگەن قوغۇن،
باراڭنىڭ كەينىدە بارمۇ؟
غېرىبلىقتا سۆيگەن يار،
خېنىمنىڭ يادىدا بارمۇ؟
قايتۇرما:
كۆڭلۈم مېنىڭ يايرايدۇ،
خۇشال ناخشام ياڭرايدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: نىساخان، ئابدىرازاق قادىر.

توپلىغۇچى: نىياز مەخمۇت، ئەخمەت تۆمۈر، غوپۇر راخمان، نۇر تۇردى-
توپلانغان ۋاقتى: 1981 - يىل، كۇچا.

# ئەمگەك قوشاقلىرى



## ئېتىز قوشاقلىرى

قارا باغدىن يەر ئالدىم،
دېھقان بولماي نەمدى.
بىر يېرىم سەر تەگكەم بار،
كەتمەن ئالمەن ئەمدى.

كەتمەنلىرىم ئالماستۇر،
چاپسام بىلەك تالماستۇر.
ھەر چاپمەن ئاشۇنداق،
تىرگەن سوقتۇم مۇشۇنداق.

تۆزلەپ بولدۇم ئېتىزنى،
ئۇسا قىلىمەن ئەمدى.
ھەپتە بولدى، تاۋلاشتى،
قوش قاتىمەن ئەمدى.

توپاقلىرىم ئاشۇنداق،
مېڭىپ كېتەرمۇ شۇنداق.
سۆرەم سالسام سۆرەيدۇ،
ئاخشاملىرى مۆرەيدۇ.

تەييار بولدى ئېتىزلار،
ئۇرۇق سالدىم ئاشۇنداق.
قاتار - قاتار مايسىلار،
ئۈنۈپ چىقتى مۇشۇنداق.

تاڭ سەھەردە سورۇيمەن،
ئارىلىرىم مۇشۇنداق.
شامال توختاپ قالغۇچە،
ھەر ئاتىمەن ئاشۇنداق.

دان سامانىدىن ئايرىلدى،
ھەر تاسقايمەن ئاشۇنداق،
ئۆتكەملىرىم مۇشۇنداق،
دانلار چۈشەر ئاشۇنداق،

تاسقاپ بولدۇم بۇغدايىنى،
چەشلەپ ئالىمەن ئەمدى.
كۆچەكلىرىم مۇشۇنداق،
راسا ئاتىمەن ئاشۇنداق.

كەملەپ ئالىمەن ئەمدى،
دەڭسەپ ئالىمەن ئەمدى.
چارەكلىرىم ئاشۇنداق،
ھەرىكەتلىرىم مۇشۇنداق.

توشۇپ كەتتى تاغارلار،
بىزدە يوقتۇر ئامبارلار.
ئورا قازدىم ئاشۇنداق،
چوڭقۇرلۇقى مۇشۇنداق.

ئۇننى تارتىمەن ئەمدى،
توگمەنلىرىم ئاشۇنداق.
قىردىن ئاشالماس چۆرگىلەپ،
سۆكەنلىرىم① مۇشۇنداق.

---

① توگمەننىڭ دان ساندۇقى.

سۇنى قويمەن ئەمدى،
ئايدىڭ كېچە ئاخشامدا.
ياتالمايدۇ چوكانلار،
مېنىڭ ئېيتقان ناخشامدا.

ئىككى قېتىم سۇ قويسام،
تاختا بولىدۇ ئەمدى.
پەرۋىش قىلغاچ مايسىلار
كاتتا بولىدۇ ئەمدى.

پىشىپ كەتتى بۇغدايلار،
ئورغاق سالىمەن ئەمدى.
بىلەيلىرىم ئاشۇنداق،
بىلەپ ئالىمەن مۇشۇنداق.

ئېتىپ كەتتى ئورغىقىم،
سولنى يارىمەن ئەمدى.
خۇشلۇقۇمدا ئۇخلىماي،
سەھەر بارىمەن ئەمدى.

ئومىنى ئورۇپ بولدۇم،
خامان قىرىمەن ئەمدى.
چىگىنلىرىم ① مۇشۇنداق،
توشۇپ بولىمەن ئەمدى.

بولۇق ئېيتىپ لاي- لاينى،
خامان قوشىمەن ئەمدى.
يۇمشاپ كەتتى پايخانلار،
بۆلۈ يارىمەن ئەمدى.

① چىگىنلىرىم — بۇغداي پەنجىسى.

ئورۇن سالىدۇ ئەمدى،
بىللە ياتىمىز ئەمدى.
يوتقانلىرىم ئاشۇنداق،
تەكىيلىرىم مۇشۇنداق.

تاڭ سەھەردە تۇرىمەن،
ھارۋا قاتىمەن ئەمدى.
خۇشلۇقۇمدا دۆلەتكە،
بۇغداي ساتىمەن ئەمدى.

ئېشەكلىرىم ھاڭرايدۇ،
ئاۋازلىرى ياڭرايدۇ.
ھەر چاپىدۇ ئاشۇنداق،
توختىمايدۇ مۇشۇنداق.

بۇغداينى سېتىپ بولدۇم،
پۇلىنى ئېلىپ بولدۇم.
يېنىپ كېلىمەن ئەمدى،
پىلان قىلىمەن ئەمدى.

خوتۇن سۆزلەر ئاشۇنداق،
مېڭىپ كېتەر مۇشۇنداق.
ئاشقان پۇلنى بانكىغا،
قويۇۋالىمەن ئەمدى.

ئالتە ياشلىق ئېرىكنى①
سويۇپ ئالىمەن ئەمدى.

① ئېرىك — قوي.

خوتۇن ئۈنىنى تاسقايدۇ،
ئەلگەكلىرى ئاشۇنداق.
يۈز- كۆزىدە تۈزۈندا،
ھەرىكەتلىرى مۇشۇنداق.

سۇنى راسلاپ تۈز تەگشەپ،
خېمىر ئېتەر ئاشۇنداق.
زەپمۇ ئەپچىل تەگلىسى،
تەرلەپ كېتەر مۇشۇنداق.

خېمىر تىنىپ بولغىچە،
سەي قورۇيدۇ قازاندا.
ياشاپ كەلدۇق ئىككىمىز،
ئامراق بولۇپ ئارماندا.

تىنىپ بولدى خېمىرمۇ،
چۆپنى ئېشەر ئاشۇنداق.
ھەر سوزىدۇ مۇشۇنداق،
ئۆزۈنلۈكى ئاشۇنداق.

قايناپ كەتتى قازانمۇ،
ۋاراق- ۋۇرۇق ۋاراقلاپ.
تۇرالمىدى بۇ خوتۇن،
ئايغىر ئاتتەك تاراقلاپ.

چۆپنى سۈزدى چويلىدا،
ئاشخانىمىز ھويلىدا.
تەخسىلىرى ئاشۇنداق،
چوكىلىرى مۇشۇنداق.

ئېتىزلىقتا يول سالدۇق،
غەيرەت بىلەن ھەۋەستە.
ئەر - ئاياللار ئىشلەيمىز،
ھارماي - تالماي بەسبەستە.

ئىشقا چىقتىم يەڭ تۈرۈپ،
گۈزەل باغلار ياسايمەن.
بىلىكىمدە كۈچ تولا،
داندىن تاغلار ياسايمەن.

جاراڭلايدۇ ناخشىمىز،
ئېتىزلىقتا ئۇمىدا.
مول ھوسۇلنى ئالىمىز،
يېزىمىزنىڭ قوينىدا.

دارامەتنى ئالدۇق بىز،
تەقسىم قىلىپ مەيداندا.
كۆپ ئىشلىگەن كۆپ ئالدى،
ھورۇن قالدى ئارماندا.

يۈرەكلەرگە داۋادۇر،
تاڭ سەھەرنىڭ ھاۋاسى،
ئىلھام بىرەر كىشىگە،
قىزغىن ئەمگەك ناۋاسى.

باغقا بۇغداي تېرىسام،
ئۈنۈپ چىقتى بەش قولدەك.
ئەمگەك بىلەن بەختىمىز،
ئېچىلدى قىزىلگۈلدەك.

قازانلىرىم ئاشۇنداق،
چۆمۈچلىرىم مۇشۇنداق.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان يېڭىشاۋات يېزا 7- كەنتتىن دېھقان توخ-
تى مامۇت، 70 ياش.
توپلىغۇچى: ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن ئىبرايىم قۇربان.

ئۆستەڭ چاپقان ياش باللار،
غەيرىتىڭگە ھەشقاللا.
غەيرىتىڭگە كۆيدۈممەن.
چۆلنى بوستان قىلغانلار.

چارۋا باقتۇق يايلاقتا،
پوشكال ئوخشار قايماقتا.
كەتمەن چېپىپ ھارمايمىز.
بىزنىڭ گۈزەل ئايماقتا.

گۈل- گۈلىستان بولغۇدەك،
ئالەم گۈلىستان بولغۇدەك،
ياخشىلار بىر جايدا بولسا،
چۆللەر گۈلىستان بولغۇدەك.

يېزىمىزدا ياش باللار،
كەتمەن چېپىپ ھارمايدۇ.
ئاشلىق ئۈچۈن جەڭ قىلىپ،
بىلەكلىرى تالمايدۇ.

گۈل بولدى، يا- گۈل بولدى،
قاقاس چۆللەر گۈل بولدى.
ئەمگەك قىلساق تەر تۆكۈپ،
تۇرمۇشىمىز ھۆر بولدى.

قوغۇن تېرىدىم ئىشلەپ،
بال بولدى، ناۋات بولدى.
ئەمگەك قىلساق تەر تۆكۈپ،
يۇرتىمىز ئاۋات بولدى.

ئەمگەك سۆيگەن ياش باللار،
كەتمەن چاپسا ھارمايدۇ.
ئاشلىق ئۈچۈن جەڭ قىلسا،
بىلەكلىرى تالمايدۇ.

ئىنغاڭلايدۇ شامالدا،
بۇغداي، قوناق باشلىرى.
ھارماي ـ تالماي ئىشلەيدۇ،
يېزىمىزنىڭ ياشلىرى.

ئۇچۇپ كەلگەن كاككۇكلار،
قوندى ئېگىز تېرەككە.
دېھقانلارنىڭ غەيرىتى،
كۆتۈرۈلدى پەلەككە.

تېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك رادىئو ئۇزېلىدىن ئابدۇرۇسۇل روزى.

توپلىغۇچى: مەدەنىيەت يۇرتىدىن سەمەت ئىسمائىل.

كەلگۈن سۈيىنى باشلايمىز،
ھاك ئېغىزىغا توغ سېلىپ،
يۇرتنى گۈلگە پۈركەيمىز،
چۆل ئورنىنى باغ قىلىپ.

يېڭى ئۆستەڭ بويىغا،
جىرىم سالدۇق بويلىتىپ.
ئالغا باستۇق ئەمگەكتە،
قىزىل بايراق ئوينىتىپ.

ئېچىلىپتۇ رەڭمۇ رەڭ،
بېغىمىزنىڭ گۈللىرى.
ياراتماقتا يېڭىلىق،
ئەمگەكچىنىڭ قوللىرى.

ئىشچانلارنىڭ غەيرىتى،
ئاشتى ئاسمان پەلەكتىن.
مەنمۇ چۈشتۈم مەيدانغا،
ئىچىم قايناپ يۈرەكتىن.

كەلدى ماھىر ئىشچانلار،
دېھقانچىلىق چاغلىرى.
ناخشا بىلەن جانلانسۇن،
يېزىمىزنىڭ باغلىرى.

ئۇخلاۋاتسام ئويغاتتى،
پولات كەتمەن ساداسى.
قۇلىقىمغا ئاڭلاندى،
ئەمگەكچىنىڭ ناۋاسى.

كاككۇك تولا سايرايدۇ،
بوستانلىقتا تىرەكتە.
ئەمگەك قىلىپ ھارمايمەن،
كۈچ - قۇۋۋىتىم بىلەكتە.

ئەمگەك سۆيگەن ئادەمنىڭ،
مەنىسى بار سۆزىدە.
تۇرمۇشىدا توقچىلىق،
نۇر ئوينايدۇ يۈزىدە.

ئېتىز ئىچى ئازادە،
نەمۇنىلىك ئىشلەيمىز.
ئېلىپ كۆپلەپ مول ھوسۇل،
بۇغداي ناننى چىشلەيمىز.

ياخشى ئىشلىگەن دېھقان،
شاد بولار دارامەتتە.
ئەمگەك قىلمىغان ھورۇن،
قالىدۇ نادامەتتە.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ئامتوغراق يېزا 18 - كەنتتىكى قاسىم مامۇت، 45 ياش.

توپلىغۇچى: ئامتوغراق يېزا مەدەنىيەت پونكىتىدىكى سېلىخان موللامەت.

كېچىلىرى ھەيدىسەم،
«بۇقام»① كىرەر سۆزۈمگە.
تۆتلەشتۈرۈش دەۋرىدە،
ئۇيقۇم كەلمەس كۆزۈمگە.

تراكتورغا مەن ئامراق،
يۈرىكىمدىن - قەلبىمدىن.
قارا يەردىن گۈل ئۈنەر،
مېھنىتىمدىن - تەرىمدىن.

① بۇقا — تراكتور كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مېھنەت قىلىپ تەر تۆكۈپ،
تېرىدۇق بۇغداي، قوناق.
مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ،
باي بولۇپ تاپتۇق روناق.

چوڭ ئۆستەڭنى كېڭەيتتۇق،
ئىلگىرىكىدىن كەڭ قىلىپ.
زەپەر قۇچتۇق تەر تۆكۈپ،
قاتتىق ئىشلەپ، چەڭ قىلىپ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە ئايباغ يېزىسىدىن زورەم ئىمىر، 45 ياش.
توپلىغۇچى: ئاۋات ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن ئىلياس باۋۇدۇن.

ئاسماندىكى ئاينىڭمۇ،
ئىككى ئۇچى ئورغاقتەك.
بوز يەر ئاچقان قىزلارنىڭ،
مەڭزى قىزىل توغاچتەك.

ئىشقا زوقۇم بولغاچقا،
باشلىۋەتتىم قوشاقنى.
ئوغۇت تۆكۈپ پەرۋىش قىپ،
ئوخشىتىمەن قوناقنى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە ئايباغ يېزىسىدىن دېھقان ئابدۇللا ئەھمەت،
32 ياش.
توپلىغۇچى: ئايباغ يېزا مائارىپ ئىشخانىسىدىن ئابدۇرۇسۇل مەخسۇت.

يەرگە ئىشلەپ تېرىسا،
بۇغداي، قوناق ئوخشايدۇ.
ئەمگەك سۆيەر ھورۇننى،
ئەل سېپىگە قوشمايدۇ.

مەن ئورۇپ سالاي ئۇنچە،
سەن ئارقامدىن باغ باغلا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: توقسۇ ناھىيە تاشئېرىق يېزىسىدىن تۇراپ ئايۇپ.
توپلىغۇچى: توقسۇ ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن بارات غوپۇر.

گۈل بولدى ـ يەي، گۈل بولدى،
چۆل باياۋان گۈل بولدى.
ئاچقان بىنام يەرلەردە،
ھەر خىل ئاشلىق مول بولدى.

ئوخشاپ كەتتى ئېتىزدا،
بۇغداي، قوناق، گازىرلار.
ئۆلگە بولۇپ ئىشلەيدۇ،
يېزىمىزدا كادىرلار.

ئىش ـ ئەمگەكنىڭ قوينىدا،
گۈل تاقىماق بولۇشقان.
ئىشقا پىشقان ئىككى ياش،
بىرگە بولماق بولۇشقان.

بىكار پاراڭ كۆپ بولسا،
ئۆيدە بەرىكەت بولمايدۇ.
ئوڭدا ياتساڭ ئەجرىسىز،
تاغارلىرىڭ توشمايدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە گۈلباغ يېزىسىدىن دېھقان موللا ھاشىم مەمتىلى. 70 ياش.

توپلىغۇچى: شايار 1- ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ۋاھاپ قادىر.

تراكتورنىڭ ئاۋازى،
كەتتى ياڭراپ ئاسمانغا.
جۆر بولىدۇ رىتىملىق،
مېنىڭ ئېيتقان ناخشامغا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات تامتوغراق يېزىسىدىن توختى سالى، 50 ياش.
توپلىغۇچى: تامتوغراق يېزا مەدەنىيەت پونكىتىدىن سېلىخان دوللامەت.

ئوما ئوردۇق ئايدىڭدا،
چاك كەلتۈرۈپ ئېتىزنى.
ئاش بىلەن تەمىنلەيمىز،
تۈمەنلىگەن ئېغىزنى.

ئوما ئورۇپ ئېتىزدا،
بۇلاقلاردىن سۇ ئىچتۇق.
بۇ يىل بۇغداي بەك بولدى،
شۇڭا ھەممە كۈلۈشتۇق.

ئاپئاق ـ ئاپئاق باشاقلار،
ھەممە جايدا قوشاقلار.
ئاشلىق ئوخشىغان يىلى،
قىز ـ ئوغۇللار قاقاقلار.

ئوما ئوردۇق ئېتىزدا،
ئالتىنچى ئايدا تومۇزدا.
راست گېپىڭنى ئېيت يارىم،
بۇغدايلىقتا ئېگىزدا.

بۇ چاغلار ئەجەب چاغلا،
يارىم بەلنى چىڭ باغلا.

بارساق بۈگۈن بۇ يەرگە،
ياڭرار زەپەر كۈيلىرى.
ئەتراپىدا يايرايدۇ،
سانسىز تۆگە ـ قويلىرى.

قوزغار ئەلنىڭ زوقىنى،
ئالتۇن باشاق بۇغدايلار.
سايراپ تۇرار چاڭىلداپ،
بۇلبۇل، كاككۇك، تورغايلار.

دۆۋە ـ دۆۋە ئاش ئېلىپ،
ھەسسە قوشتۇق دۆلەتكە.
ئامراق ئىكەن مول ھوسۇل،
قىزغىن ئەمگەك ـ مېھنەتكە.

كۆپلەپ ئېشىپ دارامەت،
ئەزالارمۇ باي بولدى.
غەم ـ قايغۇ يوق ئاشلىقتىن،
قازان ـ چۆمۈچ ماي بولدى.

قوتاندا بار قوي ـ كالا،
مىنىشىمىز تاي بولدى.
ئىچىشىمىز قەنت بىلەن،
شېكەر قاتقان چاي بولدى.

توپلىغۇچى: ئاقسۇ شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن چاۋار يۇسۇپ.
1988 ـ يىل 8 ـ ئاي

يەرنى يەردى ھۆددىگە،
باي بولۇڭ، دەپ ھۆكۈمەت!

كۇچارنىڭ جەنۇبىدا ،
ئاقشە دېگەن دالا بار.
دېمەك ھەرگىز بۇ يەردە،
ساپلا يۇلغۇن گىياھ بار.

يۇرۇش قىلدۇق ئاقشەگە،
ئاش تېرىشقا يەر ئىچىپ.
ئۆستەڭ چاپتۇق تەر تۆكۈپ،
ئاچچىق، تۇزلۇق سۇ ئىچىپ.

يەتتىنچى ئاي پىژغىرىم،
ئىسسىقىدىن قورقمىدۇق،
بىرىنچى ئاي شۇۋىرغان،
سوغۇقلاردا توڭمىدۇق.

سۇ باشلىدۇق سەنجۇسەن،
قەھرىتاندا توڭ يېرىپ.
قىزغىن ئەمگەك مېھرىدىن،
سۇلار ئاقتى مۇز يېرىپ.

بۇندىن بۇرۇن بۇ دالا،
ئىدى يانتاق ـ يۇلغۇنلۇق.
بولدى ھازىر رەت ـ سالا،
سانسىز ئېتىز ھوسۇللۇق.

ئېيتقانىكەن كونىلار،
«ئالتۇن قوزۇق» يەر دېگەن.
ئۇندا سانسىز بايلىق بار،
ئىشچان بولسا ئەر دېگەن.

ئەمگەك قىلمىغان ھورۇن،
دارامەتتە غىڭشىيدۇ.

دېھقان ئاشلىق تېرىيدۇ،
نەچچە خىل ئۇرۇق تاللاپ.
ئىشلەپ ھەرگىز ھارمايدۇ،
ئۆز پەيتىدە ئاي - ئايلاپ.

ئېتىز- ئېتىز بوغدايىڭ،
ياڭزا- ياڭزا خىللىرى.
يايراپ كېتەر دېھقانىڭ،
مول ھوسۇلدىن دىللىرى.

ئوكرائىن① دەپ بوغداي بار،
تېخى يەنە مەھەللە باش②.
پەننىي ئېتىز باشقۇردى،
مەھەللىمىزدە قېرى - ياش.

ئاق زاجو③ دەپ بوغداي بار،
چاڭلاشتۇرۇپ ياراتقان.
پەن- تېخنىكا كادىرى،
ئۇنى ئەلگە تاراتقان.

ئېيتىپ بەرگۈچى: توقسۇ ناھىيە توچقات يېزىسىدىن دېھقان روزى ئابدۇللا.
توپلىغۇچى: توقسۇ ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىدىن ياسىن ئابىت.

دېھقانلارنىڭ چارۋىسى بار،
ئېشەك بىلەن ھارۋىسى بار.
ھارۋىسىنى قېتىۋېلىپ،
تاشيوللاردا ماڭغۇسى بار.

---

① ② ③ بوغدايىنىڭ سورتلىرى.

شۇندىن بېرى ئوخشىدى،
ئاشلىقىمىز كارامەت.

ئېتىزدىكى ئىشىمىز،
قىزىپ كەتتى كارامەت.
ياخشى ئىشلەپ ئالدۇق بىز،
مول ھوسۇلدىن دارامەت.

دارامەتنى ئالدۇق بىز،
تەقسىم قىلىپ مەيداندا.
كۆپ ئىشلىگەن كۆپ ئالدى،
ھورۇن قالدى ئارماندا.

بۇ يىل ئەجەب ئوخشاپتۇ،
كونا باغنىڭ يېمىشى.
ئىشلىمىگەن ھورۇنغا،
تەقسىماتنىڭ نېمە ئىشى.

ئالا ئاتنىڭ قاشقىسى،
قارا ئاتنىڭ قاشقىسى.
ئىشلەپ راسا باي بولدى،
توختاخۇندىن باشقىسى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ ئىكەچى يېزىسىدىن دېھقان ئىمامنىياز سامساق، 50 ياش.
توپلىغۇچى: ئاقسۇ شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدىن غۇنچەم.

ئۆستەڭ بويىدا دەرەخ،
شامال چىقسا لىڭشىيدۇ.

هازماي ــ تالماي ئىشلەيدۇ،
دەۋرىمىزنىڭ ياشلىرى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلىدىن پېنسىيىگە چىققان كادىر ئابدۇرۇسۇل روزى.

توپلىغۇچى: سەيىت ئىسمائىل.

جان تىكىمىز ئەمگەككە،
جان بىلەن جانان بىلەن.
ئەجەب لەززەت ئالىمىز،
ياغ قاتلىما نان بىلەن.

سېۋەتلەپ تېرىپ تىزەك،
ئېتىزغا چاچىلى تەكشى.
يەيمىز قەنت بىلەن گېزەك،
ئەمگەكنى قىلىپ ياخشى.

ئاشنى كۆمۈپ نەم قىلما،
ساپچانلارغا يەم قىلما.
ئاشنى كۆپ سات دۆلەتكە،
قورسىقىڭدىن غەم قىلما.

قولغا ئېلىپ سېۋەتنى،
تاشلاپ قويدۇق سۆلەتنى.
جىق تاپشۇرۇپ ئاشلىقنى،
باي قىلىمىز دۆلەتنى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كەلپىن ناھىيە يۇرچى يېزا 8-مەھەللىدىن دېھقان زاكىر ئاخۇن.

توپلىغۇچى: كەلپىن ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىدىن ئابدۇساتتار ھامدىن.

ئۈرۈمچىگە بارغۇچە،
تۈپ- تۈز كەتكەن تاشيوللار.
ئەجەب ياخشى ئىشلەيدۇ،
تاشيولدىكى ياش باللار.

تەمبۇرنى چالاي دەيمەن،
ئۈجمە خەرىكىڭ بولسا.
نەمۇنىچى بولىسەن،
مېنىڭدەك غەيرىتىڭ بولسا.

مېنىڭ بېغىم چىرايلىق،
ھوزۇرلىنىپ يايرايمەن.
مېھنىتىمنى قەدىرلەپ،
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن.

ئەجەب ئوبدان ئۆسۈپتۇ،
قوغۇن - تاۋۇز پىلىكى.
مېھنەت بىلەن ھەل بولدى،
دېھقانلارنىڭ تىلىكى.

ئېسىۋالدۇق بىز بۈگۈن،
ھەممە ئۆيگە سىم چىراغ.
مېھنەت بىلەن گۈل ئۈنۈپ،
چاچتى شۇنچە خۇشپۇراق.

يېڭى ئۆستەڭ چاپتۇق بىز،
زەپمۇ ئېگىز قاشلىرى.

باسسام ـ باسسام بېسلماس،
ئۇنچىدىن دان ئايرىلماس.
دەسسەئلار، يەنچىگلار جانىۋارلىرىم،
پايخان بولسۇن.
داننى ئايرىپ چەشلەئلار جانىۋارلىرىم،
خامان تولسۇن.
كالايلاگەي ـ كالايلاك،
مۇگگۈزلىرىڭ ئارا بولسۇن،
قۇلاقلىرىڭ گۈرجەك بولسۇن،
تۇياقلىرىڭ پايخان بولسۇن،
قۇيرۇقلىرىڭ موما بولسۇن،
قورساقلىرىڭ تاغار بولسۇن،
دەسسەئلار يەنچىگلار جانىۋارلىرىم،
خامان تولسۇن.
غېرىب ـ مىسكىن بىچارىلەر ئاشقا تويسۇن،
كالايلاگەي ـ كالايلاك...

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار توپبولدى يېزا غالبىيەت كەنتىدىن دېھقان يۈسۈپ ئاخۇن.
توپلىغۇچى: شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 86 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى قەيسەر.

## پادىچى قوشاقلىرى

بۇ يىل زامان بۇزۇلۇپ،
يېگەدىن بىر سۆز چىقتى.
ئىككى يىلنىڭ مابەينى،
پاششالىققا ① قوي چىقتى.

① پاششالىق — يۇرت بېشى دېگەن مەنىدە.

غول ئۈستەڭنى چاپتۇق بىز،
ئىككى قاشقا تاش تىزىپ.
ئىشلىۋېدۇق سوغۇقتا،
جوتۇ بىلەن توك قېزىپ.

ئۈستەڭ سۈيى سۈزۈك سۇ،
شىلدىرلايدۇ ئېرىقتا.
ئەمدى راۋان باشلايمىز،
بۇغداي، قوناق، ئېرىقتا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كەلپىن ناھىيە كەزلىك يېزا 9- مەھەللىدىن قاسىم تۇردى.
توپلىغۇچى: ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن ئابدۇۋېلى راخمان.

## خامان قوشىقى

دەسسەڭلار يەنجىڭلار جانىۋارلىرىم،
پايخان بولسۇن.
داننى ئايرىپ چەشلەڭلار جانىۋارلىرىم،
خامان تولسۇن.
لاي - لاي، لاي - لاي ...
كالايلاڭەي - كالايلاڭ،
قۇلاقلىرىڭ گۇرجەك بولسۇن.
مۈڭگۈزلىرىڭ ئارا بولسۇن،
تۇياقلىرىڭ پايخان بولسۇن.
قۇيرۇقلىرىڭ سۈپۈرگە بولسۇن،
قورساقلىرىڭ تاغار بولسۇن.
دەسسەڭلار ئەي يەنچىڭلار جانىۋارلىرىم،
خامان بولسۇن.
لاي - لاي، لاي - لاي...

قويغا ئىچىم ئۆرتەندى،
ئىلاجىمىز يوق ئىكەن.

ئىلاجىمىز بولمىسا،
ئاخىرى زامان چۆرگەلەر.
بىزنى يېگەن پاشىلار،
ئاخىرەتتە نېمە دەر.

ياخشى ئاتنىڭ يېگىنى،
ئارپا، بۇغداي، سامانى.
ئۆتۈۋاتقان بۇ كۈنلەر،
بۇلاڭچىنىڭ زامانى.

ئىسلام① ئاچقان زاماندا،
ياخشى كىيىم كىيەلمەي.
يىغان تۇتۇپ قاقشىدىم
ياخشى ئاتقا مىنەلمەي.

ئېسىت بىچارە قويلىرىم،
بەك ئىسسىقتا ھەيدىلىپ.
مېمان كېتىپ قورۇدىن،
مەنلا قالدىم زارلىنىپ.

ماڭا كەلگەن بۇ ئىشلار،
باشقىلارغا كەلمىسۇن.
زەرداب تولدى يۈرەككە،
خۇدا ئۆزى ئوڭلىسۇن.

بۇ زامانمۇ ئوڭلىنار،
قوي يېگەننىڭ كۆڭلى توق.

① خوجىنىياز ئىنقىلابى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

يازنىڭ كۈنى كۈن پاتسا،
تۇمانىدىن بۇلۇت چىقتى.
ئادەم بىنا بولغانىدىن،
بىز كۆرمىگەن كۈن چىقتى.

ئىچىمدىكى قوي دەردى،
نەگە بارسام سورىلار.
پاششالارغا چىقىلماي،
جىم ياتسامغۇ بولار.

ئىچىمدىكى بۇ دەردىم،
بارچە ئەلگە يېيىلدى.
مېمان ① دېگەن بىچارە،
يالۋۇردى هەم يىغلىندى.

غورۇنى تولا ئاربلاپ،
مېمان بېشى ئايلاندى.
قول بارمىغان قويلىرى،
پاششالىققا باغلاندى.

پاششالىققا باغلانما،
ئۇن چىقارماي بەردىڭ قوي.
سويۇپ يېمەي بىر قوينى،
باقمىشىڭغا ئەمدى توي.

قوشلۇق② بىلەن تۆگە يايلاق③
بۇ يىل ئەچەبى ئوت ئىكەن.

① مېمان — ئادەم ئىسمى.
② قوشلۇق — جاي ئىسمى.
③ تۆگە يايلاق — جاي ئىسمى.

پاششالىق قوي ھەيدىلىپ،
قىر، داۋانلار ئاشاركەن.

قىرغىزلارنىڭ ئۆيىنى،
ۋەيران قىلدى قاقشاتتى.
تاغ يولىنى بىلەلمەي،
قونالغۇغا باشلاتتى.

كەتكەن قوينىڭ دەردىدىن،
خاپا بولۇپ ياتارمەن.
بۇ گېپىمنى بۆلمەڭلار،
شەرىئەتتە تاپارمەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كەلپىن ناھىيە يورچى يېزا تومشۇق كەنتىدىن تاھىر ئەيسا.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ناھىيىلىك پارتكومدىن ئەمەتجان مامۇت.

## خاڭچىلار قوشىقى

يېتىمچى بولۇپ قېلىپ،
تولا ئىشلىدىم جاڭزىدا.
يۇرتۇمغا كېتەي دىسەم،
كىيگەن چاپىنىم داڭزىدا.

يوقسۇللارنىڭ باللىرى،
كۆمۈر كاندا ئىشلەيدۇ.
يۇرتىمىزغا كەتسەك دەپ،
كېچە- كۈندۈز ئەسلەيدۇ.

قوزىلىرىم مەرىسە،
تاڭ ئاتقۇچە ئۇيقۇ يوق.

كەلپىن شەن① دە بولىدۇ،
سەككىز كۈندە بىر بازا.
يىغلىماڭلار مالدارلار،
خۇدادىن كەلگەن قازا.

مېمان باينىڭ قويىدىن،
ئاتمىش ئېرىك ئالغاندا.
مالدارلار قېچىپ چۈشتى،
هازا قىلىپ ئازغاندا.②

چارۋىچىلار يانمىسۇن دەپ،
تۆت دورغىنى بۇيرىدى.
خاپا بولماي يىگىتلار
بۇ خۇدانىڭ بۇيرۇقى.

قوشلۇق ئاغزى③ تالادا،
سۈيى باركەن ئازغاندا.
دەرد تارتماسقا نە چارە،
خۇدا ئۆزى سالغاندا.

جاغىلىنىڭ④ئارپىسى،
كۆز كۈنلىرى پىشاركەن،

---

① شەن — ناھىيە دېگەن مەنىدە.
② ئازغاندا — جاي ئىسمى.
③ قوشلۇق ئاغزى — جاي ئىسمى،
④ جاغلا — جاي ئىسمى.

# سىياسىي قوشاقلار



خاڭلاردا تولا ئىشلەپ،
بىلىمنى رۇسلىيالمايمەن.
بەرگىنى سىرىق يارماق،
جاننى ساتقان ئوخشايمەن.

خاڭلاردا تولا ئىشلەپ،
ئىشتان قالمىدى قوڭدا،
سىز يارنى تولا ماراپ،
پۇتلار ئىششىدى توڭدا.

ئېيتقۇچى: باي ناھىيە بازار ئىچىدىن تۇنىياز ئوسمان، 65 ياش.
توپلىغۇچى: تەيىپجان ئەمەتنىياز، ئۆمەر ساۋۇت.

# سىنىپىي زۇلۇم توغرىسىدا

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
كەمبەغەللەر دەرد تارتقان.
زۇمىگەر - پومېشچىكلار،
ئۆيىمىزگە ئۇت ياققان.

دەرد بولغانۇ دەرد بولغان،
ئەمگەكچىگە دەرد بولغان.
ئەمگەكچىنىڭ تاپقىنىنى،
پومېشچىكلار يەپ بولغان.

قاغىلارۇ قاغىلار،
تام تۆپىسىدە يورغىلار.
بەكمۇ ئەزگەن بىزلەرنى،
بەگلەر بىلەن دورغىلار.

ئۇرما ئۇرغىلى چىقسام،
ئۇرغاق كەستى قولۇمنى.
سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمەن،
بايلار سالغان زۇلۇمنى.

دەرد ئەلەملەر كېلىدۇ،
ئۇغۇل بالانىڭ باشىغا،
سايدا تۈگمەن چۆرگىلەيدۇر،
كۆزدىن ئاققان ياشىغا.

ئېيتىپ بەرگۈچى : سايىت سوپى شايار ناھىيە يېڭىمەھەللە يېزا 3 - مەھەللىدىن، دېھقان.

توپلىغۇچى: شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 86- يىللىق 4- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ئابلەت.

بۇ سايلار ئۇزۇن سايلار،
تاپىنىمغا تاش پاتتى.
شۇنچە ئىشلەپ ھاشارغا،
تۆگىتەلمەي باش قاتتى.

ئومىنى تولا ئورۇپ،
بەللەر مۆكچىيىپ كەتتى.
ئالۋاڭ تۆلىيەلمەستىن،
جېنىمىز ئېقىپ كەتتى.

ئىشلىدىمەن ئىشلىدىم،
باي غوجامغا ئىشلىدىم.
يىللار ئىشلەپ بىكارغا،
كۆيۈك ناننى چىشلىدىم.

يامغۇرلار تولا يېغىپ،
ئۆيدىن ئۆتتى تامچىسى.
بىزنى تولا قاقشاتقان،
زالىملارنىڭ قامچىسى.

زومىگەرلەر ئۇراتتى،
كەمبەغەلنى ئاستۇرۇپ.
ئۆلۈپ كەتكەن زۇلۇمدا،
قىز ـ ئوغۇللار ياش تۇرۇپ.

قازى، بوجاڭ، شاڭيۇلار،
مىنگەن ئىدى يوغان ئات.
دىنغا يۆلەپ بىزلەرنى،
ئەزگەن ئىدى قاتمۇ قات.

خالاس بولماي ئۆتكەنتى،
غەم ـ قايغۇدىن بېشىمىز.
ئېقىپ تۇرغان بۇلاقتەك،
توختىمايتتى يېشىمىز.

هاشار سەيسى كەلدى دەپ،
كۈندە ئالۋاڭ غوغىسى.
ئىشىكلەردىن كەتمەيتتى،
لالما ئىتتەك دورغىسى.

ئۆستەڭ بويىدىكى دەرەخنىڭ،
تاللىرى ئېگىلىپ پەس بولدى.
زالىملارنىڭ دەستىدىن،
كۈن ئالماقمۇ تەس بولدى.

ئىشىك ئالدى توپ سېدە،
ئاتقا سېلىپ بېرەي بېدە.
زالىملارنىڭ دەردىدىن،
بولدى يۈرەكلەر زېدە.

ئاسمانغا چىقاي ئېگىز،
بۇلۇتقا سالاي كېگىز.
زالىملارنىڭ كۆكسىگە،
سانچىيمەن تۆمۈر بىگىز.

يەرنىڭ ئوبدىنى بايدا،
كەمبەغەلگە يەر قايدا.
باي غوجام يېتىپ باغدا،
بىزدىن ئالىدۇ پايدا.

تاياق - توقماق دەستىدىن،
يۈرەكلەرگە دەرد تولدى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيىلىك سەلئەت ئۆمىكىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان ئىشچىسى سەبەت ئىمىن، 60 ياش.
توپلىغۇچى: شايار ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن ساۋۇت سوپى.

نەگىمۇ كېتەتتىكى،
بىزنىڭ تاپقان ئېشىمىز.
ھەر يىللىقى ئاش يەتمەي،
قېتىپ كەتكەن بېشىمىز.

قەرز تۆلەپ بايلارغا،
قالمىغان مال، كالىمىز.
ئاتا،ئىمە يەيمەن دەپ،
ناله قىلغان بالىمىز.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ياسىن، شايار ناھىيە بازار ئىچىدىن، مۇنەرۋەن. 40ياش.
توپلىغۇچى: شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكولتېتى 86 - يىللىق 4 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى تۇرغۇن.

ئوچاق ئىچىدە داڭقان،
كۆك مۈشۈك ماراپ ياتقان.
زومىگەر تۇلۇم چاشقان،
كەمبەغەلنى قاقشاتقان.

ئۆتمۈشتىكى زاماندا،
يۇرتتا ياخشى باش يوقكەن.
دېھقانلارمۇ كەمبەغەل،
تاغىردا ئاش يوقكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە تويبولدى يېزا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئەھەت مۇھەممەت، 31 ياش.
توپلىغۇچى: ئەسقەر.

پومېشچىك، باي زالىملار،
كۆندە سېمىز گۆش يېگەن.
كەمبەغەل بىچارىلەر،
تۇمشۇقىغا مۇش يېگەن.

ھاشار يولى ئۈچ كۈنلۈك،
بىزگە چۈشكەن مۈشكۈللۈك.
بايلار بارسا بىر كۈنلۈك،
كەمبەغەلگە ئون كۈنلۈك.

كەتمەن چاپماي بەگلىرىم،
تولدۇرۇپتۇ سېڭنى.
ئاقئۇششاق بىلەن كۆمەچ،
كەمبەغەلنىڭ يېگىنى.

ئۆستەڭ ياقىلاپ بېرىپ،
تېرىۋالدىم غازاڭنى.
ئالدىرىمىغىن بەگلىرىم،
بىز بېرىمىز جاجاڭنى.

قىيان كەلدى شارقىراپ،
كوچىلارنى ياقىلاپ.
جاننى ئالدى بەگ، بوجاڭ،
سېلىق بەر دەپ ۋارقىراپ.

ئۆتمۈش كونا زاماندا،
يېگىنىمىز مۇش بولدى.

ئابلا باي دېگەن زالىم،
پارچە نانغا زار قىلغان.

ئابلا توڭگۇز① ئالدىدىن،
باش ئەگمەي ئۆتەلمىدۇق.
يىللىق ئىشلەپ جاپادا،
ھەق بېرىلىك دىيەلمىدۇق.

ئىشلىدىم مەن ئىشلىدىم،
ئابلا توڭگۇزغا ئىشلىدىم.
بىكار ئىشلەپ قىرىق يىل،
كۆيۈك نانىنى چىشلىدىم.

يۇر دىگەندە يۇرگەن بىز،
تۇر دېگەندە تۇرغان بىز.
ئابلا توڭگۇز ئالدىدا،
كۆرمىگەننى كۆرگەن بىز.

ئابلا توڭگۇزغا تىكىلىپ،
ھەق سۆزنىمۇ قىلالمىدۇق.
بەگ - زالىمنىڭ زۇلۇمىدىن،
يورۇق كۈن كۆرەلمىدۇق.

يامغۇرلا تولا يىغىپ،
ئۆيدىن ئۆتتى تامچىسى.
كەمبەغەلنى قاقشاتقان،
ئابلا توڭگوز قامچىسى.

① ئابلا توڭگۇز — بىر زالىم پومېشچىك بولۇپ، توڭگۇز گۆلىنى لەقىمى-

ئاتام مېنى ـ ئانام مېنى،
تۇتۇپ بەردى يامان يەرگە،
خۇدايىم قانات بەرسە،
ئۇچۇپ كەتسەم ئامان يەرگە.

ئاتام ئۆلگەنگە يىغلايمۇ،
ئانام ئۆلگەنگە يىغلايمۇ،
كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ،
غېرىپ بولغانغا يىغلايمۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە يېڭىمەھەللە يېزىسىدىن دېھقان ئىمەر شېرىپ، 66 ياش.

توپلىغۇچى: ماھىر.

گۇپپا ـ گۇپپاك قاك تۇرسام،
ئۆتكەن ـ كەچكەن قارايدۇ.
قورقۇپ كەتمەك ئىلاخۇن،
ئۆلتۇرمەيدۇ پالايدۇ.

كومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
قورساق تويمىدى ئاشقا.
ئالۋىڭنى بەرمىسەڭ،
تاياق تېگىدۇ باشقا.

كومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
يۇرتىمىز دوزاخ بولغان.
كەمبەغەللەر ئېزىلىپ،
ھالىمىز خاراب بولغان.

يەنچىپ ـ دەسسەپ ئۆتمۇشتە،
كەمبەغەلنى خارلىغان.

يۈرتنىڭ چوڭلىرى بەگلەر،
مال - دۇنياغا سېتىلغان.

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
قويدى ئالۋاڭنى ئېغىر.
هارۋا قاتسام ماڭمايدۇ،
كالامنىڭ بوينى يېغىر.

گومىنداڭ تۇلۇم چاشقان،
ئالۋاڭنى تولا چاچقان.
سېلىقلارنى كۆپەيتىپ،
كەمبەغەلنى قاقشاتقان.

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
كەمبەغەللەر ئاھ ئۇرۇپ.
مۇرادىغا يېتەلمەي،
كۆپ ئۆلەتتى ياش تۇرۇپ.

گومىنداڭنىڭ بەگلىرى،
ئاتقا مىنىپ غادايغان.
ئۇنتۇپ قالساق سالامنى،
يەيدىغاندەك ئالايغان.

مىراپلار مىنەر تايغا،
سۇنى ياقىلار بايغا.
كەمبەغەللەر سۇ دېسە،
بېشىنى تىقار لايغا.

شاڭيۇ، لوزۇڭ هەم مىراپ،
يېيىشى پاقلان كاۋاپ.

ئىجارىڭگە يەر ئېلىپ،
پومېشچىككە ئىشلىدۇق.
ئۆيگە كىرسەك بىر نان يوق،
لېۋىمىزنى چىشلىدۇق.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار تويبولدى يېزا تاللىق بۆلۈك كەنتىدىن دېھقان ئىسمائىل ئىبراھىم، 41 ياش.
توپلىغۇچى: تويبولدى يېزىسىدىن تۇرغۇن.

## شاكپەك توغرىسىدا

شاكپەكنىڭ① سۇدارىنغا ئەرزى بار،
سۇدارىنغا② ئۈچ مىڭ تەڭگە قەرزى بار.
بەگ - غوجاملار شاكپەكنى خارلىدى،
كۆنۈم - كۆنۈم سىلىق بەردەپ زورلىدى.
شال تېرىغان شاكپەك دۈمبا يېدى،
ئۇڭدا ياتقان بەگ-غوجاملار پولۇ يېدى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: جامال قۇربان، 78 ياش.
توپلىغۇچى: ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىدىن تۇرسۇن بارات.

ئەجەب بىر زامان بولدى،
ئالەم چۆرگىلەي دەيدۇ.
يۈرەكتىكى زەرداب سۇ،
قانغا ئۆرگىلەي دەيدۇ.

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
ھەقىقەت يولى بېسىلغان.

① شاكپەك — ئادەم ئىسمى.
② سۇدارىن — 1776 - يىللاردىكى ئۈچتۇرپان ئامبىلى.

كەمبەغەللەر نائىلاج،
ئۆيىدىن ئايرىلىپ كەتتى.

ئۆستەڭنىڭ تېگى تاشلىق،
چاپاي دېسەم كەتمەن يوق.
ئاڭلاڭلار خالايىقلار،
ماڭا ئوخشاش دەردمەن يوق.

ئۆستەڭنىڭ تېگى تاشقا،
چاپسام كەتمەن ئۆتمەيدۇ.
زالىم تۆگچىسى بەگلەر،
بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ.

ئومىنى تولا ئۇرۇپ،
بەللەرمۇ مۈكچىيىپ قالدى.
خامانىنى ئۇسار چاغدا،
بالىلىرىم ئۆمچىيىپ قالدى.

بىز سەيسگە تۇتۇلۇپ،
ئىشلىدۇق كۆمۈر كانغا.
كېچە ـ كۈندۈز ئارام يوق،
قورساق تويمىدى نانغا.

ۋاڭ، بەگلەر يامان غالچا،
ئالۋاڭلار ئېغىر بولدى.
بىز ئىشلىدۇق سەيسگە،
دۈمبىلەر يېغىر بولدى.

جىڭ شۇرېندىن قۇتۇلۇپ،
شىڭ شېسەيگە تۇتۇلدۇق.

ئەيشى - ئىشرەت قىلاتتى،
چالدۇرۇپ دۇتا - راۋاب.

مەن ھاشاغا ماڭمىسام،
يالاقچىلار ماك دەيدۇ.
ھارۋامنى سۇنۇق دېسەم،
كۇلا بىلەن تاك دەيدۇ.

ھاشاغا باراي دېسەم،
چوقاينىڭ چەمى توشۇك.
باققان قوينى باي ئالغان،
بىزگە قالغان ئىت - مۇشۇك.

قەلەندەر بولاي دېسەم،
كۇلام بىلەن جەندەم يوق.
زالىملارنىڭ زۇلۇمىنى،
تارتماق ئۈچۈن چارەم يوق.

ئېگىز تاغقا قار ياغدى،
تۈزلەڭلىككە كۆك يامغۇر.
باي - بېگىملەر ياغ يېسە،
بىز يېدۇق تۇرۇپ، چامغۇر.

ئۆستەڭنىڭ تېگى لايدۇر،
دەسسەسەم لىغىلدايدۇ.
بەگ - بوجاڭلار كەلگەندە،
يۈرەكلەر جىغىلدايدۇ.

ئۆستەڭنى چېپىۋېتىپ،
كەتمەن قاپىرىلىپ كەتتى.

قەرزلەرگە بوغۇلۇپ،
بىز بولاتتۇق بىچارە.

پومېشچىكلار ئۇراتتى،
دېھقانلارنى قامچىلاپ.
يوقسۇللارنىڭ تېنىدىن،
قان ئاقاتتى تامچىلاپ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات يېشىېرىق يېزا 1 - كەنتىدىن روزى سايىت، 65 ياش.

توپلىغۇچى: ئاۋات ناھىيە يېشىېرىق يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن پەرھاد مەسۇم، ئابدۇررۇسۇل داۋۇت.

ئۆستەڭ بويىدا نەمدە،
راۋاب چالىمەن غەمدە.
سورىماڭلار ھالىمنى،
مەن دەردى تولا بەندە.

بۈگۈن بازارغا ئوخشايدۇ،
يېتىم زارى قاقشايدۇ.
ھالىدىن خەۋەر ئالسام،
ئاتاسى يوققا ئوخشايدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات غورۇچۆل يېزىسىدىن ئەمەت ئايۇپ، 40 ياش.
توپلىغۇچى: ئابدۇقادىر مۇسا.

ئالمىنى سويۇپ يەيدۇ،
تەخسىگە قويۇپ يەيدۇ.
بەگ - بوجاڭدا ئىنساپ يوق،
خەلقنى شۇلۇپ يەيدۇ.

زالىملارنىڭ قارنىغا،
تەرىك - تەرىك يۇتۇلدۇك.

شىك شىپسەيدىن قۇتۇلۇپ،
گومىنداڭغا خار بولدۇق.
ياش ئۆرنىغا قان يىغلاپ،
پارچە نانغا زار بولدۇق.

ئۆستەڭ ياقىلاپ بېرىپ،
تېرىۋالدىم غازاڭنى.
ئالدىرىمىغىن زالىملار،
بىز بېرىمىز جاجاڭنى.

ئىپىتساق - ئىپىتساق تۆكمەس،
تارتىپ ئۆتكەن جەۋرىمىز.
بىر يەرگە بېرىپ قالدى،
بىزنىڭ تاقەت - سەۋرىمىز.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ئىمامىلىرىدىمىز يېزا قوغان كەنتىدىن دېھقان ئوبۇل توختى، 40 ياش.
توپلىغۇچى: مەدەنىيەت يۇرتىدىن ھەنىپەم ئابدۇراخمان.

ئۆتمۈش كونا زاماندا،
بىزلەر بىنام ئاچاتتۇق.
زالىملارنىڭ دەستىدىن،
يۇرتنى تاشلاپ قاچاتتۇق.

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
ئېغىر ئىدى ئىجارە.

قالغاچنىڭ قاناتىدەك،
قايىدۇ باشىم مېنىڭ.
ئايىغى چىققان بولاقتەك،
ئاقىدۇ ياشىم مېنىڭ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىدىن ھاشىمخان ئىبراھىم، ساۋاتسىز، 104 ياش.

توپلىغۇچى: مۇھەممەت ئوسمان.

دەردىم بارەي دەردىم بار،
باشىمدىكى ساچىمدەك.
دەرد تارتماي ئۆلەرمەنمۇ،
ھاۋادىكى لاچىندەك.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە بازار ئىچى بوستان كەنتىدىن: ھۆرنىخان مامۇت، 44 ياش.

توپلىغۇچى: تۇرغۇن سېيىت.

بۈگۈن ھاۋا تۇتۇلۇپ،
باشلىدى قار ياققىلى.
نېمىشقىمۇ تۆرەلدىم،
ھەممە دەردنى تارتقىلى.

ئۆتمۈشتىكى دەۋردە،
يۇرتنىڭ ئىچى تار ئىدى.
پومېشچىكنىڭ ئالدىدا،
كەمبەغەللەر خار ئىدى.

يادا بېقىپ جاڭگالدا،
ئۈستىبېشىم قالمىدى.
زالىملارنىڭ دەردىدىن،
ئەقلى- ھوشۇم قالمىدى.

قوغۇن تېرىدىم توگدا،
چۈشكەن سويىمسى ئۇگدا.
زالىملار زامانىدا،
ئىشتان قالمىدى قوگدا.

ئۈرۈق سالدۇق بىر دانە،
ئۈنۈپ چىقتى مىڭ دانە،
زالىملارنىڭ زۇلۇمىدا،
بولدى پۇقرا ۋەيرانە.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات غورۇچۆل يېزىسىدىن تۇنساخان لەھاز، 27 ياش،
توپلىغۇچى: ئابدۇقادىر مۇسا.

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
تىرىك تاپلار تولىدى.①
يورۇق جاھان بىزلەرگە،
زىندان بىلەن ئورىدى.②

مۇشەقەتنىڭ دەستىدە،
ئولتۇرغۇدەك ئارام يوق.
ساقال چىقماي قېرىيتۇق،
ئاشقا تاپساق نانغا يوق.

بىر نەچچە زامان بولدى،
ئالەم چۆرگىلەي دەيدۇ.
كۆڭلەكنى كىيىپ قىسقا،
ئىشتان سۆرۈلەي دەيدۇ.

---

① تولىدى — تولا ئىدى.

② ئورىدى — ئورا ئىدى.

قىزىلگۈلدەك يارىمدىن،
ئايرىۋەتتى قازىباي.

سۆئەكەل دەپ تووۋلايدۇ،
باي غوجامنىڭ ئانىسى.
نەزەرىڭنى چوڭ قىلما،
بىزمۇ ئادەم بالىسى.

كۆكمەت تۇماقتىن بىرنى كىيسەم،
تۇماق قۇلاققا يەتمىدى.
ۋاڭ غوجامغا ئەرز ئېيتسام،
ئۆكتەم غوجامغا يەتمىدى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ شەھىرى قاراتال يېزا 8- دادۇيدىن ئەلنەغمىچى
ئايۇپ، راۋاب، 98 ياش.
توپلىغۇچى: قاراتال يېزا مەدەنىيەت پونكىتىدىن موللا توختى ئېلى.
1989- يىل 9 -ئاي

ئۆتمۈشتىكى زۇمىگەر،
ئۇچۇپ يۈرگەن قۇش ئىدى.
پارتىيىنىڭ ۋاقتىدا،
تۇمشۇقىغا مۇش يېدى.

سايلىقتا تولا مېڭىپ،
پۇتۇم تېشىلىپ كەتتى.
ئالۋاڭنى تۆكتەلمەي،
تېنىم قىيىنىلىپ كەتتى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: توقسۇ ناھىيە ئۇچقات يېزىدىن دېھقان ئىمىن ئىمام.
توپلىغۇچى: ياسىن ئابىت.

دەريادىكى سۇلارغا،
مىراپ دېگەن باش ئىكەن.
ئادالەتنى بىلمەيدۇ،
كۆڭلى قارا تاش ئىكەن.

كەتمەن چاپماي بەگلىرىم،
تولدۇرۇپتۇ سېڭىنى.
ئارپا بىلەن كۆمەچتۇر.
كەمبەغەلنىڭ يېگىنى،

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە بازار ئىچىدىن مەرەمنىساخان تۇردى. 48 ياش.
توپلىغۇچى: ئاۋات بازارلىق مەدەنىيەت پونكىتىدىن باھارگۈل.

ئەجەب ئوخشاپتۇ،
ماش بىلەن پوچەك.
زومىگەرنىڭ ئۆيىدە،
يېيىشىڭىز كېپەك.

قولىڭىزدا پالتا،
يېرىشىڭىز كۆتەك.
قىشلىقى كېيىشىڭىز،
مايماق ئۆتەك.

ئېيتىپ بەرگۈچى: باي ناھىيە بازار ئىچىدىن ھۆنەرۋەن ئىمىر ھېيت. 65 ياش.
توپلاپ رەتلىگۈچى: قەييۇم مەتتىمىن.

ئاسماننى بولۇت باستى،
كۆرۈنمەيدۇ تولۇن ئاي.

ئۆيلىرى ئەجەب ئېسىل،
نەققاشچىلار گۈل قويغان.
سارايى، ئايۋان، قازناقلار،
زىلچە گىلەمگە لىق تولغان.

كەمبەغەلنىڭ ئۆيى يوق،
بار بولسىمۇ ساپ تۆشۈك.
بىساتلىرى پاخال ـ چۆپ،
باقالمىغان ئىت ـ مۈشۈك.

ئۆيىنىڭ ئارقىسى بېدە،
تۇماقنىڭ كۆپىسى گېدە.①
زالىملارنىڭ زۇلمىدىن،
يۈرەكنىڭ ياتىسى زېدە.

سەكرەپ چۈشتۈم خەندەككە،
ئۈزۈن بولدى بۇ دەردكە،
ئويلىسام تۈگىمەيدۇ،
ئورناپ كەتكەن يۈرەككە.

قوينۇمدىكى توقاچقا،
سىيادان سېپىپ ياققان.
باي باللىرى ئورنىغا،
كەمبەغەل جاپا تارتقان.

تېيتىپ بەرگۈچى: تۇتسۇ ناھىيە ئۆگەن يېزا گۈلباغ كەنتىدىن نىياز ئەزىز، 58 ياش.

توپلىغۇچى: ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن ھاشىم قاسىم.

① گېدە — بۇدرۇ دېمەكتۇر.

ئوقۇپ موللا بولغۇم بار،
دۆۋەت بىلەن قەلەم يوق .
راست دەمسىلەر يالغانمۇ،
مەن تارتمىغان ئەلەم يوق.

سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل.
خۇداغا نالە قىلمامدۇ.
ئاتامىز يوق ئانامىز يوق،
خۇدايىم رەھمە قىلمامدۇ.

ئۇ كۈنلەرنى ئەسلىسەك ،
پارە بولۇر يۈرىكىمىز.
بىر نان ئۈچۈن زار بولۇپ،
ئۆتكەن كۈرەمك كۈنىمىز.

يوق ھەقىقەت ـ ئادالەت.
كەمبەغەلگە ئۇ چاغدا،
بەگ ـ غوجاملار ئوينايتتى،
كۈندە مەشرەپ باغلاردا.

سۆزلەپ كەلسەك گەپ تولا،
داستان بولۇپ يېزىلۇر.
ئەسكە كەلسە كۈلپەتلەر،
يۈرەكلىرىمىز ئېزىلۇر.

ئۆتمۈشتىكى زاماندا،
پومېشچىكنىڭ يېرى كۆپ.
ئەمگەك قىلماي ياتسىمۇ،
كەلمىسەيدۇ، ئېشى كۆپ.

كەمبەغەلنىڭ ئاپقىنىنى،
پومېشچىكلار يەپ بولغان.

شېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ شەھىرى قاراتال يېزا دولان مەھەللىسىدىن دېھ-
قان ئىمىن زايىت، 63 ياش.

توپلىغۇچى: قاراتال يېزا رادىئو ئۆزىلىدىن جۇمە ئاخنىياز.

هاۋادىكى لاچىنىنىڭ،
قاناتىدا تۇپا يوق.
ئىشەنمەڭلار دوستلىرىم،
زالىملاردا ۋاپا يوق.

بازارغا كىرىپ باقسام،
ئورغاق بىلەن ساپ كەتمەن.
ھەر يۇرتنى كۆرۈپ كەلدىم،
كەمبەغەل بولۇر دەردمەن.

دوتەي يامۇلى قايدا،
يۇلغۇن چىچىكى سايدا.
يامۇلغا سولانغانىنىڭ،
بىرى چىقمىدى، قايدا.

ئەنجان يولى قۇمۇشلۇق،
ئورغاق سېلىپ ئورغان يوق.
ئۆلۈپ كەتكەن دەردمەنلەر،
مۇرادىغا يەتكەن يوق.

شىڭشىبسەينىڭ ۋاقتىدا،
ئالۋاڭ - ياساق كۆپ ئىدى.
ئەلنى زار-زار قاقشىتىپ،
ئالغان پارىسى كۆپ ئىدى.

ئالەمنىڭ ئىگىسى ئاللا،
خۇدايىم تەگشەيدۇ باللا.
دېھقانلار ئاش يەي دېسە،
ئۆزۈلۈپ تۆگەدى كاللا.

كۆن تۇرسىمۇ نۇر چېچىپ،
دولا ئىسسىماس توگلاپ.
هاشار، ئالۋاڭ، سەيسىدىن،
دائىم ئۆتىمىز دادلاپ.

بۆرە كەلسە يايلاققا،
پىتىرايدۇ پادىلار.
نەشتەر سانجىپ بەدەنگە،
قان شورايدۇ پاشىلار.

تىنىم تاپماي ئىشلىسەك.
نامىمىز ھورۇن ئېشەك.
زامانىنىڭ زۇلۇمىدىن تولدى،
قان - زەردابقا بۇ يۈرەك.

بەش پۇل بولسا يانچۇقتا،
بۇ ئازابنى تارتمايتتىم.
گۈندىپايدىن قامچا يەپ،
گۆر ئىچىدە ياتمايتتىم.

دەرد - بولغانۇ دەرد بولغان.
كەمبەغەلگە دەرد بولغان.

مەن ئىشىكىنى ئاچقاندا،
كىرىپ كەلدى شاماللار.
ئامان بىر كۈن تۈگەيدۇ،
بىزنى ئەزگەن يامانلار.

ئويغىنايلى دېھقانلار،
يوقسۇللۇقنى تارتقانلار.
ئەمدى بىزنى ئېزەلمەس،
ئۆيدە ئوكدا ياتقانلار.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە بازىرىدىن سەئەت ئىمىن.
توپلىغۇچى: ساۋۇت موپى.

1982 - يىل 6 - ئاي، شايار.

قارا تاغلار زار يىغلار،
باشقا چۈشكەن دەردلەرگە.
سەركەردە بولۇڭ ئەمدى،
جاندىن تويغان خەقلەرگە.

ئاق توقاينىڭ سىيىدا،
سەلدەك ئاقسۇن قېنىمىز.
ئەركىنلىك دەپ جان بەرسەك،
سۆيۈنمەمدۇ جېنىمىز.

جىگدىلىكتىن جەڭ باشلاپ،
شېھىت بولساق ئارمان يوق.
بۇندىن ئارتۇق چىدارغا،
ئەمدە بىزنىڭ دەرمان يوق.

ئېيتىپ بەرگۈچى: باي ناھىيە بازار ئىچىدىن ئەخمەت نامان، 30 ياش.
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئۆمەر پەيزى ە تۇرسۇنجان.

شىلشىپسەي دېگەن جاللات،
گومىنداڭنىڭ غالچىسى.
ئەلنى خۇيمۇ قاقشاتتى،
زالىملارنىڭ قامچىسى.

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
خەلقىم ئەجەب خار ئىدى.
خۇددى تۈمۈر قەپەزدەك،
ياشاش يولى تار ئىدى.

ئىپتىساق-ئىپتىساق توگمەس،
بىزنىڭ تارتقان جەۋرىمىز.
زالىملارنىڭ زۇلۇمىدىن،
ئاقتى سەلدەك يېشىمىز،

بىر يەرگە بىرىپ قالدى،
ئەمدى تاقەت سەۋرىمىز.
زۇلۇم - زۇلمەت تەختىنى،
پاچاقلايمىز، چاقىمىز.

ئېيتىپ بەرگۈچى: تۇقسۇ ناھىيە پەيشەمبە بازار يېزىسىدىن دېھقان مەڭلىك ئىمىن.

توپلىغۇچى: ئامان ئاسىر.

كىيدىم كېپىنەك تونىنى،
گۈلخاندا ياتارمەن دەپ.
ئالدىم يا بىلەن ئوقنى،
دۈشمەننى ئاتارمەن دەپ.

ھوسۇلىمىز مول بولۇپ،
تاغدەك دۆۋە بولۇپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ئىمامىلىرىم يېزا قوغان كەنتىدىن دېھقان
ئوبۇل توختى، 40 ياش.
توپلىغۇچى: ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن ھەمدە ئابدۇراخمان.

كومپارتىيە بىزلەرگە،
ئېلىپ كەلدى ئازادلىق.
زۇلۇم تارتقان ئىنسانغا،
بولدى بۈگۈن ئىجادلىق.

كەمبەغەلنى قاقشاتقان،
زالىملار گۇمران بولدى.
كومپارتىيە بولغاچقا،
كەمبەغەللەر ھۆر بولدى.

يېتىپ كېلىپ پارتىيە،
مىسكىن دىللار شاد بولدى.
ئۆتمۈشتىكى زالىملار،
مانا ئەمدى مات بولدى.

خوراز چىللاپ تاڭ ئاتتى،
ئازاد بولدى ئۆلكىمىز.
توغرا يولغا باشلىدى،
كومپارتىيە رولچىمىز.

ئازاد بولۇپ ئۆلكىمىز،
خەلقىم ئەركىن ياشىندى.
ۋەتەن بېغى گۈلزاردا،
بۇلبۇل خۇشال سايرىندى.

## مەدھىيە قوشاقلىرى

زەم - زەم ئاقار بۇلاقتا،
ئالتۇن ھالقا قۇلاقتا.
بىزنى ئەزگەن زالىملار،
لاۋگەيدۇيدە سولاقتا.

بىزنىڭ ئۆينىڭ ئارقىسىغا،
دۇگىلەك - دۇگىلەك قۇم چۈشتى.
بىزنى ئەزگەن زالىملار،
توققۇز بۇلاققا دۇم چۈشتى.

چوڭ ئېتىزمۇ ئوسىكەن،
كىچىك ئېتىزمۇ ئوسىكەن.
ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى،
ئون يىل بۇرۇن بولسىكەن.

پارتىيىمىز چاقىردى،
بىزنى شانلىق چېلىشقا.
تېخنىكىنى ئىگىلەپ،
مول ھوسۇلنى ئېلىشقا.

كوللېكتىپنىڭ ئىشىغا،
جاننى پىدا قىلىمەن.
تەقسىم قىلغان ئىشنى،
تېزدىن ئادا قىلىمەن.

توققۇز مويەر تېرىسام،
ئوتتۇز تاغار بولۇپتۇ.

يېڭى باغنىڭ مېۋىسى،
يېسە تەمى باشقىچە.
ئاشلىقلىرىمىز تۇرۇپتۇ،
ئالدىمىزدىن ئاشقىچە.

يېزىلىرىمىز يېڭىچە،
گۈزەللەشكەن ئۆزگىچە.
تەرىپى بار تىللاردا،
ئالدىرايسىز كۆرگىچە.

زامان ئەجەب كەڭ تاشا،
تۇرمۇشىمىز پاراۋان.
پارتىيىمىز لۇشيەنى،
توغرا ھەم نۇرلۇق ھامان.

توپلىغۇچى: توقۇز ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىدىن ياسىن ئابىت، 45 ياشە ئوقۇتقۇچى.

كەتمەن بىلەن قەلەمنى،
ئۆزىمىزگە دوست قىلدۇق.
پارتىيىنىڭ دەۋرىدە،
كۆڭلىمىزنى خۇش قىلدۇق.

دەردى بارەي دەردى بار،
كەمبەغەلنىڭ دەردى بار.
دەردنى تارتقان دەردمەنلەر،
ئەمدى بولدى ئەتىۋار.

گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
ئاچ - زار ئىدى دېھقانلار.

ئۆستەڭنىڭ سۈيى كۆپتۇر،
ئەتراپى چىمەن كۆكتۇر.
ئازاد بولغاچ ئۆلكىمىز،
ئەمدى دەردىمىز يوقتۇر.

ئاق ناۋات، سېرىق ناۋات،
يېسىڭىز ئەجەب تاتلىق.
پارتىيە ئېلىپ كەلدى،
بىزگە ھۆر، باياشادلىق.

سەھەر تۇرۇپ سۇ قويدۇق،
ئېتىزلىققا، ماشلىققا.
پارتىيىنىڭ مېھرىدىن،
گۈل ئېچىلدى تاشلىققا.

پارتىيىنىڭ مېھرىنى،
ئوخشىتىمىز ئاپتاپقا.
بەردى دەۋر كەڭ ئىمكان،
روناق تېپىپ ياشاشقا.

ئېرىق - ئۆستەڭ رەتلىنىپ،
راۋانلاشتى سۈيىمىز.
پارتىيىنى تا ئەبەد،
مەڭگۈ دىلدىن سۆيىمىز.

قايسى ئۆيگە كىرسىڭىز،
شاد تۇرمۇشتىن دېرەك بار.
پارتىيىگە تەشەككۈر،
ئۇرغۇپ تۇرغان يۈرەك بار.

كەلدى ئازاد دەۋرىمىز،
تۆگەپ كەتتى دەردىمىز.
پارتىيىنىڭ دەۋرىدە،
ئۆستى تاغدەك قەددىمىز.

كىيىم كىيىمىز كەڭ تاشا،
فابرىكىنىڭ رەختىنى.
پارتىيىمىز كۆلدۈردى،
يوقسۇللارنىڭ بەختىنى.

ئىشقا چىقتۇق تاڭ بىلەن،
سەپ تارتىپ قاتار بولۇپ.
ئەمگەكچىنى كۆلدۈردى،
پارتىيە ئاتا بولۇپ.

ئەتىگەندە كۆن چىقتى،
يەر ـ جاھاننى قىزارتىپ.
بەخت بەردى پارتىيە،
ئۆمرىمىزنى ئۇزارتىپ.

تۇرمۇشىمىز گۈللەندى،
كۈندىن ـ كۈنگە بەك ياخشى.
سەن باشلىغان يول بىلەن،
بەخت تاپتۇق ماۋجۇشى.

پارتىيىمىز بولغاچقا،
ئىشقا ئاشتى تىلەكلەر.
پارتىيىنىڭ يولىدا،
ئىشلەپ تالماس بىلەكلەر.

كومپارتىيە ۋاقتىدا،
ئاشقا تولدى خامانلار.

كەندىر شېخى يېغدۇق بىز،
زاۋۇتتا ئاۋا بولدى.
پارتىيىنىڭ سۆزلىرى،
يۈرەكلەرگە داۋا بولدى.

زالىملارنى يوقاتتۇق،
ئىشچى - دېھقان بىرلىشىپ.
قەددىمىزنى كۆتۈردۇق،
ئازادلىققا ئېرىشىپ.

غەيرەت بىلەن ئىشلەشكە،
ئەمدى كەلدى ۋاقتىمىز.
پارتىيىنىڭ دەۋرىدە،
گۈلدەك ئېچىلدى بەختىمىز.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ئىمامىلىرىم يېزىسىدىن ئوبۇل توختى، 40 ياش.
خاتىرىلىگۈچى: مەدەنىيەت يۇرتىدىن ھەنىپەم ئابدۇراخمان.

بېغىمىزدا قىزىلگۈل،
ئېچىلدى زەپ چىرايلىق.
پارتىيىمىز كەلتۈردى،
بىزگە بەخت - ئازادلىق.

ئاغسۇلاق ئاغلىرى،
كۆرۈندۇ ئۇزاقتىن.
قۇتۇلدۇردى پارتىيە،
بىزنى زۇلۇم - دوزاختىن.

زەپ چىرايلىق پىشىپتۇ،
يېڭى باغنىڭ مېۋىسى.
پارتىيىنىڭ ۋاقتىدا،
بولدۇق يۇرتنىڭ ئىگىسى.

يېڭىدىن ئۆستەڭ چاپتۇق،
خۇيمۇ مەزمۇت قاشلىرى.
پارتىيە زامانىنىڭ،
ئەجەب باتۇر ياشلىرى.

كۆچەت قويدۇق سايلىققا،
سۆگەت، جىگدە، تېرەكتىن.
پارتىيىنى سۆيىمىز،
ھەممە مىللەت يۈرەكتىن.

بۇنداق ئۇلۇغ زاماندىن،
خۇشال بولماي نېمىشقا،
يېتەكلىسە پارتىيە،
بىزنى نۇرلۇق بېھىشقا.

ئۆستەڭ چاپىمىز تاشتىن،
سۇلار كېلىدۇ باشتىن.
يۇرتىمىزغا نۇر ياغدى،
كومپارتىيە قۇياشتىن.

كەڭرى ئېتىز باغرىدا،
ھارماي ئىشلەر دېھقانلار.
بىزلەرگە بەخت بەرگەن،
پارتىيىگە ھەشقاللا...

خامانىدىكى بۇغدايلار،
ئېگىمىز تاغقا تەڭ بولدى.
پارتىيىنىڭ دەۋرىدە،
داستىخىنىمىز كەڭ بولدى.

ئاخشاملىرى ئايدىڭدا،
يەر ھەيدەيدۇ تراكتور.
بىزگە بەخت كەلتۈرگەن،
پارتىيىگە تەشەككۈر.

تاش ئۆستەڭدىن سۇ كېلىپ،
سايلار بولدى گۈل چىمەن.
بەخت بەردى بىزلەرگە،
ماۋجۇشىمىز دانىشمەن.

تۇمۇچۇقلار سايرايدۇ،
يېزىمىزنىڭ بېغىدا.
قىرلارمۇ ياشاردى،
پارتىيىنىڭ چېغىدا.

ئۈچۈپ يۈرگەن قارلىغاچ،
ئۆي تەرەپنى بويلايدۇ.
كېچە - كۈندۈز پارتىيە،
بەختىمىزنى ئويلايدۇ.

قوغۇن تېرسام سايدا،
ياردى تىلىنى شەربىتى.
پارتىيىنىڭ دەۋرىدە،
ئاھتى يوقسۇل ھۆرمىتى.

كۆمۇۋەتتۇق گۈل بىلەن،
كەڭ ئېتىزنىڭ يۈزىنى.
نەقىش قىلدۇق دىللارغا،
پارتىيىنىڭ سۆزىنى.

يېڭى ئاچقان بىنامىنىڭ،
تۆت ئەتراپى زىغىرلىق.
ماۋجۇشىنىڭ سۆزلىرى،
كۆڭلىمىزگە يېزىقلىق.

ئىشقا ماڭدى دېھقانلار،
سەھەردىكى داڭ بىلەن.
تەربىيىلىدى پارتىيە،
بىزنى يۈكسەك ئاڭ بىلەن.

ئانام كۆڭلەك كىيىپتۇ،
زەپ چىرايلىق شايىدىن.
كىممۇ خۇشال بولمىسۇن،
پارتىيە زامانىدىن.

كۆڭلەك كىيدىم ئەتلەستە،
تۇتتۇم ساڭا گۈلدەستە.
يېزىمىزدا ئىشلەيمىز،
ئەر - ئاياللار بەسبەستە.

ئاق قوناقنىڭ باشلىرى،
كۆممىقوناقنىڭ باشلىرى.
هارماي - تالماي ئىشلەيدۇ،
يېزىمىزنىڭ ياشلىرى.

كۆچەت تىكسەك ئۆتكەن يىل،
بۇ يىل كىردى ئۇلاققا.
پارتىيىنىڭ مېھرىنى،
ئوخشىتىمىز بۇلاققا.

گاھ كەتمىنىم دولامدا،
گۆھەر كىتاب قولۇمدا.
پارتىيىنىڭ سۆزلىرى،
مەشئەل بولدى يولۇمغا.

كۈندىن ـ كۈنگە ئاشماقتا،
غەيرىتىمىز پەلەككە.
پارتىيىنىڭ سۆزلىرى،
قۇۋۋەت بەردى يۈرەككە.

ياخشى ئەمگەك قىلغاچقا،
كۆپلەپ ئالدۇق دارامەت.
يېڭى مەكتەپتە ئوقۇپ،
ئەقىل تاپتۇق كارامەت.

كۈن چىققىدۇ سەھەردە،
چېچىپ ئىسسىق نۇرىنى.
پارتىيىنىڭ سۆزىدىن،
تاپتۇق بەخت يولىنى.

ئۇچالمايدۇ لاچىنمۇ،
قانات تىدىن ئايرىلسا.
كەمبەغەلگە بەخت يوق.
پارتىيىدىن ئايرىلسا.

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
شاپتۇلۇڭ ئەجەب شاخلىق.
پارتىيىنىڭ ۋاقتىدا،
خۇشال ئۆتىدۇ ياشلىق.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كەلپىن ناھىيە يورچى يېزىسىدىن دېھقان سادىق ئىسلام- 68 ياش.
توپلىغۇچى: ئىسلام سادىق.

بۇ بەختىيار زاماندا،
ياخشىلاندى ھالىمىز.
قەددىمىزنى كۆتۈرگەن،
پارتىيىدىن رازىمىز.

يېڭى چاپقان ئۆستەڭدە،
سۇلار شارقىراپ ئاقتى.
ئىسلاھاتنىڭ نۇرلىرى،
بەختىمىزگە يول ئاچتى.

ئاشلىق تولدى خامانغا،
بولدۇق بۈگۈن ئەجەب شاد.
پارتىيىمىز يول باشچى،
يېزام بولدى باياشات.

ئىش ـ ئەمگەكنىڭ قوينىدا،
خۇشال ئۆتەر كۈنىمىز.
ناخشا ئېيتساق جاراڭلىق،
ياڭرار ھەر يان ئۈنىمىز.

تۆمۈر يولنىڭ بىر ئۇچى،
بېيجىڭ بىلەن تۇتاشقان.
ئەمگەك ئىشقى ھەر كىمنىڭ،
يۈرىكىگە ئورناشقان.

پارتىيىنىڭ ۋاقتىدا،
بىزمۇ كىيىنۈق خادانى.
مىڭ يىل بۇرۇن كەلسىچۇ،
پارتىيىنىڭ زامانى.

ئاتامىزنىڭ ئاتاسى،
ئانامىزنىڭ ئاناسى.
بولدى ئۇلۇغ پارتىيە،
ھەممىمىزنىڭ پاناسى.

راۋاب چالسام تارىسى،
ئەجەب خۇشخۇي ئۈنلىدى.
بولغاچ ئۇلۇغ پارتىيە،
زامانىمىز گۈللىدى.

سۇ بولمىسا گوبىيدا،
گۈل - چېچەك ئۈنەرمىدى.
پارتىيىمىز بولمىسا،
بەختىمىز كۆلەرمىدى.

قۇياش نۇرى بولمىسا،
ئاشلىق ئۆسۈپ پىشامدۇ.
پارتىيىمىز بولمىسا،
چاپان تىزدىن ئاشامدۇ.

گۈگچەنداگىنىڭ دەۋرىدە،
كۆڭلۈم خۇشال يايرايدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە يېڭىمەھەللە يېزا 5 - مەھەللىدىن دېھ-
قان تۇردى توختى، 55 ياش.

توپلىغۇچى: شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 86 - يىللىق 4 - سىن-
نىپ ئوقۇغۇچىسى تاھىر.

1989 - يىل 6 - ئاي

ئۇچۇپ كەلگەن كاككۇكلار،
قوندى ئېگىز تېرەككە.
ئازادلىقتا خۇشاللىق،
سىغماي قالدى يۈرەككە.

كەمبەغەل بىچارىنىڭ،
ھاجىتى بولدى راۋا.
سىقىلغان يۈرەكلەرگە،
ئازادلىق بولدى داۋا.

پارتىيە يېتىپ كېلىپ،
ئېرىشتۇق بىز ھۆرمەتكە.
كۆن كۆردى يېتىم - يېسىر،
ئىگە بولۇپ دۆلەتكە.

زالىملارنى يوقاتتى،
ئىشچى - دېھقان بىرلىشىپ.
قەددىمىزنى كۆتەردۇق،
ئازادلىققا ئېرىشىپ.

كەلگەچ يېتىپ ئازادلىق،
تاشتى قايناپ خۇشاللىق.

ئاشنى ئالدۇق تونىلاپ،
چارۋىمىزمۇ ئايىندى.
ھالال ئىشلەپ باي بولدۇق،
دىلدا ئارمان قالمىدى.

يەرنى ئالدۇق ھۆددىگە،
تۇرمۇشىمىز باياشات.
ئاخشاملىرى ھويلىدا،
ئىچىشىمىز قەنت - ناۋات.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيەلىك خورۇم زاۋۇتىنىڭ كادىرى تەلئەتجان مۇھەممەدى، 25 ياش.

توپلىغۇچى: ساۋۇت سوپى.

1990- يىل 6- ئاي

ئاتا بىزگە گۆكچەنداك،
ئانا بىزگە گۆكچەنداك.
چۈنكى بىزنى قۇللۇقتىن،
قۇتۇلدۇرغان گۆكچەنداك.

گۆكچەنداكنىڭ دەۋرىدە،
ھەممە مىللەت باراۋەر.
بىللە ئىشلەپ كۈلىمىز،
قازىنىپ ئۇتۇق - زەپەر.

پارتىيىنىڭ دەۋرىدە،
بىزمۇ كىيدۇق تاۋارنى.
ياشاپ كەتسۇن مىڭ يىللار،
پارتىيىنىڭ زامانى.

بىزنىڭ باغدا بۇلبۇللار،
ئەجەب ئوبدان سايرايدۇ.

باغلار تولدى شادلىققا،
شاد ناخشىلار، كۈيلەرگە،
قوندى بۇلبۇل، كاككۇكلار،
بوستان بولغان گۈللەرگە.

غەم - قايغۇدىن قۇتۇلۇپ،
قىستۇق بەخت گۈلىنى.
ئۆم ھاياتتىن تاپتۇق بىز،
سائادەتنىڭ يولىنى.

شادلىقىمىز زور بىزنىڭ،
ئارزۇيىمىز ھەل بولدى.
يۇرتىمىزدا باياشات،
ھەممە نەرسە تەل بولدى.

ئەمگەك بىلەن يېزىمىز،
بولدى جەننەت گۈلىستان.
پۈتمەس كانغا ئايلاندى،
چەكسىز قۇملۇق باياۋان.

يېزىمىزنى گۈللەتتى،
دېھقانلارنىڭ تەرلىرى.
چۆل - جەزىرە باغ بولۇپ،
سالالاشتى يەرلىرى.

يېڭى ئۆيلەر ياراشتى.
يېڭى ئۆستەڭ بويىغا.
چۆمدى خۇشال دېھقانلار،
چەكسىز بەخت نۇرىغا.

ئەمدى بىزگە يات نەرسە،
خورۇنلۇق ھەم نادانلىق.

ئۆزۈم تىزدۇق تەخسىگە،
ئالما تىزدۇق تەخسىگە،
پارتىيىمىز ياشىسۇن،
خەلقىمىزنىڭ بەختىگە.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ شەھىرى ئىنگەچى يېزىسىدىن دېھقان خېلىل نىياز،
65 ياش.
خاتىرىلىگۈچى: موللا توختى ئىباي.

شۇنچە ئېگىز تىيانشان،
قاراپ ئاڭا كۆز يەتمەس.
ۋەتىنىمنى كۈيلەشكە،
تۈمەن داستان سۆز يەتمەس.

ۋەتەن قوينى گۈلباغدا،
خۇش سايرىغان كاككۇك بىز.
پارتىيەمنىڭ دەۋرىدە،
بەختىمىزنى تاپتۇق بىز.

يېزىمىزنىڭ قوينىدا،
ھەممە نەرسە كەڭ تاشا.
بىزگە بەخت ياغدۇرغان،
پارتىيىمىز مىڭ ياشا.

مول ھوسۇلغا چۆمۈلگەن،
ئوپناق مۇزات دەرياسى.
ياڭراپ كەتتى ھەرياندا،
مول ھوسۇلنىڭ ناۋاسى.

قاراڭ ئەجەب چىرايلىق،
يېزىمىزنىڭ باغلىرى.
ئاشۇ باغدا تەر تۆككەن،
ئىشچان ئوغۇل ـ قىزلىرى.

سۇ چىقاردى پارتىيە،
سۇ چىقمىغان چۆللەرگە.
گىياھ ئۈنمەس قاقاسنى،
يۈركۈۋەتتى گۈللەرگە.

بۇلبۇل ئەجەب سايرايدۇ،
تاڭ سەھەردە گۈللۈكتە.
پارتىيىگە مۇھەببەت،
يالقۇنجايدۇ يۈرەكتە.

بايراقتىكى بەش يۇلتۇز،
بەختىمىزنىڭ گۈلىدۇر.
دىلىمىزنى يورۇتقان،
پارتىيىنىڭ نۇرىدۇر.

چۆللەرمۇ ئاۋات بولدى،
خەلقىمىز قولى بىلەن.
بەختىمىزنى تاپتۇق بىز،
پارتىيە يولى بىلەن.

مېۋە بەردى چېچەكلەپ،
يېڭى باغنىڭ ئۆرۈكى.
پارتىيىمىز ھەر دائىم،
ئېلىمىزنىڭ تۈۋرۈكى.

كۆكتە قۇياش بولمىسا،
كۆكەرمەيدۇ دەرەخلەر،
پارتىيىمىز بولمىسا،
خۇش يايرىماس يۈرەكلەر،

بۇغداي، قوناق، پاختىنى،
دۆۋلىۋەتتى خامانغا.
پارتىيىمىز يەتكۈزدى،
بىزنى ئارزۇ ئارمانغا.

يېزىمىزدا ياشنىدى،
بۆك باراقسان ئورمانلار.
پارتىيىمىز دەۋرىدە،
كۈلدى بىزنىڭ ئارمانلار.

كۈنىمىز سەن پارتىيەم،
بەختىمىز سەن پارتىيەم.
كۆڭۈللەرنى يورۇتقان،
نۇرىمىز سەن پارتىيەم.

ياسىۋالدىم مۈڭگۈزدىن،
راۋابىمغا زەخمەكنى.
ئېيتساق ـ ئېيتساق تۈگىمەس،
پارتىيىگە رەھمەتنى.

گۈل ئەمەسمۇ بۇلبۇلنى،
گۈل ئىشقىدا سايراتقان.
سەن ئەمەسمۇ پارتىيەم،
بىزنى ئەركىن يايراتقان.

پارتىيىگە تەلپۈنەر
بىزنىڭ ئوتلۇق قەلبىمىز.

ئۆزگەرمەكتە چۆل - جەزىر،
بۈگۈن باغۇ بوستانغا.
پارتىيىنىڭ شەپقىتى،
سىغماس تۈمەن داستانغا.

كۆپەيمەكتە كۈنسېرى،
پۇل، بىسات ۋە مېلىمىز.
پارتىيىنىڭ مېھرىدىن،
ياشارماقتا جېنىمىز.

توپلىغۇچى: باي كۆمۈر (تېرەك) كانىدىن ئابلىز قۇربان، 55 ياش.

سىم تاناپلار تارتىلدى،
قاتار - قاتار ئۆيلەرگە.
بۇ بەختىيار زاماننى
قاتتۇق ناخشا - كۈيلەرگە.

تاڭ سەھەرنىڭ بۇلبۇلى،
ئويغىتىدۇ بىزلەرنى.
ئىشقا چىللاپ ئوت يۈرەك،
ئىشچان ئوغۇل - قىزلارنى.

رادىئودىن ھەر كۈنى،
ناخشا كېلەر يېقىملىق.
بىزنى شۇنداق ياشناتقان،
پارتىيىمىز ئەقىللىق.

قۇياش چىقتى تاڭ بىلەن،
يېزىمىزغا نۇر چاچتى.
پارتىيىمىز بىزلەرگە،
مەڭگۈ پارلاق يول ئاچتى.

پارتىيىمىز يەتكۈزدى،
بىزنى ئارزۇ مۇرادقا.
ئىگە قىلدى مەڭگۈلۈك،
ھۆر بەختلىك ھاياتقا.

توپلىغۇچى: باي ناھىيىسىدىن قەيۇم مەمتىمىن.

قولغا سالغان ئۈزۈكنىڭ،
جىڭ ياقۇتتىن كۆزى بار.
پارتىيىگە خەلقنىڭ،
تەشەككۈرى - سۆزى يار.

تاغدا قارلار ئېرىگەچ،
كەلكۈن كەلدى مۇزاتقا.
يەتكۈزمەكتە پارتىيە،
بىزنى گۈزەل ھاياتقا.

چۈشتى كۆركەم ئىمارەت،
ئېگىزلىككە - دۆڭلۈككە.
ئۈندىمەكتە پارتىيە،
بىزنى ئىناق - ئۆملۈككە.

ئىتتىپاق بىز-ئىناق بىز،
يوق ئاداۋەت، غەلۋىمىز.

دوختۇر ئىزلەپ بارمايمىز،
ئەمدى بىزلەر يىراقتا.
دوختۇرخانا ھەم دوختۇر،
شىپا ھەمدەم ئاغرىقتا.

مەدەنىيەت جانلىنىپ،
قۇرۇۋالدۇق سەنئەت دۆي.
ياڭراپ تۇرار ھەر كۈنى
يېڭى - يېڭى ناخشا - كۈي.

غەم - ئەندىشە قىلمايمىز
ھېچنەرسىدىن بىز پەقەت.
دەيمىز بارچە دېھقانلار:
پارتىيىگە مىڭ رەھمەت.

توپلىغۇچى: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىدىن نىياز مەخمۇت، 58 ياش.
1989- يىل 8 - ئاي.

راۋابىم ياخشى ئۈنلەيدۇ،
زەخمىكى سۆڭەك بولغاچ.
تاغدەك ئىشتىن قورقمايمىز،
گۆكچەنداڭ يۆلەك بولغاچ.

ساز بولدىيۇ، ساز بولدى،
راۋاب ئۈنى ساز بولدى.
پارتىيىنىڭ ۋاقتىدا،
غەم - قايغۇمىز ئاز بولدى.

كېمە يۇرمەس پالاقسىز،
قۇش ئۇچالماس قاناتسىز.

مەكتەپ، يەسلى ھەم زاۋۇت
قۇرۇۋالدۇق دۈيلەرگە،
ئاسماندىكى نۇر چولپان،
كۆچتى بۈگۈن ئۆيلەرگە.

گۈركىرەيدۇ ئېتىزدا،
تراكتور ھەم كومباين.
يۈكسەلمەكتە يېزىمىز،
ئالغا قاراپ كۈنسايىن.

ئاسانلاشتى كۈنسېرى،
ئېتىز - ئېرىق ئىشىمىز.
بۇ بەختىيار زاماندىن،
كۆككە يەتتى بېشىمىز.

يېزىمىزدىن دۈيلەرگە،
ماشىنىلار قاتنايدۇ.
دېھقانلارنىڭ خۇشلۇقى،
ئىچ - ئىچىگە پاتمايدۇ.

ياير اپ كېتەر يۈرەكلەر،
كۆرۈپ يېزا بېغىنى.
يۈيماقتىمىز بەسبەستە،
كۆڭلىمىزنىڭ دېغىنى.

قونتان بولۇپ سۇ چىقتى،
زامانىۋى قۇدۇقتىن.
ئېتىزلارغا تېرىدۇق،
ئەلا سورتلۇق ئۇرۇقتىن.

بەخت بەرگەن پارتىيە
چىقماس يوقسۇل يادىدىن.

سەيلە قىلدىم باغ ئارا،
ئىشتىن يېنىپ ئاخشامدا.
ئىلھام بەردى پارتىيە،
مېنىڭ ئوتلۇق ناخشامغا.

ئانىمىزدەك مېھرىبان،
ئاتىمىزدەك كۆيۈمجان.
پارتىيىمىز بولغاچقا،
شاد ياشايمىز بىز ھامان.

ياسىنىپتۇ كېلىنچەك،
چاچقا ئېسىپ تەڭگىنى.
ياخشى ئىشلەپ ئۆزگەرتتۇق،
يېزىمىزنىڭ رەڭگىنى.

ئۆستەڭ باغنى بويلايدۇ،
دەريا تاغنى بويلايدۇ.
پارتىيىمىز بىزلەرنى،
كېچە - كۈندۈز ئويلايدۇ.

يېڭى چاپقان ئۆستەڭنىڭ،
ئەجەب ئېگىز قېشى بار.
يۈرىكىمىز قېتىدا،
پارتىيىنىڭ گېپى بار.

ئەر - ئاياللار مىننەتدار،
پارتىيىنىڭ يولىدىن.

پارتىيىمىز بولمىسا،
ياشىيالامتۇق ھايات بىز.

ئەتىگەندە سەھەردە،
كۈن چىققىشقا قارايمىز.
پارتىيىنىڭ شەنىگە،
ناخشا ئېيتىپ سايرايمىز.

يېڭى باغنىڭ ئىچىدە
بۇلبۇل، كاككۇك ئۈنلەيدۇ.
يۈرىكىمىز، ۋاخشىمىز،
پارتىيىنى كۈيلەيدۇ.

ئوغۇت بەردۇق، سۇ بەردۇق،
زىرائەتكە - ئوتياشقا.
پارتىيىمىز ئوخشايدۇ،
ئاسماندىكى قۇياشقا.

ئەل تورۇقنى ماختايدۇ،
ئاتىنىڭ ياخشىسى چەدە.
پارتىيىمىز بولمىسا،
بىزگە بۇ بەخت نەدە.

ئانام بۇنچە كۆيمەستى،
دادام بۇنچە كۆيمەستى.
نۇر چاچمىسا پارتىيە،
بەختىم بۇنچە كۈلمەيتتى.

شاۋقۇن سېلىپ سۈزۈك سۇ،
ئاقتى گۈلشەن ۋادىدىن.

پارتىيەمىز بولمىسا،
كۆلەرمىدى كەمبەغەل.

ياپراقلار شېخى بىلەن،
مارجانلار يېپى بىلەن.
شانۇ شەرەپ تاپتۇق بىز،
پارتىيە يولى بىلەن.

ياقار دائىم قۇياشقا،
ئاپتاپپەرەس تاجىسى.
پارتىيىگە باقىدۇ،
ئەمگەكچىنىڭ بارچىسى.

گۈل ـ غۇنچىلار ئېچىلدى،
باھارنىڭ نۇرى بىلەن.
بەختىمىزنى تاپتۇق بىز،
پارتىيە يولى بىلەن.

پولات چىشلىق ساپانلار،
يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇردى.
قۇياشىمىز پارتىيە،
بەخت نۇرى ياغدۇردى.

سايرار زاۋۇت گۈدۈكى،
تەڭكەش بولۇپ بۇلبۇلغا.
پارتىيەدىن كۈچ ئېلىپ،
مىندى خەلقىم دۇلدۇلغا.

يېزىمىزنىڭ ياختىسى،
بۇلۇتلارغا تەڭ بولدى.

كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەيدۇ،
كەتمەن چۈشمەيدۇ قولىدىن.

يېزىمىزنىڭ ياشلىرى،
ئۆستەڭلەرنى قاشلىدى.
پارتىيىمىز بىزلەرنى،
توغرا يولغا باشلىدى.

يېزىلاردا دېھقانلار،
بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك.
كوممۇنىزم قۇرۇشتا،
پارتىيە يولى كېرەك.

يېزىمىزدا كۈن بويى،
بۇلبۇل، كاككۇك سايرايدۇ.
پارتىيىمىز دەۋرىدە،
كۆڭلىمىز خۇش يايرايدۇ.

شامال چىقسا لىگشىيدۇ،
يېزىمىزنىڭ تېرىكى.
تەلپۈنىدۇ بېيجىڭگە،
ئەزالارنىڭ يۈرىكى.

گۈل بولدىيۇ گۈل بولدى،
قاقاس چۆللەر گۈل بولدى.
پارتىيىنىڭ دەۋرىدە،
قەلبىمىزگە نۇر تولدى.

ئەگەر باھار كەلمىسە،
ئاقارمىدى سايدا سەل.

ئېلىپ بەردى بايلاردىن،
ئېزىلگەننىڭ ئەتىپنى.

پارتىيىنىڭ زامانى،
ئېزىلگەننى ھۆر قىلدى.
قاراڭغۇلۇق يوقىلىپ،
يۇرتىمىزغا نۇر تولدى.

قىزىل تۇغنىڭ نۇرىدا،
قىزىپ كەتتى ئىشىمىز.
پارتىيىنىڭ ۋاقتىدا،
كۆككە يەتتى بېشىمىز.

يانتاق ئۈنمىگەن چۆللەر،
تولۇپ كەتتى ئورمانغا.
پارتىيە زامانىدا،
يەتتۇق ئارزۇ ئارمانغا.

تاش ئۆستەڭگە سۇ كېلىپ،
ئېتىزلار تولۇپ كەتتى.
پارتىيىنىڭ نۇرىدىن،
بەختىمىز كۆلۈپ كەتتى.

كوممۇنىستىك پارتىيە،
دىلىمىزنى يورۇتتى.
بىلىمگەننى بىلدۇرۇپ،
ئاق - قارىنى تونۇتتى.

قاش ئۆستەڭنىڭ بويلىرى،
قاتار - قاتار كۆچەتلىك.

پارتىيەنىڭ ۋاقتىدا،
ھەممە نەرسە كەڭ بولدى.

يولتۇز ئەمەس چىراغكەن،
كۆزىمىزنى چاقناتقان.
سەن ئەمەسمۇ پارتىيە،
بىزنى گۈلدەك ياشناتقان.

كۈرەش قىلىپ غەيرەتلىك،
يېڭى يېزا قۇرىمىز.
پارتىيىنىڭ پېشىنى،
مەڭگۈ مەھكەم تۇتىمىز.

باغدا سايرىغان بۇلبۇل،
كۆڭۈلنىڭ زوقىنى ئاچتى.
پارتىيە قۇياش بولۇپ،
بىزگە نۇرىنى چاچتى.

ئالدىمىزدا ئېچىغلىق،
نېمەت تولغان داستىخان.
بۇ خۇشاللىق كۈنلەرنى،
پارتىيىمىز ياراتقان.

تىيانشاننىڭ ئۈستىگە،
چىقسام بېيجىڭ كۆرۈنەر.
پارتىيىنى كۈيلىسەم،
دىلىم تاغدەك سۆيۈنەر.

پارتىيىمىز كۆتەردى،
كەمبەغەلنىڭ قەددىنى.

ئازادلىق تېگىنى ئېتىپ،
كۆتۈرۈلدى قەددىمىز.

باھار كېلىپ باغلاردا،
بۇلبۇل، كاككۇك سايرىدى.
پارتىيىنىڭ مېھرىدىن،
قەلبىمىز شاد يايرىدى.

تاڭ سەھەرنىڭ ھاۋاسى،
كۆڭۈلنى زەپ ئاچىدۇ.
پارتىيىمىز قۇياشتەك،
ئىللىق نۇرلار چاچىدۇ.

ئاقار باھار پەسلىدە،
تاغ سۇلىرى سەل بولۇپ،
شادلاندۇق بىز دېھقانلار،
ئارزۇيىمىز ھەل بولۇپ.

دەريالارنىڭ سۇلىرى،
ئۇركەش بولۇپ ئاقىدۇ.
پارتىيىنىڭ سۆزلىرى،
بىزگە قەنتتەك ياقىدۇ.

باھار پەسلى باغلاردا،
ئېچىلىدۇ چېچەكلەر.
پارتىيىنىڭ مېھرىگە،
قانمايدۇ ھېچ يۈرەكلەر.

ئۇنۇپ چىققان مايسىلار،
ئالار يەردىن قۇۋۋەتنى.

مەدەت بەدى پارتىيە،
بىز ئىشلەيمىز يۈرەكلىك.

قوغۇن تېرىدىم چۆنەكلەپ،
سۇيىما چۈشتى چېچەكلەپ.
نۇرلۇق يولغا باشلىدى،
پارتىيىمىز يېتەكلەپ.

چۆلدە باغ بىنا قىلغان،
ئەمگەكچىنىڭ قولىدۇر.
بىزنى ئالغا باشلىغان،
پارتىيىنىڭ يولىدۇر.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كەلپىن ناھىيە يورچى يېزىسىدىن مەشھۇر خەلق قوشاقچىسى لاچىن سايىت، 68 ياش.

توپلىغۇچى: ئىسلام سادىق.

1990-يىل 4-ئاي

ئۇ ئويۇقتا پاختا بار،
بۇ ئويۇقتا پاختا بار.
پارتىيىنىڭ ۋاقتىدا،
ئەمگەكچىنىڭ بەختى بار.

ھويلامدىكى ئۈجمىنىڭ،
بىر شېخى راۋاب بولدى.
پارتىيىمىز بولغاچقا،
يۇرتىمىز ئاۋات بولدى.

كەلدى بىزنىڭ دەۋرىمىز،
ھېچ قالمىدى دەردىمىز.

ئۆزۈم تىزدىم تەخسىگە،
ئالما تىزدىم تەخسىگە.
پارتىيىمىز ياشىسۇن،
بىز خەلقنىڭ بەختىگە.

بۇلبۇل ئامراق گۈللۈككە،
بىز ئامراقمىز ئۆملۈككە.
ئېرىشتۇردى پارتىيە،
ئېلىمىزنى ھۆرلۈككە.

بۇلبۇل باغدىن ئايرىلماس،
بېلىق سۇدىن ئوكياندىن.
گۆكچەنداڭغا ئەگەشمەك،
ئاداشمايمىز نىشاندىن.

شىلدىر ـ شىلدىر سۈزۈك سۇ،
سىرغىپ چۈشەر ئېقىندىن.
پارتىيىگە ھەممىمىز،
ئەگىشىمىز يېقىندىن.

ئاسماندىكى يۇلتۇزلار،
سانىغانغا تۈگىمەس.
پارتىيىنىڭ شەپقىتى،
كۆيلىگەنگە تۈگىمەس.

يۇرتىمىزنىڭ ئەزەلدىن،
ئاۋات دېگەن نامى بار.
گۈل ـ گۈلىستان قوينىدا،
ھەر خىل بايلىق كانى بار.

باي بولغاندا دېهقانلار،
ئۇنۇتمايمىز دۆلەتنى.

كۆكلەم پەسلى گۈل ـ گىياھ،
كۆزگە گۈزەل كۆرۈنەر.
بۇ بەختىيار دەۋردىن،
يۈرىكىمىز سۆيۈنەر.

چىنار تىكتۇق تاغلارغا،
ئالما تىكتۇق باغلارغا.
ئۇرغۇپ تۇرار كۈيىمىز،
بۇ بەختىيار چاغلارغا.

بۇلبۇل خۇشال سايرايدۇ،
بېغىمىزدا بوستاندا.
پارتىيىنى كۈيلەيمىز،
ناخشىمىزدا ـ داستاندا.

قىيان كېلەر شارقىراپ،
ئېگىز ـ ئېگىز تاغلاردىن.
سۆيۈنمەكتە قەلبىمىز،
سائادەتلىك چاغلاردىن.

ئېچسەك بۇلاق سۇيىنى،
ئۇتتەك يۈرەك سەگىدى.
كومپارتىيە بولمىسا،
بىزگە بەخت نەدىتى.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئاۋات ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشمىدىن تو
بۇلقاسىم ئابدۇللا، 32 ياش.

بېغىمىزدا كۆپەيتتۇق،
نەشپۈت بىلەن ئانارنى.
ئېلىپ كەلدى ئىسلاھات،
بىزگە ئىللىق باھارنى.

ئۆستەڭلەردە سۈپ - سۈزۈك،
سۇلار شارقىراپ ئاقار.
يېڭى دەۋران قوينىدا،
ئەمگەكچىنىڭ بەختى بار.

ياشنىتىدۇ مايسىنى،
ئىللىق قۇياش نۇرلىرى.
دېھقان رازى، ئېچىلغاچ،
بېيىشنىڭ كەڭ يوللىرى.

بېلىق ئامراق دېڭىزغا،
بۈركۈت ئامراق تاغلارغا.
ئەمگەكچىلەر ئۆزگەرتەر،
چۆلنى گۈزەل باغلارغا.

باغقا بۇغداي تېرىسام،
يەرگە تەگدى باشلىرى.
جاسارەتتە ئىشلەيدۇ،
يېزىمىزنىڭ ياشلىرى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە بەشئېرىق يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتىن گاۋھەر تۇردى، 50 ياش.

توپلىغۇچى: توختىنىياز مەتنىياز.

قولۇمدىكى ئۈزۈكنىڭ،
مەرۋايىتتىن كۆزى بار.

رېزىنكە چاق بېكىتتۇق،
چوڭ يارىيا ھارۋىغا.
يۇرتىمىزنىڭ يايلىقى،
تولدى سانسىز چارۋىغا.

سىياسەتنى ئۆگىنىپ،
توغرىلاندى ئېڭىمىز.
بېيىپ روناق تېپىپتۇق،
پۈتۈن بولدى نېنىمىز.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە ئايباغ يېزىسىدىن مەرىيەمسا قادىر 47 ياش.
تۇپلىغۇچى: ئىلياس باۋۇدۇن.

باغقا گۈللەر تېرىساق،
ئۈنۈپ چىقتى بەش قۇلاق.
بۇ دۇنيادا بارمىدۇ،
پارتىيىدەك نۇر چىراغ.

قۇياش چىقىپ شەرقتىن،
يۇرتىمىزغا نۇر چاچتى.
كەمبەغەلگە ـ يوقسۇلغا،
بەخت يولىنى ئاچتى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات غورۇچۆل يېزىسىدىن ئايشەم توختى، 32 ياش، ساۋاتلىق.
توپلىغۇچى: ئابدۇقادىر مۇسا.

چوڭ ئۆستەڭنىڭ قېشىنى،
بەكمۇ ئېگىز قاشلىدۇق.
پارتىيىنىڭ ۋاقتىدا،
باي بولۇشقا باشلىدۇق.

يېڭى چاپقان بولاقتىن،
سۇلار ئاقار بولدۇقلاپ.
قوشاق قاتتۇق داھىمىز،
ماۋجۇشىنى ئۇلۇغلاپ.

ئېيتقۇچى بەركۈچى: ئاۋات بەشئېرىق يېزا قۇمئېرىق كەنتىدىن مۆرىخان توختىياز، 44 ياش، ساۋاتلىق.
توپلىغۇچى: توختىياز شانىياز.

ئۈستەڭ چاپتۇق تۈز قىلىپ،
سۇلار ئاقتى بەك راۋان.
بىزدە تۈگەپ ئەندىشە،
تۇرمۇش بولدى پاراۋان.

كۆپ ئىشلىگەن چىشلىدى،
ھورۇنلارنى قىستىدى.
قوتانلاردا قوي، كالا،
ئايغىرلىرى كىشنىدى.

زامانىمىز كەڭ تاشا،
قىلماقتىمىز تاماشا.
شۇ بەختنى كەلتۈرگەن،
پارتىيىمىز مىڭ ياشا.

ئۆتمۈشتە ئېزىلگەن بىز،
زالىملارنىڭ قولىدا.
ئازاد بولدۇق ئەمدى بىز،
پارتىيىنىڭ نۇرىدا.

ئېيتىپ بەركۈچى: شاپار يېڭىمەھەللە يېزا 6- مەھەللىدىن دېھقان غوپۇر ئابدۇللا، 60 ياش.
توپلىغۇچى: ماھىرە.

يۈرىكىمىنىڭ قېتىدا،
ماۋجۇشىنىڭ سۆزى بار.

تۇمۇچۇقۇم سايرايدۇ،
هويلامدىكى تېرەكتە.
ماۋجۇشىنىڭ سۆزىنى،
چىن ساقلايمەن يۈرەكتە.

ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ،
ساناپ بولماس سانىنى.
بىر كۆرسەم دەپ تىلەيمەن،
ماۋجۇشىنى — داھىنى.

ئاشنى ئىتىك ۋاقتىدا،
ئۇننى يىپىك تاختىدا.
ئوينىۋېلىڭلار ياش باللار،
پارتىيىنىڭ ۋاقتىدا.
ئىشىك ئالدى بوستانلىق،
سۇ قۇيۇپ قۇرۇتماسمەن.
ماۋجۇشىنى — داھىنى،
ئۆلسەممۇ ئۇنۇتماسمەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كەلپىن ناھىيە يورچى يېزىسىدىن تۇردىخان مۇسا، دېھقان ئە
ساۋاتسىز.
توپلىغۇچى: كەلپىن ناھىيىلىك پارتكومدىن ئەمەتجان مامۇت.

باغلارغا تېرىپ قويدۇم،
ئۈزۈم بىلەن ئانارنى.
ماۋجۇشىمىز كەلتۈردى،
بىزگە كۆكلەم باھارنى.

ئاق لەيلى، قىزىل لەيلى،
باغدا قىلىنىمىز سەيلى.
پارتىيىنىڭ دەۋرىدە،
قانچە بېيىساق مەيلى.

ئالما ئاتتىم لەيلىتىپ،
باغلىرىڭنى سەيلىتىپ.
بىز دېھقانلار ئىشلەيمىز،
تراكتورنى ياڭرىتىپ.

ئىشلىگەچكە دېھقانلار،
مول ھوسۇلدىن خۇش بولدى.
ئىلىم - پەننى ئۆگىنىپ،
ئامىتىمۇ قوش بولدى.

رەتلەپ چىقتۇق ئېتىزنى،
ھەر تەرەپكە يول ئايرىپ.
خۇش بولۇشتۇق دېھقانلار،
گۈللەپ كەتسە مائارىپ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن چاۋار يۈسۈپ،
78 ياش.
توپلىغۇچى: شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن پاتەم نىياز.

گۈل تېرىدۇق سايلارغا،
قۇل بولمىدۇق بايلارغا.
گۈل ئېچىلدى شاخلاردا،
تۇزىمىدى شامالدا.

باغ ئىچىدە يايرايسەن،
بۇلبۇل بولۇپ سايرايسەن.

پارتىيىنىڭ سىياسىتى،
ئىسلاھاتقا يول ئاچتى.
بىزنىڭ گۈزەل يېزىغا،
پارلاق نۇرىنى چاچتى.

پارتىيىنىڭ ۋاقتىدا،
قازان - قومۇچ ماي بولدى.
زەيكەش - قۇملۇق، دەشتلەر،
گۈزەل، مۇنبەت جاي بولدى.

توي بولدى - يا، توي بولدى،
يۇرتىمىزدا توي بولدى.
ئىسلاھاتنىڭ نۇرىدا،
ھەممە كىشى باي بولدى.


بەكمۇ ئىللىق، يېقىملىق،
يۇرتىمىزنىڭ ھاۋاسى.
ئىشچان ئوغۇل قىزلارنىڭ،
ياڭرار ناخشا ساداسى.

ئېيتىپ بەرگۈچى شايار ناھىيە تويبولدى يېزا ئىشەنچى مەھەللىدىن لوقمان ئېمىرەزە، 40 ياش.

توپلىغۇچى: ئەسقەر.

ئاشنى ئەتتىم ۋاقتىدا،
ئۇننى يايدىم تاختىدا.
ئەمدى ئوبدان باي بولاي،
پارتىيىنىڭ ۋاقتىدا.

# مۇراسىم قوشاقلىرى



ياشىۋال ئوغۇل ـ قىزلار،
ئىش قوينىدا قايناپسەن.

كونىشەرنى داڭلايسەن،
يېڭىشەرگە يەتمەيدۇ.
تۇرمۇشىمىز پاراۋان،
ھېچ غەم قىلىش كەتمەيدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كەلپىن ناھىيە كەزلىك يېزىسىدىن دېھقان خۇداقۇلى ھەققۇلى، 50 ياش.
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇساتتار ھامىدىن.

گۈيخۇا قىلىپ پىلانلاپ،
يول سالدۇق دالا ـ تۈزگە.
يۈكسىلىمىز كۈرەشتە،
پارتىيە يۆلەك بىزگە.

دېھقانلارنىڭ غەيرىتى،
يەتتى ئاسمان پەلەككە.
پارتىيىگە ئەگىشىپ،
ئىلگىرىلەيمىز ئەبەدكە.

سۇ باشلىدۇق باغلارغا،
چوڭ دەريادىن، ئېقىندىن.
ئەگىشىمىز تائەبەد،
پارتىيىگە يېقىندىن.

باھار پەسلى تىزلىپ،
قاتار ـ قاتار غاز كېلەر.
پارتىيىگە تۇمەنمىڭ،
رەھمەت ئېيتساق ئاز كېلەر.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كەلپىن ناھىيە يورچى يېزىلىق پارتكومىدىن ھاپىز توختى، 28 ياش.
توپلىغۇچى: كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن ئەمەتجان مامۇت.

# ھازا قوشاقلىرى

## داموللا ناخشىسى

داموللام جېنىم دوستۇم،
ئەسلەيمەن سېنى دائىم.
ھەسرىتىڭدىن يىغلىسام،
تىڭشىمايدۇ خۇدايىم.

ئۆلۈپ كەتتىڭ داموللام،
يېشىڭ تېخى ئەللىكتە.
بالىلىرىڭنىڭ ئالدىدا،
قويدۇڭ مېنى تەڭلىكتە.

بىلمەيتتىمەن دەردىڭنى،
سارغايساڭ كېسەللىكتە.
كەچۈرگىن گۇناھىمنى،
مەن ئېغىر سەۋەنلىكتە.

دۇتارىڭنى سايرىتىپ،
چالدىڭ سەن جان ئۆزگىچە.
ئۆزۈڭ چېلىپ ئۆزۈڭ يىغلاپ،
تاڭ ئاتتى قانچە كېچە.

تاشمۇ ئېرىپ سۇ بولدى،
ئەلنىڭ يىغا زارىدىن.
ئىككى يېتىم بالاڭنىڭ،
چەككەن دەرد ئازابىدىن.



چىراغىڭ يېنىپ تۇرسۇن،
ئۆيۈڭدە ـ مەھەللەڭدە.
مەنمۇ ئۇنتۇپ قالماسمەن،
ئامان بولسا جېنىم تەندە.

ئېيتىپ بەرگۈچى: باي ناھىيە مىچىخ 10 - كەنتتىن دېھقان مۇسەن مۇللام، 65 ياش.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئۆمەر پەيزى، تۇرسۇنجان.

## جۇدالىق قوشاقلىرى

تاغمۇ تاشلار تەق دەيدۇ،
باغدا بۇلبۇل سايرايدۇ.
ئۆلمەي قالغان لەشكىرىڭ،
خان غوجام دەپ يىغلايدۇ.

ئاتخاناڭغا كىرسەممەن،
مىنگەن ئېتىڭ تۇرۇپتۇ.
بۆگۈن ئۈچ كۈن بولۇپتۇ،
يېمەكلىرى تۇرۇپتۇ.

ئوت بەرسەكمۇ يېمەپتۇ،
سۇ بەرسەكمۇ ئىچمەپتۇ.
ھايۋان جېنىدا بالام،
ساڭا ماتەم تۇتۇپتۇ.

بۇلتۇر ئەتىياز ئېيىدا،
بالدۇر كەلدى قارلىغاچ.
پىيالىمدا ① چەك قىلىپ،
ئۇڭدا ياتتىڭ يالىڭاچ.

① پىيالا — جاي ئىسمى.

بالىلىرىڭ رابى - راخمان،
قاقشىدى قىلىپ ناله.
تېخى يۇمران باغرىنى،
ئازابتىن قىلىپ پاره.

مەن قانداق قىلاي سەۋرى،
تەسەللى بېرەي كىمگە.
ئېقىپ تۇرسا كۆز يېشى،
پىژىلداپ يۈرەكىمدە.

تەس ئەمەسمۇ ھەجەرگە،
ئىككى بالاڭ تەلمۈرسە.
نېمىشقىمۇ خۇدايىم،
تەگشىمەيدۇ بەزىدە.

«ئەستى موللام» ① ئالدىغا،
يېتىپ باردىڭ ھەيۋەتتە.
چىقماسمىدى ئالدىڭغا،
جان بولسا شۇ ھەزرەتتە.

يېگى يوق - ياقاسى يوق،
تونىنى كەيدىڭ غەپلەتتە.
جېنى يوق - تاقاسى يوق،
ئاتقا مىندىڭ ھەيۋەتتە.

ياخشى ياتقىن، خۇش ياتقىن،
گۈللەر ئۈنسۈن قەبرەڭدە.
ئىنساب بەرسۇن خۇدايىم،
بالىلىرىڭغا - نەۋرەڭگە.

---

① ئەستى موللام — يۇرتتىكى مۇتىۋەر كىشى.

ئۆلۈپ قالار دېمەيتىم،
غېرىب بولدۇم مۇرەببىم.
نەدىن ئىزدەي مۇرەببىم،
قايدىن تاپاي مۇرەببىم.
سىزدىن كېيىن قالغۇچە،
مەنمۇ ئۆلەي مۇرەببىم.
ئېتىز - دالا باغرىغا،
كۆك ئۈندۈرگەن مۇردىببىم.
باغى ھەرەم ئىچىگە،
گۈل ئۈندۈرگەن مۇرەببىم.
قايغۇ غەملىك بېشىمغا،
كۆلا كىنيەي مۇرەببىم.
ھاسا ئېلىپ قولۇمغا،
بىللە كېتەي مۇرەببىم.

(ئەرلەر)

ئاغچام ۋاي ئاغچام،
غېرىب بولدۇم ئاغچام.
نەگە باراي ئاغچام،
نەدە تۇراي ئاغچام.
ئالتە كۆمەچ ناشتىلىق،
كەم غىزايى ئاغچام.
بىر جىلك پاختا ئۈچ يىللىق،
ئوقەت گۈزە ئاغچام.
ھەپتىدە يۈزنى يۇمايتتى،
ناماز گۈزە ئاغچام.
جەينىمازغا باغلاپ قويسام،
ئاغامچا ئۈزەر ئاغچام.

پېيالىمنىڭ چۆلىدە،
ئىچمەككە سۇ يوق ئىكەن.
تەنلىرىڭگە پاتقاندۇ،
تاشلىقتا قامغاق تىكەن.

ئېگىز تېرەك ئۆرۈلدى،
يۆلىۋالماق تەس بولدى.
ئۈنچە - مارجان چېچىلدى،
تېرىۋالغىچە كەچ بولدى.

جىنازاڭنىڭ ئالدىدا،
ماڭدى دوستلار يۈرەكلىك.
يېتىم قالدى بىر قىزىڭ،
بۆشۈكىدە بۆلەكلىك.

تۇل قالغان ئايالىڭنى،
سول قولۇمدا يېتىلەي.
يېتىم قالغان بالاڭنى،
ئوڭ قولۇمدا كۆتۈرەي.

قولۇمغا ھاسا ئېلىپ،
دىۋانە بولۇپ كېتەي.
سەرگەردان بولۇپ كېتەي،
دەردىڭدە ئۆلۈپ كېتەي.

### ھازا قوشىقى

(ئايالالار)

مۇرەبىم، ۋاي مۇرەبىم،
قىز چېغىمدا تېگىپتىم.

هىچ كىشىگە كەلمىسۇن،
ماڭا كەلگەن دەرد ـ ئەلەم.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار بازار ئىچىدىن سەمەت ئىمىن، 52 ياش.
توپلىغۇچى: ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كادىرى ساۋۇت سوپى.

## ئانام

سىز سەكراتقا چۈشكەندە ئانام، ئانام، ئانام،
خورەك تارتتى دەپتىمەن ئانام، ئانام، ئانام.
كۆزلىرىڭىز يۇمۇلغاندا، ئانام، ئانام، ئانام،
ئۇخلاپ قالدى دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.
ئېڭەكىڭىز تېڭىلغاندا، ئانام، ئانام، ئانام،
رومال ئارتتى دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.
غۇسلى سۈيى قۇيۇلغاندا، ئانام، ئانام، ئانام،
تەرەت ئالدى دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.
كېپەن تونى كىيگەندە، ئانام، ئانام، ئانام،
كۆڭلەك كىيدى دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.
جىنازىغا سالغاندا، ئانام، ئانام، ئانام،
مەپىگە چۈشتى دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.
خەلقئالەم يىغىلغاندا، ئانام، ئانام، ئانام،
تويى بولدى دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.
يېتىپ باردۇق مازارغا، ئانام، ئانام، ئانام،
كىرىپ كەتتىڭىز سارايغا، ئانام، ئانام، ئانام.
قاراپ قالدۇق كامارغا، ئانام، ئانام، ئانام،
يېتىپ قالدۇق تالادا، ئانام، ئانام، ئانام.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار بازار ئىچىدىن سەمەت ئىمىن، 43 ياش.
توپلىغۇچى: ساۋۇت سوپى.

قانداق قىلاي ئاغچام،
قانداق ئېتەي ئاغچام.
ئۆتىڭىزغا پايلىماي،
ھەجگە كېتەي ئاغچام.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ شەھەر ئىچىدىن تۇخسان مۇمىن، 64 ياش، ساۋاتسىز.

خاتىرىلىگۈچى: چاۋار يۈسۈپ، ئاقسۇ شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كادىرى، 70 ياش.

(«مىراس» ژۇرنىلى 1984 - يىللىق 3 - سانىدىن ئېلىندى).

## مەرسىيە قوشاقلىرى

يەرلىكنى كولاۋېتىپ،
كەتمەن قايرىلىپ كەتتى.
قايقىنىڭ ① يىگىتلىرى،
ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتتى.

ئاق ئىتىممۇ بوغۇشۇپ،
قارا ئىتىمنى بوغۇپتۇ.
بىچارە جېنىم ئانام،
غېرىبلىقتا تۇغۇپتۇ.

ئاق ئىت بىلەن قارا ئىت،
بوغۇشمىسىمۇ بولاتتى.
مېنى يالغۇزلۇقتا مۇنداق،
تۇغمىسىمۇ بولاتتى.

بېلىمگە باغلىدىم ئەلەم،
موللا قولىدا قەلەم.

---

① قايقا — جاي ئىسمى.

كېپەنلىكنى تاپالماي،
چاپان بىلەن كۆمدۈڭمۇ؟

سەللىسىنى كۆمۈپسەن،
ئىگىن بىلەن قويدۇڭمۇ؟
كالىچىنى ئېلىپ سەن،
ئۆزۈم كىيەي دېدىڭمۇ؟

كۆڭلى يۇمشاق رەھمەتلىك،
غېرىبلارغا شەپقەتلىك،
ھەممە ئىشتا جۈرئەتلىك،
زايا بولغان غوپۇر ھاجىم.

ئاقسۇغىمۇ بېرىپتىكەن،
ساق سالامەت يېنىپتىكەن.
داغىلىققا ① كەلگەندە،
مەرھۇم بولغان غوپۇر ھاجىم.

ئاق قۇشقاچ، قارا قۇشقاچ،
چا بۇغدايغا تويدۇڭمۇ؟
ئىستىقىنا غوپۇر ھاجىم،
قېرىنداشقا تويدۇڭمۇ؟

ئىلى يولى قومۇشلۇق،
ئورغاق سېلىپ ئورغان يوق.
شايار بازىرى ئىچىدە،
غوپۇر ھاجىمدەك ئۆلگەن يوق.

---

① داغىلىق — جاي ئىسمى.

## غوپۇر ھاجىم (1)

بىر ئېرىقتا سۇ ئاقۇر،
بىر ئېرىقتا قۇم ئاقۇر.
غوپۇر ھاجىم ئۆلۈپ كەتتى،
ئىككى بالىسىنى كىم باقۇر.

غوپۇر ھاجىنىڭ ئاتلىرى،
ئېگىز ئوقۇردا ئوت يەيدۇ.
ھاجى خېنىم بىچارە،
ئاھ بالام دەپ يىغلايدۇ.

سېرىق قۇشقاچ سايرايدۇ،
سامانلىقتا ئۇۋاسى.
غوپۇر ھاجىمنى ئۆلتۈرگەن،
قېرىندىشى ئاكاسى.

ئاخىر بىر كۈن ئۆلەردۇق،
قارا يەرگە كىرەردۇق.
ئالتە كۈن ئۆمۈر بەرسە،
تىرىكلىكتە كۆرەردۇق.

غوپۇر ھاجىم بىلەن كەلدىڭمۇ؟
دەريا بويىدا ماڭدىڭمۇ؟

(1) غوپۇر ھاجىم شايار ناھىيىسىنىڭ توپبولدى يېزىسىنىڭ يېڭىباغ كەنتىدىن بولۇپ، ئازادلىقتىن بۇرۇن شايار تەۋەسىدە دىنىي بىلىمدە كۆزگە كۆرۈنگەن زات ئىدى، ئەينى يىللاردا ئاكىسى مامۇت بىلەن ئاقسۇدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، سەپەر ئۈستىدە ئۆز ئاكىسىنىڭ قولىدا قەتلە قىلىنغان، كېيىن ئاكىسى مامۇت قاتىللىق جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان.

تاۋار كەسكەن قايچىمۇ سىز،
دۇردۇن كەسكەن قايچىمۇ سىز.
غوپۇر ھاجىمنىڭ دەردىدە،
كاۋاپ بولغان ھاجىمۇ سىز.

باغىڭدىكى ئۈجمەڭنىڭ،
بىر شاخى راۋاب بولدى.
غوپۇر ھاجىمنى ئويلىساق،
باغرىمىز كاۋاپ بولدى،

ئاسماندا ئۇچۇپ ئۆتكەن،
ئۆردەك بىلەن يېشىل غاز.
مۇرادىغا يېتەلمىگەن،
غوپۇر ھاجىم سوخەنداز.

ئۆزى ئالىم غوپۇر ھاجىم،
قۇرئانغا قارىم غوپۇر ھاجىم.
ھامۇت شۇمپەن قولىدا،
شېھىت بولغان غوپۇر ھاجىم.

غوپۇر ھاجىمنىڭ ئاتلىرى،
ئېگىز ئوقۇردا ئوت يەيدۇ.
غوپۇر ھاجىمنىڭ بالىلىرى،
ئاھ ئاتام دەپ يىغلايدۇ.

ئاسماندىكى پەرىشتە،
تاۋار - دۇگا كىيىشە.
يىغلىمىسىلا ھاجى خېنىم،
غوپۇر ھاجىم بېھىشتە.

غوپۇر ھاجىم ئۆزى ئالىم،
قۇرئان سۆزىگىمۇ ئالىم.
غوپۇر ھاجىمنى ئۆلتۈرگەن،
ماھمۇت دېگەن قانخور زالىم.

ئاتا دېدىلىمۇ ھاجىم؟
ئانا دېدىلىمۇ ھاجىم؟
چوت باشلىرىغا تەگگەندە،
ئاللا دېدىلىمۇ ھاجىم؟

ئاسماندا يۇلتۇز تولا،
بىر - بىرىگە ئوخشىماس.
شاياردا ئادەم تولا،
غوپۇر ھاجىمغا ئوخشىماس.

كۆك كەپتەر بولۇپ باقتۇق،
شادىغا قونۇپ باقتۇق.
غوپۇر ھاجىمنىڭ دەردىدە،
تۇپراق چۆرگىلەپ باقتۇق.

غوپۇر ھاجىمنىڭ باغىدا،
ئەنجۇر بىلەن ياڭاق بار.
ماھمۇت شۇمپەن بوينىدا،
زەنجىر بىلەن تاقاق بار.

باغىڭدىكى تېرەكنىڭ،
قۇرۇپ كېتىشىنى كىم بىلدى،
غوپۇر ھاجىمدەك ئالىمنىڭ،
ئۆلۈپ كېتىشىنى كىم بىلدى.

غوپۇر ھاجىمنىڭ ئاتلىرى،
بېشى تۆۋەن ئوت يەيدۇ.
غوپۇر ھاجىمنىڭ ئانىسى،
ھاجىم بالام دەپ يىغلايدۇ.

غوپۇر ھاجىمنىڭ ئاتلىرى،
قارا ياغاچقا باغلاقلىق.
غوپۇر ھاجىمنىڭ داۋايى،
قىيامەتكە قاراقلىق.

ياش تۇرۇپ قارى بولغان،
ئالەمگە مەشھۇر بولغان.
ئالىملىقتا توشقاندا،
مەرھۇم بولغان غوپۇر ھاجىم.

كۆڭلى يۇمشاق رەھمەتلىك،
غېرىبلارغا شەپقەتلىك.
ھەممە ئىشتا جۈرئەتلىك،
زايا بولغان غوپۇر ھاجىم.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ھەمراخان، ئايال، ئۇيغۇر، 70 ياش، ساۋاتسىز، دېھقان، شايار ناھىيە تويبولدى يېزا پەيزاۋات مەھەللىسىدىن.

توپلىغۇچى: دىلنار، 22 ياش، شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 86- يىللىق 4 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

1989 - يىلى 6 - ئايدا تويبولدى يېزىسىدا توپلاندى.

## مەرسىيە قوشاقلىرى

كەلپىن خەلقى ئىچىدىن،
تارقىدى بىر شۇم خەۋەر.

ئاقسۇدا قونارمەن دەپ،
داغىلىقتا قونۇپ قالدى،
ئۈچ ئايدا كېلەرمەن دەپ،
گۆرىستاندا يېتىپ قالدى.

قولۇمنى كېسىپ ئالدى،
ياغاچچى بالىنىڭ چوتى.
ئۇرۇق - تۇغقانلارنى يىغلاتتى،
غوپۇر ھاجىمنىڭ ئوتى.

ئوڭ قولۇم بىلەن تۇتۇپ،
سالسام ياغاچقا رەندىنى.
غوپۇر ھاجىمنىڭ دەردىدە،
كىيسەم كۆلاھۇ - جەندىنى.

تاڭ سەھەر بولمىغىچە،
بۇلبۇل چىمەندە سايرىماس.
ھېچ كىشىنى غوپۇر ھاجىمدەك،
باللىرىدىن ئايرىماس.

غوپۇر ھاجىم ئۆلۈپ كەتتى،
قىيامەت بولۇپ كەتتى.
پۈتۈن شايارنىڭ خەلقى،
تاقەتسىزلىنىپ كەتتى.

بۇغداي، قوناق ئۈنۈپتۇ،
غوپۇر ھاجىم ئۆلۈپتۇ.
ئۆزىنىڭ قېرىندىشى،
دۈشمەن بولۇپ چىقىپتۇ.

تاشلار ئېرىپ سۇ بولدى،
ئەلنىڭ يىغا زارىدىن.
ئىككى يېتىم بالىنىڭ،
چەككەن ئاھۇ زارىدىن.

يىگىت ئىدى غەيرەتلىك،
ئەل ئىچىدە ھۆرمەتلىك.
نامىڭ قالدى ئۇنتۇلماس،
ئۆلۈپ كەتتىڭ رەھمەتلىك.

يۈگىنى يوق، ئېگىرى يوق،
ئاتقا مىنددىڭ ئېگىز - پەستە.
چۇشۇرۇلدى نامىزىڭ،
ئۆز يۇرتلار تۇرۇپ سەپتە.

رەھمەتلىكىم مەممەت ھاجىم،
قانداق چىداي ئوتتۇرغا.
قالدى تۇتقان تاملىرىڭ،
ئەزىز بالا - ۋاقاتغا.

مەممەت ھاجىمنىڭ بايلىقى،
خەزىنىدە تولۇپ - تاشقان.
ئۆزىنى يۈرەكلىك چاغلاپ،
خەنجەر ئاستىدا ياتقان.

ئىككى بالام دەپ ئەتىۋارلاپ،
ھېنىپىخانىغا نان بەردى.
بىچارە شۇ مەممەت ھاجى،
توغراق تۈۋىدە جان بەردى.

چۆكتى قايغۇ ماتەمگە،
يۇرتىنىڭ ئىچى شۇ ھەھەل.

ئاسماندا يۇلتۇز تولا،
ئاي چولپانغا ئوخشامدۇ.
كەلپىندە ئادەم تولا،
مەممەت ھاجىمغا ئوخشامدۇ.

مەممەت ھاجىمنىڭ① بېشىغا،
قار يېغىپتۇ ئۈنچىدەك،
مەممەت ھاجىم ھەم ئۆزى،
ئېچىلمىغان غۇنچىدەك.

ئىككىمىز جەرەن ئاتۇرمىز،
بىرنى بىرگە چاتۇرمىز.
مەممەت ھاجىم ئۆلۈپ كەتسە،
قانداقمۇ چىداپ ياتۇرمىز.

سايدىكى قەلەم قاشنى،
قوينۇمغا سېلىپ ئالدىم.
مەممەت ھاجىم قارا قاشنى،
قوشاققا قېتىپ ئالدىم.

تاشتىن قاتتىق ئاگلاندى،
مەممەت ھاجىمنىڭ قازاسى.
بۇلبۇل بولۇپ سايرىدى،
ئىككى يېتىم بالاسى.

---

① كەلپىندە ئۆتكەن مەرىپەتپەرۋەر زات بولۇپ، ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئەكسىيەتچىل كۈچلەر تەرىپىدىن قەتلە قىلىنغان.

ئېشىك ئالدىدىكى تېرەك،
قۇرۇپ كەتتىمۇ نېمە بولدى.
سېخى ئىدىڭ مەمەت ھاجىم،
كۆز تەگدىمۇ نېمە بولدى.

نەشتەر بولۇپ تىغ تەگدى،
ھەسرەت يۇتۇپ قالدۇق بىز.
يۈرىكىمىز داغلاندى،
بىزدىن ئايرىلغاندا سىز.

قالدى تېخى مەممەت ھاجى،
ئارزۇيۇڭنىڭ چالىسى.
يۇمۇلمىدى كۆزلىرىڭ،
مۆلدۈر قىلىپ قارىسى.

باغرى تاش تۆتىنچىنىڭ①،
غەرىزى يامان ئىكەن.
ياش غۇنچىگە رەھمى يوق،
بىر ياۋۇز قاۋان ئىكەن.

ئىشىك ئالدى ئۆستەڭگە،
چېچەك سۇيى ئاقامدۇ.
ئەلنىڭ دوستى مەممەت ھاجىم،
گۆرىدە تىنچ ياتامدۇ.

خاڭدى يولى قومۇشلۇق،
ئوغاق سېلىپ ئورغان يوق.
ئەجرى بىلەن باي بولۇپ،
مەممەت ھاجىمدەك بولغان يوق.

① تۆتىنچى — ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئەكسىيەتچى كۈچلەر.

ياتقان يېرىڭ جەننەتتە بولسۇن،
گۈللەر ئۈنسۈن قەبرەڭدە.
ئىنساب بەرسۇن خۇدايىم،
باللىرىڭ ئىز باسقان يەردە.

قەشقەر يولى ھەيۋەتلىك،
ئىچكەن سۈيى شەربەتلىك
ئەجەبمۇ ئۆلۈپ كەتتى،
مەممەت ھاجى رەھمەتلىك.

مەممەت ھاجى كېتىۋاتىدۇ،
ئەسكەرلىرى پىيادە.
قانداق قىلىمىز ھاجىم،
شۇنداق كەلگەن ئىرادە.

مەممەت ھاجىمنى كۆردۈڭمۇ،
تۇغرا قىلىققا كۆمدۈڭمۇ.
ئېسىتقىنا مەممەت ھاجىم،
تۆتىنچىگە تويدۇڭمۇ.

قايغۇ بىلەن ئاڭلاندى،
يۇرت بېگىنىڭ قازاسى.
يۈرەك ئازاب چەكمەكتە،
يوقكەن بۇنىڭ داۋاسى.

بۇلبۇل ئىدىڭ مەممەت ھاجىم،
خۇش-خۇي ئىدى مەممەت ھاجىم.
سەھەردە سايرىغان كاككۇكتەك،
جۇشقۇن ئىدىڭ مەممەت ھاجىم.

سەرەم① باغدىكى يەرلەر،
مەنخسۇت بەگنىڭ قورۇقى.
سايرىماڭلار بۇلبۇللار،
بۇ خۇدانىڭ بۇيرۇقى.

سايلىقتىن ئېلىشۋالدىم،
قارا رەڭ بىلەي تاشنى.
قوشاققا قېتىشۋالدىم،
مامۇتخان② قارا قاشنى.

كەلپىنلىكنىڭ تۆگىسى،
كارۋاندا قاتاردا.
مامۇتخان ئۆلۈپ كەتتى،
ناماز خۇپتەن ياتاردا.

مەخسۇت بەگنىڭ تۆگىسى،
سەرەم تېغىدا ياپلايدۇ.
ياش مامۇت ئۆلۈپ كەتسە،
يۈرەك قانداق پايلايدۇ.

مامۇتخان ئۆلۈپ كەتتى،
سەۋرى قىلسىلا مەشەمخان.
بىر قاسىم يېتىم قالدى،
ئوبدان باقسىلا مەشەمخان.

ئوچاق ئۆچتى كۆل بولدى،
يامغۇر ياغدى ھۆل بولدى.

---

① سەرەم — يەر ئىسمى.
② يۇرت بېشى.

ئاقسۇ يولى يامان يول،
چىلان بىلەن چۆل قۇدۇق.
مەممەت ھاجىمنىڭ خەلققە،
ۋاپاسى بار، زۇلۇمى يوق.

مەممەت ھاجى يىگىرمە ياشتا،
مەكتەپ سالدى دوقمۇشقا.
مەممەت ھاجىمنىڭ ئۆلۈمى،
ئاڭلاندى ياقا يۇرتقا.

ئاتلارنى توقۇپ قويدۇم،
باغلىغىنى تانام يوق،
تۆتىنچىنىڭ دەستىدە،
مۆتىۋەرلەرگە ئارام يوق.

مەممەت ھاجىمغا چاكار تۇردۇق،
بىكار تۇرماي پۇلغا تۇردۇق.
ئاش - ناننى تولا بېرىپ،
ئىشىك ئالدىدا قاتار تۇردۇق.

چىلىپ تۇرسام ئۈزۈلدى،
دۇتارىمنىڭ تارىسى.
ئەجەب كەتتىڭ مەممەت ھاجى،
يۈرىكىمنىڭ پارىسى؛

تېيتىپ بەرگۈچى: كەلپىن بازار قارا كۆل كەنت 2 - مەھەللىدىن دېھقان مەممەت تۇردى، 70 ياشتا.

توپلىغۇچى: ناھىيىلىك مەدەنىيەت، تەنتەربىيە ئىدارىسىدىن مەتتىمىن ھاشىم

قەشقەردىن ئىلىپ كەلگەن،
چىگىت گۈللۈك بىر تونىنى.
قايدىن ئىزدەپ تاپۇرمىز،
ماموتخان قىزىلگۈلىنى.

ساما قالدى داستاندا،
مانتا قالدى قاسقاندا.
ئەجەبمۇ ئۆلۈپ قالدى،
نوچىلىق ياراشقاندا.

شىشى ماتا توقۇلدى،
غالتىكىگە تۇرۇلدى.
توختاش بەگ يىغلىغاندا،
يۈرەك باغرى ئېزىلدى.

سەرەم باغنى كۆكلەتكەن،
ماموتخان جىگەرلىكتى.
سۇ بېشىنى① كۆكلەتكەن.
ماموتخان يۈرەكلىكتى.

ئازنە كۈنى جۈمەدىن،
يېنىپ چىقتىم ھەلقىدىن.
بۇ قوشاق يالغان بولسا،
سوراپ بېقىڭ خەلقىدىن.

يېزىدا قوش ھەيدىگەن،
پاسۇن ئازى② كالىسى.
بۇ قوشاقنى يازغۇچى،
قازاخۇننىڭ بالىسى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كەلپىن ناھىيە گەزلىك يېزىسىدىن دېھقان ئىشما ئىل ئاللاق، 67 ياش.
توپلىغۇچى: كەلپىن ناھىيەلىك تەزكىرە ئىشخانىسىدىن ئابدۇساتتار ھامىدىن.

① سۇبېشى — يەر نامى. ② كىرشى ئىسمى.

مامۇتخاننىڭ خوتۇنى،
ئوتتۇز بەشتە تۇل بوادى.

مامۇتخاننىڭ بېشىغا،
قەبرە قىلسا بولمامدۇ.
خۇدادىن كەلگەن ئىرادە،
سەۋرى قىلسا بولمامدۇ.

قىسىلدىن① قىيان كەلسە،
ماللاۋىدىن② باش ئاپتۇ.
مامۇتخان ئۆلۈپ كەتسە،
كۆزلىرىگە ياش ئاپتۇ.

مەخسۇت بەگنىڭ ئىشىكىگە،
نەدىن كەلگەن تاش ئىكەن.
توختاش بەگنىڭ كۆزىگە،
نەدىن كەلگەن ياش ئىكەن.

سوۋەت③ تامام بولغاندا،
يېنىپ چىقتىم ھەلقىدىن.
يىغلىمىغان كىشى بارمۇ؟
گەزلىك پاسۇن④ خەلقىدىن.

قەشقەرگە ماگار بولۇپ،
ئوزۇق ياقان مەشەمخان.
مامۇتخان ئۆلۈپ قېلىپ،
يالغۇز قالدى مەشەمخان،

---

① ② ④ جاي ئىسمى. ③ سۆھبەت ياكى سوراق.

رامىزان ئاللا شەھرى رامزان،
خۇش مۇبارەك كەلدىلەر شۇ رامزان.

روزىنى ئۇنبەش قىلىپ كەلدۇق سىزگە،
روزىنىڭ زاكاتىنى بېرىڭ بىزگە.

مەككىدە بىر توخۇ بار باشى قارا،
خۇدايىم بىر ئوغۇل بەرسۇن قاشى قارا.

تۇڭلىكىدىن قارىسا ئاي كۆرۈنەر،
ھەممە ئۆيدىن مۇشۇ ئۆي باي كۆرۈنەر.

ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسىدا تاينىڭ ئىزى،
ئاق نان بېرىدۇ بىزگە باينىڭ قىزى.

روزىدا ئۆلتۈرگىنىڭ بوز ئالا قوي،
گۆشىنى يېسەڭ، تۆشىنى قوي.

رامىران ئېيتىپ كەلدۇق ئىشىكىڭىزگە،
ئاتىغىنىڭىزنى ئېلىپ چىقىپ بېرىڭ بىزگە.

ئېيتىپ بەرگۈچى ۋە توپلىغۇچى: ئۆمەر ساۋۇت، 56 ياش.

رامىزان، رامىزان،
بۇيىل كەلدى يەنە رامىزان.
كىم ئۆلۈپ، كىم قالىدۇ ئاللا بىلەر،
خۇش مۇبارەك پادىشاھدۇر رامىزان.

## بارات قوشاقلىرى

بارات كەلدى بىلدىڭلارمۇ؟
قازانغا ياغ قۇيدۇڭلارمۇ؟
پوشكال قۇيماق سالدىڭلارمۇ؟
بىزگە ئاتاپ قويدۇڭلارمۇ؟

بارات كەلدى بۈگۈن كېچە،
ئۇخلىماڭلار تاڭ ئاتقىچە.
بارات ئېيى ئۇلۇغ ئايدۇر،
ئويغاقلارغا جەننەت جايدۇر.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە ياڭئېرىق يېزا پاۋاللا كەنتىدىن ما- مۇتخان، 55 ياش.

توپلىغۇچى: ياڭئېرىق يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىدىن باھارگۈل ئېمىر.

## رامىزان قوشاقلىرى

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ياتقان بايلار،
خۇدانىڭ پەرمانىنى تۇتقان بايلار.

رامىزان ئاللا، شەھرى رامىزان،
خۇش مۇبارەك كەلدىلەر شۇ رامىزان.

روزا تۇت، ناماز ئوقۇ جانىڭ ئۈچۈن،
خەيرى قىل، زاكات بەر مالىڭ ئۈچۈن.

روزىنىڭ ئونىنچى كۈنى قەدىرى كۈنى،
روزىنىڭ زاكاتىنى بېرىڭ قېنى.

رامىزان ئېيتىپ كەلدۇق ئايماق بىلەن،
چارىدا قېتىق چىقسۇن قايماق بىلەن.

## قارلىق نامىلەر①

### قارلىق② نامە

ھەمدۇ سانايى بىئەدەر،
ئول خەلقى پەرۋەردىگار.
رەھمەت بىلەن قار ياغدۇرۇپ،
پەزىلنى قىلدى ئاشكار.

خەلقى ئالەم قۇدرىتى،
ياز بولسا يامغۇر ياغدۇرۇپ،
يەرھەم دەرەخلەر كۆكلىتىپ،
چۆللەرنى قىلدى نەۋ باھار.

قىش بولسا ئالەم چۆل بولۇر،
ئاسمانۇ يەر يەكسان بولۇر،
چۆللەرنى بوستان قىلغىلى،
قادىر ئىگەم ياغدۇردى قار.

قار ياغسا گەربۇ يۇرت ئارا،
رەسمى بولۇپتۇر قائىدە.
بىر - بىرىگە قارلىق تاشلىماق،
ئادەت قەدىمدىن بارۇ بار.

---

① ئاقسۇ رايونى دائىرىسىدە قارلىق نامىلەرنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى تاللاپ بۇ كىتابىمىزغا كىرگۈزدۇق.

② نىم شېھىت ئارمىيە ئېلى سايرامى 1948- يىلى ئۈچ ۋىلايەت مەكتۇپ ئاتىمدا ئېلان قىلغاندىن كېيىن باي، ئاقسۇ، ئېلى تەرەپلەردە تارقالغان.

ئۆيۈگىنىڭ ئارقىسىدا قاتار - قاتار قوينىڭ ئىزى،
بىر قاپاق ياغ ئەپچىقىڭ باينىڭ قىزى.
قوش مۇبارەك پادىشاھدۇر رامىزان.

ئاق توخۇ، ئاپئاق توخۇ قونغاقتىدۇر،
بىزگە ساقلىغان تۇخۇملىرى قاپاقتىدۇر،
قوش مۇبارەك پادىشاھدۇر رامىزان.

رامىزان ئېيتىپ كەلدىم ئوي مەھەللىدىن،
بېزگىمۇ قويغانمىدۇ لەغمەنلىدىن،
قوش مۇبارەك پادىشاھدۇر رامىزان.

مەسچىتنىڭ تۈغراقىنىڭ ئۇچى قىزىل، تۈۋى قارا،
خۇدايىم بىر بالا بەرسۇن مەڭزى قىزىل، قاشى قارا،
قوش مۇبارەك پادىشاھدۇر رامىزان.

تۆگىلۈكىڭىزنىڭ بېشىدا ئاي كۆردۈم،
ھەممە كىشىدىن سىزنى باي كۆردۈم،
قوش مۇبارەك پادىشاھدۇر رامىزان.

روزىدا ئۆلتۈرۈشۈك بوز ئالا قوي،
گۆشىنى يەپ، تۆشىنى بىزگىمۇ قوي،
قوش مۇبارەك پادىشاھدۇر رامىزان.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئاۋات ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن ئابدۇقادىر تۇرسۇن. «بۇلاق» 47 - سان.

بادام، ئۈزۈم، پىستە، مېغىز،
ھەر قايسىسىدىن تۈت ـ بەش تاغار.

نەغمە ـ ناۋا بولسا كېرەك،
ئەسۋابلىرى ھازىر ئىكەن.
قالۇن، ساتار، تەمبۇر، غىجەك،
سۇناي ـ راۋاب ھەم داپ ـ دۇتار.

مەجلىسكە زىننەت بەرگىلى،
بىر دىلبەرى رەنا كېرەك.
شوخلۇق قىلىپ ھوش ئالغىلى،
بەزمى ئەھلىدىن قوش ئالغىلى.

ساقى بولۇپ مەجلىس ئارا،
چاي تۇتسا ئۇل نازۇك بەدەن.
رەقس ئەيلىبان بەزمى ئەھلىنى،
ھەر دەم قىلۇرلەر بىقارار.

مەقسەت يېمەك ـ ئىچمەك ئەمەس،
ئەسلى مۇھەببەتنىڭ ئىشى.
دىلدا مۇھەببەت بولمىسا،
بۇ تەن دېگەن نە ئېتىبار.

بەزمى ئەيلىمەك كەلسە ئېغىر،
ھەم بار ئاڭا قىلماق ئىلاج.
پەھىم بىرلە قارلىق ئېلىپ،
بارغان كىشىنى چىڭ تۇتار.

پەسلى زىمىستان ۋاقتىدا،
بەزىم ئەيلىسەك دەپ ئارزۇ.
غەم - غۇسسىنى دەپئى ئەتكىلى،
دوست ۋە ياران قارلىق يازار.

بىز تاشلىدۇق قارلىق يېزىپ،
بەزىم ئەتسىلە ئىززەت قىلىپ.
دۈشمەنلىرى ھەسرەت قىلىپ،
قان يىغلىسۇنلەر زارى - زار.

غەم قىلمىسىڭىز كۆپ قايغۇرۇپ،
جابدۇق ھەممە تەييار تۇرۇر.
مىڭ شۈكرى ئالەم توقچىلىق،
ھەر نەرسىلەر كەڭ - كەڭرى بار.

قوتاندا قوي، ئامباردا ئۇن،
ساندۇقتا پۇل، خىزمەتچى ھەم.
لازىملىقتۇر يەل - يېمىش،
قەندۇ شېكەر بازاردا بار،

چەينەكتە چاي، پەتنۇستا نان،
زىختا كاۋاپ، خوندا① گېزەك.
مايلىق توقاچ، مايلىق پولۇ،
ھەم راسلىنىپ تۇرسۇن قاتار.

تاۋۇز، قوغۇن، ئالما، ئانار،
ئەنجۈر بىلەن ھەم نەشپۈت.

① خوندا — قەندان؛

ئۆزلىرىدەك ياخشى ئادەم، قولى ئوچۇق قايدا بار،
قوتاندا قوي، تاغاردا ئۇن، پۇل دېگەن ساندۇقتا بار.
ئۆزلىرىدەك مېھرى ئىللىق، ياخشىلارغا قىش ئەمەس،
گۆش، گۈرۈچ، سەۋزە، ياغنى بازاردىن ئالماق ئىش ئەمەس.
قارلىق ئېلىپ بارغان كىشى، ئىنتىھا ئەيىيار بولۇر،
قارلىق دېگەن قانچىلىك، بىر قوي بىلەن تەييار بولۇر.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار بازار ئىچىدىن مۆنەرۆەن تاش ئىممىن ھاجىم، 76 ياش.

توپلىغۇچى: شاياردىن ساۋۇت سوپى.

## قارلىق نامە

ھەقتى ئاللا رەھمىتىدىن يەر يۈزىگە ياغدى قار،
رەھمىتىدىن بەندىلەرگە پەزلىنى قىلدى ئاشكار.
قىش بولسا خەلققە ئالاھىدە بوپتۇ رەسمى قائىدە،
بىر يەرگە قارلىق تاشلىماق قەدىملەردىن بارى ـ بار.
قاردا قارلىق تاشلىدۇق، ياغۇردا ياغلىق تاشلىدۇق،
كۆڭلىمىزنىڭ خۇشلۇقىدىن بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.
داستىخان ۋە شىرەلەرنى قەنت ـ گېزەكتە تولدۇرالا،
ۋاقتى كەلسە ئۆزلىرىمۇ ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرالا.
گەر تاپسىلا قوي ئۆلتۈرەلا، تاپالمىسا چۆجە خوراز،
ياقسا كۆكۈلگە گۈل كەلتۈرەلا، ياقمىسا بىر باش پىياز.
يېمەك ـ ئىچمەك، نەغمە ـ ناۋا، سازەندىلەر ئۆزلىرىدىن،
ناخشا ـ ئۇسسۇل، خۇش چاقچاق، چۇقان ـ سۈرەن بىزلەردىن.

ئۆز قارلىقىنى تۇتتۇرۇپ،
ياندۇرسا ئۆيگە ئوقتۇرۇپ،
ئىككى يۈزىگە رەڭ بېرىپ،
زىننەتلىسۇن خۇددى ئانار.

بۇ ئىشنى ھەرگىز قىلمىغاي،
ھىممەت بەلەنە بولغان كىشى.
غەيرەت قىلىپ بەزىم ئەيلىگەي،
بۇ ئىشنى بىلگەي ئىپتىخار.

## قارلىق نامە

ھەقتى ئاللا رەھمىتىدىن يەر يۈزىگە ياغدى قار،
رەھمىتى پەيزىنى قىلدى بەندىلەرگە ئاشكار.
بىر يەرگە قارلىق تاشلىماق تا قەدىمدىن بارۇ بار،
كىمگە قارلىق تاشلىماق ھەركىم ئۆزىگە ئىختىيار.
دابىرىم بۇ نامە بىرلە سىزگە قارلىق تاشلىدۇق،
تۇنجى قارنىڭ خۇشلۇقىدىن بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.
غازنى ئۇتتۇز، قوينى توققۇز، ھەممىنى تەڭراسلىدۇق
چىنە-تەخسە ئىچىدە قەنت ـ ناۋاتلار راسلىدۇق،
مەسلىھەت بىرلە ئۆزلىرىنى ساقلىققا تاللىدۇق،
چايچىلىققا، قولى ئەپلىك ئايشخاننى يالىدۇق.
نەغمىچى لازىم دېسە باقى ئاخۇننى تاللىدۇق،
ئۇسۇلچى لازىم دېسە زەيتۇنىخاننى تاللىدۇق.
قار يېغىپتۇ، سوغ بولۇپتۇ، مەشرەپ ئەتمەسمۇ كىشى،
ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا، تەكلىپ ئەتمەسمۇكىشى،

قارلىق ئاپارغان كىشىنى پەمىن ئەيلەپ تۇتالا،
يۈزلىرىگە قارا سۈركەپ ئالدىمىزغا ئەكەلەرلا.
رازىمىزكى بۇرادەر بەزمىمىزدىن ئۆتسىلە،
جاندىن مېھرىبان بىلۇرمىز خۇش بولۇر بان كەتسىلە.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن مەمتىن غوجامنىياز ، 40 ياش.

خاتىرىلىگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن ئىبراھىم قۇربان.

# مۇھەببەت قوشاقلىرى



## مۇھەببەت قوشاقلىرى

كۈن چىقىشتىن كېلىسىز،
قايسى باغنىڭ گۈلى سىز؟
مېنى ئوتقا سېلىپ قويۇپ،
نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيسىز؟

ئاسماندىن ئۇچۇپ چۈشكەن،
يامغۇرمىكىن، قارمىكىن؟
راستىڭنى بىر ئېيتقىنا،
ماڭا كۆڭلۈڭ بارمىكىن؟

كېۋەز تېرىغان ئېتىزنىڭ،
چۆرىسىدە زاراڭزا.
مەن ئۇچۇن تېپىلماسمۇ،
سىزگە ئوخشاش بالاڭزا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن ئەخەت روزى، 36 ياش.

توپلىغۇچى: شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 86 - يىللىق 4- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى تاھىر.

يارىم باغقا بارامدۇ؟
باغدا ئالما ئالامدۇ؟
ئوماقىنا شۇ يارىم،
مېنى ئەسلەپ قويامدۇ؟

يارمىدۇ، ئەمەسمىدۇ،
كارۋاتتا ياتقان؟

باشىمدىكى ياغلىقنى،
زەيتۇندىن بوياپ بەرسىلە.
يار تۇتايمۇ تۇتمايمۇ،
مەيلىمگە قويۇپ بەرسىلە.

باسما ئىشىك يەملەگلىك،
ياغاچ يەرگە دەملەگلىك.
ئاشنا تۇتساڭ ياش قىز تۇت،
ياتقان يېرى پەملەگلىك.

مېنىڭ دادام بوياقچى،
شاڭ ① بويامدۇ چەكمەنمۇ؟
سەن قىزىڭدىن سوراپ باق،
كوي خەجلەمدۇ، ياچەنمۇ؟

بازارغا بارسام بىللە سەن،
تاغقا چىقسام بىللە سەن:
قارىسام كۆرۈنمەيسەن،
قارا كۆزۈم نەدە سەن؟

بۇغدايىنىڭ ئاراسىغا،
زاغۇن ئۇيلىشىپ كەتتى.
مېنىڭ بىلەن سىنىڭدەك،
كىم مۇرادىغا يەتتى.

تاغقا چىقتىم سۇ ئىچكىلى؛
تاغ سۈيىنىڭ تەمى يوق.
يىگىدىن بىر يار تۇتسام،
سۆيەلمىدىم، پەمى يوق.

---

① شاڭ — ماتا، سەگەز.

قېشىنى ئېتىپ كۆزنى قىسىپ،
جاننى قاقشاتقان.

ئاش ئېتىپتۇ گەنزىدە،
ئۇن تاسقاپتۇ لەگزىدە.
بىزنىڭ يارلار نېمە بولدى،
قان قالماپتۇ مەگزىدە.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە بازار ئېھەدىن ئىسمايىل ئەبراش.
52 ياش.
توپلىغۇچى: قەيسەر.

گۈل دەستە تىزىپ قويدۇم،
رەڭمۇ رەڭ چېچەكلەردىن.
يار ساڭا تۇتارمەن دەپ،
سېغىنغان يۈرەكلەردىن.

ئېگىز تاغدىن ئاشمىغىچە،
مەنزىل كۆرۈنمەس.
ياخشى يارنى تاپمىغىچە،
كۆڭلۈم سۆيۈنمەس.

گۈل قىستىم قۇلاقىمغا،
سىڭمەيدۇ چىراييمغا،
سەن قىلساڭ يامانلىقنى،
مەن قويدۇم خۇداييمغا.

باغدا پاختەك، كۆلدە ئۆردەك،
مايسا ئىزدەپ يۈرگۈدەك.
بىزنىڭ يارلار ئاڭلىسامە،
كۆدە تېرىپ يۈرگۈدەك.

مەشرىقتىن شامال كەلسە،
گۇل شېخىنى قايرىيدۇ.
يارىم بىلەن ئامراقتۇق،
قايسى دۇشمەن ئايرىيدۇ.

بازاردىن چىنە ئالدىم،
دەستە ـ دەستە گۇل بىلەن.
ئېسىيادىم سىز بىلەن،
سىز يۇرۇيسىز كىم بىلەن؟

يارىم تۇماق كېيىپتۇ،
پېشانىسىگە چۇشۇرمەي.
قاچانغىچە يۇرۇيمىز،
كۆيگەن ئوتنى ئۆچۇرمەي.

يارىم كەپتۇ بەلباغسىز،
بەلباغ بەرسەم باغلامسىز؟
ئالدىڭىزدا مەن تۇرسام،
ھەر تەرەپكە قارامسىز؟

تاۋار ئىشتان تار ئىشتان،
كىيگىنلىرى كېلەمدۇ؟
سىلە كادىر، بىز دېھقان،
سۆيگىنلىرى كېلەمدۇ؟

تېمىگىنىڭ ئارقىسى شورلۇق،
پۇتۇڭ ئاغرىمدىكى يارىم؟
ئوتۇكدا ئۆلۈپ كەتسەم،
ئىچىڭ ئاغرىمدىكى يارىم؟

مەن سەپەرگە يول ئالدىم،
سۇنماس قانات سۇنارمۇ؟
سەن يارىمغا دەپ باققىن،
مېنىڭ سۆزۈمگە ئۇنارمۇ؟

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن،
بوينۇمدا تۇمارىم بار.
خارلىقتا قوياي دەمسەن،
ياراتقان خۇدايىم بار.

گۈلنى ئالغىن قولۇڭغا،
پۇراپ باققىن بۇرنۇڭغا،
باغرىمنى يېقىپ باقاي،
كىرىپ سېنىڭ قوينۇڭغا.

ئىشىكىڭدە ئانارگۈل،
سايراپ كېلىدۇ بۇلبۇل.
يار مەندىن يامانلاپتۇ،
مەن يارىمغا ناماقۇل.

ئۆستەڭ ياقىلاپ بېرىپ،
ئاچقان سۇيىڭىز قايسى؟
بىزنى يامان دەپ بېرىپ،
تۇتقان يارىڭىز قايسى؟

راۋابىمنىڭ دەستىسى،
ئۇچىدا يىلان بېشى.
ئىزدىسەم تېپىلمىدي،
قىزلارنىڭ قەلەم قېشى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە يېڭىمەھەللە يېزىسىدىن دېھقان قادىر سەتە، 70 ياش.

توپلىغۇچى: ئابلەت.

بىزنىڭ ھويلا كەڭ ھويلا،
ئەتراپىدا ئەينۇلا.
مەن ساڭا نىمە قىلدىم،
ئولتۇرۇپ راسا ئويلا.

ئۇچاڭدىكى چەكمەنمۇ،
ئۆشنەڭدىكى كەتمەنمۇ؟
ناخشا ئېيتسام تىڭشايسەن.
سەنمۇ مەندەك دەردمەنمۇ؟

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە يېشىرىق يېزا دۆڭقىشلاق 3 - كەنتتىن دېھقان ئابدۇللا ھېبىبۇللا، 38 ياش.

توپلىغۇچى: توخنىياز مەتنىياز.

ئەجەب بەلەن ئوخشاپتۇ،
ئوسما بىلەن قېشىڭىز.
بىزنى ئوتقا سېلىپ قويۇپ،
ئاغرىمامدۇ ئىچىڭىز؟

ئۆگزىگە قوناق يايدىم،
ئوينىشىپ ئۈنى چاچماڭ.
قىلغان ۋەدىمىز ۋەدە،
سىز مەندىن يىراق قاچماڭ.

ھۆل ئوتۇنغا ئوت ياقسام،
ئوتۇڭ يانمىدى دەيسەن.
ئون بەش كۈندە بىر كۆرۈپ،
كۆڭلۈم قانمىدى دەيسەن.

چاپىنىمنىڭ ئەستىرى،
ئاق ئەستەر، قىزىل ئەستەر.

ئۆيۈمگە كىرىڭ دەيسىز،
چىقىڭىز بارمۇ خېنىم؟
ئاخشاملىقتا چىقىڭ دەيسىز،
مەيلىڭىز بارمۇ خېنىم؟

بۇ سۆگەت ئېگىز ئىكەن،
تارتىپ سۇندۇرالامسىز؟
ئاخشاملىقتا چىق دەيسىز،
قورقماي قوندۇرالامسىز؟

ساندۇقۇڭنىڭ ھالقىسىنى،
ئالتۇن بىلەن ئەتتىڭمۇ؟
مەندىن باشقا يار تۇتۇپ،
مۇرادىڭغا يەتتىڭمۇ؟

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە بېشېرىق يېزا دۆڭبويى 3 - كەنتتىن دېھقان مەھەممەت ئەيسا، 50 ياش.

توپلىغۇچى: ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن توختىنىياز مەتنىياز.

ئۇمىنى تولا ئۇرۇپ،
بىلەكىڭ تالدىمۇ يارىم؟
ئاز كۈن ئۆتمەي ئايرىلدۇق،
يۈرەكىڭ قاندىمۇ يارىم؟

ئىشىك ئالدى لايداتما،
لايداتمىغا چالما ئاتما.
ئاكام سېنى ئالمايدۇ،
قاش - كۆزۈڭنى ئويناتما.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
راست كۆيگەنمۇ، يالغانمۇ؟!

يارنىڭ بېغى گۈللۈكتە،
بۇلبۇل تىنماي سايرايدۇ.
بىز ئىككىمىز ئايرىلساق،
يۈرەك قانداق چىدايدۇ.

گۈلمۇ خوپ غۇنچەمۇ خوپ،
ئېچىلدۇرۇپ قىسقانمۇ خوپ.
چوڭ بولۇپ دەرد تارتقىچە،
مۇشتەك تۇرۇپ ئۆلگەنمۇ خوپ.

باغدا گۈللەر ئېچىلدى،
چېكەڭگە قىسالامسەن؟!
زوقلىنىپ ئويناپ كۈلۈپ،
كۆڭلۈمنى ئالالامسەن؟

ئالما بەرگەن قولۇمدا،
بېھى بەرسەم يېدىڭمۇ؟!
سەن مېنى تاشلىۋېتىپ،
غېرىب بولسۇن دېدىڭمۇ؟!

مەن قۇرغۇي بولاي دەيمەن،
باغىڭغا قوناي دەيمەن.
يېنىڭدا يار بولمىسا،
مەن يارىڭ بولاي دەيمەن.

ئېرىق بولسا كەڭ بولسا،
سۇنى قويسا تاشمىسا.

مېنى ئۇتقا سېلىپ قويۇپ،
سەن يۈرەمسەن يەخەستە.

كۆل بويىدا قوش سۆگەت،
يول بويىدا ئاق سۆگەت.
ئانچە - مۇنچە كەل يارىم،
چىدىمايدىكەن يۈرەك.

ئېگىز تاغقا چىقماڭ يارىم
چىقىپ بىلەرسىز.
چىرايلىقنى سۆيمەڭ يارىم،
كۆيۈپ ئۆلەرسىز.

سۇنىڭ سۈزۈكى بولاق،
چاچنىڭ ئۇزۇنى تولاق.
مەندىن باشقا يار تۇتساڭ،
ئاڭلايدۇ بىزنىڭ قولاق.

سېنىڭ دوپپاڭنى مەن كەيسەم،
ساڭا ئوخشامدىمەن يارىم.
دۈشمەننىڭ گېپى بىلەن،
سېنى تاشلامدىمەن يارىم.

بۇغداي باغلىغان باغلىق،
يۈرەكنى داغلىغان ياغلىق.
مەن ساڭا تولا كۆيدۈم،
سېنىڭ كۆيگىنىڭ چاغلىق.

كىچىككىنە قارا كۆز،
بەن كۆرەگە بارغانمۇ؟!

شەرەت قىلسام ئۇقمايسەن،
ياغاچ قۇلاق ئوخشايسەن.

بېشىڭدىكى ياغلىقىڭنىڭ،
گۈلى قانچە ساناپ باق.
مەن ساڭا تولا كۆيدۈم،
يۈرىكىمنى سىلاپ باق.

دەريا سۈيى ئاقىدۇ،
يار كۆڭۈلگە ياقىدۇ.
غېرىبلىقتا سۆيگەن يار،
ئەمدى كىمگە باقىدۇ؟!

قاشىڭنى قارا قىلما،
قارلىغاچ قاناتىدەك.
كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما،
ئوينايمىز ئاۋۋالقىدەك.

تال چىۋىقتەك بويۇڭغا،
تال باغلىغۇم كېلىدۇ.
تاتلىققىنا ئاغزىڭغا،
سۆيۈۋالغۇم كېلىدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە بېشېرىق يېزا دۆڭبويى 1 - كەنتتىن ئايگۈل مەمەت، 26 ياش.

توپلىغۇچى: توختىنياز مەتنىياز.

غورۇچۆل دېگەن يەردە،
بوستان تالنىڭ سايىسى.
شۇنچە يىراق كېلەرمۇ،
ئىككىمىزنىڭ ئارىسى؟

يارىم بولسا شوخ بولسا،
سۆيۈپ قويسا قاچمىسا.

قەشقەر يولى قورايلىق،
ئەنجان يولى بىر تايلىق.
نەدە ئويناپ يۈرگەندۇ،
مېنىڭ يارىم چىرايلىق.

ئىشىك ئالدى گۈلدۈرمە،
يارىم مېنى كۈلدۈرمە.
بىز ئىككىمىز يار بولساق،
دۈشمىنىڭگە بىلدۈرمە.

ئاكا - ئۇكا دېگەنمۇ؟
باغدا ئۈزۈم يېگەنمۇ؟
باغدا ئۈزۈم يېگەندە،
ئايرىلمايمىز دېگەنمۇ؟

ئېتىم سۇنى ئىچمەيدۇ،
غازى بارمىكىن كۆلدە؟
يارىم ئۆيدىن چىقمايدۇ،
ئېرى بارمىكىن ئۆيدە؟

خۇددى ئايدەك يۈزىڭىز،
بۇلاق كەبى كۆزىڭىز.
كىرىپ قاپسىز چۈشۈمگە،
سالامەتمۇ ئۆزىڭىز؟

ئوي مەھەللىدە ناخشا ئېيتسام،
دۆڭ مەھەللىدە تىڭشايسەن.

ئېرىقىڭنى ئوي ئويدۇم،
سەن كېلىپ يەنە ئويما.
مەن كۆيسەم ساڭا كۆيدۇم،
كىشىنىڭ قولىغا قويما.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە بېشېرىق يېزا تاللىق مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى مەھەممەت تاجى، 50 ياش.

توپلىغۇچى: توختىنىياز مەتنىياز.

كۆڭۈل بەرسەم خالامسىز؟
دايىم شۇنداق قالامسىز؟
باشتا كۆڭۈل بەردى دەپ،
ئاخىرىدا خارلامسىز؟!

كېچە بولسا ياتمايمەن،
پەنجىرەڭدىن پاتمايمەن.
راست گېپىڭنى ئېيتمىساڭ،
مەن دەردىڭنى تارتمايمەن.

ئاتىنىڭ بالىسى تايلاق،
تاي خالايدىكەن قامغاق.
ئەجەبمۇ بەك تەس ئىكەن،
يارنىڭ كۆڭلىنى ئالماق.

ياتنىڭ ئەتكەن ئېشىنى،
يېسەم گالدىن ئۆتمەيدۇ.
خەق داڭلايدۇ يارىنى،
سەن يارىمغا يەتمەيدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات بېشېرىق يېزا بېشېرىق 1- كەنتتىن دونۇرخان، 38 ياش.

توپلىغۇچى: نۇرمەھەممەت توختىنىياز.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ ،
گۈلىنى بۇزۇۋەتمە.
بۇ ئالەم ئۇزۇن ئالەم،
ئۈمىدنى ئۈزۈۋەتمە.

هاۋادىن ئۇچۇپ چۈشكەن ،
ئۆردەكمىكىن غازمىكىن؟
يارىم سېنىڭ ئىشقىڭدا ،
تارتقان دەردىم ئازمىكىن؟

نەقىش ئويدۇم يۈرەككە،
ئوماق يارىم سۆزۈڭدىن.
ساڭا بولغان كۆڭلۈمنى،
كۆرمىدىڭمۇ كۆزۈمدىن.

يارىم نېسىپ بولارمۇ،
قېنىپ ـ قېنىپ سۆيگىلى.
بەختىمگە پۈتۈلگەنمۇ ،
پىراقىڭدا كۆيگىلى.

كەچتە چىقتىم تالاغا،
زەپ چىرايلىق كېچىڭىز.
بىزنى ئوتقا سېلىپ قويۇپ،
ئاغرىمامدۇ ئىچىڭىز؟

مېنى ئوتقا سېلىپ قويۇپ،
ئۆزۈڭ قېچىپ يۈرەمسەن؟!
مەن ئوتۇڭدا يىغلىسام،
ئۆزۈڭ ئويناپ كۈلەمسەن؟!

تام تۈۋىدە ئولتۇرۇپ.
تام باستىمىكىن يارنى.
چىرايى سارغىيىپ قاپتۇ،
غەم باستىمىكىن يارنى.

دەردىڭنى ماڭا ئېيتساڭ،
سېنىڭ ھالىڭغا مەن يەتسەم.
ئۆزەمنىڭ ئىلكىدە بولساڭ،
باياۋانغا ئېلىپ كەتسەم.

يارىمنىڭ قارا چاچى،
چۈشۈپتۇ زاڭاقىغا.
يارىمنى سۆيۈپ قويۇپ،
ئۆلەيمۇ پىراقىدا.

مەن ئۆزۈم ئۇستا بولۇپ،
سالدىم ياغاچقا رەندىنى.
كىمگە ئېيتىپ، كىمگە يىغلاي،
ۋاپاسىزنىڭ دەردىنى.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنى،
قانچە پۇلغا ئالدىڭسەن؟
ماڭا سالغان شۇ ئوتنى،
يەنە كىمگە سالدىڭسەن؟

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە بېشېرىق يېزا قوشقۇدۇق كەنتتىن مۇردەم ھېيت، 45 ياش.

توپلىغۇچى: مەخمۇت قۇدەر.

يارنىڭ بوينىدا تۇمار،
تۇمار ئاسمىغان كىم بار.
ياشلىقتا ـ نادانلىقتا،
ئاشىق بولمىغان كىم بار.

كېپىنەك بولۇپ ئۇچارسىز،
گۈل غۇنچىگە قونارسىز.
غېرىب بولۇپ قالسىڭىز،
مېنى ئەسلەپ قويارسىز.

دولان دەريا سۇلىرى،
بۇ يىل يەنە تاشقىدەك.
كىشلەردىن ئاڭلىسام،
يارنىڭ كۆڭلى باشقىدەك.

ئېرىقتىكى لاي سۇنى،
باشلىمىغىن ئۇتياشقا.
مەيلىڭ بولسا كەل يارىم،
ئۆمۈر بويى ئويناشقا.

يالاڭباشتاق بولۇپ قاپسەن،
چىگەرگە ياغلىقىڭ يوقمۇ؟
غېرىب مىسكىن بولۇپ قاپسەن،
يۈرۈشكە ئامرىقىڭ يوقمۇ؟

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە بېشىرىق يېزا سۇغۇچى كەنتىدىن دېھقان
ئەھەت ئابدۇرۇسۇل، 61 ياش.

توپلىغۇچى: نۇر مەھەممەت توختىياز.

كۆرۈۋا، كۆرمەسكە سالسا،
ئىرىك ئۆلمەمدۇ كىشى.

ئالتە شەھەردە بار ئىكەن،
سەن يارىمدەك ئاي چىراي.
يىلاندەك تولغىنىپ ياتساڭ،
سەندىن قانداق ئايرىلاي.

تام تۆپىدە بىر تورغاي،
بۇغداي يېسە نىم بولغاي.
يار ئۇتتۇك يامان ئىكەن،
ئۇينىۋالساق نىم بولغاي.

ئېيتىپ بەرگۈچى: دولان يېزىسىدىن دېھقان ھەمدۇللا، 25 ياش.
توپلىغۇچى: ئوسمان مەتنىياز.

قولۇم كۆيدى پا - پا،
پۇتۇم كۆيدى پا - پا.
ئىسسىقىنا ساما،
يېقىپ بېرەي يەملا؟
تۆردىكىلەرگە كۆز سېلىپ،
بىزنى كىچىك دەملا؟
كىچىكنىنە ئالماشېخىنى،
بويلىغىلى ياخشى.
بىزنى كىچىك كۆرمىسلە،
ئۇينىغىلى ياخشى.

ئېيتىپ بەرگۈچى : ئوچتۇرپان ناھىيە يامانسۇ مەللىي يېزىسىدىن دېھقان.
مەرەمخان مەممەت، 84 ياش.
توپلىغۇچى: ئوچتۇرپان ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن زۇنۇنگۈل ئابدۇرېھىم.

چاقىم چاقىدا قالدى،
يىكىم خانىدا قالدى.
راست گېپىڭنى ئېيت يارىم،
كۆڭلۈم ئارىدا قالدى.

هاۋانى تۇمان باستى،
قار يېغىشنى كىم بىلدى.
ئاخىرقى جۇدالىقتا،
ئايرىلىشنى كىم بىلدى.

ئايۋانىڭدا مەن يېتىپ،
سارىيىڭنى بىلمەيمەن.
قاچان كېلىسەن يارىم،
قارايىڭنى بىلمەيمەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە ئايباغ يېزىدىن دېھقان ئايىمنىسا ئابلا، 22 ياش.
توپلىغۇچى: ئىلياس باۋۇدۇن.

ئاينى ئايغا قاتايمۇ؟
كۈننى كۈنگە قاتايمۇ؟
يار دەردىڭدە ئاھ ئۇرۇپ،
پەنجىرەڭدە ياتايمۇ؟

يار كەتتى ئۇزاقلاشتى،
مىنگەن ئاتلىرى يايداق.
يارلار قارىماس بولدى،
ئامەت قاچتىمۇ قانداق.

بۈگۈن ئۈن ئۈچ كۈن بولدى،
يارنى كۆرمەيدۇ كىشى.

ئاشقلىقنىڭ دەردىدە،
كېلىمەدىن ئۆتمەيدۇ ئاش.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئىھامىلەرىم يېزىسىدىن مەۋلانجان ئوللىنىياز، 28 ياش، دېھقان، ساۋاتلىق.

توپلىغۇچى: مەدەنىيەت يۇرتىدىن مەتتىمىن خوجانىياز.

ئاق ناۋاتنىڭ قوغۇنۇم بار،
تىلىپ بەرسەم يەملا؟
شۇنچە خالايىق ئاراسىدا،
مېنى كىچىك دەملا؟

چىلىم بولسا گۈلى بولسا،
ئىچىدە لىق سۈيى بولسا.
يىگىت بولسا خۇيى بولسا،
بېلىدە خان گۈلى بولسا.

تاشنى ئاتتىم دەرۋازىغا،
زەنجىرىگە تەگمىسۇن.
ياخشى ـ يامان گەپلىرىم،
كۆكۈللىرىگە تەگمىسۇن.

سىلىنىڭ، بىزنىڭ ئۆگزىگە،
جىگدە يېيىلەپتۇ.
ئىككىمىزنىڭ سۆيۈشكىنى،
ئەلگە يېيىلىپتۇ.

قانداق كىشى كېتەر ئىكەن،
يارىنى تاشلاپ.
سەيلە بولسا ئېلىپ كېتەي،
ئۆيۈمگە باشلاپ.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئۈچتۇرپان مەدەنىيەت يۇرتىدىن ئىبراھىم قۇربان.

بەشكېرەمدىن ئەنجۈر ئالدىم،
يەكەندىن راۋاب.
ئاتىڭىزغا ئەلچى قويسام،
بەرمەيدۇ جاۋاب.

باراي دېسەم كىرگۈزمەيدۇ،
ئىتىڭىز قاۋاپ.
ئوتىڭىزدا بولدى شۇ تاپ،
يۈرىكىم كاۋاپ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيە ئاقتوقاي يېزىسىدىن ئابدۇخېلىل ساۋۇت، 22 ياش.

توپلىغۇچى: ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىدىن موللا ئەمەت.

توپ تېرەكنىڭ تۈۋىدە،
ئوينايمىكىن، قارا قاش؟
ئالا پاچاق ئات مىنىپ،
ياندايمىكىن قارا قاش؟

دۆكنىڭنىڭ تۈۋىدىن،
سۇ ئۆتەمدۇ قارا قاش؟
سېنى بىردەم كۆرمىسەم،
كۈن ئۆتەمدۇ قارا قاش؟

ئاق ئالمىنىڭ شاخىدەك،
ئېگىلەمسەن قارا قاش؟
سېنى دەپ تارتقان ئەلەمنى،
سەن بىلەمسەن قارا قاش؟

كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا،
قانداق قىلاي قارا قاش؟

ئالمىنىڭ تاياقىمۇ،
بېھىنىڭ تاياقىمۇ.
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
يارىنىڭ ئىشتىياقىمۇ.

ئىشىك ئالدى چوڭ ئېرىق،
ئاتلاپ ئۆتەمسەن يارىم؟
دۈشمەنىنىڭ گېپى بىلەن،
تاشلاپ كېتەمسەن يارىم؟

يار بىلەن شاراب ئىچتۇق،
جوزىدا پىيالىدا.
مېھرىبان شۇ يارىمنىڭ ،
كىم باردۇر خىيالىدا؟

ئەجەبمۇ كەلمىدىڭ يارىم،
يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم.
قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ،
يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم.

كۆز پەسلىدە سارغىيىپتۇ،
باراڭدا ئۈزۈم.
يار كەتكەنگە ئىشەنمەيەن،
كۆرمىدى كۆزۈم.

ئىشىكىڭدە تۇرامەن،
يان ياغاچقا يۆلىنىپ.
سەن ئالامسەن بۇ جاننى،
بىرە ـ بىرە كۆرۈنۈپ.

ئاق پوستىنى كىيىپسىز،
كىر بولۇشنى بىلمەمسىز؟
يار ئۈستىگە يار تۇتسا،
سەت بولۇشنى بىلمەمسىز؟

ئۆرۈك، ئالما تۆكۈلدى،
ئاخشام چىققان بوراندا.
ۋىسالىڭغا يېتەلمەي،
كېتەرمەنمۇ ئارماندا.

زاراڭزايۇ زاراڭزا،
ئاچىلىپتۇ ھەر ياڭزا.
نىمە ئانچە كۆيدۈرۈسەن،
ئون بەش ياشلىق بالاڭزا؟!

بوي - بويىغا ئوخشايدۇ،
خۇي - خۇيىغا ئوخشايدۇ.
ئۇسسۇل ئوينىغان ئىككىلەن،
ئاشىق - مەشۇق ئوخشايدۇ.

دېرىزەڭنىڭ تۈۋىدە،
ئېچىلىپتۇ ئانار گۈل.
بۇ يۈرەك كۆيۈپ كەتتى،
قانداق قىلىمىز ھاۋاگۈل؟
قىزىلگۈلدە پۇراق بار،
شېخىدا يوپۇرماق بار.
سۆيسەڭ ياخشىنى سۆيگىن،
ئاخىرەتتە سوراق بار.

قاشلىرى قەلەممىدۇ،
چاچلىرى ئەلەممىدۇ.
ماڭا كەلگەن دەرد ـ ئەلەم،
سىلىگىمۇ كەلگەنمىدۇ؟

قاشلىرىڭ ئەجەب قارا،
كۆزۈڭدە خۇمار بارمۇ؟
مەن ساڭا ئەجەب كۆيدۈم،
بويىنۇڭدا تۇمار بارمۇ؟

چىقمايسەن تالا ـ تۈزگە،
ئۆيۈڭنى مازار دەمسەن.
يىللار بولدى كۆيگىلى،
يۈرەكنى تازا دەمسەن.

بۇ يوللار ئەجەب تاشلىق،
ئۆتۈكۈڭدە ناھال بارمۇ؟
ئىشقىڭدا يۈرەك كۆيدى.
بۇنىڭغا ئامال بارمۇ؟

ئات مىنىپمۇ يۈرگەنسىز،
تون كىيىپمۇ يۈرگەنسىز.
ئۇتىڭىزدا كۆيگەننى،
چىرايىمدىن بىلگەنسىز.

توقسۇن ئۆستەڭ بويىدا،
سىرىق قۇشقاچ ئەگىدۇ.
يارغا كۆيگەن بۇ يۈرەك،
قانداق قىلسام سەگىدۇ.

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى دەريا،
ئېقىپ كەلسەم كۆرەرسەنمۇ؟
ئوتتۇڭدا كۆيۈپ ئۆلسەم،
نامىزىمغا كېلەرسەنمۇ؟

كېچە ياتتىم شەم بىلەن،
كىرپىكلىرىم نەم بىلەن.
قاچانمۇ كۆرۈشەرمەن،
گۈلى رەنا سەن بىلەن؟!

ئىشىكنى ئېچىپ قويسام،
شامال كىردى بولۇڭغا.
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
قاچىلايمۇ تۇلۇمغا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيە يېڭىئاۋات يېزا، ياقىرىق كەنتىدىن دېھقان توختى مامۇت، 70 ياش.

توپلىغۇچى: ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن ئۆمەر ئىمياز.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنى،
نەچچە پۇلغا ئالغانسەن؟
مەن كۆيگەن شۇ ئوتلارنى،
قانداق چاغدا سالغانسەن؟

قاشىڭىزنى ئاتتىڭىز،
بىزنى تاشلاپ كەتتىڭىز.
يوقمىدى خۇدايىڭىز،
زارۇ زار قاقشاتتىڭىز.

كەتتى يارىم يىراققا،
ئالتە ئېشەككە يۈك ئارتىپ.
ئۆمرۈم شۇنداق ئۆتەرمۇ،
يارنىڭ دەردىنى تارتىپ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۇچتۇرپان ناھىيە ئاقيار يېزىسىدىن ھېزىم ۋەزىر، 56 ياش، ساۋاتلىق.

توپلىغۇچى: ئىبراھىم قۇربان.

يارىم كەلدى قول سىلىپ،
توغرا - توغرا يول ئېلىپ.
قاياقتىن چىقىپ كەلدىلە،
يۈرىكىمگە ئوت سېلىپ؟

گۈل دېگەنگە گۈل بولامدۇ،
قاتى - قاتى بولمىسا.
يار دېگەنگە يار بولامدۇ،
ئىشتىياقى بولمىسا.

قاپاق تېرەك سايىسىدا،
هويلاڭ بارمىدى يارىم؟
يەر تېگىدىن قارايسەن،
ئەيلىك بارمىدى يارىم؟

زەر بىلەن زەنجىر ئالاي،
گۈل چۆرىسىگە پەنجىر ئالاي.
زىلۋا بويلۇق يارىمنىڭ،
كۆڭلىنى قانداق ئالاي.

ئىشىك ئالدى گۆتەرمە،
قانداق دەسسەپ ئۆتەرمەن.
سىز چىرايلىق يارىمنى،
قانداق تاشلاپ كېتەرمەن؟!

تال كېسىپ تاياق ئېتىپ،
جىگەر كېسىپ كاۋاپ ئېتىپ.
يۈرىكىڭ قانداق چىدايدۇ،
سەن بىزنى تاشلاپ كېتىپ؟!

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيە ئوتتېشى يېزا ياقوتان كەنتىدىن
دېھقان رېھىم تىلىۋالدى، 35 ياش.

توپلىغۇچى: زۇنۇنگۈل ئابدۇرېھىم

ئۆيدىن چىقىپ كەچقۇرۇن،
بارغان يېرىم كۆچۇرمە①.
ئەقلىڭ بولسا ئامرىقىم،
ئىشىق ئوتۇڭنى ئۆچۇرمە.

باغىمغا يىر كەلسەڭچۇ،
ئۈزۈم - ئەنجۈر يېسەڭچۇ.
سوراپ قالسا باشقىلار،
مەشۇقۇم بار دېسەڭچۇ.

يارىڭ ئېتى رەيھانمۇ؟
چېچى سۇمبۇل بوستانمۇ؟
سۆزى تاتلىق ئەجەبمۇ،
ھەسەل، ناۋات قوشقانمۇ؟

---

① جاي ئىسمى.

ئاققۇ كەلسە ئېتىۋال،
بۇلبۇل كەلسە سېتىۋال.
سېغىنغاندا كۆرەرسەن،
سۇرىتىمنى ئېلىۋال.

نەقىش ئويدۇم يۈرەككە،
قىزىلگۈلۈم سۆزۈڭدىن.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى،
كۆرگەنمىدىڭ كۆزۈمدىن.

ئۆستەڭ بويىدا ساندۇق،
ساندۇق ئىچىدە جابدۇق.
قانداق قىلىمىز يارىم،
كۆيۈك ئوتىغا قالدۇق.

ئاق ئەلەم، يېشىل ئەلەم،
يارىنىڭ قېشىدۇر قەلەم.
ھېچ كىشىگە كەلمىسۇن،
ماڭا كەلگەن دەرد ـ ئەلەم.

لەيلىگۈلىنىڭ غۇنچىسىغا،
ئۈگىنىپتۇ تۇمۇچۇق.
بۇ دۇنيادا بارمىدۇ،
سىز يايرىمدەك كۆڭلى ئۇچۇق.

يۈرۈڭ يارىم مەن بىلەن،
چاللاپ كەلدىم سەيلىگە.

ئىشقىڭىزدا يىل بولدى،
مەنمۇ سىزگە كۆيگىلى.
ئاللا نېسىپ قىلارمۇ،
لېۋىڭىزگە سۆيگىلى؟!

ئەجەبمۇ قارا بوپتۇ،
ئۇسما بىلەن قاشىڭىز.
ئىشقىڭىزدا ئۆلۈپ كەتسەم،
تۆكۈلەمدۇ ياشىڭىز

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيە ئاچتاغ يېزىسىدىن ئابلا مەتتۇللا،
39 ياش.

توپلىغۇچى: ئىبراھىم قۇربان.

ئاق كۆڭلەك، قارا كۆڭلەك،
يارىمنىڭ ئۇچىسىدا.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
ئۈچتۇرپان كوچىسىدا.

هويلاڭدىكى تېرەككە،
قاغا قوندۇرالامسەن؟
ئاخشاملىقتا كەل دەيسەن،
يۈرەكنى قاندۇرالامسەن؟

ئىشىكىڭنى ئاچ يارىم،
بويۇڭنى كۆرۈپ ئالاي.
قولۇڭنى تۇتۇپ تۇرۇپ،
لېۋىڭگە سۆيۈپ ئالاي.

ئۆگزەڭگە قوناق يايدىم،
ئوينىاپ كېلىپ چاچمىغىن.
بىز ئىككىمىز ئوينايلى،
مەندىن تولا قاچمىغىن.

بېدىلىكتە مېڭىپسەن،
بوغدايلىقنى يول قىلما.
راست گېپىڭنى ئېيتساڭچۇ،
مېنى مۇنچە گول قىلما.

ئەتلەس كۆڭلىكىم باردۇر،
بەللىرى ئەجەب تاردۇر.
مېنى كۆيدۇرگەن يارنىڭ،
يۈرىكىدە كىم باردۇر؟

ئاسماندىكى بەش لاچىن،
پەرقىرايدۇ نىم بولدى؟
يارىم ماڭا ئامراقتى،
كۆز تەگدىمۇ نىم بولدى؟

دۇتارىڭنى چالساڭچۇ،
يېڭى چىققان پەدىگە.
ۋاپا قىلار دەپتىمەن،
باشتا قىلغان ۋەدىگە.

قوشاق بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيە ئاچتاغ يېزىسىدىن دېھقان ئەيتە-
خان لوقمان، 22 ياش.

توپلىغۇچى: ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن ئىبراھىم قۇربان.

مېنى ھەرگىز قاقشاتماڭ،
كىرىپ دۈشمەن كەينىگە.

دەردى تولا شۇ يارنىڭ،
كۆڭۈلنىڭ ئارامى يوق.
قاراپ باقسام سەپ سېلىپ،
مەن كۆرگەن چىرايى يوق.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيە ئوتېشى يېزىسىدىن دېھقان روزى ياقۇپ، 65 ياش.
توپلىغۇچى: زۇنۇنگۈل ئابدۇرېھىم.

بېلىمدە بار ئاغامچا،
سالدىم سالمىنى ئاتقا.
سەن مېنى يارىم دىسەڭ،
كۆڭۈل بەرمىگىن ياتقا.

ئامان ئىكەن، ئامان ئىكەن،
دوستلىرىم ئامان ئىكەن.
يېڭى تۇتقان يارلارنىڭ،
ئوتلىرى يامان ئىكەن.

ئېتىز بىلەن ماڭغىچە،
قىرى بىلەن ماڭساڭچۇ.
چاپسان كېلىپ ئامرىقىم،
كۆڭلۈمنى بىر ئالساڭچۇ.

بەزنى يامان دەپ بېرىپ،
تۇتقان يارلىرىڭ تازمۇ؟

گۈل تۇۋىدە ئويناپلى،
بىزنى ھېچكىم كۆرمىسۇن.
كىمنىڭ مەيلى كىمگە بولسا،
قويۇپ بېرىڭ ئوينىسۇن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيە ئاچتاغ يېزىسىدىن دېھقان زورەم نۇر، 22 ياش.

توپلىغۇچى: ئىبراھىم قۇربان.

يارىم ئۇسسۇل ئوينايدۇ،
كۆڭلى خوشمىكىن يارىنىڭ.
ئويناپ ـ ئويناپ يەڭدەيدۇ،
بېلى بوشمىكىن يارىنىڭ.

ھاۋا ئايلىنىپ قاپتۇ،
مەنمۇ ئايلىنارمەنمۇ؟
دۈشمەننىڭ گېپى بىلەن،
ياردىن ئايرىلارمەنمۇ؟

مۈشۈك ئالدى ئېرىقمىدى،
ئەتراپى تېرىقمىدى.
مەن سىلىگە كۆيمەستە،
چىرايىم سېرىقمىدى.

دۇتار دېگەن بىر ياغاچ،
ئۈنلەيدىغان تارىسى.
يارغا كۆيگەن يۈرەكنىڭ،
نەدە باردۇر دارىسى.

مەن ئەجەب غېرىب بولدۇم،
چالغىلى راۋاب يوقمۇ؟
سىزگە نەچچە خەت يازدىم،
بەرگىلى جاۋاب يوقمۇ؟

يارىم كەپتۇ ياغلىقسىز،
ياغلىق بەرسەم باغلامسىز؟
قېشىڭىزدا مەن تۇرسام،
ھەر تەرەپكە قارامسىز.

تاڭ سەھەردە ئاسماندا،
بوز تورغايلار ئەگىيدۇ.
ساڭا كۆيگەن بۇ يۈرەك،
قانداق قىلسا سەگىيدۇ؟

ئېشىك ئالدى زاراڭزا،
ئېچىلىپتۇ ھەر ياڭزا.
كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
بىزمۇ سىزدەك بالاڭزا.

ئۆستەڭ ياقىلاپ بېرىپ،
تۇتقان سۇلىرىڭ ئازمۇ؟

دۇشمەنلىك بولۇپ قالدۇق،
تويىنى قىلىلى ئاستا.

ئەلچى قويسام ئاناڭغا،
كىچىك دەپتۇ يېشىڭنى.
كىچىك بولساڭ نېمىشقا،
قارا قىلدىڭ قېشىڭنى؟

ئەمدى ئېيتقىن ئاناڭغا،
ئوڭلاپ قويسۇن بېشىڭنى.
يەر تېگىدىن قارايسەن،
چۈشەنمىدىم ئىشىڭنى.

توپلىغۇچى: ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن سەمەت ئىسما-
يىل، 46 ياش.

دۇتار چالىمەن دەيلا،
پەدىسىنى باسالامىلا؟
ئاشىنا بولىمەن دەيلا،
ۋەدىدە تۇرالامىلا؟

ئاق تېرەكنىڭ دالدىسىدا،
مېنى سۆيگىنىڭ قېنى؟
ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن دەپ،
ۋەدە بەرگىنىڭ قېنى؟

قاشىڭ قارا بولمىسا،
كۆك ئۇسمىدا قاشلىغىن.

ئۇزۇن - ئۇزۇن ئاغامچا،
يولدا ياتسا مەيلىمۇ؟
كۆڭلۈمدىكى بىر غۇنچە،
توزۇپ كەتسە مەيلىمۇ؟

ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم،
تۆشلەڭگىنى① تارتماي.
بۇ دەردلەرنى كىم تارتسۇن،
سېنىڭ بىلەن مەن تارتماي.

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى شورلۇق،
پۇتى ئاغرىمدىكىن يارىنىڭ؟
ئوتىدا كۆيۈپ ئۆلسەم،
ئىچى ئاغرىمدىكىن يارىنىڭ؟

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۇچتۇرپان قاقيار يېزىسىدىن دېھقان ئابدۇۋېلى سابىر، 40 ياش.

توپلىغۇچى: زۇنۇنگۈل ئابدۇرېھىم.

گۈل بېغىدىن ئاڭلىدىم،
بۇلبۇلنىڭ ناۋاسىنى.
نەدىنمۇ تاپاي ئەمدى،
كۆيۈكنىڭ داۋاسىنى.

دۇتار چالىمەن ئاستا،
ئۆستەڭ بويىدا قاشتا.

① ئاتقا ئارتىلىدىغان ئىگەرنى باغلاشنى كۆرسىتىدۇ.

بۇلبۇل سايرىغان چاغدا،
مەن يارىم بىلەن باغدا.

توپلىغۇچى : قەييۇم مەتتىمىن.

بىر كىچىك باغنىڭ ئىچىدە،
جۇپ تېرەك يالغۇز پۇتاق.
مەشۇقىغا كۆيمىگەننىڭ،
يۈرىكىگە مىڭ پىچاق.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كەلپىن ناھىيە گەزلىك يېزىسىدىن دېھقان روزى ھەسەن، 70 ياش.
توپلىغۇچى : كەلپىن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن ئابدۇۋەلى راخمان.

## مەدھىيە قوشاقلىرى

ئاق ئالما قىزارغاندەك،
قىزىل يۈزلۈكۈم يارىم.
ناۋات بىلەن سۇغارغاندەك،
شېرىن سۆزلۈكۈم يارىم.

دوپپا تىكتىم چىرايلىق،
كىيسەڭ بېشىڭغا لايىق.
كىيىپ چىقساڭ كوچىغا،
ھەيران قالسۇن خالايىق.

ئېيتىپ بەرگۈچى : سەمەت ئىمىن.
توپلىغۇچى: ساۋۇت سوپى.

يارىمنىڭ مېڭىشلارى،
ماڭسا قول سىلىشلارى.

باشقا خەقلەر خەت تۇتسا،
يىرتىپ - يىرتىپ تاشلىغىن.

جاراڭلايدۇ كوچىدا،
ئۆتكەنلەر كارۋانمىكىن؟
كېلىمەن دەپ كەلمىدى،
يار سۆزى يالغانمىكىن؟

باغدا پاختەك ، بۇلبۇلەك،
ئۇچۇپ سايراپ يۈرگۈدەك.
مەن يارىمنى ئاڭلىسام،
هەر جايدا ئويناپ يۈرگۈدەك.

ئالما يەي دەپ باغقا كىرسەم،
ئالما تۆۋى لاي ئىكەن.
يارنى بېرىپ كۆرەي دېسەم،
ئېسىل سۆپەت باي ئىكەن.

ئىرغايلىقتا ئىرغايدۇ،
ئىرغاينىڭ شاخى.
شامال چىقسا يەلپۈنىدۇ،
يارىمنىڭ ساچى.

ئۆكە ئۆرلىگەن چاغدا،
بۇغدايلار بولۇر تاختا.

ئات مىندىم كۆرەڭ قاشقا،
چاپتۇردۇم شېغىل تاشقا.
ھەر كىمنىڭ يارى باشقا،
ئوخشامدۇ قەلەم قاشقا.

چاپىنىڭنىڭ يېڭىنى،
قايسى ئۇستام ئويغاندۇ؟
ئىسمىلىرى چىرايلىق،
قايسى موللام قويغاندۇ؟

بىزنىڭ يار چىرايلىقنىڭ،
ئۇستۈن باشتا ئۆيى بار.
ئاشۇ چاغدا ئۆستۈرگەن،
زەپ چىرايلىق گۈلى بار.

خېنىم چىرايىڭىز ئوڭگە،
كىشى سۆز بەردىمۇ سىزگە؟
كىشى سۆز بەرسە بەرگەندۇ،
يامانلىق ئەيلىمەڭ بىزگە.
خۇيى خۇيىغا ئوخشايدۇ،
بويى بويىغا ئوخشايدۇ.
ئىشىكتىن يۆلۈنۈپ ئۆتكەن،
مېنىڭ يارىمغا ئوخشايدۇ.

قۇشقاچ قوندى قەپەزگە،
خەت پۈتەمدۇ قەغەزگە؟
ياش بالىلار كۆيۈپ قاپتۇ،
ئاي يۈزلۈك، قارا كۆزگە.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە يېڭىمەھەللە يېزىسىدىن دېھقان ھامۇت-ھوشۇر، ئەر 50 ياش.
توپلىغۇچى: ئەنۋەر كايىت.

ھېچ كىشىگە ئوخشىماس،
ھەر قاراپ قويۇشلارى.

باغىم بارۇ باغىم بار،
باغىمدا ئانارىم بار.
سەن يارىڭنى داغلايسەن،
مېنىڭ لېۋەن يارىم بار.

ئاق بوز ئاتنى داغلايدۇ،
قارا بوز ئاتقا يەتمەيدۇ.
جۇۋانلارنى داغلايدۇ،
ياش قىزلارغا يەتمەيدۇ.

ئاسماندا لاچىن تولا،
بىر - بىرىگە ئوخشىماس.
ھەرقانچە يارىڭ بولسا،
بىزنىڭ يارغا ئوخشىماس.

سەككىز ئوتاق① يوللىرى،
كۆك يانتاق بىلەن تولغان.
شېكەر خانىنىڭ قوللىرى،
خېنە قويۇپ گۈل بولغان.

سەينادا تولا كەكلىك،
مەن يارىم بىلەن بەپلىك.
يار بولسا گۈزەل بولسا،
قارا قاش، خۇمار كۆزلۈك.

---

① جاي ئىسمى

بىزنىڭ باغدا مېۋە جىق،
تاللاپ يېسىلە ماقۇل.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قايلۇ يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى زىنە-
نەت ئايۇپ، 46 ياش.

توپلىغۇچى: ساۋۇت سوپى.

يارىم تېرىغان كېۋەز،
ئۈنۈپ چىقتى قوش قۇلاق.
يارىمنىڭ بويى زىلۋا،
كۆزلىرى ئاتەش بۇلاق.

ئىشىكىڭدىن ئۆتكەندە،
ماڭا ئاتقان چالمىمۇ؟
كۆكسىڭدە لىغىلدىغان،
نەشپۈتمۇ يا ئالمىمۇ؟

ئالما ئۈزسەڭ كۆزدە ئۈز،
ساپىقىنى بىللە ئۈز.
ئازار بەرمەي دىلىمغا،
يارىم، قىلغىن ياخشى سۆز.

ئاق ئالمىنىڭ شېخىدەك،
ئېگىلىپ قالدىم بۈگۈن.
ئۈچ كۈن بولدى كۆرمىگىلى،
سېغىنىپ قالدىم بۈگۈن.

سېنى ئۇنداق ياراتتى،
مېنى مۇنداق ياراتتى.
ئىككىمىزنىڭ ئارىسىغا،
ئاقار دەريانى ياراتتى.

سەندەك قىزىلگۈل،
ھېچ باغدا يوقتۇر.
كۆرسەم سېنى مەن،
ئارمانىم يوقتۇر.

تاغ باغرىدا ئوينايدۇ،
تاغنىڭ تۈلكىسى.
مېنى خۇشال قىلغىنى،
يارىنىڭ كۈلكىسى.

ئايمۇ ئايدىڭ كېچىلەر،
ئاپپاقمۇ ئايدىڭ كېچىلەر.
گۈل بىلەن رەيھان پۇرايدۇ،
يارىم ماڭغان كوچىلار.

تېرەك باشىدا كاككۇك،
تىنماي خۇشال سايرايدۇ.
يارىم سېنى كۆرگەندە،
دىلىم شۇنچە يايرايدۇ.

بىزنىڭ يارىنىڭ قولىدا،
گۈلى بار پەرەڭ ياغلىق.
قىلىقىڭنى دېمەمسەم،
چىرايلىقلىقىڭ چاغلىق.

ئانداق دېسىلە ماقۇل،
مۇنداق دېسىلە ماقۇل.

شاخلايدۇيا، شاخلايدۇ،
قاپاق تېرەك شاخلايدۇ.
قاپاق تېرەك تۈۋىدە،
بىزنىڭ يارلار ساقلايدۇ.

بۇلبۇل تىنماي سايرايدۇ،
گۈل شاخىغا قونسام دەپ.
مەنمۇ دائىم ئويلايمەن،
سەن يارىمنى سۆيسەم دەپ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە يېڭىمەھەللە يېزىسىدىن ئىسمائىل قاسىم-
توپلىغۇچى: تاھىر.

ئىشىك ئالدىدا سېدە،
ئاتقا سېپ بېرەي بېدە.
سەن يارىمنىڭ دەردىدە،
بولدى يۈرەكلەر زېدە.

ئەجەب ئوخشاپتۇ بۇ قوغۇن،
چوڭ يولغا پىلەك تاشلاپ.
كېلىنىڭ يارىم ئويناپلى،
ھەر تەرەپكە كۆز تاشلاپ.

تاماكىنى چەكمەيسەن،
يوقمىدى چىلىم - غاڭزاڭ؟
ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم،
نەدىدۇ سېنىڭ پاڭزاڭ؟

خەتنى يازدىم ئولتۇرۇپ،
ئاق قەغەزنى تولدۇرۇپ.

قاش بېشىغا بارغىچە،
قاش تېپىلماس ئاتقىلى.
پۇرسەت كەلمىدى بۇگۈن،
قوش يۈرەكنى چاتقىلى.

چىنارغا قونغان قۇشقاچ،
سايرىمايدۇ نېمە بولدى؟
ئەجەب ياخشى يار ئىدى،
گەپ قىلمايدۇ نېمە بولدى؟

ئەجەب سايرىمىدى بۇلبۇل،
شاختا گۈل ئېچىلغاندا.
يار ئۇياقتا يىغلايدۇ،
مەن بۇياقتا ئارماندا.

بۇغداي تېرىدىم تۈزگە،
تېڭى يازغا تېڭى كۈزگە.
مېنىڭ يارىم قارا كۆز،
چىقمايدۇ تالا تۈزگە.

تەپسەم ساندۇق ئېچىلۇر،
گۈل باشىمغا سانچىلۇر.
سىزدىن ماڭا خەت كەلسە،
مېنىڭ كۆڭلۈم ئېچىلۇر.

ئاچچىق ئۆرۈكنى كېسىۋېتەي،
شاخ - شۇمبىسىنى قالىۋېتەي.
سەن مېنى ياد ئەتمىسەڭ،
مەن نېمىشقا ياد ئېتەي.

ئەگمە ـ ئەگمە قاشىڭنى،
مەن ئېگىپ ئالالايمەن.
ساڭا بەرگەن كۆڭۈلنى،
قايتۇرۇپ ئالالايمەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە يېڭىمەھەللە يېزىسىدىن تۇردى توختى.
توپلىغۇچى: ماھىرە.

ئاقىنە كۆڭلەك كىيىپلا،
يېشىلغىنە جىيەك تۇتۇپ.
يار كەتسە ئولتۇرۇپلا،
بۇ يەردە ئېڭەك تۇتۇپ.

ئايغا ئوخشايسەن يارىم،
رومىلىڭنى چىگكەندە.
تولغىنىپ ياتالمايمەن،
سەن يادىمغا يەتكەندە.

بۇلبۇل قوندى باشىمغا،
كاككۇك قوندى باشىمغا.
ھالىمدىن خەۋەر ئالسۇن،
ئېيتىڭلار ئاداشىمغا.

ئۇسۇلنى تولا ئويناپ،
بېشىڭ قايدىمۇ يارىم؟
كەل دېگەندە كەلمەيسەن،
پۇتۇڭ تالدىمۇ يارىم؟

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە يېڭىمەھەللە يېزىسىدىن دېھقان قادىر
ساتتار، 48 ياش
توپلىغۇچى: ئابلەت.

خېتىم كەتتى، مەن قالدىم،
خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ.

تاش كۆۋرۈكتە ئولتۇرسام،
بەش ماشىنىدا تاش كەلدى.
مەن يارىمنى ئويلىسام،
قارا كۆزۈمگە ياش كەلدى.

ئېگىز ئايۋاندا ئۆزىڭىز،
دېرىزىدە كۆزىڭىز.
يۈرىكىمدىن چىقمايدۇ،
ئاخشام قىلغان سۆزىڭىز.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە قايلو يېزىسىدىن زەينەپ روزى، 40 ياش، ئوقۇتقۇچى.
توپلىغۇچى: داۋۇت، 23 ياش.

دۇتارنى چېلىپ بولۇپ،
كارىۋاتقا يۆلەپ قويدۇم.
ئۈچ كۈن بولدى كەلمەيسەن،
مەن سېنى كۆرۈپ قويدۇم.

قىزىلگۈلنىڭ شاخىنى،
شامال قانداق قايرىغاي.
شېرىن سۆزلۈك يارىمدىن،
دۈشمەن قانداق ئايرىغاي.

ئۈچتى، كېپىنەك ئۈچتى،
گۈللۈك باغىغا چۈشتى.
مېنىڭ بۇ غېرىب كۆڭلۈم،
شۇ گۈزەل يارغا چۈشتى.

دۇتارنى چالاي دېسەم،
قولاقىدا تارا يوق.
بىللە ئۆتكەن كۈنلەرنى،
ئەسلىمەسكە چارە يوق.

قىزىلگۈلنى گۈل دەيدۇ،
ئەتىر گۈلگە يەتمەيدۇ.
يارنىڭ قىلغان ئىشلىرى،
ئېسى ـ يادىمدىن كەتمەيدۇ.

يار بىلەن تېپىشقاندا،
ھەممىدىن جۇدا بولسام.
سېغىنىپ كۆرۈشكەندە،
كۆيۈكتىن ئادا بولسام.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ساۋۇت سوپى.
توپلىغۇچى: ئابلەت.

كېپىنەك بولۇپ ئۇچارسىز،
گۈلدىن ـ گۈلگە قونارسىز.
يادىڭىزغا يەتكەندە،
مېنى ئەسلەپ قويارسىز.

ئۇزۇن ـ ئۇزۇن ئاغامچا،
ئۈزۈلۈپ قالسا مەيلىمۇ؟

يۈرىكىم چاك ـ چاك بولدى،
لېۋىڭدە سۇ ئىچەي يارىم.
ئۆتەر يولۇڭغا باش قويۇپ،
ئەجەل يەتسە ئۆلەي يارىم.

يارىم قوغۇن تېرىپتۇ،
چۆنەك ئارىلاپ باراي.
چۆنەك ئارىلاپ بېرىپ،
ناشېكەرنى مەن ياراي.

دەريادىكى سۇلاقنى،
پالتا ئۇرۇپ تەشكىم بار.
سەن يارىڭنى ئويلىسام،
ئەزىز جاندىن كەچكىم بار.

توخۇم كۆمدۈم ئوچاققا،
ئىتىلغاندۇ بۇ چاققا.
يىراقتىكى شۇ يارىم،
سېغىنغاندۇ بۇ چاققا.

باردىم دەريا كەچكىلى،
ئولتۇردۇم سۇ ئىچكىلى.
بارالمىدىم يار قېشىغا،
قاناتىم يوق ئۇچقىلى.

ئېيتىپ بەرگۈچى : ساۋۇت سوپى.
توپلىغۇچى : تۇرغۇن.

ئىشقىڭدا مەجنۇنمەن،
لەيلىدەك نەزەر سالغىن.
ئارام تاپمىدى كۆڭلۈم،
ھالىمدىن خەۋەر ئالغىن.

ھاۋادىكى لاچىنىڭ،
قاناتىدا توپا يوق.
بىلىپ قويغىن جان باللار،
چىرايلىقتا ۋاپا يوق.

تاغىقىڭىزنى بەرسىڭىز،
چاچلىرىمنى تاراشقا.
رەسىمىڭىزنى بەرسىڭىز،
سېغىنغاندا قاراشقا.

ئىشىك ئالدى باغ، يارىم،
باغنىڭ ئىچى گۈل، يارىم.
چىدىمايدىكەن يۈرەك،
ئانچە - مۇنچە كەل، يارىم.

ھويلىدىكى سېدىگە،
قۇشقاچ چاڭگا سالغاندۇ.
مەكتۇپ يازدىم يارىمگە،
بۇ كەمگىچە ئالغاندۇ،

ئالما سالسام قوينۇڭغا،
گىرە سالسام بوينۇڭغا.
پەيشەنبىمۇ كەلمىدىڭ،
قاراپ تۇرسام يولۇڭغا.

بىللە يۈرگەن دوستلىرىڭىز،
يالغۇز قالسا مەيلىمۇ؟

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە يېڭىمەھەللە يېزىسىدىن دېھقان گېلى ساماساق، ئەر، 70 ياش.
توپلىغۇچى: ماھىرە.

دۇتارنى تولا چېلىپ،
قولۇم بولدى سەينىگە.
مېنى سېغىنغان بولساڭ،
كەچتە چىققىن سەيلىگە.

ئالمىلىق بېغىم بولسا،
دۆك يەرگە ساراي سالسام.
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا،
بويىنىغا گىرە سالسام.

ھويلىغا قوناق يايدىم،
ئويناپ كېلىپ چاچمىسىلا.
دەپتەر، قەلەم سەكسەن فۇك،
خەت يېزىشتىن قاچمىسىلا.

ئاق پىيازنىڭ پوستىمەن،
كۆك پىيازنىڭ پوستىمەن،
مۇشۇ مەھەللە ئىچىدە،
سىز يارىمنىڭ دوستىمەن.

قول ياغلىقىڭنى يۇيۇپ،
ئاپتاپتا قۇرۇتتۇڭمۇ؟
مەن سېنى ئۇنۇتمىسام،
سەن مېنى ئۇنۇتتۇڭمۇ؟!

ئالما تۈۋىدە تۇرۇپ،
كۈندە ئۆتۈن كەسلىدىم.
كۆزلىرىمگە ياش ئېلىپ،
مەن يارىمنى ئەسلىدىم.

مەن يارىمنىڭ بېغىدىن،
ئالمىنى ئۈزەي دېدىم.
بوينىغا گىرە سېلىپ،
بىر قېتىم سۆيەي دېدىم.

ئېيتىپ بەرگۈچى : مەھەممەت تالىپ.
توپلىغۇچى: تۇرغۇن.
1989 - يىلى 6 - ئايدا شايار ناھىيە بازار ئىچىدە توپلاندى.

ئېچىمدىكى دەردلىرىم،
چىقمايدىكەن تېشىمغا.
ئۇچار قاناتىم بولسا،
بارار ئىدىم قېشىڭغا.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
تۇرپان شەھىرىگە قاراپ.
كۆزۈمنىڭ نۇرلىرى ئۆچتى،
يارنىڭ يولىغا قاراپ.

كۆتەك يارىم پالتىدا،
دەرۋازىنىڭ ئالدىدا.
كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
دوست - دۈشمەننىڭ ئالدىدا.

ئېيتىپ بەرگۈچى : گۈلنىسا تايىپ، 23 ياش، ساۋاتلىق، شايار ناھىيە تويبولدى يېزىسىدىن.

توپلىغۇچى : دىلنار.

پۇشقىقىمنى تۇرمەستىن
سۇغا كىردىم يوتىدا.
يارىم ئەجەب كەلمەيدۇ،
ئۆلتۇرەمدۇ ئوتىدا.

يارىم كېۋەز تېرىپتۇ،
يوپۇق يېيىپ ئۈستىگە.
قاچانلىققا يەتەرمەن،
سەن يارىمنىڭ ۋەسلىگە.

باغقا كىرىپ پەم بىلەن،
ئالما گۈلىنى ئۈزدۈم.
يارىم قايدىن كېلەر دەپ،
قاراپ بوينۇمنى سوزدۇم.

بۈگۈن ئاخشام يارىمنى،
كۈتتۈم ئالما تۈۋىدە.
چىقالمىدى قېشىمغا،
ئاپسى بارمىكىن ئۆيىدە.

ئۇلاپ قويدۇم ئالمىغا،
نەشپۈت بىلەن جۈجۈلە①.
كەلمىدىلە ساقلىسام،
ئاخشام كېلەي دېۋىدىلە.

---

① نەشپۈتنىڭ بىر خىلى.

ئارا يىراق بولمىسا،
كۆرسەم يارنى پاتمۇ پات.
يۈرىكىمگە قان تولۇپتۇ،
لەيلىگۈلدەك قاتمۇ قات.

ئالما پىشتى ئۈگىلدى،
ئۈزۈم پىشتى چىكىلدى.
تارتماسلىققا چارەم يوق،
پىشانەمگە پۈتۈلدى،

سەندەك قىزىلگۈل،
ھېچ باغدا يوقتۇر.
كۆرسەم سىنى مەن،
ئارمانىم يوقتۇر.

*تېكىستنى بەرگۈچى: ساقى كېيۈر، شايار ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى.
**توپلىغۇچى : ساۋۇت سوپى.

دەرياغا تور تاشلىدىم،
ئالتۇن بېلىق تۇتماق بولۇپ.
مەن يارىمغا خەت ئەۋەتتىم،
كۆڭلىنى ئۇتماق بولۇپ.

قاشلىرى قارامىدۇ،
يۈرتلىرى ھەرەممىدۇ.

دەريانىڭ تېگى لايدۇ،
دەسسەم لىغىلدايدۇ.
يارىمدىن خەۋەر كەلسە،
يۈرىكىم جىغىلدايدۇ.

ئىشىكىڭدىن ئۆتكۈچە،
كۆرۈپ قالدىم بويۇڭنى.
مەن سېنى سېغىنغاندا،
ئەسكە ئالدىم خۇيۇڭنى.

توغراق يۇلغۇن كۆكىرىپ،
گۈزەل قىلىپتۇ تارىمنى.
ئاخىر بىر كۈن سۆيەرمەن،
كۆڭلۈمدىكى يارىمنى.

ئاھ دەيمەن، خۇدا دەيمەن،
دوپپام باشىمدا.
چۆلمۇ ئاۋات بولار ئىدى،
تۇرسام قاشىڭدا.

قارا - قارا قاشلارىڭغە،
قەلەم يۈگۈرتەي.
سەن يارىمنىڭ تەرىپىنى،
قانداق تۈگىتەي.

بوستان ئەيلەپ چۆللەرنى،
ياڭرىدى مېنىڭ ناخشام.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
پەيشەنبە بازار ئاخشام.

ئېيتىپ بەرگۈچى: تۈنىياز ھاشىم.
توپلىغۇچى: دىلنار.

نىكەمگىچە يۈرۈيسىز؟
كۆيگەن ئوتنى ئۆچۈرۈپ.

قەشقەر بازىرى پەستە،
كوچىسى ئاۋات رەستە.
كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
دۈشمەن بىلەن بەس - بەستە.

سەنمۇ باردىڭ بولاققا،
مەنمۇ باردىم بولاققا.
جاندىن ئەزىز يارىمنى،
ئاپىرىۋەتتى يىراققا.

خەتنى يېزىپ بولغىچە،
ئەجەب تالدى بىلىكىم.
سېنى بىردەم كۆرمىسەم،
چىدىمايدۇ يۈرىكىم.

يارىمنىڭ ئالمىسىدىن،
بىرنى ئۈزۈپ يېمىدىم.
كۆيگىلى ئۇزۇن بولدى،
بىرنى سۆيۈك دىمىدىم.

چوڭ يول بىلەن ماڭساڭچۇ،
بوغدايلىقنى يول قىلماي.
راست گېپىڭنى ئېيتساڭچۇ،
غېرىب كۆڭلۈمنى داغ قىلماي.

تاشلاشقان - تاشلاشمىغان،
تاشلىشىپ چىداشمىغان.
شۇنچە يىل بىللە يۈرۈپ،
قانغىچە مۇڭداشمىغان.

باراي دېسەم يول يىراق،
ماڭا كەلگەن ئەلەمىدۇ.

ئالما بەردىم قولۇڭغا،
كۆيۈپ قالدىم بويۇڭغا.
قاچانغىچە يۈرۈيمەن،
قاراپ سىنىڭ يولۇڭغا.

ئالماڭنى ئىغا تىماسەن،
سۈيۈگۈنىڭ ئىقىشىغا،
يازغان خەتلىرىڭ تەگدى،
يۈرەكنىڭ بىغىشىغا.

مەن ئۆزۈم كەتكەن بىلەن،
كۆڭلۈم سەندىن كەتمىدى.
سىنىڭ دەردىڭدە ئاھ ئۇرسام،
ئاھىم خۇداغا يەتمىدى.

يارىم كەتتى ئۆزاققا،
مىنى سالدى دوزاخقا.
يارىم كەلسۇن ئۆزاقتىن،
مىنى ئالسۇن دوزاختىن.

باغ بولسا ئاۋات بولسا،
چاي بولسا ناۋات بولسا.
سەن يارىمنى سىغىنغاندا،
ئۇچقىلى قانات بولسا.

يارىم ياغلىق چىگىپتۇ،
پىشانىسىنى چۆكۈرۈپ.

سەن ئالامتىڭ بۇ جاننى،
ئالا يېشىل كۆرۈنۈپ.

يارىم بەردى بەش ئالما،
بەشىلىسى قوينۇمدا.
ئوخلاپ چۆچۈپ ئويغانسام،
يارىڭ قولى بوينۇمدا.

ياخشى ئاتنىڭ بالىسى،
سۆڭگىچىدە ئالىسى.
بىزنى كۆيدۈرگەن يارىڭ،
قۇچىقىدا بالىسى.

ئوڭ قولۇمدا بەش ئۈزۈك،
سول قولۇمدا بىلەزۈك.
چىرايلىقنى بىر سۆيسەم،
ئون بەش كۈنلۈك ئاش - ئوزۇق.

سىڭگەنۇ سىڭگەن،
سىڭڭ بولماي كىمنىڭگەن.
ئەسلى يۇرتۇم شايارىدىن،
تاللاپ سۆيگەن يارىڭگەن.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنى،
نەچچە پۇلغا ئالغانسەن؟
ئىچىڭدىكى ئوتلارنى،
قانداق چاغدا سالغانسەن؟

چىقىشۋالدىڭ تىرەككە،
ئوتنى سالدىڭ يۈرەككە.

ئېتىمنى مىنىپ بېرىپ،
يارىمنى كۆرەي دەيمەن.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
دورا يەپ ئۆلەي دەيمەن.

ئالما ئاتتىم دەرياغا،
لەيلىشىپ چۆكمەيدۇ.
سىز يارىمنىڭ گەپلىرى،
خىيالىمدىن كەتمەيدۇ.

پەشمەتىڭنىڭ پېشىدىن،
كېسىۋالاي تۇمارلىق.
كۆڭلۈمدىكى يارىمنى،
سۆيۈۋالاي خۇمارلىق.

ئىككى تاغ ئاراسىدا،
قۇشقاچ بىلەن قۇرغۇي بار.
كەچ بولسىمۇ ئوينايلى،
ئاي بولمىسا يۇلتۇز بار.

ئالما ساتقىلى چىقسام،
قىزىلىنى تاللايدۇ.
ئويناي دېسەم يار تولا.
كۆڭلۈم سىزنى خالايدۇ.

ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپسەن،
يان ياغاچقا يۆلىنىپ.

ئىككىمىز ئاراسىغا،
خۇدا ساپتۇ كۆيۈكنى.

بۇ ھويلا يوغان ھويلا،
ئوتتۇرىسىدا ئەينۇلا.
بۇ سۆزنى ساڭا قىلدىم،
يارىم ئولتۇرۇپ ئويلا.

ئۆگزىدىگە چىقىپ ئاپسەن،
ئېچىلغان قىزىلگۈلدەك.
كەلگىن يارىم، ئوينايلى،
سۇغا سۇ قېتىلغاندەك.

چاپىنىمنىڭ يېڭى تار،
قانداق پاتار بىلىكىم.
سەن يارىمدىن ئايرىلسام،
چىدىمايدۇ يۈرىكىم.

تېپىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيىسىدىن ئىسمايىل قاسىم.
تولۇقلىغۇچى: ساۋۇت سوپى.

تارىمنىڭ يولى جاڭگال،
جاڭگالدىن ئۆتەي دەيمەن.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
يىراققا كېتەي دەيمەن.

يارىمنىڭ قولى ئۇزۇن،
ئالمىنى ئېگەلەيدۇ.

مىنىڭ كۆڭلۇم ئۇنتمايدۇ،
قارا كۆزدىن بۆلەككە.

باغدىكى ئەينۇلاڭنىڭ،
شاخلىرى جەينەكچە بار.
بىزنى كۆيدۇرگەن يارنىڭ
بەللىرى چەمەكچە بار.

ئاتايمۇ شىخىل تاشنى،
ئاتمايمۇ شىخىل تاشنى.
ئىچ دىسەڭمۇ ئىچمەيمەن،
يارىم ئەتمىگەن ئاشنى.

تەمبۇرۇڭنىڭ سازىمەن،
چۆلدە ئۇچقان غازىمەن.
ئوتۇڭدا ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۆلگۈنۈمگە رازىمەن.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
دەريانىڭ بويى بىلەن.
خاتىرەڭنى جەم قىلغىن،
ئوينايمەن سىنىڭ بىلەن.

ئىتىمنى مىنىپ بىرىپ،
يارىمنى كۆرەي دەيمەن.
يارىمنىڭ قولاقىغا،
هالقا سىپ قويا ي دەيمەن.

ئۆستەڭ ياقىلاپ ماڭسام،
مىراپ ساپتۇ كۆۋرۈكنى،

كۆرگىلى باراي دېسەم،
يوللىرى داۋان.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
يار ئوتى يامان.

سۇنىڭ سۇزۇكى بۇلاق،
چاچنىڭ ئۇزۇكى ئۇلاق.
مەندىن باشقا يار تۇتساڭ،
ئاڭلاپ قالىدۇ قۇلاق.

خەتنى يازدىم كېچىدە،
ئۇيقۇلۇقنىڭ ئىچىدە.
مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم،
ئۈچ ـ تۆت ئاينىڭ ئىچىدە.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۆمەر سىيىت، 49 ياش، ساۋاتسىز، شايار ناھىيە توي- بولدى يېزىسىدىن.

توپلىغۇچى: قەيسەر.

يارنىڭ ئۆيى جەينەكتە،
قەستىم يارنى سۆيمەكتە.
يار مېنى كىچىك دەيدۇ،
كۆرۈپ باقسۇن ئەينەكتە.

يەكشەنبە بازارىغا،
باردىم يار بىلەن ئاتلىق.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
قىلىقلىرىڭ بەك تاتلىق.

ئۇزاپ كەتسەم يىراققا،
ئارقامدىن يىتەلەيدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە يېڭىمەھەللە بېزىسىدىن دېھقان ئاۋۇت نۇرى، 50 ياش.
توپلىغۇچى: ناسىرجان.

گۈل تېرىدىم كەلسىلە،
ئۇسما تېرىدىم كەلسىلە.
بىر قويۇم ئۇسما بېرەي،
بۇرۇتۇمنى قايرىپ سۆيسىلە.

ئۇ مەھەللەگىدىن، بۇ مەھەللەگە،
كەلدىم سەيلىگە.
مەيلىڭ بولسا، يار مېنى،
ياققىن مەيدەڭگە.

ئالما ئاتقۇم كېلىدۇ،
بېھى ئاتقۇم كېلىدۇ.
ياخشى يارنى تاپقاندا،
بىرگە كەتكۈم كېلىدۇ.

ئىشىكىڭگە تاش ئاتتىم،
زەنجىر بولسا تەگسۇن دەپ.
ئۇرغۇنلىغان بېيىت يازدىم،
ئەقلى بولسا بىلسۇن دەپ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە توپبولدى يېزا كۆكبويۇن مەھەللىدىن پاتەم، 22 ياش.
توپلىغۇچى: دىلنار.

پاڭچۇ كۆڭلىكىم بولسا،
بازار ئىچىدە كىيسەم.
خۇمار كۆز مېنىڭ بولسا،
دۈشمەن ئالدىدا سۆيسەم.

خېتىڭىزنى ئەكىلىڭ،
ئوقۇپ بېرەي پەم بىلەن.
دىلىڭىزنى پاك راستلاپ،
ئەھۋالىشاڭ مەن بىلەن.

ئېيتمىسامۇ بولمايدۇ،
ئېيتماي كۆڭۈل قويمايدۇ.
سىزگە كۆيگەن يۈرىكىم،
سۆيسەم ھەرگىز قانمايدۇ.

ئالما سۇنسام ئالمىدى،
پۇلنى بەرسەم ئالمىدى.
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى،
چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى.

ئاتلار ئورۇق، مەنزىل يىراق،
شۇل مېنىڭ بەختىم.
ئەنبەرخانىنىڭ چار بېغىغا،
سۇ بولۇپ ئاقتىم.

هاۋادىكى لاچىننى،
تور بىلەن تۇتاي دەيمەن.
مەشۇقۇم چىرايلىقنى،
چاي بىلەن يۇتاي دەيمەن.

ئۇنداق دېسىلە ماقۇل،
مۇنداق دېسىلە ماقۇل.
كۆزلۈككە پىشار شاپتۇل،
شاپتۇل تۆۋىدە ماقۇل.

ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنى،
يارىمغا تۇتاي دەيمەن.
ئاشىق بولغان يارىمنى،
چاي بىلەن يۇتاي دەيمەن.

يارىمنىڭ قارا چاچى،
چۈشۈپتۇ ئاياغىغا،
مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپ،
قارايمەن سىياقىغا.

خوتەن يولى داۋانسىز،
ساڭا كۆيدۈم ئارمانسىز.
كۆيگۈنىمنى بىلمىدىڭ،
نەقاي يوق گاللۇاڭ قىز.

چاچىڭدىكى لىنتاڭنى،
نەلەيمىكىن دەپتىمەن.
ياغلىق ئىچىدە تۇرسالڭ،
بەلەنمىكەن دەپتىمەن.

خېنىم، چىرايلىرى ئاقتۇر،
بېرىپ رەمچىگە رەم باقتۇر.
رەمچى ئېيتىدۇ يالغان،
كۆيۈككە داۋا يوقتۇر.

ئېتىزدىكىنىڭ قىرىدا،
توخۇ ـ ئۆردەك دانلايدۇ.
ھېچبىر ئىشنىڭ تايىنى يوق،
يار مەندىن يامانلايدۇ.

ئۆگزەڭگە چىقىپ باقسام،
تەڭدىن تولىسى مورا.
تېۋىپلاردا بارمىكىن،
كۆيۈك ئوتىغا دورا.

بېغىڭدىكى قىزىل ئالما،
يېگۈدەك پىشىپ قاپتۇ.
بۇ مېنىڭ غېرىب كۆڭلۈم،
بىر ساڭا چۈشۈپ قاپتۇ.

ئالتە ئاي بولدى بۇ دەردكە،
يۈرەكنى تازا دەمسەن.
چىقمايسەن تالا ـ تۈزگە،
ئېرىڭنى مازار دەمسەن.

ئېرىقىڭنىڭ تېگىنى،
يەنە ئويسام بولارمۇ؟
باغرى قاتتىق يارىمغا،
كىشى قويسا ئونارمۇ؟

خۇمار كۆزلۈك شۇل يارىمنىڭ،
ئامۇت باغى بار.
يېرىپ كۆرۈڭ يۈرىكىمنى،
كۆيگەن داغى بار.

غۇنچە ـ مارجان چېچىلىپ كەتتى،
تېرىشىپ بەرسىلە.
سۆيەي دېسەم بويۇم يەتمەس،
ئېگىشىپ بەرسىلە.

شامال تېگىپ يۈزۈمگە،
ئۆڭگە① قىلدى كۆڭلۈمنى.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرۈپ،
قىسقارتامسەن ئۆمرۈمنى.

قىزىلگۈل ئاراسىدىن،
تېپىۋالدىم تۈزۈكنى.
سەن مېنىڭدىن ئايرىلساڭ،
تاپالمايسەن تۈزۈكنى.

يىپەك رومال ئىچىدىن،
قاش ـ كۆزۈڭ كۆرۈنمەيدۇ.
مەندىن باشقا يار تۇتساڭ،
سېنىڭ كۆڭلۈڭ سۆيۈنمەيدۇ.

ئېرىقتىكى لاي سۇنى،
كۆلگە باشلىماڭ يارىم.
ئەقلى ـ ھوشىمىز بولسا،
بىزنى تاشلىماڭ يارىم.

① ئۆڭگە — غەيرى، باشقىچىلا.

ئۆيۈڭنىڭ ئالدىدىن ئۆتسەم،
نەزەر كۆزۈڭنى سالمايسەن.
نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى،
كۆيگىنىمنى بىلمەيسەن.

ئۆينىڭ ئارقىسى ئورمان،
كۆچەت تىكىپ باغ بولغان.
يارغا تويماس يۈرەكلەر،
كىچىك چاغدا داغ بولغان.

سېنى دېدىم، سېنى دېدىم،
مەھەللەڭدە يۈردۈم.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
دەرد - ئەلەم كۆردۈم.

سېنىڭ گۈزەل ھۆسنۈڭگە،
ئەيمىنىپ قارالمايمەن.
ئاۋارە بولۇپ قالدىم،
مەھەللەڭگە بارالمايمەن.

ھەر جايغا نەزەر سالسام،
سېنىڭدىن ياخشى يار يوقتۇر.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
مىجەزىڭ ئەجەب شوختۇر.

قاراپ - قاراپ تويمايمەن،
يارىم سېنىڭ ھۆسنۈڭگە.
بېشىمنى قويۇپ ئۆلسەم،
يارىم سېنىڭ كۆكسۈڭگە.

سەن ئۈچۈن تولا كۆيدۈم،
يۈرەكىمنىڭ مادارى يوق.
كۆيۈپ ئۆلگەن كىشىنىڭ،
ئايرىم بىر مازارى يوق.

چاپان كىيسەڭ ئۇزۇن كەي،
ئاشىقىنىنى جۇيازا.
ئىشقىڭدا ئۆلۈپ كەتسەم،
تىپىلارمۇ جىنازا؟

ئاتام مېنى، ئانام مېنى،
بىچارە بالام دەيدۇ.
ئاشىق بىلەن مەشۇقنى،
شەرىئەت ھالال، دەيدۇ.

نەزەر سالسام بوستانغا،
بىر كۆرۈپلا ھەيرانمەن.
ئىشقى ئوتىدا كۆيدۈم،
كېچە ـ كۈندۈز ۋەيرانمەن.

ئەجەب كۆيىمەن ساڭا،
مېھرىڭ ئاتەش ۋۇلقانمۇ؟
ئاناڭ سېنى تۇغقاندا،
ئوتقا سېزىك بولغانمۇ؟

تومۇز چاغدا خەت يازدىم،
كۆيۈپ كەتتى پىشانەم.
ئىشقىڭدا ئۆلۈپ كەتسەم،
قىلىپ قالسۇن نىشانەم.

مەشرەپتە كۆڭلۈم،
ئۇچتى ساماغا.
ئەگىلەپ كېلىپ،
قوندى زىباغا.

زىبادۇر ئۆزى،
شايارنىڭ قىزى.
چاچلىرى سۇمبۇل،
قۇندۇزدۇر كۆزى.

قاشلىرى قەلەم،
بويلىرى غۇنچە.
لەۋلىرى ياقۇت،
چىشلىرى ئۈنچە.

چۈشسە ئۇسسۇلغا،
پەرىمۇ خېجىل.
ئاشۇ گۈزەلگە،
مەن بولدۇم ئېجىل.

كېلىڭ ئوينايلى،
ئەي گۈلى رۇخسار.
سىز ئۇسسۇل ئويناڭ،
مەن چالاي دۇتار.

باغدا قىزىلگۈل،
سايرايدۇ بۇلبۇل،
ھەر جايدا يوقتۇر،
سەندەك قىزىلگۈل.

ئىشقىڭدا پەرۋانىمەن،
يېنىڭدا ئۆرگىلەي دەيمەن.
مەن سېنىڭدىن ئايرىلسام،
دورا يەپ ئۆلەي دەيمەن.

سېنىڭدەك لېۋەن يارنى،
ھېچ جايدىن تاپالمايمەن.
مەن سېنىڭدىن ئايرىلىپ،
يېگانە ياتالمايمەن.

كېچە ئۇيقۇدا ياتسام،
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن.
غېرىبسىنىپ ئولتۇرسام،
مېنى دەپ كېلىپ قاپسەن،

ئىچمەك پۇشسا پۇشقاندۇ،
ھەسرەت چەكمىگىن يارىم.
سېنىڭدەك بىر لېۋەن يارغا،
يۈرىكىم كۆيىدۇ دائىم.

باغىڭدىكى ئۈجمەڭنى،
سەكرەپلا ئېگىپ يەيمەن.
كۆڭلۈمگە ئازار بەرمەك،
ئەمدى كەتسەم كەلمەيمەن.

بولسا قاناتىم،
ئۇچسام ھاۋاغا.
ئىشقىم چۈشۈپتۇ،
بىر خۇشناۋاغا.

سارجا كاستۇم بار دەيسەن،
كىيەلمىگەن نېمەڭگە.
ئاخشاملىققا كەل دەيسەن،
سۆيەلمىگەن نېمەڭگە.

ياردىم بەرگەن ئاق ئالما،
قوينۇمدا تۇرسۇن.
بىز قىلىشقان ۋەدىمىز،
ئېسىڭدە تۇرسۇن.

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن،
ئۇڭ قولۇمدا تاشىم بار.
سۆزلىمەڭلا ۋاي بالىلار،
يېقىندا ئاداشىم بار.

قارىغاينى كېسىپ قويدۇم،
قۇرىغاندا قالارمەن دەپ.
كۆز سىلىپ قاراپ قويدۇم،
پۇل تاپسام ئالارمەن دەپ.

ساماۋەرىم بولسىدى،
چايلار قايناپ تۇرسىدى.
بىر پىيالە ئىچكىچە،
يارىم ساقلاپ تۇرسىدى.

## خېنىم

خېنىم - خېنىم جانان خېنىم،
بېيىت ئېيتاي ئاڭلا خېنىم.

ئاللاھۇ ـ ئاللا،
قايدىن كېلىلا؟
ھەقنى ياراتتى،
قادىر خۇدايا.

ئۇچتى قارچۇغام،
قوندى مۇرەمگە.
ئەرزىمنى ئېيتاي،
زىبا سەنەمگە.

باغدا تۇرۇمتاي،
كەپتەرنى ئالغاي.
قويۇپ بىرىڭلار،
ياخشىغا تويغاي.

بەگگى يېمىرىپ چېكىدۇ،
خام كەندىرنىڭ بېگىنى. ①
بىر قىزچاق ئېلىپ قاچتى،
يۈرىكىمنىڭ تېگىنى.

غەم كەلدى بۇ باشىمگە،
دەردكە مۇپتىلا بولدۇم.
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى،
ئاشىق بىقارار بولدۇم.

بىرسى دەپتەر، بىرسى قەلەم،
ھەر ئىككىسى قولۇڭدا.
مەن بۇ يەردىن كەتكىچە،
كۆيۈپ ئۆتسەمەن ئوتۇڭدا.

---

① نەشە.

## يىگىت

يىگىت ـ يىگىت، جانان يىگىت،
بېيىت ئېيتاي ئاڭلا يىگىت.
مەنمۇ كۆيەي خۇما يىگىت،
خەلقى ئالەم گۇۋاھ يىگىت.

جانغا جانان، داۋا يىگىت،
ئېسىۋالدىم تۇما يىگىت.
تاغقا چىقسام دۇلدۇل يىگىت،
باغقا كىرسەم بۇلبۇل يىگىت.

قىسىۋالسام بىر گۈل يىگىت،
سۆزى شېكەر قوبۇل، يىگىت.
مەلۇم بولسۇن ھالىم يىگىت،
مانا چىنە تەزىم يىگىت.

بەگلەر كېلىپ چۈشۈپتۇ،
ئويمان بولاقتا.
ئاتلىرىنى قويۇپتۇ،
كۆرپە قىياقتا.

كىشى ئۈچۈن كىشى ئۆلمەس،
ئوتى پىراقتا.
يارىم ئۈچۈن ئۆلۈپ كېتەي،
خەنجەر پىچاقتا.

ھەر كىشىنىڭ يارى باردۇر،
سىزنىڭچە يوقتۇر.
دەردىڭىزنى تولا تارتقان،
مېنىڭچە يوقتۇر.

ئوتتۇز ئوغۇل گۇۋاھ خېنىم،
ئاشىقلىغىمەن خۇما خېنىم.
كۆز تەگمىسۇن جۇما خېنىم،
ئىسىۋىلىك تۇما خېنىم.
جامالىڭنى ياپما خېنىم،
شامال بولۇپ قاچما خېنىم.
شامال بولۇپ قاچساڭ خېنىم،
مەيدەم بىلەن توساي خېنىم.
ئاق قار بولۇپ ياغساڭ خېنىم،
ماموق قىلىپ ياتاي خېنىم.
يامغۇر بولۇپ ياغساڭ خېنىم،
قومۇلۇق بولۇپ يۇتاي خېنىم.
ئاق مۇز بولۇپ قاتساڭ خېنىم،
يۈرىكىمنى ياقاي خېنىم.
دەريا بولۇپ ئاقساڭ خېنىم،
بېلىق بولۇپ ئويناي خېنىم.
چىراغ بولۇپ يانساڭ خېنىم،
پىلىك بولۇپ كۆيەي خېنىم.
ئالتۇن بولۇپ تۇرساڭ خېنىم،
زەرگەر بولۇپ سوقاي خېنىم.
چېچەك بولۇپ تۇرساڭ خېنىم،
بۇلبۇل بولۇپ قوناي خېنىم.
چىمەن بولۇپ تۇرساڭ خېنىم،
قوزاڭ بولۇپ ئويناي خېنىم.
دەردىم تولا بىلگىن خېنىم،
خوش كەتتى چاي ئالغىن خېنىم.

ئېگىز ـ ئېگىز تاغ باشىدىن،
سەيرىلىدىم تۈزگە.
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك،
ئېگىلدىم سىزگە.

خاھى بىلىڭ ـ خاھى بىلمەڭ،
خۇشتارمەن سىزگە.
خۇشتارلىقتا ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۇۋالىم سىزگە.

خوپ چىرايلىق تون كىيىپلا،
ياقىسى گۈلخان.
ئەجەب يامان يىگىتكەنلا،
ۋەدىسى يالغان.

ئۈچ ئايدا كېلىمەن دەپ،
ئۈچ يىلغا قالغان.
يۈرەككە ئوتنى سېلىپ،
جېنىمنى ئالغان.

ئىشىك ئالدى بىر توپ سۆگەت،
قۇرغۇي قونالماس.
مېنىڭ يارىم گۈلگە ئوخشاش،
بۇلبۇل قونالماس.

قونغان بىلەن سايرىيالماس،
ئۇنىڭ شېخىدا.
ئالغانىدىم يار كۆڭلىنى،
كىچىك چېغىدا.

ئاقسارايدىن چىقتى يارىم،
شايى ئەتلەس پۆركىنىپ.
قولىدا زەيتۇنە ياغلىق،
تال چىۋىقتەك تولغىنىپ.

تال ئۇچى تالغا تىگەمدۇ،
تال ئۇچى تالدىن يىراق.
مەيلىمىز سىزگە چۈشۈپتۇ،
ئۆيىمىز ئاندىن يىراق.

ئۆي يىراقى بولسا بولسۇن،
كۆڭۈل يىراقى بولمىسۇن.
ئىككىمىزنىڭ ئاراسىدا،
ۋەدە يالغان بولمىسۇن.

ئاقىنا كۆڭلەك كىيىپلا،
ئاق تىكەنلەر ئىلمىسۇن.
كۆككىنە كۆڭلەك كىيىپلا،
كۆك تىكەنلەر ئىلمىسۇن.

ئىككىمىز ئاشىق بولايلى،
ئۆيدىكىلەر بىلمىسۇن.
ئۆيدىكىلەر بىلسە ـ بىلسۇن،
خەلقى ئالەم بىلمىسۇن.

خەلقى ئالەم بىلسە ـ بىلسۇن،
ۋەدە يالغان بولمىسۇن.
ۋەدىسىدە تۇرمىغان،
ئەسلى ئىنسان بولمىسۇن.

قۇرغۇيۇم كېلىپ قوندى،
گۇلباغنى ياراتقاندەك.
سەن ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتما،
ئۆلمەسكە ياراتقاندەك.

ئالتە ئاي باقتىم قويۇڭنى،
بىر كۆرمىدىم بويۇڭنى.
كۆرسەتمىسەڭ كۆرسەتمە،
بۆرە يېسۇن قويۇڭنى.

ئۇيانىمدىن ئۆتكەنلەر،
بۇيانىمدىن ئۆتمىسۇن.
بىزنى يامان دېگەنلەر،
مەقسىتىگە يەتمىسۇن.

ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم،
يول چىقسا ماڭارمەن دەپ.
يېڭىيارچە يار تۇتتۇم،
بۇيرۇسا ئالارمەن دەپ.

ئاخشامقى هارامزادە،
يارىم بىلەن مۇڭداشتى.
مېنى كۆزگە ئىلماي،
ئات كەينىگە مىنگەشتى.

دۇتار چالىمەن ياخشى،
چالسام ئېيتىمەن ناخشى.
ناخشا ئېيتسام يار كەلمەس،
ئەسلى بىر كۆڭۈل خوشى.

سىم ـ سىم دەيدۇ،
سىم ـ سىم قوينۇمدا.
قىلچە گۇناھ بولسا مەندە،
قىلىچ بوينۇمدا.

سىم ـ سىم بىلەن ياغاچ كەسسەم،
ئاراشتا قالدى.
خۇمار كۆزنى ئاشنا تۇتسام،
تالاشتا قالدى.

قىلۋىدىن شامال كېلىپ،
ئۆرۈۋەتتى باراڭنى.
باغلاپ قويغىلى بولماس،
كۆڭۈل دېگەن ساراڭنى.

باشىڭدىكى رومالنى،
ئەلەممىكىن دەپتىمەن.
چىرايىڭنى بىر كۆرۈپ،
بەلەنمىكىن دەپتىمەن.

تار كوچىدىن ئۆتكەندە،
ئالدىمنى توسقان يار ئەمەس.
سەن مېنى خار چاغلىساڭ،
خۇدا ئالدىدا خار ئەمەس.

دۇتارىمنى چالىمەن،
يارىم ئامراق پەدىگە.
خىيانەت قىلىپ قويدۇڭ،
ئۆزۈڭ قىلغان ۋەدىگە.

يار ئۈستىگە يار تۇتتۇم،
يۈرەككە پايدا بولسۇن دەپ.

بۇ ئۆيلەر يوغان ئۆيلەر،
تېشى بار، توپاسى يوق.
هازىرقى مۇھەببەتتە،
قىزلارنىڭ ۋاپاسى يوق.

ئۈمىد ئۈزمىدىم سەندىن،
گېپىڭدە تۇرار يار دەپ.
كۆيگۈنىمنى بىلگەندە،
كېچىدە كېلەر ياردەپ.

قوناق يېيىشكەن ئاتلار،
ئوتلاقتا ھېرىپ قالدى.
ئەر تاللىغان قىزچاقلار،
يىگىت يوق قېرىپ قالدى.

ئاتاڭ قىچقاردىمۇ كەلمىك؟
ئاناڭ قىچقاردىمۇ كەلمىك؟
قەپەزنىڭ قەدرىنى بىلمەي،
ئۇچۇپ كەتكەن نادان كەلمىك.

يارىم ساقلاپ تۇرۇپتۇ،
دەريا بويى دالىدا.
بىرنى سۆيۈپ قويۇڭ يارىم،
دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىدا.

قارلىق تاغقا قار ياغدى،
سەيناغا يامغۇر.

بىر يارغا ئىشقى چۈشۈپ،
غەمگە پاتمىغان كىم بار.
ئىشقى ئوتى دەستىدىن،
كۆيۈك تارتمىغان كىم بار.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شائىر ئاھمەدىن سالى روزى.
توپلىغۇچى: ساۋۇت سوپى.

بولمايمەنۇ بولمايمەن،
نادان بىلەن بولمايمەن.
نادان بىلەن بولغىچە،
ئۆزۈم يالغۇز ئوينايمەن.

چىڭگىلىك ھەي چىڭگىلىك،
سۇ بويىدا چىڭگىلىك.
تاپسا تاللاپ سۆيگۈلۈك،
بولمىسا بويتاق يۈرگۈلۈك.

يارىنىڭ بېغىدا گۈل بار،
گۈللۈك بېغىدا سۇ بار.
مەن يارنى دېگەن بىلەن،
يارىنىڭ كۆڭلىدە كىم بار.

تام تۆپىسىگە تام سالدىم،
غۇلاچىمنى كەلتۈرۈپ.
چوكانلار تېگەي دەيدۇ،
ئۇياتقۇمنى كەلتۈرۈپ.

تام تۆپىسىگە تام سالدىم،
شامالغا دالدا بولسۇن دەپ.

يارىم ئوتقا مىڭىپتۇ،
بىللە ئالىلى ئوتنى.
كۆيۈشكەندە تەك كۆيگەن،
بىللە تارتىلى دەردنى.

يارىم كەپتۇ كەمەرسىز،
كەمەر بىرەي باغلامسىز؟
يېنىڭىزدا مەن تۇرسام،
هەر تەرەپكە قارايسىز.

خامىنىڭغا بار دەيسەن،
گۈرجەك بىلەن ئاراك يوق.
ئىشىكىمگە كەل دەيسەن،
مېنىڭ دەردىمگە چارەك يوق.

بېغىڭغا كىرىپ يارىم،
ئانار ئىرغىتاي دەيمەن.
كۆز ئالدىڭدا يار تۇتۇپ،
سېنى يىغلىتاي دەيمەن.

ئاتىنىڭ ئاتلىقى باردۇر،
ناۋاتىنىڭ تاتلىقى باردۇر.
سەن ئۆزۈڭنى داڭلايسەن،
سېنىڭدىن ئارتۇقى باردۇر.

تەقدىم بەرگۈچى: شايار ناهىيە يېڭىمەهەللە يېزىسىدىن ئىسمايىل قاسىم،
45 ياش.
توپلىغۇچى : ناسىرجان.

بىزنىڭ يارلار ئاش ئېتىپتۇ،
گۆشى يوق چامغۇر.

باغىمغا كېرەر بولساڭ،
قولۇڭغا پەنەر ئالغىن.
يۇرتۇڭغا مۇساپىر مەن،
ھالىمدىن خەۋەر ئالغىن.

ئېگىز ئايۋان پېشايۋان،
ئولتۇرارمۇ تەتەيخان.
مەن ئۆزۈمچە ئازمايتتىم،
پەيلى شەيتان ئازدۇرغان.

ئېگىز قارىغاي بويۇڭ،
قاچان بولىدۇ تويۇڭ؟
قاچان بولغۇچە تويۇڭ،
مېنى بىر سۆيۈپ قويۇڭ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيىسىدىن تۇردى توختى.
توپلىغۇچى: ماھىرە.

بادام دوپپام بېشىمدا،
سۆيگەن يارىم شوخ بالا.
شەرەت قىلسام ئۇقمايسەن،
قىچقىرايمۇ ئاشكارا.

ئۇچاڭدىكى چەكمەنمۇ؟
مۇرەڭدىكى كەتمەنمۇ؟
ناخشا ئېيتسام ئاڭلايسەن،
سەنمۇ مەندەك دەردمەنمۇ؟

دورا سالدىم بىلىقا،
كۆك تۆەۋر قارماق بىلەن.
مەن يارىمغا خەت ئەۋەتتىم،
كۆڭلىنى ئالماق بىلەن.

يار مىنى يامان دەيدۇ،
قىلمىدىم يامانلىقنى.
كەچ يىتىپ سەھەر قوپۇپ،
تىلەيمەن ئامانلىقنى.

خۇدايىم بۇيرۇسا بىر كۈن،
سارايدا مەشرەپ ئوينايلى.
كۆرەلمىگەن دۇشمەننىڭ،
بېشىغا دەسسەپ ئوينايلى.

قاش ئاتارىم كېلىدۇ،
كىرپىك قاقارىم كېلىدۇ.
رەڭمۇ رەڭ تونىنى كىيىپ،
يالغانچى يارىم كېلىدۇ.

ئوخشايدىكەن يارىمغا،
قىزىلگۈلنىڭ چىچىكى.
مۇرادىغا يەتمەسمۇ،
ئىككى ئاشىق تىلىكى.

ئالتۇن بىلەن ئەينەكنى،
تاپالمايسەن مەندەكنى.
سەن ئۆزۈڭنى لچوك تۇتۇپ،
سۆيەلمەيسەن مەندەكنى.

تېرىق ئالدىم تۇلۇمغا،
بېلىق ئالدىم قولۇمغا.
چوكاننى تولا ئېلىپ،
زىيان سالدىم پۇتۇمغا.

ئىشىك ئالدى جۇسەيلىك،
سەيلىسەڭمۇ سەيلەگىلىك.
سەن قارىمىساڭ يارىم،
ئۇن سەككىزى پەيلەگىلىك.

هاراق ئىچىدۇ دەيدۇ،
تاماكا چېكىدۇ دەيدۇ.
ھەركىم ھەر نېمە دەيدۇ،
دەرد كەلمىسە يىلمەيدۇ.

ساماۋەرىڭ بولسىدى،
چايلار قايناپ تۇرسىدى.
بىر پىيالە ئىچكىچە،
يارىم ئويناپ تۇرسىدى.

ئاق سارايدىن سىلە چىقتىلا،
هاۋارەڭ توننى كىيىپ.
ئارقىلىرىدىن مەنمۇ چىقتىم،
زەپىرەڭدەك سارغىيىپ.

زەپىرەڭنى سۇغا سالدىم،
سۇدىن ئاشقۇنچە ئەمەس.
سىلىنىڭ يارنى مەنمۇ كۆردۈم،
مەندىن ئاشقۇنچە ئەمەس.

بولمايمەنۇ بولمايمەن،
سېنىڭ بىلەن بولمايمەن.
سېنىڭ بىلەن بولغىچە،
ئۆزۈم تاللاپ ئوينايمەن.

بۈگۈن كۈنگە چارشەنبە،
ئات هارۋاڭنى قوش ئەمدى.
مەن بۈگۈن كېتەر بولدۇم،
كۆرۈشكەن يارلار خوش ئەمدى.

كوزا خۇمداندىن چىقار،
تاماكا تۇرپاندىن چىقار.
بىزنى سۆيگەن سەتەڭلەرنىڭ،
باللىرى پالۋان چىقار.

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل،
باهارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

يارنىڭ قوينىدا تۇرغان،
ئالمامىكىن، بېهىمىكىن؟
قولىدا ئالتۇن ئۈزۈك،
ئاشنالىرى زەرگەرمىكىن؟

هاۋانى تۇمان ئالدى،
ئاينى كۆرگىلى بولماس.
كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى،
يارنى سۆيگىلى بولماس.

سىزنى دەيمەن - سىزنى دەيمەن،
باشقا يارنى دېمەيمەن.
باشقا يارنى دېگەندە،
ھەسەل بەرسە يېمەيمەن.

ئۇزۇن - ئۇزۇن ئاغامچا،
ئۈزۈلۈپ قالسا مەيلىمۇ؟
بىللە يۈرگەن دوستىڭىز،
يالغۇز قالسا مەيلىمۇ؟

بۇ ھاۋا ھاۋامىدۇ؟
قار - يامغۇر ياغامدۇ؟
ئاچىسى ئۆلۈپ كەتسە،
سىڭلىسى راۋامدۇ؟

تېيىتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە بازار ئىچىدىن ئەخمەت ئەكبەر.
توپلىغۇچى : مۇختەر.

بۇ ھويلا ئۇزۇن ھويلا،
ئەتراپىدا ئەينۇلا.
ئالدىڭغا سىلىپ قويدۇم،
قالدىسىنى ئۆزۈڭ ئويلا.

يار دەيدۇ يەنە دەيدۇ،
يار قەدرىنى بىلمەيدۇ.
مەن يادىغا يەتكەندە،
تاڭ سەھەردە يىغلايدۇ.

ئاتنى باغلىدىم شاخقا،
ئۆزۈمنى تاشلىدىم باغقا.
ئاسماندىكى تولۇن ئاي،
ئولتۇرغاندۇ بۇچاغقا.

قاشىڭ قارا بولغىچە،
كۆزۈڭ قارا بولساڭچۇ.
بىۋاپالىق قىلغىچە،
بويىنۇڭ سۇنۇپ ئۆلسەڭچۇ.

توك چىراغنى ياندۇرۇپ،
جىن چىراغنى ياندۇرۇپ.
نېمە قىلىسەن ئويناپ،
ئۆز خىلىڭنى سۇندۇرۇپ.

باغچىدىكى ئالمىنى،
چىشلەپ يەيمەن، ئۈزمەيمەن.
كۆڭلۈم چۈشمىگەن يارغا،
ماقۇل دەيمەن، سۆيمەيمەن.

كاككۇك گۈلى گۈل ئەمەس،
توزۇپ كېتىدۇ يەرگە.
چوكان ئاشنا تۇتماڭلار،
تېگىپ كېتىدۇ ئەرگە.

بېغىڭغا كىرەي دەيمەن،
شورا بولمىسۇن دەيمەن.
ئايرىلىپ كېتەي دەيمەن،
ئۇۋال بولمىسۇن دەيمەن.

ئاق پوسما، يېشىل پوسما،
بازاردا سېتىلماسمۇ.
ساڭا ئوخشاش لىڭتاسما،
ئىزدىسە تېپىلماسمۇ.

يارغا كۆيۈپ كۈل بولغاندىن
كۆيمىگىنىڭ ياخشىراق.
جۇۋانلارنى سۆيگىنىڭدىن،
سۆيمىگىنىڭ ياخشىراق.

سۆيگىلى كەلدىڭمۇ؟
سۆيدۈرگىلى كەلدىڭمۇ؟
ئەمدى ئۆچكەن ئوتلىرنى،
ياندۇرغىلى كەلدىڭمۇ؟

چامغۇر تېرىدىم چۈنەكلەپ،
يانتاقشە① دېگەن يەرگە.
قىزلار كۆڭۈل بەرمەيدۇ،
لايغەزەل، بوشاڭ ئەرگە.

يارنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۈم،
ئاغزىمدا كۈمۈش غاڭزا.
بىزنىڭ يارنىڭ ھەر كۈنى،
ئويناشلىرى ھەر ياڭزا.

ئېرىقىڭنىڭ بويىغا،
كۆچەت قويسام نىم بوپتۇ.
باشقىلارمۇ ئويناپتۇ،
بىز ئويناساق نىم بوپتۇ.

قۇرغۇي قونمىغان تېرەك،
لاچىن قونمىغان تېرەك.
ئون بەش ياشتا يار تۇتۇپ،
يارغا تويمىغان يۈرەك.

---

① جاي ئىسمى

ئىچىم قايناىدۇ ، قايناىدۇ،
قازاندا قاينىغان چايدەك.
ئۆمرۈم شۇنداق ئۆتەرمۇ،
ئېچىلماي توزىغان گۈلدەك.

تويبولدى دېگەن يەرنىڭ،
چىرايلىق كوچاسى بار.
قىزلىرىنى يار تۇتسا،
ئۆمۈرلۈك ۋاپاسى بار.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە گۈلباغ يېزىسىدىن موللا ھاشىم مەسئەلى.
توپلىغۇچى: ۋاھاپ قادىر.

چالما ئاتسام ئۆستەڭگە،
ئۈركۈپ كەتتى تۇمۇچۇق.
ئاشنا بولاي سىز بىلەن،
ۋەدەم چىڭ، گېپىم ئوچۇق.

يار كەلمىدى مەشرەپكە،
تارتاي دېسەم يېنىمغا.
ئەمدى كۈگۈل بەرمەيمەن،
ۋەدىسى يالغان خېنىمغا.

چاپان ئالدىم ئۆزۈمگە،
خاۋات رەڭلىك دېكادىن.
قاراپ قويسام بىر قىزغا،
ئۆيگە كەپتۇ بىكاردىن.

يار كېلىپ ئولتۇرسۇن دەپ،
كاتقا سالدىم ئەدىيال.
يېڭى يارنىڭ ئالدىدا،
كونا يارغا نېمە ھال.

قاش بېشىغا چىققاندا،
يامغۇر يېغىپ تۇختىماس.
نازلىنىپ تۇرغان بىلەن،
ئۆز يارىمغا ئوخشىماس.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيىسىدىن ھېلىم كېرىم.
توپلىغۇچى: ناسىرجان.

مېنىڭ يارىم كەلمەيدۇ،
كېلىپ قالسا كەتمەيدۇ.
چىرايلىقنى يار دەيدۇ،
ۋىجدانلىقا يەتمەيدۇ.

ھاۋادىكى لاچىنىڭ،
قاناتىدا توپا يوق.
بىلىپ قويغىن ياش باللار،
چىرايلىقتا ۋاپا يوق.

بېغىڭدىكى ئالمىنى،
ئۈزمىسەم بولار ئىكەن.
سىنىڭدەك ۋاپاسىزنى،
سۆيمىسەم بولار ئىكەن.

دۆڭ تۆپىسىگە ئاش تېرىسام،
ئۈنمەي تۇرۇپ سۇ دەيدۇ.
مۇشۇ كۆڭلىنىڭ قىزلىرى،
سۆيمەي تۇرۇپ پۇل دەيدۇ.

ئاللا بىزنى ياراتتى،
ھەر تەرەپكە قاراتتى.
ھال سورۇشۇپ تۇرۇشقا،
سالام خەتنى ياراتتى.

يارىم گىلەم توقۇيدۇ،
تۆمۈر ئىگەن پەنجىسى.
چوگىنى ئالاي دېسەم،
كۆز تاشلايدۇ كەنجىسى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيىسىدىن دەھقان تالىپ.

توپلىغۇچى: تۇرغۇن.

ئالما دېسەڭ غۇلجىدا،
بېلىق چىقار شايارىدىن.
ھەقىقىي يار تېپىلماس،
ئىزدىگەنگە بازارىدىن.

ياقلايمەن بېغىڭنى،
كۆزۈم چۈشتى ئالمىغا.
ئاپارمىغىن يار مېنى،
دوست ـ دۈشمەنىنىڭ ئالدىغا.

ئوچاق سالدىم دالىغا،
ئوتنى قالىسام كۆيمەيدۇ.
كوچارلىقتىن قىز ئالسام،
شايارلىقتەك كۆيمەيدۇ.

ئۇسسۇل ئوينىغان سەتەڭنىڭ،
پىستان قويغان كەشى بار.
كۆيمەن دېگەن بىلەن،
كەينىدە ئۇن بەشى بار.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيىسىدىن تۇنىيازگايىم.

توپلىغۇچى: ئەسقەر.

يارىم ئۆيىدە يالغۇز،
مېنى ئەسلەپ ياتارمۇ؟
تەڭلىك تارتسا مەن بەرگەن،
ئۈزۈكىنى ساتارمۇ؟

ئېگىز ئۇچقان كەپتەرگە،
دان چاچسام چۈشەرمىكىن؟
مەندىن رەنجىگەن يارغا،
چاي تۇتسام ئىچەرمىكىن؟

يېڭى چاپقان ئۆستەڭنىڭ،
سۈيى ئەجەب سۈزۈك ئىكەن.
يارىمنىڭ قولىدىكى،
راست ئالتۇن ئۈزۈك ئىكەن.

ئالما گۈلى گۈل ئەمەس،
يوپۇرماقى بولمىسا.
كىشىنىڭ يارى يار ئەمەس،
كۈندە ياندا بولمىسا.

ئالما يەپ ئولتۇرسام،
ئۇرۇق چۈشتى تەخسىگە.
يارى يوق خېنىملارنىڭ،
قورۇق چۈشتى مەڭزىگە.

ئىشنى قىلساڭ پەملەپ قىل،
ھەر بىر ئىشنىڭ ئېپى بار.
يارنى سۆيسەڭ پەملەپ سۆي،
دوست ـ دۈشمەننىڭ گېپى بار.

بىزنىڭ مەھەللە دۆڭ مەھەللە،
ھەر تەرەپتىن گەپ كېلىدۇ.
سىز ئۇ يەردە ئوينىسىڭىز،
كۆرۈپ قالغانلار دەپ كېلىدۇ.

ئاھ خېنىم بەختى خېنىم،
ئاق بويىڭىزدىن ئۆرگىلەي.
ھەر بالا كەلسە بېشىمغا،
شور پېشانەمدىن كۆرەي.

توپلىغۇچى: ئەخمەت ۋاھىدى.

ئىشىكىڭدىن مارىسام،
چىراغىنىڭ يورۇقى باردۇر.
سەن قارىمىساڭ يارىم،
خۇدانىڭ بۇيرۇقى باردۇر.

ئىشىك ئالدى تېرەكلىك،
بىزنىڭ باغقا يۆلەكلىك.
مەن بېغىمدا ئوينىسام،
كىرەلەمسىز يۈرەكلىك؟

ئېرىقتا ئاقار سۇلار،
نەدىن كەلدىكىن بېشى.
يارىم مېنى سېغىنىپ،
ئاقامدىكىن كۆز يېشى.

تاغقا چىقتىم سىز بىلەن،
كەكلىك تۇتتۇم قىل بىلەن.
دۇنياي دېسەم سىز بىلەن،
كارىڭىز يوق بىز بىلەن.

مەن يارىمغا خەت يازسام،
خېتىم قالدى جاۋابسىز.
سەۋەبىنى سورىسام،
يارىم ئىنكەن ساۋاتسىز.

ئۈرۈمچىدىن گىتار ئالدىم،
قەشقەردىن راۋاب.
مۇساپىرنى بىرنى سۆيسە،
بولامدۇ ساۋاب.

ئالمىسى يوق شاخنى،
ئالمىسى بار دەپ ئەگدىڭمۇ؟
سودىگەرنىڭ ئوغلىغا،
يامبۇسى بار دەپ تەگدىڭمۇ؟

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيىسىدىن ئەركىن ھېمىت. توپلىغۇچى: ئەسقەر.

كۆرگىلى كەلدىڭمۇ يار،
ئولتۇر قېشىمدا بىر زامان.
بىر زامان ئولتۇرمىساڭ،
ئارمان قىلۇرسەن ھەر زامان.

مەن مەھەللەڭگە بارغاندا،
دېيىڭ بارمىدى يارىم؟
ئارقاڭغا يېنىپ قاراپ،
گېپىڭ بارمىدى يارىم؟

چوكان سىكىلەك يارىڭ،
چېچى غولىغا پاتمايدۇ.
ئاردا مۇسۇلمان يوق،
مېنى يارىمغا قاتمايدۇ.

كېلىڭ دېسەم كەلمەيدۇ،
كۆڭلى باشقا ئوخشايدۇ.

بىر باغقا ئانار تىكتىم،
بىرسىگە قىزىل ئالما.
ئۆزگىگە كۆڭۈل بېرىپ،
مەندىن ئايرىلىپ قالما.

باغقا كىرىپ ئالما يەڭ،
باغنىڭ ئالمىسى بىزنىڭ.
كۆڭۈل بەرسىڭىز يارىم،
جاندىن باشقىسى سىزنىڭ.

تۇپلىغۇچى: ئاقسۇ مائارىپ ئىنستىتۇتىدىن مۇتەللىپ سادىق.

ئىشىك ئالدىدا ئېرىق،
سۇ باشلاپ كېلەي دەيمەن.
رەنجىمىگىن سۆيگەنگە،
كۆڭلۈڭنى بىلەي دەيمەن.

ئالتۇنمىكىن بويلىرى،
كۈمۈشمىكىن بويلىرى،
چاينى تۇتسام قارىمايلا،
ئەجەب ئىكەن خۇيلىرى.

كەتمەن چېپىپ ئېتىزدا،
ناخشا ئېيتىمەن تولا.
خىيالىم مېنىڭ سەندە،
سەنمۇ سۆيسەڭ نىم بولا.

ئاق ئالمىنىڭ شېخىدەك،
ئېگىلەمسەن ئاق جۇۋان؟
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
سەن بىلەمسەن مېھرىبان؟

پۈتۈمدىكى پايپاقنى،
كۈز ۋاقتىدا توقۇغان.
ئەسلەپ قويۇڭ جان دوستۇم،
بىر مەكتەپتە ئوقۇغان.

ئورۇنلىغۇچى: ئاقسۇ مائارىپ ئىنستىتۇتىدىن ئاخىر قاسىم.

ئەنتىم بارەي، ئەنتىم بار،
يانچۇقۇمدا قەنتىم بار.
يار ئايرىلىمەن دەيدۇ،
ئايرىلماسقا شەرتىم بار.

يار بىلەن بارايمۇ مەن،
يولدا قالايمۇ مەن.
كۆڭۈل بەرمىگەن يارنىڭ،
كۆڭلىنى ئالايمۇ مەن.

قاشىنىڭ قارىسى ئۆزىگە،
كىشى سۆز بەردىمۇ سىزگە؟
كىشى سۆز بەرسە بەرگەندۇ،
يامانلىق قىلمىدىم سىزگە.

يارىم ئۆزى چىرايلىق،
خۇددى ئايغا ئوخشايدۇ.

خەت كەلمىدى يارىمدىن،
سوراپ بېقىڭ ئامانمۇ؟
ئاشنالىقتا سىزنى، بىزنى،
بىرنى سۆيسەك يامانمۇ؟

ئىشىك ئالدى پو تېرەك،
نو بولارمۇ بولماسمۇ؟
باغرى قاتتىق تاش يۈرەك،
يار بولارمۇ بولماسمۇ؟

بىز قەشقەردىن كەلگەچە،
سانساكودا تاڭ ئاتتى.
شېرىن ئۇيقۇدا ياتسام،
يارىم كېلىپ ئويغاتتى.

ئالما تۈۋىگە ئالما كۆمدۈم،
ئالما يارىم بولغايمۇ دەپ.
چىن كۆڭلۈمنى سىلىگە بەردىم،
مېھرىبان بولغايمۇ دەپ.

ئىشىك ئالدىدىكى چىنارغا،
ئەجەب قونمايدىكەن قاغا.
ماڭا سالغان شۇ ئوتنى،
خۇدا سالمايدىكەن يارغا.

قارا قاش مېنىڭ يارىم،
باغقا سۇ ئاچاي دەملا؟
چوك قىلىپ بىرنى سۆيۈپ،
چوڭ يولغا قاچاي دەملا؟

ئۈزۈملەر پىشىپ قاپتۇ،
شاپتۇللارمۇ پىشقاندۇ؟
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ،
يار مېنى سېغىنغاندۇ؟

تاڭ سەھەرنىڭ بۇلبۇلى،
ئەگدى قىزىلگۈل بەرگىنى.
كىمگە ئېيتىپ،كىمگە يىغلاي،
بىۋاپانىڭ دەردىنى.

مېھرىبان كەتتى قېشىمدىن،
ئۆتى پىراقى كەتمىدى.
بۇ مېنىڭ يىغلىغىنىم،
ھەرگىز خۇداغا يەتمىدى.

ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرسام،
ئەجەبمۇ تەگدى بۇ بوران.
سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئارام تاپتى،
مېنىڭ كۆڭلۈم تېخى ۋەيران.

ئۇنداق ئەتمەڭلار مېنى،
مۇنداق ئەتمەڭلار مېنى.
ئاقىۋەت لازىم بولۇرمىز،
تاشلىۋەتمەڭلار مېنى.

باشىڭدىكى دوپپاڭنى،
قىستۇرۇپ بۇزۇۋەتمە.
بۇ ئالەم ئۇزۇن ئالەم،
ئۈمىدنى ئۈزۈۋەتمە.

ھېچ بولمىسا ئادرىقىم،
تاشقىرىدىن كۆرۈپ كەت.
مەن چىققاندا ئالدىڭغا،
تارتىنماستىن سۆيۈپ كەت.

ئۆستەڭ ياقىلاپ بېرىپ،
ئەتكەن تۇغلىرىڭ قايسى؟
ئايرىلىپ كېتىپ مەندىن،
تۇتقان يارلىرىڭ قايسى؟

قاشىڭنى قارا قىلما،
ئۇنىڭ ماڭا زىيانى بار.
زىيان بولسا ماڭا بولسۇن،
سېنىڭ باشقا خىيالىڭ بار.

يارىمنىڭ ئۆيى باشتا،
بەلگىسى قارا قاشتا.
ئەسلى مەيلىڭ بولمىسا،
نېمىشقا ئوينىغان باشتا؟

بىزنىڭ يارنىڭ قولىدا،
ھاۋارەڭ پەرەڭ ياغلىق.
مېنى يامان دەپ بېرىپ،
تۇتقان يارلىرى چاغلىق.

ئۇيانمۇ ئۆتەشىم بار،
بۇيانمۇ ئۆتەشىم بار.
سەن ياراتمىساڭ مېنى،
قورغۇيدەك ئاداشىم بار.

پوتومدىكى ئوتوكنى،
قارا مايدا مايلايمەن.
ئەمگەك سۆيمىگەن يارغا،
مەن نېمىشقا قارايمەن.

ئىشىكىم ئالدى چىنادۇر،
بۇلبۇل كېلىپ قونادۇر.
يار ئۈستىگە يار تۇتۇش،
يىگىتلەرگە گۇنادۇر.

قاشىڭ قارا قۇندۇزمۇ؟
كۆزۈڭ چولپان يۇلتۇزمۇ؟
ئونبەش قېتىم ئالدىدىڭ،
كەچ بارايمۇ كۈندۈزمۇ؟

داۋزىڭىز بولغان بىلەن،
ئۆيىڭىزنىڭ تېمى پەس.
ۋەدىڭىز بولغان بىلەن،
كۆڭلىڭىز بىزدە ئەمەس.

قىزىل تاۋار كىيىپسىز،
كۆك تاۋارنى كىيگەنمۇ؟
كۆڭلۈم سىزدە دەپ تۇيۇپ،
باشقا يارنى سۆيگەنمۇ؟

تېرەكتىكى قاغىنى،
تۇماق بىلەن ئۈركىتەي.
ئىشەنمىسەڭ كۆيگەنگە،
يۈرەك يېرىپ كۆرسىتەي.

چېچىگىنى ئۇزۇن دەمسەن،
ئۇچىدا پۆپۈكى بار.
مەنمۇ ئەمدى بارمايمەن،
قورساقىنىڭ كۆپۈكى بار.

باشىڭدىكى دوپپاڭنى،
قانچە پۇلغا ئالغانسەن؟
ماڭا سالغان ئوتتۇڭنى.
قايسى كۈندە سالغانسەن؟

قولۇمدىكى تاياقىنىڭ،
بىر ئۇچىنى سەن تۇتقىن.
ئەگەر مېنى يامان دېسەڭ،
مەندىن باشقا يار تۇتقىن.

ئاسماندىكى چولپاندەك،
شولا بەرمىگەن يارىم.
ئاغزىدا كۈلۈپ قويۇپ،
كۆڭۈل بەرمىگەن يارىم.

قاشلىق قىلمىساڭ يارىم،
قېشىڭدىكى بولمامدۇ؟
ئاشنا تۇتمىساڭ يارىم.
يېنىڭدىكى بولمامدۇ؟

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
تېشى بار توپاسى يوق.
سۆزدە تۇرمىغان يارنىڭ،
دەردى بار، ۋاپاسى يوق.

ئېگىز تاغنىڭ سۇلىرى،
قىردىن ئاشقىچە ئەمەس.
تاللاپ سۆيگەن يارىڭىز،
بىزدىن ئاشقىچە ئەمەس.

ئىشىك ئالدىڭ ئېقىن دەريا،
ئېقىپ بارسام كۆرەرسەنمۇ؟
ئوتتۇردا ئۆلۈپ كەتسەم،
نامازىمغا كېلەرسەنمۇ؟

شايى كۆڭلىكىم بولسا،
مەكتەپ ئالدىدا كىيسەم.
قارا قاشلىقىم بولسا،
دۇشمەن ئالدىدا سۆيسەم.

ئاسمانغا چىقاي دەيمەن،
شوتا يوق چىقالمايمەن.
دېرىزەڭدىن مارايسەن،
سىرىڭنى ئۇقالمايمەن.

ئىشىكىڭدىن ئۆتكەندە،
يوچۇقىڭدىن قارايمەن.
راست گېپىڭنى بەرماڭا،
قانداق چاغدا بارايمەن؟

زەپىرەڭنىڭ غۇنچىسىنى،
ئۈزۈپ بەرگەن مەن ساڭا.
ئاي بىلەن كۈننى قوشۇپ،
ۋەدە بەرگەن مەن ساڭا.

قوغۇن تېرىدىم قەندەك،
خەقمۇ تېرىسۇن مەندەك.
خەخ سۆيگەننى سۆيمەيمەن،
ئۆزۈمنىڭ سۆيگىنى قەندەك.

ئايغا ئوخشاتتىم سېنى،
كۈنگە ئوخشاتتىم سېنى.
چىرايىڭنى ئاچمايسەن،
كىمگە ئوخشاتتىڭ مېنى؟

ئۇزۇن چاپىنىم تونچە،
كالتە چاپىنىم نوچە.
بىزنىڭ يارلار بىر غۇنچە،
ئويناپ كېلىدۇ چوڭ يولچە.

دەريادىن تېپىۋالدىم،
ئاپئاق يوسىلاق تاشنى.
قوشاققا قېتىۋالدىم،
ئامرىقىم قەلەم قاشنى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: توقسۇ ناھىيە پەيشەنبە بازار كەنت مەكتەپ ئوقۇتقۇ-
چىسى خەلچەم ھېيت.

توپلىغۇچى: ئامان ناسىر.

تاغقا چىقسام پىيادە،
يېنىپ چۈشتۈم پىيادە.
مېنىڭ بىر ئاداشىم بار،
قىزىلگۈلدىن زىيادە.

بۇ كوچا ئۇزۇن كوچا،
ئاڭلىمايلا ناخشىنى.
ئۆزلىرى ئۆيدان بالا،
تونىمايلا ياخشىنى.

بىر مىسقال تاماكا ئالدىم،
دوقمۇشتىكى ھەمەتتىن.
بۇكۆيۈك كىمدىن قالغان؟
كاككۇك بىلەن زەينەپتىن.

كۆيمەيدۇ دەمسەڭ مېنى،
كۆل بولۇشنىڭ ئورنى يوق.
كۆيۈۋاتقان شۇ يۈرەككە،
سۇ سېپىشنىڭ ئورنى يوق.

كونىشەھەردىن كەلگىچە،
بويلاپ ماڭدىم خۇمدانىنى.
بىزنى يامان دېگەنلەر،
تاللاپ ئالسۇن ئوبدانىنى.

تېيتىپ بەرگۈچى: كەلپىن ناھىيە يورچى يېزا يورچى كەنتتىن دېھقان
سالىمان ئىگەم.

توپلىغۇچى: ئىسلام سادىق.

ئاسماندىكى ئاينىڭ،
ئەككى ئۇچى ئوغاقتەك.
مېنىڭ سۆيگەن يارىمنىڭ،
دەڭزى قىزىل توغاچتەك.

مېنىڭ سۆيگەن يارىمنىڭ
مەڭزى قىزىل قارا قاش.

ئېيتىپ بەرگۈچى: تۇقسۇ ناھىيە ئۇچقات يېزىدىن ئاسىيەم زاكىر-
توپلىغۇچى: ياسىن ئابىت.

كۆرپە جۇۋام كۆرپە،
شايىدىن تاشلىق.
مېنىڭ بىر يارىم بار،
ئون ئالتە ياشلىق.

دەريانىڭ سۇيىدەك،
كۆزلىرى ياشلىق.
قارلىغاچنىڭ قاناتىدەك،
قوشۇما قاشلىق.

ئويغانمايدۇ ئۇخلىسا،
ئۇيقۇسى قاتتىق.
سۆيۈۋالسام ناشتىدا،
لەۋلىرى تاتلىق.

توپلىغۇچى: ئۇچتۇرپان ياكۆۋرۈك يېزىسىدىن دېھقان ھاجىرەم مەممەت، 28 ياش

بېشىدا شايى رومال،
ئېلىپ قاچتى سالقىن شامال.
مېنى مۇنچە كۆيدۈرگەن،
ئاي يۈزلۈك ساھىبجامال.

ئېشىك ئالدى يۇلغۇنلۇق.
ئايغى قىزىلگۈللۈك.
يېڭىساچە يار تۇتسام،
دوپپىسى بادام گۈللۈك.

يانچۇقۇمنىڭ تېگىگە،
ناۋات سالدىم مەن ساڭا.
ناۋات دېگەن زەپ تاتلىق،
ئۇندىن تاتلىق مەن ساڭا.

سۇ بولسا سۈزۈك بولسا،
ئېرىقتا ئېقىپ تۇرسا.
يار بولسا لېۋەن بولسا،
كاككۇكتەك كۈلۈپ تۇرسا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: توقسۇ ناھىيە بازار ئىچىدىن گايىت ئەمەن.
توپلىغۇچى: ھەمدەم سابىر.

پاكار-پاكار لالە شېخى،
بويلىغىلى ياخشى.
سىزمۇ ياخشى، مەنمۇ ياخشى،
ئوينىغىلى ياخشى.

بىزنىڭ يارلار بەك چاققان،
جۈپ تەشتەكتە گۈل باققان.
دوست - دۈشمەنلەر كۆرەلمەي،
ئارقىمىزدىن گەپ تاپقان.

بۇ يوللار ئۇزاق يوللار،
تاشى بار، توپاسى يوق.
بىزنىڭ يارلار ئەقىللىق،
مېھرى بار جاپاسى يوق.

ئۆستەڭ بويى ئېگىز قاش،
كەتمەن چاپسام تېگى تاش.

يارىم كەلدى قېشىمغا،
دۆلەت قوندى بېشىمغا.
يامان كۆزۈم تەگمىسۇن،
قورغۇيدەك ئاداشىمغا.

چۆلتاغنى ئېگىز دەيدۇ،
تيانشانغا يەتمەيدۇ.
خەق يارىنى ماختايدۇ،
بىزنىڭ يارغا يەتمەيدۇ.

ئاشىق بولدۇم يۈزۈڭگە،
گۈل پەرى رۇخسارىڭگە.
نېمە قىلساڭ ئەرزىيدۇ،
كۆزلىرى خۇمارىڭگە.

دەريا قايان ئاقادۇر؟
يارىنىڭ سۆزى ياقادۇر.
يۈرىكىمدىن كۆيگەن يار،
ئەمدى كىمگە باقادۇر؟

يارىمنىڭ بويى زىلۋا،
زىلۋا بويىدا نىم بار.
شېرىن سۆزلىرى ئاندىن،
ئايدەك يۈزىدە خالى بار.

ئېيتىپ بەرگۈچى: باي ناھىيە سايرام يېزىسىدىن دېھقان ئېمىر ھېيت، 65 ياش.
توپلىغۇچى: قەييۇم ئەھتەمىن، ئۆمەر ساۋۇت.

ئېيتقىنا جانىم گۈلۈم،
ماڭا قانداق چارى بار.

ئايۇنىڭدا ياتقاندا،
كېلىپ تەگدى ئاتقان تاش.
مېنى ئوتقا سەن سالدىڭ،
مەگزى قىزىل قەلەم قاش.

تېيىتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيە ئوتبېشى يېزىسىدىن دېھقان رېھىم تىلىۋالدى.

توپلىغۇچى: زۇنۇنگۈل ئابدۇرېھىم.

ئۆرۈك شېخى ئېگىزكەن،
بولماس ئۇنى ئەگكىلى.
مېنى يامان دېدىڭمۇ،
ئاقساقالغا تەگكىلى.

پەيزاۋاتنى چۆل دەيدۇ،
چۆل ئەمەسكەن ئاۋاتكەن.
بىزنىڭ يارنى قەنت دەيدۇ،
قەنت ئەمەسكەن ناۋاتكەن.

يارىم كۆلۈپ تۇرۇپتۇ،
ئىشىك ئالدى قوناقلىقتا.
ماڭا ئالما ساقلايدۇ،
ئانار گۈللۈك ياغلىقتا،

لەيلى گۈلنىڭ شاخىغا،
ئۆگىنىپتۇ تۇمۇچۇق.
كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
سىز چىرايلىق، مەن ئوچۇق.

ھەممنى ئۆزۆك بىلىسەن،
بۇ دەردكە نىمە چارى.

ساڭا بەلگە بەرگىلى،
تاش ئاتىمەن ئۆگزەڭگە.
مەھەللەڭگە تولا بىرىپ،
مەن قارايمەن كۆزۆڭگە.

گۆل تىرىدىم سۇپىغا،
يىغىۋالدىم قۇتىغا.
يارىم كەتتى يۇرتىغا،
مىنى قويدى ئۇتىغا.

ناۋات دەملەپ بەرسەڭمۇ،
سىن چىيىڭنى ئىچمەيمەن.
قارا كۆزگە مەن كۆيدۇم،
تالاشقانغا بەرمەيمەن.

چاچى ئۇزۇن بۇدرە چاچ،
ئۇچ كۇن بولدى قورساق ئاچ.
سىزنى كۆرمىگەن كۇندە،
قۇرىمايدۇ كۆزدىن ياش.

ھاۋالىقا ھاۋالىق،
ئۆستەك بويى ھاۋالىق.
كەلگىن يارىم قىشىمغا،
سۆيۇۋالاي خۇمالىق.

ئاھۇ كۆزلۇك قارا قاش،
كۆيگىنىمنى بىلەمسەن؟
ئاندا- ساندا كەپ قويۇپ،
بۇ جانىمنى ئالامسەن؟

مېنى مۇنچە قاقشاتقان،
كىمنىڭ شۇنداق يارى بار.

كۈلۈپ تۇرساڭ سۈرەتكە،
تارتىۋالغۇم كېلىدۇ.
بوينۇڭغا گىرە سېلىپ،
سۆيۈۋالغۇم كېلىدۇ.

ھەر كۈنى تاڭ ئاتقىچە،
چۈشلىرىمدە كۆرىمەن،
چۈشلىرىمدە گۈلگە تەڭداش.
لەۋلىرىڭگە سۆيىمەن.

يىراق يولدىن كەلگىچە،
جىگدىگە يۆلەنگەنلا؟
بىزنى مۇنچە كۆيدۈرۈپ،
نېمىشقا تۆرەلگەنلا؟

تاڭدا كەلگەن شامالدىن،
يارىم سېنى سورايمەن.
كەلسە خەۋەر سېنىڭدىن،
يولغا چىقىپ قارايمەن.

ئۆستەڭ چاپتىم ئىككى قاش،
چاپاي دېسەم تېگى تاش.
سەن ئۇ يەردىن كەلگىچە،
جان ئاز قالدى قارا قاش.

يار دەردىدە ئاۋارى،
قويمايدۇ كۆڭۈل كارى.

ئىشىك ئالدى ئېرىقچە،
پادىرلايدۇ بېلىقچە.
ئىككى كۆزۈم تۆت بولدى،
سىز يارىمنى كۆرگىچە.

پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ،
سىز تەرەپكە قارايمەن.
سىز يارىمنىڭ دەردىدە،
تاڭ ئاتقىچە يىغلايمەن.

قىزىلگۈلنى ئۈزمەيمەن،
ئۆزى توزۇپ كەتكىچە.
ياردىن ئۈمىد ئۈزمەيمەن،
بۇ دۇنيادىن كەتكىچە.

گۈلنى بەرگەن چېغىدا،
كۆيۈپ قالدىم بويۇڭغا.
قاچانغىچە قارايمەن،
كېلىۋاتقان يولۇڭغا.

دەستە ـ دەستە گۈل تىزدىم
يارىمغا تۇتارمەن دەپ.
ئۈمىد ئۈزمىدىم ياردىن،
بىر كۈنى سۆيەرمەن دەپ.

يارىم سىزگە ئەرزىم بار،
كۆيۈپ قالغان دەردىم بار.
كۆڭلۈمگە ئازار بەرمەڭ،
يۈرىكىمدە دەرزىم بار.

سىنىڭ ئىشقىڭدا غېرىب،
كىمگە ئېيتىمەن بېرىپ.
يۈرەك باغرىم پارە - پارە،
كۆرگىن يۈرەكنى يېرىپ.

قاغا چىگدەگنى يېمەيمەن،
چىشىم ئاغرىيدۇ دېنىڭ.
مەشۇقۇم يادىمغا يەتسە،
ئىچىم ئاغرىيدۇ مېنىڭ.

سايغا چىقتىم ئوۋ ئۈچۈن،
سايدا توشقان بار ئۈچۈن.
ئوتىڭىز يامان ئىكەن،
جاننى بەردىم سىز ئۈچۈن.

چىراغ نېمە كۆيمەيدۇ،
ئىچىدە يېغى يوقمۇ.
يارىم نېمە كەلمەيدۇ،
يا مەيلى ماڭا يوقمۇ؟

مەن بۈگۈن تاڭ ئاتقىچە،
يارىم، سېنى ياد ئەيلىدىم.
يىغلاپ كۆزۈمدىن ياش تۆكۈپ،
كىرپىك يۇمۇپ ئۇخلالمىدىم.

يار دەيدۇ يەنە دەيدۇ،
يار قەدرىنى بىلمەيدۇ.
يار قەدرىنى بىلگەندە،
باغلاپ قويساڭ تۇرمايدۇ.

ئارقىدىكى كاۋىنى.
ئېلىپ قويدۇم باراڭغا،
ئەگەشمەيمەن پەندىيات.
كۆڭۈل دېگەن ساراڭغا.

غەزەل بىلەن كوچىدىن،
ئۆتۈپ كەتتىياش باللار.
خەۋەر ئالاي دېمەيدۇ،
باغرى قاتتىق تاش باللار.

ئاسماننى بۇلۇت باستى،
كۆرۈنمەيدۇ يۇلتۇز- ئاي.
قىزىلگۈلدەك يارىمدىن،
ئايرىۋەتتى قازىباي،

چېچىمنى تولا دەيدۇ،
دەردىم تولا چېچىمدىن.
سەن قىلغان ۋاپاسىزلىق،
زادى چىقماس ئېسىمدىن.

بېغىڭدىكى چۆنەكنى،
ئۆزۈڭ يالغۇز ئويغانمۇ؟
بۇ دۇنيادا ياش دىلىم،
يارنى سۆيۈپ تويغانمۇ.

كىچىككىنە يېرىم بار،
كۆممىقوناق تېرىقلىق.
چىرايىمدىن كەتمەيدۇ،
پىراقىڭدا سېرىقلىق.

باغقا كىرگۈم كېلىدۇ،
گۈلنى ئۈزگۈم كېلىدۇ.
سىزدەك ياخشى يارىمنى،
كۈندە سۆيگۈم كېلىدۇ.

باغ بولسا ئاۋات بولسا،
كاككۇك سايرىشىپ تۇرسا.
سىزنى ھەر سېغىنغاندا،
ئۇچقىلى قانات بولسا.

ئاسماندىكى بۇلۇتلار،
كېلىپ ئاينى توسساڭچۇ.
مەندەك غېرىب يارىڭنى،
كۈندە ئەسلەپ قويساڭچۇ.

توپلاپ رەتلىگۈچى: باي ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن قەييۇم مەمتىمىن.

ئېشىكىڭدىن تولا ئۆتسەم،
كۆيۈپ قالدى دېدىڭمۇ؟
ھەپتە-ئون كۈن كەلمىسەم،
ئۆلۈپ قالاي دېدىڭمۇ.

قول ياغلىقىم كۆلگە چۈشتى،
بۇلبۇل كۆتۈرۈپ ئۇچتى.
سەن كۆيسەڭمۇ، كۆيمىسەڭمۇ،
مېنىڭ كۆڭلۈم ساڭا چۈشتى.

كىچىككىنە چىنەمسىز،
ئۇتماي تۇرۇپ سۇنامسىز.
شۇنچە يىل بىللە يۈرۈپ،
ئايرىلىشقا چىدامسىز؟

يىراق يولدىن قورقمايمەن.
شامال يەتمەس ئېتىم بار،
خۇما يارغا ئۈچ بۇرجەك.
قاتلاپ قويغان خېتىم بار.

توقاچ ياقتىم تونۇرغا،
ئۆرلەپ چىقتى ھۆپپىدە.
مەن يارىمنى چاي بىلەن،
يۇتۇۋەتسەم گۆپپىدە.

دۇتارىڭنى چالساڭچۇ،
يېڭى چىققان پەدىگە.
ۋاپا قىلار دەپتىمەن،
قارا يۈزنى ۋەدىگە.

خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسام،
ئالما چۈشتى پېشىمغا.
يارىم ماڭا ئەس قاتتىك.
كۈن چۈشكەندە بېشىمغا،

ساندۇقمۇ ئېتەلەيمەن،
قاسقانمۇ ئېتەلەيمەن.
يارىم تۇرغان ھويلىنى،
مەن ماراپ كېتەلمەيمەن.

ئاق ئۆستەڭگە ئات سېلىپ،
ئۆتەلمىدىم ئۇ قاتقا.
مەيلى بولسا كېلەمدۇ،
مېنىڭ يارىم بۇ ياققا.

پۇلۇم تۇگىمەس چاغدا،
مېنى سۆيدۇڭ يار قىلدىڭ.
ئەمدى مېنى ئۇتتۇڭدا،
ئەجەبقىمنا خار قىلدىڭ.

ئاق ئايدىڭدا چىقسۇن دەپ،
سالام يوللىغان يارىم.
مەن چىقسام ئۆزى چىقماي،
كۈندە گوللىغان يارىم.

ئېرىقنى ئويۇپ قويدۇم،
ئەمدى سۇ تولۇپ ئاقسۇن.
يارغا يار كېرەك بولسا،
ئۇمۇ بىر كېلىپ باقسۇن.

ئەتىگەندە ئويغانسام،
چاي قايناپدۇ چەينەكتە.
كۆرۈپ باقسۇن ئۆزىنى،
هالى چوڭ يار ئەينەكتە.

بىللە يۈرگۈم بار دەيسەن،
بۇنى هېچكىم بىلگەن يوق.
نادانلىقتا يار تۇتۇپ،
مەندەك داغدا قالغان يوق.

تالاغا چىقىپ باققىن،
سالقىنراق هاۋا بارمۇ؟
ئۇتتۇڭدا يۈرەك كۆيدى،
بۇنىڭغا داۋا بارمۇ؟

ئۇيقۇ كەلمەي كۆزۈمگە،
تۈندە يۇلتۇز سانارمەن.
كۆڭلۈمدىكى يارىمنى،
قاچان كۆرۈپ قانارمەن.

كۆيۈپ قالدىم دېسەممۇ،
پەرۋايىڭ يوق مەن بىلەن
سالغان ئوتۇڭ ئۆچمىدى،
مەن يۈرۈيمەن غەم بىلەن.

ئالما ئاتتىم ھويلاڭغا،
تېرىۋالدىڭ ئېتەككە.
قاچانغىچە ساقلايدۇ،
سېنى ئاپاڭ كاتەكتە.

ئېشىك ئالدى ئېرىققا،
سۇ باشلاپ كېلەي دەيمەن.
يىراقتىكى يارىمنىڭ،
كۆڭلىنى بىلەي دەيمەن.

كوچا يولى يول بولسۇن،
يانتاقلىرى گۈل بولسۇن.
مەندىن باشقا يار تۇتساڭ،
ئىككى كۆزۈڭ كور بولسۇن.

خەت كەلمىدى يارىمدىن،
سوراپ بېقىڭ ئامانمۇ؟
ئاشنالىقتا سىزنى مەن،
سۆيۈپ قويسام يامانمۇ؟

چىراغ بارمۇ ياققۇدەك؟
چاقماق بارمۇ ياققۇدەك؟
شۇ مەھەللىدە بىر قىز بار،
ئاستا ئېلىپ قاچقۇدەك.

قارا قاش كەتكەن بىلەن،
ئوت پىراقى كەتمىدى.
مەن يارىمغا يىغلىسام،
يار ھالىمغا يەتمىدى.

غەزەل ئوقۇماي دېسەم،
دەردىم ئوقۇتاي دەيدۇ.
يارغا قارىماي دېسەم،
ئوتى قارىتاي دەيدۇ .

قاپاق تېرەك ئالدىدا،
ھويلاڭ بارمىدى يارىم؟
سۇغا چىقسام مارايسەن.
كۆڭلۈڭ بارمىدى يارىم؟

بەلباغ باغلىغان نوچى،
ياغلىق سۆرۈلۈپ قالدى.
ئۆزىنى داڭلىغان پوچى،
ياردىن ئايرىلىپ قالدى.

ئەقلىمدىن تولا ئازدىم،
يارغا ياخشى سۆز تاللاپ.
يىڭنە بىلەن تاغ قازدىم،
ھەر جۈملىنى مىسقاللاپ.

قەغەز بىلەن گۈل ياسىدىم،
سىيا بىلەن سۆز.
ئالتۇن بىلەن ئۈزۈك ئەتتىم،
ياقۇت بىلەن كۆز.

ئاخشام چىقىپ ئاينى كۆردۈم،
كۆكتە پەلەك ئۈستىدە.
ئۆيگە كىرىپ يارنى سۆيدۈم،
مەخمەل تۆشەك ئۈستىدە.

كۆكتىكى كەپتەرمىدىم،
كۈندە ـ كۈندە كەلگىلى،
ئايدا، يىلدا بىر كىلۈرمەن،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

ئاق ياغلىقمۇ توقۇيمەن،
كۆك ياغلىقمۇ توقۇيمەن.
جاۋاب يازساڭ خېتىمگە،
يۈزمىڭ رەھمەت ئوقۇيمەن.

ئېگىز تۈگمەنگە نو قويدۇم،
پەس تۈگمەنگە گۈلدۈرمە.
قانچە رەت ئەلەم تارتساڭ،
دۈشمىنىڭگە بىلدۈرمە.

بۇغدايىنى ئورۇپ قويدۇم،
توشۇيدىغان خامان يوق.
يېڭى يار تۇتقان بىلەن،
ئوينايدىغان ماكان يوق.

شوخىلىق جىگدەگگە چىقسام،
يىرتىلدى چاپانلىرىم.
سىزنى ئىزدەپ يول يۈرۈپ،
تېشىلدى پاپانلىرىم.

دوپپا ئالدىم بازاردىن،
ياراشمىسا كەيمەيمەن.
كۆڭلۈمدىكى يارىمنى،
قاچانغىچە كۆرمەيمەن.

يۈرتىگىزغا كەتكىچە،
ئوتنى ئېلىك قارا كۆز.
ئوتنى ئالماي كەتكىچە،
جاننى ئېلىك قارا كۆز.

مەن مۇساپىر غېرىبقا،
قاراپ قويۇك قارا كۆز.
بىرنى سۆيۈپ قويسىگىز،
ساۋاپ بولۇر قارا كۆز.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
ئالما ئاتقان قارا كۆز.
تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ،
قاشنى ئاتقان قارا كۆز.

قىزىلگۈلگە قول ئۇزاتتىم،
قولۇم يەتمەيدۇ.
مەن يارىمنى سۆيەي دېسەم،
بويۇم يەتمەيدۇ.

قارلىق تاغقا قار چۈشۈپ،
مەھەللىگە تۇمان چۈشتى.
يارنىڭ پەيلى ھۆلەكچە،
كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى.

يارىم چالىدۇ راۋاب،
تارىسىنى ساز قىلىپ.
بىر سۆيۈپ قويۇڭ دېسەم،
قارىمايدۇ ناز قىلىپ.

ئېيتىپ بەرگۈچى : باي ناھىيە سايرام يېزىسىدىن دېھقان كەنجى ئىدا-
يى، 45 ياش.
توپلاپ رەتلىگۈچى : ئۆمەر پەيزى ، تۇرسۇن ھېكىم.

يارىممىكىن ، ئەمەسمىكىن،
بوستاندا ياتقان؟
قاش ئوينىتىپ ، كۆز ئوينىتىپ،
جاننى قاقشاتقان؟

گۈل بېغىمنىڭ ئىچىدە،
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن.
سەن يارنى سېغىنغاندا،
ئاي - چولپانغا قارايمەن.

يېڭى ئۆستەڭگە سۇ كەلسە،
ھەر دوقمۇشتا توختايدۇ.
يېڭىياچە يار تۇتسام،
قىزىلگۈلگە ئوخشايدۇ.

مانتا پىشتى قاسقاندا،
بىللە يەيلى داسقاندا.
زەپمۇ ئايرىلىپ كەتتۇق،
ئەل بىزگە قاراشقاندا.

قاشلىق قىلماساڭ يارىم،
قاشىڭدىكى بولمامدۇ؟
ئاشنا تۇتمىساڭ يارىم
يېنىڭدىكى بولمامدۇ؟!

ئاق كەپتەرمۇ دانلايدۇ،
كۆك كەپتەرمۇ دانلايدۇ.
دۈشمەن دېگەن يامان نەرسە
بىزنى دايىم مارايدۇ.

سارغىيىپتۇ، سارغىيىپتۇ،
شۇ خېنىمنىڭ دەردى بار.
دەردى بولمىسا سارغىيامدۇ،
هەر تەرەپتە يارى بار.

ئىشىك ئالدى كۆلچەكتە،
مۇز توڭلاپتۇ ئەينەكتەك.
سەن يار بىلەن ئوينايلى،
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك.

تاغقا چىقتىم ئات بىلەن،
يېنىپ چۈشتۈم دەرد بىلەن.
خاپا بولماڭ جان دوستۇم،
كۆرۈشۈپ تۇرىلى خەت بىلەن.

کۆزۈمنى دۈۋەت قىلدىم،
ياشىمنى سىيا قىلدىم.
سېنىڭدەك مېھرىبان يارغا،
جېنىمنى پىدا قىلدىم.

باغقا بۇلبۇل كېلىپتۇ،
گۈل بىلەن ئوينىشىقلى.
مەن سىزگە تولا كۆيدۈم،
سىردىشىپ مۇڭداشىقلى.

يالغۇز قالغان چېغىمدا،
ھېچكىم كەلمەس قېشىمغا.
يارىم كەلدى ھال سوراپ،
چىدىيالماي كۆز يېشىمغا.

سارغىيىپتۇ غازاڭلار،
كۆز بولغانغا ئوخشايدۇ.
يارىم كۈندە كېلىدۇ،
سېغىنغان ئوخشايدۇ.

چوڭ ئۆستەڭگە سۇ كەلدى،
قاينام بولۇپ ئاقمايدۇ.
سەندىن باشقا يار تۇتسام،
مىجەزىمگە ياقمايدۇ.

يارىم بەردى بەش ئالما،
بەشىلىسى قوينۇمدا.
ئۇخلاپ چۆچۈپ ئويغانسام،
يارىڭ قولى بوينۇمدا.

ئالتۇنگۇل ئۈيۈڭ نەدە،
ئەتە كەچ باراي دەيمەن.
چىرايىڭ تولۇن ئايدەك،
تويماستىن قاراي دەيمەن.

كۆز يېشىمنى رەڭ قىلىپ،
گۈلنى چەكتىم ياغلىققا.
خەت يازدىم يۈرەكىمدىن،
ئامرىقىم چىرايلىققا.

ئېيتىپ بەرگۈچى : ئاۋات ناھىيە غورۇچۇل يېزىسىدىن دېھقان ئاۋۇت
موسا، 66 ياش.

توپلىغۇچى : ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن ئابدۇقادىر موسا.

لەۋلىرى قىزىلگۈلدەك،
گۈلباھارىم يېنىمدا.
ھۆسنى گويا تولۇن ئاي،
دىل خۇمارىم يېنىمدا.

ئىشىك ئالدى قارا ياغاچ،
پالتا چاپسام، تېگى تاش.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن،
مەڭزى قىزىل، قارا قاش.

قەشقەردىن راۋاب ئالدىم،
شوخ پەدىگە چالاي دەپ.
پۇل تېپىپ ئەمدى كەلدىم،
گۈلۈم سېنى ئالاي دەپ.

ناز بىلەن باقتىڭ ماڭا،
ئوتنى كۆپ ياقتىڭ ماڭا.
سۆپ - سۆزۈك يامغۇر بولۇپ،
شارقىراپ ئاقتىم ساڭا.

يارىم بىلەن چاي ئىچسەم،
جانان چىنەم توشمىدى.
يارىمنىڭ سالغان ئوتى،
ۋۇجۇدۇمدىن ئۆچمىدى.

چۆنەككە ئورۇق سالسام،
ئۈچ تارتىپتۇ پىلەكلەر.
مەن يارىمنى بىر كۆرسەم،
ھەل بولىدۇ تىلەكلەر.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
ئالما ئۈزدۈم يار ئۈچۈن.
ئالما سۇندۇم يارىمغا،
چىن ئىشتىياق بار ئۈچۈن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتې-
تىدىن: تاۋار ھاپىز.
توپلىغۇچى: ئابدۇقادىر مۇسا.

قاشىڭىز قارا ئىكەن،
كۆزىڭىزگە كۆيدۈممەن.
تىلىڭىز تاتلىق ئىكەن،
لېۋىڭىزگە سۆيدۈممەن.

هويلاڭدىن موزاي چىقتى،
تەڭدىن تولىسى قاشقا.
ھېيىتباقى كۆيۈپ قاپتۇ،
ئازىنىخانقەلەم قاشقا.

گۈللەر ئېچىلىپ قاپتۇ،
بېرىپ كۆرىلى تاغنى.
سارىخان مېنىڭ يارىم،
شەرەت قىلىدۇ باغنى.

قىزىلگۈل ئۆسمەيدىكەن،
شاخىنى كەسمەيدىكەن.
باشقا ئوت ئۆچكەن بىلەن،
يار ئوتى ئۆچمەيدىكەن.

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
تاغنىڭ كەينىدە يۇرتۇڭ.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
كۆيدۈردى مېنى ئوتۇڭ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە ئورۇنچۇل يېزىسىدىن تونىساخان ئىياز، 27 ياش.
توپلىغۇچى: ئابدۇقادىر مۇسا.

مەن قۇملۇققا بارمايمەن،
قۇملۇقتا ئىزىم قالغان.
شۇنچە خەق ئاراسىدا،
مەن سىزگە كۆيۈپ قالغان.

ئاشخانىدا ئولتۇرسام،
چىنە تەخسىدە ئاش كەلدى.
سەن يارىمنى ئەسلىسەم،
قارا كۆزۈمگە ياش كەلدى.

ئىشىك ئالدى چوڭ تېرەك،
ئەجەب قونمايدىكەن قاغا.
ئون بەش ياشتا يار تۇتۇپ،
ئەجەب قانمىدىم يارغا.

مەن ماڭدىم كېچە بىلەن،
ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن.
قولۇم باغلىنىپ قالدى،
يارىمنىڭ چېچى بىلەن.

يارىم سەن، نىگارىم سەن،
بويۇنۇمدا تۇمارىم سەن.
ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
ياندۇرغان چىراغىم سەن.

يارىمنىڭ مېڭىشلىرى،
ماڭسا قول سېلىشلىرى.
ھېچ كىشىگە ئوخشىماس،
كۆز قىسىپ قاراشلىرى.

ئويان ئۆتىدۇ بىر گۈل،
بويان ئۆتىدۇ بىر گۈل.
مەزرەتنىڭ بازارىدا،
سايراپ بېرىدۇ بۇلبۇل.

قارلىغاچنىڭ قاناتىدەك،
قاپقارادۇر قاشلىرى.
ئۆزلىرىگە ئوخشىماس،
بۇ ئالەمنىڭ ياشلىرى.

سىرلىق ساندۇق سىرىمەن،
ئىككى گۆلنىڭ بىرى مەن.
بىرى كاككۇك، بىرى زەينەپ،
بىرى سىلە، بىرى مەن.

يارىمنىڭ قولىدىكى،
گۆلە ئەمەس، قاق ئىكەن.
لەۋلىرى ئەجەب سۆزۈك،
بىلەكلىرى ئاق ئىكەن.

مىڭ پىچاق يۈرەككە تەگدى،
بىر پىچاقچە كۆرمىدۇق.
مىڭ كىشى ئالدىمدا يۈرسە،
ئۆزلىرىدەك كۆرمىدۇق.

ئەنجان دوپپا ئېپ بەرسەم،
تۇماق بىلەن ياز قىللا.
بىر سۆيۈپ قوييۇڭ دېسەم،
ئەجەب تاتلىق ناز قىللا.

تۆگە بالىسى ۋ يلاق،
ئوتىنىڭ ئۈچىنى يەيدۇ.
مېنىڭ يارىم چىرايلىق،
كۆزىنىڭ يېغىنى يەيدۇ.

يار ئۇتى يامان ئىكەن،
بۇنى بىلمەي كەپتىمەن.

ئاق شىپىگىدىن كۆگلىكىگگە،
توپا قونمىسۇن دەيمەن.
ماڭا كەلگەن دەرد ـ ئەلەم،
ساڭا كەلمىسۇن دەيمەن.

ناخشا ئېيتىمەن باشتىن،
ئاڭلىغىن دىلىڭ بىلەن.
ئۇن بەش كۈنلۈك ئۆمرۈمنى،
ئۆتكۈزەي سىنىڭ بىلەن.

تۈگلۈكتىن يامغۇر چۈشتى،
قاچىدىكى يۈندىغا.
ئەجەبمۇ كۆيۈپ قاپسەن،
قارا چاچلىق ھىندىغا.

بۇ يوللار ئەجەب تاشلىق،
ئۆتۈكۈمگە ناھال بارمۇ؟
ئىشقىڭدا يۈرەك كۆيدى.
بۇنىڭغا ئامال بارمۇ؟

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ شەھەر ئىگەچى يېزىسىدىن دېھقان داۋۇت ئىمىلام، 50 ياش.
توپلىغۇچى: روشەنگۈل ئەزىز.

بېشىمدا شايى رومال،
ئەپقاچتى ئۇنى شامال.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن،
ئاي يۈزلۈك ساھىبجامال.

كاككۇكلار كېلىپ قاپتۇ،
باھار كەلگەن ئوخشايدۇ.
كۆڭلۈم خۇش بولۇپ قاپتۇ،
يارىم كەلگەن ئوخشايدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كەلپىن يورچى يېزىسىدىن دېھقان ئابلەت تۇردى، 24 ياش.
توپلىغۇچى: ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن ئەمەتجان مامۇت.

قول ياغلىقىم گۈلگە چۈشتى،
بۇلبۇل كۆتۈرۈپ ئۇچتى.
سەن كۆيەمسەن - كۆيمەمسەن؟
كۆڭلۈم ساڭىلا چۈشتى.

باغدا ئالما پىشىپتۇ،
تار كوچىغا چۈشۈپتۇ.
شۇنچە قىزلار ئىچىدە،
كۆڭلۈم سىزگە چۈشۈپتۇ.

ئىشىك ئالدى بوستاندا،
قاتار - قاتار كۆك تېرەك.
كۆك تېرەكنىڭ بويىدا،
تۇرار بىر نازۇك بىلەك.

ئۆستەڭ بويى ئېگىز قاش،
كەتمەن ئۆتمەس، ئېگى تاش
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
سەن بىلەمسەن قەلەم قاش؟

ئالما بەرسە ئاپتىمەن،
ئاچچىق دېمەي يەپتىمەن.

كۆڭلۈم ئارتىپ كەپقالدىم،
بىر پىيالە چاي ئىچىلىپ.

تاغ ئارىلاپ كەلگەن بىز،
گۈل ئارىلاپ ئۆتكەن بىز.
ئاتا - ئانىمىدىن ئايرىلىپ،
سىلىنى دەپ كەلگەن بىز.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاتۇش شەھەر ئايكۆل يېزىسىدىن خەيرىنسا تۇرسۇن، 30 ياش، ساۋاتلىمق، دېھقان.
توپلىغۇچى: داۋۇت ھامۇت، تاجىگۈل.

كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا،
كۆيگۈنۈمنى بىلەمسەن؟
قاراپ كۆزۈم تەلمۈردى،
بىر قارىساڭ ئۆلەمسەن؟

قۇرغۇي بالىسى ئالىم،
لاچىن بالىسى زالىم.
مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم،
قانداق قىلىمىز يارىم.

ئاي ئالدىمدا، كۈن كەينىمدە،
ھەسرەت ئىچىمدە.
ئۆچمەس ئوتنى ماڭا ساللا،
دەردىم ئىچىدە.

خاتىرىلىگۈچى: قۇنچەم مەمەت.

يارىمنىڭ ئېتى ئايىم،
گەپ سۆزلىرى مۇلايىم.
ئۆمۈرلۈك بولاي دەيمەن،
نېسىپ قىلسا خۇدايىم.

تامغا قاققان قوزۇققا،
ئېسىپ قويدۇم سەللىنى.
ئايلىنىپ كېتەلمەسمەن،
يارىم سىز بار مەھەللىنى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ شەھرى يېڭىبازار ئاھالىلەر كومىتېتىدىن ئاي-
تۇرسۇن سىدىق.

توپلىغۇچى: ئەخمەت ياسىن.

ئۆرۈكۈڭنى يېمەيمەن،
ئىچىدە قۇرتى بار.
باشقا يارنى سۆيمەيمەن،
سەن يارىمنىڭ ئوتى بار.

ئىشىك ئالدى تاختا كۆۋرۈك،
ئاتلاپ قانداق ئۆتەرمەن؟
يار ئوتى يامان ئىكەن،
قانداق تاشلاپ كېتەرمەن؟

سەن تېرىق تېرىمىساڭ،
قۇشقاچ كېلىپ قونارمىدى؟
سەن كېلىپ ئوت ياقمىساڭ،
بۇ يۈرەك يانارمىدى؟

ئولتۇرۇپلا چىرايلىق،
ئۆي تۆرىدىن جاي ئېلىپ.

ئۇتمۇسەن، ئاتەشمۇسەن،
قايدىن تۇتاشتىڭ سەن ماڭا؟!
سالىسكەن پەرۋەردىگار،
مەندىكى ئوتنى ساڭا.

ئاي بىلەن كۈننى ئەۋەتتىم،
ئەلچىلىككە يار ساڭا.
ئايمۇ ياندى، كۈنمۇ ياندى،
ھېچ جاۋاب يوقتۇر ماڭا.

ياخشى كۈننىڭ سائىتىدە،
بۇ سۆزۈم يەتسۇن ساڭا.
تاكى ئۆمرۈم ئۆتكىچە مەن،
يارى بولغايمەن ساڭا.

ئاققىنا قۇشقاچ بولۇپ،
قوندۇم دەرەخنىڭ شاخىگە.
ھەر كىشى مەندەك كۆيەرمۇ،
يېڭى تۇتقان يارىگە.

ھەر كىشى مەندەكلا كۆيسە،
يېڭى تۇتقان يارىگە،
كىرپىكى ئوقتەك بېرىپ،
مىختەك قادالسۇن جانىگە.

ھاۋامىكىن، بۇلۇتمىكىن،
قارنى ياغدۇرغان؟
جۇۋانمىكىن، چوكانمىكىن،
كۆڭۈل ئاغدۇرغان؟

ئاتىنىڭ بالىسى تايلاق،
تالىنىڭ ئۇچىنى يەيدۇ.
خۇمار كۆز سەتەڭ يارىم.
كۆزىنىڭ يېغىنى يەيدۇ.

ئالما ئاتتىم تاللىققا،
تالنى ئاچقاندا چىقار.
سەن يارىمنىڭ ئوتلىرى،
جان تالاشقاندا چىقار.

قىزىلگۈلنى دېمىسەم،
غۇنچىسىنى ئۈزگۈم يوق.
سەن يارىمنى دېمىسەم،
بۇ شەھىرىڭدە تۇرغۇم يوق.

بېغىڭغا كىرىپ باقتىم،
بىر گۈلۈڭنى ئۈزمىدىم.
سەن ئۈمىدنى ئۈزگەن بىلەن،
مەن ئۈمىدنى ئۈزمىدىم.

دۆڭ ئېتىزنىڭ بېشىدا،
ئاخشام ئورغان ئۈنچە بار.
دوقمۇشتىكى هويلىدا،
كۈلۈپ تۇرغان غۇنچە بار.

مىڭ پىچاق سالسا يۈرەككە،
بىر پىچاقچە دەخلى يوق.
ئالتە مىڭ ئالەم ئىچىدە،
ئۆزلىرىدەك ياخشى يوق.

نامازشامنىڭ ۋاقتىدا،
سۇغا چىقسىلا يارىم.
مەن سىلىگە كۆيۈپ قالدىم،
بۇنى ئۇقسىلا يارىم.

ئاق جۇۋان، ئاپئاق جۇۋان،
چىلگە پۇرايدۇ قوينىڭىز.
بۇ خالايىق ئىچىدە،
چۈشتى سىلىگە كۆڭلىمىز.

قارىغاينىڭ يوپۇرمىقى،
قاتمۇ قات بولار ئىكەن.
ئوتلىرى يامان ئىكەن،
كۆرمىسەم بولار ئىكەن.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنى،
قانچە پۇلغا ئالغانسەن؟
ئىچىمدىكى بۇ ئوتنى،
قاچان كېلىپ سالغانسەن؟

توپلىغۇچى: ئەھمەد ۋاھىت.

ئوچاققا ئوتنى قالاپ،
يۈزلىرىم قارا بولدى.
سەن يارنى تولا ئويلاپ،
يۈرىكىم يارا بولدى.

ئىشىك ئالدى زاراڭزا،
ئېچىلىپتۇ ھەر ياڭزا.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن،
ئون بەش ياشلىق بالاڭزا.

دەريانىڭ ئۇ قاتىدا،
بىر بالىغا كۆيدۇممەن.
يەتكۇزۇڭلار ئۇنىڭغا،
ئەزىز جانىدىن تويدۇممەن.

بېغىمدىكى گۇللەردە،
كېپىنەكلەر ئەگىيدۇ.
سەن يارىمنى كۆرگەندە،
يۇرەكلىرىم سەگىيدۇ.

سېرىق گۇلنىڭ تۇۋىدە،
ھەرىلەر گىژىلدايدۇ.
سەن يارىمنى كۆرگەندە،
يۇرىكىم جىغىلدايدۇ.

قارا چىراغ تۇۋىدە،
ئۇچار پەرۋانە.
يارىم سېنىڭ ئىشقىڭدا،
بولدۇم دىۋانە.

دىۋانە بوپ زار يىغلاپ،
چالىمەن راۋاب.
يامغۇر بولدى كۆز ياشلىرىم،
يۇرىكىم كاۋاپ.

توپلىغۇچى: ئاتىسى مانارىپ ئىنىستىتۇتىدىن تاھىر قاسىم.

سەھەردە ئويغىنادۇرمەن،
يىلاندەك تولغىنادۇرمەن.
مۇرادىمغا يېتەرمەن دەپ،
ئىگەمگە يالۋۇرادۇرمەن.

سەن مېھرىبان يارىمدىن،
ئايرىلماسقا ۋەدەم بار.

يار ماڭا توقۇپ بەردى،
گۈل چەككەن تاۋار ياغلىق.
يېنىدىن كېتەلمەيمەن،
سۆزلىرى ئەجەب تاتلىق.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
ئالما ئۈزۈپ يەرمۇ كىشى.
ئالمىدەك يارى تۇرۇپ،
باشقىنى دەرمۇ كىشى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ شەھىرى ئۇرۇقچىلىق دەيدانىدىن دېھقان خەبرنىسا
ئاقمۇللا، 42 ياش.
توپلىغۇچى: ئوسمان مۇسا.

ئاق ناۋات دېگەن قوغۇن،
باراڭنىڭ كەينىدە باردۇ.
مېنىڭ قارا كۆز يارىم،
تېرەكلىك ھويلىدا باردۇ.

پەشمەتلىرىنىڭ ياقىسىنى،
ماشىنىچى ئۇستام ئويغانمۇ؟
ئىسمىلىرى چىرايلىقكەن،
خېزىر كېلىپ قويغانمۇ؟

قولۇڭدىكى ئۈزۈكنى،
زەرگەر ئۇستام سوققانمۇ؟
نۇرلۇق ئىكەن چىرايىڭ،
ئاناڭ ئايغا تۇغقانمۇ؟

ئىشىكنى قىيا ئېچىپ،
ئېچىپ كەينىگە قېچىپ.
سەن ئالامسەن بۇ جاننى،
يۈرىكىمگە ئوت يېقىپ.

يار قاشىنى ئويناتتى،
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
باغرىمنى كاۋاپ ئەتتى.

قىش پەسلى بولۇپ قالدى،
دەريا ياقىسى توڭلاپ.
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى،
يار سېنى تولا ئويلاپ.

گۈلنى تېرىدىم تۈزگە،
ئېچىلدۇ كەچ كۈزگە.
سىزنىڭ كۆزىڭىز گۈلدە،
مېنىڭ كۆزلىرىم سىزدە.

ئەپكەش سېلىپ مۈرەمگە،
سۇغا چىقتىم كۆلۈڭگە.
ئەجەبمۇ كۆيۈپ قالدىم،
قېشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە.

توپلىغۇچى: ئاقسۇ شەھرى قۇمباش يېزا ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئا.ئاۋۇت سېيىت، 40 ياش.

يانچۇقۇمنىڭ تېگىدە،
ئالتۇن ئۈچلۈق قەلەم بار.

ئاق چەينەككە چاي قۇيدۇم،
جوغىسىدىن تاشۇرۇپ.
تولۇن ئايدەك يار تۇتتۇم،
كونىسىدىن ئاشۇرۇپ.

مەيگە چۈشكەن بىلەن،
ئەترا پلار كۆرۈنمەيدۇ.
يارنىڭ كۆزىگە قاراپ،
ئۆتكەن كۈن بىلىنمەيدۇ.

يارنىڭ يۆلىكى ياردىن،
يارى بولمىسا قايدىن؟
غۇنچە بويلىرىڭ زىبا،
شىرىن سۆزلىرىڭ ئاندىن.

ئاقسۇ، كەلپىن يوللىرى،
شىغىل بىلەن تاش ئىكەن.
يوقلاپ كەلسەم ئاتايىن،
يارنىڭ كۆزى ياش ئىكەن.

بىغىم بارۇ بىغىم بار.
بىغىمدا ئانارىم بار.
ئۆلسەم ئارمىنىم يوقتۇر،
كۆڭلۈمدىكى يارىم بار.

ئەجەب ئوڭلۇق ئۆزىڭىز،
شىرىن ـ شېكەر سۆزىڭىز.
ئوت ياندۇرۇپ يۈرەكتە،
ئوينىاپ تۇرار كۆزىڭىز.

ھويلاگدىكى ئۈجمىگە،
تۆلپارىمنى باغلىدىم.
يارىم سىنىڭ ناخشاڭنى،
زوقۇم بىلەن ئاڭلىدىم.

بېغىمنىڭ ئىچى سايە،
ئەتراپى ئۇنىڭ گۈلدۇر.
گۈل تۈۋىدە ئولتۇرغان،
لەۋلىرى قىزىلگۈلدۇر.

يارىمنىڭ قارا چاچى،
چۈشەمدۇ زاڭاقىغا.
يارىمنى سۆيۈپ قويۇپ،
ئۆلەيمۇ تاياقىغا.

يارىم كەپتۇ يىراقتىن،
ئىشقى ئوتى پىراقتىن.
ئەجەب نۇرلۇق كۆرۈندى،
كېچە ياققان چىراقتىن.

كۆردۈڭمۇ قارا قاشنى،
چايناپ بېردۇ ماشنى.
ئولتۇرسەڭمۇ ئىچمەيمەن،
يارىم ئەتمىگەن ئاشنى.

دەريا سۈيى تارتىلدى،
يار كېتىپتۇ بېشىدىن.
كېتەلمەيمەن يىراققا،
مەن يارىمنىڭ قېشىدىن.

ئىشىكنى ئېچىڭ يارىم،
بويىڭىزنى كۆرۈۋالاي.
كۆزىڭىزگە قاراپ تۇرۇپ،
مەڭزىڭىزگە سۆيۈۋالاي.

توپلىغۇچى: ئاقسۇ شەھىرى قۇمباش يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئاۋۇت سەمەت.

يارىم ئۈنچىڭ يامانكەن،
زەنجىر بىلەن باغلاپ يات.
ئاخشاملىققا مەن باراي،
ئۇخلاپ قالماي سەگەك يات.

بىزنىڭ يار كېلىپ قاپتۇ،
سۇ ئاقمىغان ساي بىلەن.
يۇتۇۋالاي يارىمنى،
قەنتچىلىغان چاي بىلەن.

ئاق جۇۋان ئەجەب چاققان،
مېنى بىر نەچچە كۈن باققان.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
دەردىمنى تولا تارتقان.

ئوڭ قولۇمدا ئون ئۈزۈك،
بىرىدىن بىرى سۈزۈك.
بولتۇر سۆيگەن يارىمدىن،
بۇ يىل سۆيگۈنۈم تۈزۈك.

مەن ئەمدى قانداق قىلاي،
دەردكە تولغان باشىمنى.
كەتكىلى ئۇزۇن بولدى،
سېغىندىم ئاداشىمنى.

كىردىم ئالمىلىق باغقا،
ئالمىلارنى ئۈزگىلى.
چىدىمايدۇ يۈرىكىم،
ياردىن ئۈمىد ئۈزگىلى.

بۇ يىل ئالما بەك بولدى،
ھەر تەرەپكە چېچىلىپ.
يارىم كېلەر باغ ئارا،
قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ.

سۈزۈك - سۈزۈك سۇلاردا،
دەريا بولۇپ ئاقىمەن.
سىز مېھرىبان يارىمنى،
يۈرىكىمگە ياقىمەن.

يارنىڭ بېغىغا كىرسەم،
ئالما تۈگمىدەك بوپتۇ.
كىچىككىنە شۇ يارىم،
قايرىپ سۆيگۈدەك بوپتۇ.

ئاق كەپتەرمۇ موللاقچى،
كۆك كەپتەرمۇ موللاقچى.
يارىمنى يامان دېمەڭ،
ئۆزى خۇشخۇي، چاقچاقچى.

ئاسماندا مېنىڭ ئاھىم،
قۇمباشتا مېنىڭ جايىم.
ئاڭلاڭلار خالايىقلار،
گۈل قىسقان مېنىڭ يارىم،

دەردىڭىزنى ئەجەب تارتتىم،
يۈرىكىمدە داغ تولا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە بېشئېرىق يېزا دۆڭبويى كەنتىدىن دېھقان
مەھەممەت ئەيسا، 50 ياش.

توپلىغۇچى: توختىياز مەتنىياز.

ئاينى يانغا تارتقىچە،
يارىمنى يانغا تارتاي مەن.
سىز يارىمنىڭ دەردىدە،
گۈل توۋىدە ياتاي مەن.

تاڭ سەھەردە بۇلبۇلدەك،
تۇمۇچۇقۇم ئويغاتتى.
يار ئۆتتى يامان ئىكەن،
مېنى ئەجەب يىغلاتتى.

يولنى ماڭسام باغ ئارا،
كېچە ماڭا كۆندۈزدۈر.
مېنى ھەرگىز تونىماڭلار،
يارىم ئۆيىدە يالغۇزدۇر.

ئات مىندىم ئىگەر بىلەن،
باشىپىغى يۈگەن بىلەن.
مەن ساڭا تولا كۆيدۈم،
گەپ قىلماي يۈرگەن بىلەن.

باغقا كىرىپ گۈل تەردىم،
تولدۇرۇپ ئېتەكىمنى.

ھاۋا تۇتۇلۇپ قاپتۇ،
تۇمان بىلەن ھەم مانان.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ،
بىللە ئوينىغان جانان.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە دولان يېزىسىدىن ھەمدۇللا راشىدىن،
25 ياش.
توپلىغۇچى: ئوسمان مەتنىياز.

قاچان سايىسى چۈشەر،
يېڭى تىككەن چىرىمىنىڭ.
جاندىن ئۆتتى كۆيۈكى،
يىراقتىكى خېنىمىنىڭ.

غېرىب بولدى مېنىڭ باشىم،
تىنماي ئاقىدۇ ياشىم.
ھالىمغا بىر يەتسەڭچۇ،
قارا كۆز قەلەم قاشىم.

قارا قاش كەتكەن بىلەن،
ئوتى پىراقى كەتمىدى.
مەن يارىمغا يىغلىسام،
يار ھالىمغا يەتمىدى.

گۈل دەستە تىزىپ قويدۇم،
رەڭگا رەڭ چېچەكلەردىن.
يار كەلسە تۇتاي دەيمەن،
سېغىنغان يۈرەكلەردىن.

ئىلىخو دىگەن شەدە،
مەن بارمىغان باغ تولا.

ئېرىقىڭنىڭ تېگىدىن،
سۇ ئۆتەمدۇ قارا قاش.
سىزنى بىر دەم كۆرمىسەم،
كۈن ئۆتەمدۇ قارا قاش.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە بېشەرىق يېزا قۇمشېرىق 1- كەنتتىن دېھقان مۇرەخان توختىياز، 44 ياش.
توپلىغۇچى: نۇرمەھەممەت توختىياز.

شاپتۇل شېخىدەك پەسكە،
ئېگىلىپ قالدىم بۈگۈن.
مېھرىبان يار قايدا دەپ،
سېغىنىپ قالدىم بۈگۈن.

توشقان چىقتى ئۆۋىدىن،
قارچۇغىنى قوشلايمەن.
يار دەردى يامان ئىكەن،
كېچە - كۈندۈز يىغلايمەن.

ئاھ خېنىم رەھىم قىلىپ،
ھالىمنى سورىساڭ نىم بولۇر.
مېنى مۇنچە قىينىماي،
جېنىمنى ئالساڭ نىم بولۇر.

كۆيگىنىمگە پۈتمىسەڭ،
سىناپ باقساڭ نىم بولۇر.
يۈرىكىمنىڭ قېتىنى،
يېرىپ باقساڭ نىم بولۇر.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە بازار ئىچى بوستان مەھەللىسىدىن تەمەت ئالىم، 60 ياش.
توپلىغۇچى: ئاۋات ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن خېلىل كېرەم.

ئىشقى ئوتۇڭنى سالدىڭ،
كۆيدۈرۈپ يۈرەكىمنى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە بېشىرىق يېزىسىدىن دېھقان تۇنىيازروزى، 28 ياش.

توپلىغۇچى: بېشىرىق يېزا مەدەنىيەت پونكىتىدىن ئىمىن سالى.

باراي دېسەم يول يىراق،
كۆرەلمىدىم مەن سېنى
كۆيۈپ قالغان چېغىمدا،
سۆيەلمىدىم مەن سېنى.

ئاي يۈزلۈكۈم يارىم سەن،
گۈل يۈزلۈكۈم يارىم سەن.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
ساق سالامەت بارمۇ سەن.

ئوتلار كۆيەر ئىچىمدە،
دەردنى ئۆزۈم بىلەرمەن.
كۆزدىن ئاققان ياشىمغا،
كېمە سېلىپ ئۆتەرمەن.

ئەجەب رەھىمىڭ كەلمىدى،
كۆزدىن ئاققان ياشىمغا،
قانات بولسا ئۇچاتتىم،
يارىم سېنىڭ قېشىڭغا.

ئۈنچە-مارجان چېچىلدى،
قولۇم يەتمەس تېردىشكە.
قاچانمۇ تاڭ ئاتاركىن،
يارىمنى بىر كۆرۈشكە.

مىس چۆگۈندە چاي ئەۋەتتىم،
ئۈسسىغاندا ئىچسۇن دەپ.
بىر تۇتام گۈل ئەۋەتتىم،
چېكىسىگە قىسسۇن دەپ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيە ياماتسۇ مىللىي يېزىسىدىن مەرەمخان مەممەت.

تويلىغۇچى: زۇنۇنگۈل ئابدۇرېھىم.

يالغانچىنىڭ ۋەدىسى كۆپ ئىشىنىپ كەتمە،
ئىشەنچىڭنى كۈلگە كۆمۈپ، كاۋاپمۇ ئەتمە.
ئەگرى - بۈگرى كوچىلاردىن كارۋان ئايلىنار،
ۋاقتى كەلسە ئۆز تەختىدىن خانمۇ ئايرىلار.
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك كۆرۈنگەن يارىم،
ئاتەش بولۇپ يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن يارىم.
يەرگە چۈشكەن ئالمىلاردىن بىر جۈپنى ئالدىم،
قىزىلىنى ساڭا ئاتاپ قوينۇمغا سالدىم.
ئېگىز تاغقا چىقماڭ يارىم ئۈچۈپ ئۆلەرسىز،
چىرايلىققا كۆيمەڭ يارىم كۆيۈپ ئۆلەرسىز.
سۇمبۇل چېچىڭ يارىشىپتۇ زىلۋا بويۇڭغا،
ساۋاب بولۇر مەن غېرىبنى ئالساڭ قوينۇڭغا.
سىم - سىم ئارىلاپ يامغۇر ياغدى تاغنىڭ بېشىغا،
يىغلىپ قوپۇپ ئاران كەلدىم يارنىڭ قېشىغا.
ئالا - يېشىل كۆرۈنەدۇر سايىنىڭ تولكىسى،
جاننى ئېلىپ،جان بېرەدۇر قىزنىڭ كۈلكىسى.
كۈلگەنلەرنى كۆرگىنىمدە كۈلگۈم كېلىدۇ،
يارىم بىلەن گىرەلىشىپ يۈرگۈم كېلىدۇ.
بىلسە - بىلسۇن ۋاپادارىم مېنىڭ ھالىمنى،
قادىر ئاللا ئۆزى بىلۇر ئاھۇ زارىمنى.

دەرياغا كۆۋرۈك سالدىم،
يارىم كەلسە ئۆتسۇن دەپ.
مەن يارىمغا خەت يازدىم،
مېنى ئەسلەپ تۇرسۇن دەپ.

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ،
ئالا ئاتنىڭ تۇمارى.
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
سىز يارىمنىڭ خۇمارى.

توپلىغۇچى: ئاۋات ناھىيە تامتوغراق يېزىلىق مائارىپ ئىشخانىسىدىن قارزۇگۇل ئابلەت، 21 ياش.

كەپتىرىم كۆرۈنمەيدۇ،
كەپتەرۋاز تۇتۇۋالدى.
غۇنچە بويلۇق قارا قاش،
كۆڭلۈمنى ئۇتۇۋالدى.

تاڭ سەھەردە باغقا كەل،
مەي باغلىغان ئۈزۈم بار.
ئۈزۈم باراڭ ئاستىدا،
ساڭا ئېيتار سۆزۈم بار.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە بېشېرىق يېزا سوغۇچى كەنتىدىن دېھقان ئەھەت ئابدۇرۇسول، 61 ياش.

توپلىغۇچى: نۇرمەھەممەت توختىياز.

ئالا پاچاق ئات ئەۋەتتىم،
ھارغان يەردە مىنسۇن دەپ.
ئاق خورجۇندا نان ئەۋەتتىم،
ئاچقان يەردە يېسۇن دەپ.

كۆن قىزىلدا ـ سەھەردە،
باغدا ئانار قارا كۆز.
بىزنى شۇ كويغا سالغان،
كۆزى خۇمار قارا كۆز.
ئەگلىكىڭىز تېگىدىن،
قىل ئۆتەمدۇ قارا كۆز.
سىز بىلەن كۆرۈشكىچە،
يىل ئۆتەمدۇ قارا كۆز.
بېرىشىڭىزنى باغدا كۆردۈم،
باغ ئارىلاپ، قارا كۆز.
يېنىشىڭىزنى تاغدا كۆردۈم،
تاغ ئارىلاپ قارا كۆز.
يۇرتىڭىزغا ماڭغىچە،
قاراپ قويۇڭ قارا كۆز.
بىزنى سۆيۈپ قويسىڭىز،
ساۋاب بولۇر، قارا كۆز.
بارغىنىمنى كۆردىڭىزمۇ،
قۇرغۇي ئالا قارا كۆز.
يانغىنىمنى كۆردىڭىزمۇ،
قاشى قارا، قارا كۆز.
ئالتۇن بىلەن ئۈزۈك ئەتتىم،
قولىڭىزغا قارا كۆز.
تەلمۈرەمەن كېيىكتەك،
يولىڭىزغا قارا كۆز.

• ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۇچتۇرپان ناھىيە ئاقتوقاي يېزىسىدىن دېھقان ئابدۇرخېلىل ساۋۇت، 22 ياش.

توپلىغۇچى: ئا. مۇللا ئەھەت.

سىنايمىكىن- سىيلايمىكىن بويى تالىمنى،
بويى تالىم بىلەرمىكىن مېنىڭ ھالىمنى.
ئالا قاغا، قارا قاغا سايىنىڭ قاغىسى،
قارا كۆزگە مېنىڭ باغرىم قانداق قانغۇسى.
ئاق بوز ئېتىم، كۆك بوز ئېتىم، يايلىغىنى ئوزات،
بۈگۈن كېچە يار قېشىغا يەتكۈزگىل بوز ئات،
كەلگۈ يايلاققا قويۇپ بېرىپ قىلۇرمەن ئازاد.
ئۇ قاشتا سەن، بۇ قاشتا مەن قاچان كۆرەرمەن،
ئەزىز باشىم ئامان بولسا بىر كۈن سۆيەرمەن.

توپلىغۇچى: ئوچتۇرپان ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلىدىن ئابدۇرۇسۇل روزى.

ھەر دەرەختە مېۋە بولماس،
ھەر كىشىدە ياخشى سۆز.
بۇ بېيىتنى سىزگە ئېيتاي،
ئاھۇ يارىم قارا كۆز.
توپ تېرەكنىڭ تۈۋىدە،
توپ ئوينىغان قارا كۆز.
ئاندا - ساندا كۆرۈنۈپ،
ئالداپ يۈرگەن قارا كۆز.
بىر قارىسام كۆزىڭىز،
يۇلتۇز ئوخشاش قارا كۆز.
چېچىڭىزمۇ قاپقارا،
قۇندۇز ئوخشاش قارا كۆز.
ئېرىقىڭىز ئىچىدە،
ئۆردەك ئۈزەر، قارا كۆز.
ئۆتىڭىزدا بۇ ئۆمۈر،
سۈدەك ئۆتەر، قارا كۆز.

ئۆيلىرى قەيەردىرەك؟
مەن باراي شۇ يەرگىرەك.
ئۆيلىرىنىڭ بەلگىسى،
بىر تۈپ يوغان تال تېرەك.
تال تېرىكىم ـ تال تېرىكىم،
قەشقەردە ئۆسكەن تېرىكىم.
ئاستا ـ ئاستا چىقاي دېسەم،
سېرىلىپ سۇندى بېلىكىم.
كۆيمەسمىكىن دېگەنىدىم،
كۆيۈپ كەتتى يۈرىكىم.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۇچتۇرپان ناھىيە ياكۆۋرۈك يېزىسىدىن تۇخان يۈسۈپ، 45 ياش.

توپلىغۇچى: ھەنىپەم ئابدۇراخمان.

ئاق سارايدىن چىقتى يارىم،
چىن تاۋارغا پۈركىنىپ.
قولىدا زەيتۇنە ياغلىق،
تال چىۋىقتەك تولغىنىپ.
ئاق ساراي، ئاپئاق ساراي،
ئالدىڭىزغا مەن باراي.
خاپا بولسىڭىز يارىم،
چاي قۇيۇپ كۆڭۈل ئالاي.
ئات مىنىپ بىر يەرگە بارساڭ،
تۇتقىلى قامچاڭ بولاي.
سەن چىقىپ ئولتۇرغىلى،
تۆردىكى زىلچا بولاي.

بۇ بېيىتنى پۇتتۇردۇم.
سەيدىن ئاللاغا.
زادى چىقمايسىز،
ئۆيدىن تالاغا.
بولسا ئىدى قاناتىم،
ئۇچسام هاۋاغا.
سىزگە يىغلىغىچە،
يىغلاي خۇداغا.
خۇدايىمغا يىغلىسام،
ئوڭلار پېشىمنى.
ساماندەك سارغىيىپ،
تۆكسەم يېشىمنى.
ئالتۇن بولسا كۈمۈش بولسا،
سالسام بىلەككە.
يىراقتىكى يارنىڭ ئوتى،
تەگدى يۈرەككە.
كۈن ئالدىمدا، ئاي كەينىمدە،
دەردىم ئىچىمدە.
چىقماس ئوتلار كىرىپ قاپتۇ،
كۆيەر ئىچىمدە.
سۆگەت - سۆگەت سېرىق سۆگەت،
شاخىنى پۈتاي.
يار ئېغىزدا سۇ بەرسە،
هەسەل دەپ يۇتاي.
بىر يۇتاي - ئىككى يۇتاي،
كۆڭلىنى ئۇتاي.
كىچىكىمدىن سۆيگەن يارنى،
قانداقمۇ ئۇنتاي.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
قەشقەر يولىغا قاراپ.
كۆزۈمنىڭ گۆھىرى ئاقتى،
يارنىڭ يولىغا قاراپ.

ئاسماندىكى بۇلۇتلار،
ياغارمىكىن قار بولۇپ.
يارنى ئەجەب سېغىندىم،
بىر كۆرۈشكە زار بولۇپ.

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
بار ئىكەن قۇرۇق تېرەك.
يارىمنى خىيال قىلسام،
ئوتتەك كۆيىدۇ يۈرەك.

ئالىمەن راۋابىمنى،
چالىمەن پىغانىمغا.
سالامىمنى يەتكۈزگىن،
مېنىڭ سۆيگەن نىگارىمغا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئوچتۇرپان ناھىيە يامانسۇ يېزا 5-كەنتتىن دېھقان موللا ئەمەت ھەمەت، 45 ياش.

توپلىغۇچى: زۇنۇنگۈل ئابدۇرېھىم.

يارىم تىكىپ كىيگۈزگەن،
بادام دوپپا بېشىمدا.
بىر يۇتۇم سۇ ئۆتمەيدۇ،
يار بولمىسا قېشىمدا.

ئۆرگىلىپ توققۇزنى سۆيسەك،
چۆرگىلىپ تازىم قىلاي.
ياندا يارىڭ بولمىسا،
مەن سېنىڭ يارىڭ بولاي.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيە ئاقيار يېزىسىدىن دېھقان ياسىن ھېيت،
33 ياش.
خاتىرىلىگۈچى: ئىبراھىم قۇربان.

ئالما بەردىم قولۇڭغا،
كۆيۈپ قالدىم بويۇڭغا.
بىر قانچە زامان بولدى،
قاراپ قالدىم يولۇڭغا.

بېغىڭدا قىزىل ئالما،
سۇ كىرمەي پىشىپ قاپتۇ.
يارنى ئەسلىگەن كۆڭلى،
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ.

جاھان كېزىپ كەلدىممەن،
نەدە قالدى راھىتىم.
سەن يارىمنى كۆرگىچە،
تۈگەپ قالدى تاقىتىم.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيە ئوتتۇرىسى يېزا 12 - كەنتتىن
دېھقان ئاتاركۆل تىلىۋالدى، 20 ياش.
توپلىغۇچى: ناھىيىلىك كۇتۇپخانىسىدىن: ئابلىز ھېسامىدىن.

سۇ كېلۇر گۈلدۈر - گۈلدۈر،
سۆيگۈنىم قىزىلگۈلدۈر.
يارىم كۆڭۈل بەرمىسە،
ئۆلگىنىم ئاشۇ كۈندۇر.

بېغىمدا قىزىلگۈل بار،
ئۈزۈپ بېرەي تاللىساڭ،
ئىككىمىز ئاشىنا يولايلى،
چىن يۈرەكتىن خالىساڭ.

ئۈرۈمچىگە ماڭغاندا،
كەچتە ئۆتتۈم كۆمۈشتىن.
سەندىن ئۆزگە يار تۇتسام،
ئۆلمەيمەنمۇ نومۇستىن.

يارىم بەرگەن ئاق ئالما،
چۈشۈپ كەتتى ئۆستەڭگە.
يارىم كېتەي دېسىلا،
يۈدۈپ ماڭاي ئۆشنەمگە.

ئالما سەيلىسى بولۇپتۇ،
بىرگە باراي يار بىلەن.
مېنىڭ يارىم تولۇن ئاي،
چىقىپ سۆيەي شار بىلەن.

كېلىپ قوندى ئالمىغا،
بىر جۈپ كاككۇك لەپپىدە.
يارىم ياتقان كارىۋاتقا،
ئۆزۈمنى ئاتتىم گۈپپىدە.

ياغلىققا تۈگۈپ ماڭدىم،
ئالما، كىشمىش، ئۆرۈكتىن.
قولۇمغا سېلىپ قويدى،
يارىم ئالتۇن ئۈزۈكتىن.

كۆزلىرىمگە ياش كەلدى،
مەن يارىمنى كۆرگەندە.
ئالما قويدۇم يارىمغا،
قىز دىلگۈللۈك لىگەندە.

ئالماڭنى يېگەن بىلەن،
سوغۇق سۇ ئىچەلمەيمەن.
ياردىن خەق كەچسىمۇ،
مەن ياردىن كېچەلمەيمەن.

سۈنى ئۈستۈم بۇلاقتىن،
نوگاي بىلەن قاپاقتا.
مېنىڭ كۆڭلۈم چۈشۈپتۇ،
سىزگە ئوخشاش ئاپپاقتا.

ۋەدە قىلسا سۆيگۈنۈم،
ئىشىنىپتىمەن باشتا.
ماڭا ئۆتتى بىر كۆيۈك،
دىلدا غەم، كۆزۈم ياشتا.

مېنىڭ سۆيگەن يارىمنىڭ
چېچىدا ئۇلاقى يوق.
باشقىلارنىڭ گېپىنى،
ئاڭلاشقا قۇلاقى يوق.

ئورۇپ بەردىم ئوغلاققا،
باغدىكى كۆك قىياقتىن.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ،
چىقىپ كەللە قاياقتىن؟

يارىم تەكشى سىلىپتۇ،
كېۋەزلىكنىڭ قىرىنى.
ھېچ بىلمىدىم يارىمنىڭ،
كۆڭلىدىكى سىرىنى.

يارىمنىڭ يۈزى مەڭلىك،
قولىدا ئۈپا-ئەڭلىك.
يارىمنى سۆيەي دېسەم،
بولىمەن ئەجەب تەڭلىك.

قىزىلگۈلى سەن بولساڭ،
بۈلبۈلۈڭ مەن سايرىغان.
يىگىتنىڭ يىگىتىدۇر،
ئىشق ئوتىغا پايلىغان.

يارىم ئالما يەڭ دېسە،
ئەيمىنىپ يېمەپتىمەن.
يارىم كەلسە قېشىمغا،
بىر سۆيۈڭ دېمەپتىمەن.

ئاق ئالماڭنى قىزارتقان،
كۈننىڭ نۇرى ئەمەسمۇ.
چىرايىڭنى سارغايتقان،
يارنىڭ ئوتى ئەمەسمۇ.

يارىم، بەرگەن ئالماڭنى،
ئەۋەتتىم يىراققا.
يار ئوتى يامان ئىكەن،
چىدالمىدىم يىراققا.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
ئولتۇراتتىم ساز بىلەن.
يارىم ئۆتتى يىراقتىن،
ئويناپ كۈلۈپ ناز بىلەن.

ئالتە ئاي بولدى ياتقىلى،
ئۇقسام كېزىك بوپتىمەن،
كېزىك ئەمەس كېسىلىم،
يارغا سېزىك بوپتىمەن.

ئالما دېسەڭ مەندە بار،
بېھى دېسەڭ مەندە بار.
سېنى ھامان سۆيىمەن،
جېنىم تېخى تەندە بار.

ئالما بىلەن بېھىدە،
مۇرادىمنى ئەيتتىم مەن.
كۆڭلۈمدىكى يار بىلەن،
مۇرادىمغا يەتتىم مەن.

سېنىڭ كىيگەن دوپپاڭنى،
كىيىپ باقسام نېمە بوپتۇ؟
ئۆزۈم تۇتقان يارىمنى،
سۆيۈپ باقسام نېمە بوپتۇ؟

گۈل تېرىدىم تەشتەككە،
قويۇپ قويدۇم پەنجىرىگە.
يارىم باغلىغدى مېنى،
مۇھەببەتنىڭ زەنجىرىگە.

گېپىڭ بولسا ئېيت يارىم،
مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم.

يارىمنىڭ ئېتى لەيلى،
ماڭا يارىمىكىن مەيلى.
بولسا بولمىسا مەيلى،
مەن يارىنىڭ خېرىدارى.

سەن ئورماڭنى ئورىماسەن،
خامىنىڭنى تەپمەسەن.
لاي سۇ ئىچكەن سەھرالىق،
كۆيگۈنىمنى بىلمەسەن؟

توپلىغۇچى: ساۋۇت سوپى.

بۇ ئېرىقنىڭ سۇلىرى،
چۆلگە ئاقامدۇ؟
سېنى قانچە سۆيسەممەن،
يۈرەك قانامدۇ؟

باغدىكى ئوسما بىلەن،
قاشىڭنى قارا قىلدىڭ.
قاش ـ كۆزۈڭنى ئوينىتىپ،
يۈرەكنى يارا قىلدىڭ.

يارىم بىلەن ئوينايمەن،
گۈل باغنىڭ ئاراسىدا.
بىر سۆيۈپ قوياي دەيمەن،
خەقلەرنىڭ ئاراسىدا.

ئالما ئاتسام ئۆگزىگە،
چۈشۈپ كەتتى پوككىدە.
سۆيۈپ ئالدىم يارىمنىڭ،
لەۋلىرىگە چوككىدە.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيەسىدىن مەھەممەت تالىپ، 62 ياش.
توپلىغۇچى: تۇرغۇن.

ئىشىك ئالدى قوناقلىق،
قويۇق بولسا تاقلايمەن.
ۋەدەگىدە تۇرالىساڭ،
ئاخىرغىچە ساقلايمەن.

دۇتارنى ئۆزۈم چېلىپ،
چېقىلىپ كەتسە يەملەيمەن.
ۋەدىسى چىڭ يار بىلەن،
ئۆمۈر بويى ئوينايمەن.

ئىشىك ئالدى ئۇزۇن ساي،
بىر يىل دېگەن ئون ئىككى ئاي.
مىنەي دېسەم ئېتىم تاي،
ساقلاپ تۇرۇڭ چوڭ بولاي.

يانچۇقۇمدا گازىر،
ئېلىپ چاقىمەن ھازىر.
سىز بىزنى ياراتمايسىز،
ئاتا - ئانىڭىز كادىر.

دۇتار چېلىپ ئولتۇرسام،
خىيالىمغا سەن كەلدىڭ،

رومال ئارتتىم توققۇز كۆز،
دۈشمەن ئېيتار يالغان سۆز.
دۈشمەننىڭ گېپى بىلەن،
ئايرىلمايلى قارا كۆز.

ئالتۇن تارتقان تارازىڭدا،
يامبۇ تاتايمۇ؟
يارىم ياتقان سىمكارىۋاتقا،
ئۆزۈمنى ئاتايمۇ؟

سەندەك قىزىلگۈل،
ھېچ باغدا يوقتۇر.
بىر سۆيسەم سېنى،
ئارمانىم يوقتۇر.

كەتمەن چاپسام سازلىققا،
سېپى سۇندى تۇۋىدىن.
ئىزدەپ بارسام يارىمنى،
چىقمايدىكەن ئۆيىدىن.

ھەر جايغا بارساڭ،
بولغىن سالامەت.
سەن يارىم ئۈچۈن،
چەكتىم نادامەت.

ئاسمانغا قاراپ،
چولپاننى كۆردۈم.
ئۇخلاپ چۈشۈمدە،
سەن يارنى سۆيدۈم.

ياغلىقىڭ سەككىز تالا،
تۆتى ئالا، تۆتى قارا.
سەككىز ئاي ئوتۇڭدا كۆيدۈم،
بىلمىدىڭ كۆڭلى قارا.

ئۇسما قويدۇم قېشىمغا،
دوپپا كېيدىم بېشىمغا.
ئۇۋال قىلماڭ جەننەتخان،
توپا سېلىپ ئېشىمغا.

ئالما ئاتقۇم كېلىدۇ،
بېھى ئاتقۇم كېلىدۇ.
ياخشى يارنى تاپقاندا،
بىللە ياتقۇم كېلىدۇ.

دەريانىڭ ئۇ قاتىدا،
مۇنارىڭمەن.
مۇنارىڭدا ياندۇرغان،
چىراغىڭمەن.

تەمبۇر چالغان قولۇڭغا،
ئالتۇن ئۈزۈك سېپ قوياي.
مېنى سۆيگەن ئاغزىڭغا،
سېرىق ناۋات سېپ قوياي.

قوناقلىقتا ماش پۇرايدۇ،
ئارىسىدا ماش بارمىكىن.
بىزنى كۆيدۈرگەن خېنىمنىڭ،
باغرىدا تاش بارمىكىن.

مەن غېرىبىنىڭ بۇ يۇرتتا،
سەندىن باشقا كىمى بار.

بۇلبۇل كېلىپ سايرايدۇ،
باغدىكى قىزىلگۈلگە.
ياتسام ئويقۇم كەلمەيدۇ،
سېنى كۆرمىگەن كۈندە.

نامە يازدىم ئولتۇرۇپ،
ئالتۇنرەڭ قەلەم بىلەن.
يارىم سىزنى ياد ئەتتىم،
يالقۇنلۇق سالام بىلەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: توقسۇ ناھىيە ئوچقات يېزىسىدىن ئاينەم ئىسلام.
توپلىغۇچى: ياسىن ئابىت.

توقتۇر يۈرىكىم تاغدەك،
كاككۇك سايرىغان باغدەك.
دائىم ئوينىساق دەيمەن،
باشتا ئوينىغان چاغدەك.

ئاق كەپتەر بولۇپ باقتىم،
كۆك كەپتەر بولۇپ باقتىم.
سىز يارىمنىڭ دەردىدە،
ھاۋادا ئۇچۇپ باقتىم.

ياخشىنىڭ يامانى مەن،
سەھرانىڭ شاماللى مەن.
قولۇمدا پەرەڭ ياغلىق،
يارىمنىڭ خۇمارىمەن.

تەلكىنىڭ ذاۋانىدا،
ئات كۆكسىدە ياغدى قار.
تاشلىۋەتكىلى بولماس،
غېرىبلىقتا سۆيگەن يار.

چىڭگىلىككا - چىڭگىلىك،
ئۆستەڭ بويى چىڭگىلىك.
ماڭا ئاشىنا بولسىڭىز،
ئېپ بېرىمەن ژىڭگىلىك①.

مەن سېنى پاناھ تارتىپ،
ئايۋانىڭدا ياتايمۇ.
ئون بەش كۈنلۈك ئالەمدە،
سېنىڭ دەردىڭنى تارتايمۇ.

ئاخشام چىقتىم تالاغا،
قوينۇم تولدى ئانارغا.
جامالىڭنى بىر كۆرۈپ،
ئەمدى قالدىم بالاغا.

ئالما بەرسەم يېمەيسىز،
بېھى بەرسەم يېمەيسىز.
چاقچاق قىلسام بىلمەيسىز،
قانداق نادان بالىسىز.

توپلىغۇچى: ئەنۋەر كايىت.

باغدا پىشقان ئۈزۈمنىڭ،
نەچچە ياڭزا تۈرى بار.

---

① ساپاق، ھالقا.

ئاسمىنىڭدا ئاي بولۇپ،
دېرىزەڭدىن كىرسەم مەن.
ئۇماق يارىم لېۋىڭگە،
قېنىپ - قېنىپ سۆيسەم مەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: تۇقسۇ ناھىيە تاشئېرىق يېزىسىدىن ئايشەم ئەرشىدىن-
توپلىغۇچى: مەدەنىيەت يۇرتىدىن نىياز ئابدۇللا.

سىزنى كۆرمىگەن كۈنى،
كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق.
ئويىنىۋالىلى يارىم،
بۇ ئىشنىڭ يامانى يوق.

قاچانغىچە تۇرىسەن،
يان ياغاچقا يۆلىنىپ؟
سەن ئالامسەن بۇ جاننى،
ئايدا - يىلدا كۆرۈنۈپ.

ئاتىم بار، ئىگەرىم يوق،
قامچام بار، يۈگەنىم يوق.
سەن يارىمنىڭ دەردىدە،
جېنىم بار، يۈرەكىم يوق.

ئەجەبمۇ كەلمىدىڭ يارىم،
يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم.
قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ،
يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم.

چوڭ يولدا كېتىپ بارسام،
سەن ئاتلىق ئۆتۈپ كەتتىڭ.

ئايدەك گۈزەل جامالىڭنى،
يۈرىكىمگە تاڭار بولدۇم.
ئۇتتۇڭدا تولا كۆيۈپ،
ئەقلىمدىن ئازار بولدۇم.

ئىشىك ئالدى ئانار دۇر،
ئەگسەم شاخى سۇنادۇر.
سىز يارىمنى بىر سۆيسەم،
ئاندىن يۈرەك قانادۇر.

چىرايىڭىز كېلىشكەن،
قاش - كۆزىڭىز جايىدا.
مېنى چۈشەپ قالامسىز،
كېچىلىرى گاھىدا؟

يارىم ياغلىق چىگىپتۇ،
پېشانىسىنى چۆكۈرمەي.
قاچانغىچە يۈرۈيمىز،
يانغان ئوتىنى ئۆچۈرمەي؟

ئاق قۇشقاچ قونۇۋالدى،
تىك ئۆسكەن تېرەكلەرگە.
قانداق قىلسام سەگمىدۇ،
ئوت كەتكەن يۈرەكلەرگە.

ئالتۇن ئۈزۈكۈم بولسا،
قولۇمغا سېلىۋالسام...
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا،
مەڭزىگە سۆيۈۋالسام.

ئاغرىۋېدىم تۇيۇقسىز،
يارىم كەلدى كۆرگىلى.
شۇ يارىمنى كۆرگىچە،
تاس - تاس قالدىم ئۆلگىلى.

دۈشەنبە بازارىغا،
ئۇن تاغاردا قاق كىردى.
سەن يارىمنىڭ دەردىدە،
ساقىلىمغا ئاق كىردى.

مېنىڭ بىلەن يۈرگەنسىز،
ئات ئالدىغا مىنگەنسىز.
مېنىڭ تارتقان دەردىمنى،
چىرايىمدىن بىلگەنسىز.

چۈشۈمگە كىرىپ قاپسىز،
ئازنا بولغان ئاخشىمى.
ئىزلەپمۇ تاپالمىدىم،
سىزگە ئوخشاش ياخشىنى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: توقسۇ ناھىيە تۆگەن يېزىسىدىن دېھقان مەتنىياز ئىمىن-
توپلىغۇچى: ھەمدەم سابىر.

قارا بۈدرە ساچىمنى،
تارىدىم ئۆرەلمىدىم.
تام ئۈستىگە تام سېلىپ،
مەن سېنى كۆرەلمىدىم.

ئاينىڭ بارمۇ شولىسى؟
كۈننىڭ بارمۇ شولىسى؟

بىر يىل بولدى كۆرمىدىم،
سەن نەگە يۈتۈپ كەتتىڭ؟

ئېگىز تاغقا چىققاندا،
ئاتقا مىنگۈدەك بولدۇم.
ئۇتتىڭىز يامان ئىكەن،
كۆيۈپ ئۆلگۈدەك بولدۇم.

ئىشىك ئالدىدا تېرەك،
بۇ تېرەككە سۇ كېرەك.
ئانچە - مۇنچە كەپ تۇرسىلا،
چىدىمايدىكەن يۈرەك.

ئىلى يولى يىراقمۇ؟
ئەتراپىدا ئۇلاقمۇ؟
خەت يازايمۇ دېمەيسىز،
ئوڭ قولىڭىز چولاقمۇ؟

ئالتە ياغزا يېپ ئالدىم،
سائەت بېغى توقۇشقا.
يۈرىكىمدىن خەت يازدىم،
سېغىنغاندا ئوقۇشقا.

تېپىپ بەرگۈچى: توقسۇ ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن ھەمەر دەۋەتلى.
توپلىغۇچى: مىجىت سىيىت.

ئۆستەڭ بويىدا يالپۇز،
يالپۇزنىڭ شاخى يالغۇز.
سىز يانىمدا بولمىسىڭىز،
قانداق يۈرەيمەن يالغۇز.

سۇنى ئالدىم چېلەككە،
سائەت سالدىم بېلەككە.
يېڭىباشتىن دەرد كىردى،
ئارام تاپقان يۈرەككە.

پالتا چاپسام بولامدۇ،
ئۆسۈۋاتقان تېرەككە.
مېنىڭ كۆڭلۈم ئۇنامدۇ،
سىز يارىمدىن بۆلەككە.

باغدا ئۆسكەن بېدىنى،
دەسسەپ قانداق ئۆتىمەن؟!
ئوتلىرىڭ ئەجەب يامان،
تاشلاپ قانداق كېتىمەن؟!

سارىيىمدىن چىقتى يارىم،
كۆك تاۋار نىمچا بىلەن.
بىزمۇ چىقتۇق ئارقىدىن،
بىر تۇتام غۇنچە بىلەن.

ئەقلى بولسا گۈلنى ئالسۇن،
پەمى بولسا غۇنچىنى.
مۇھەببەتتە ئاۋات قىلارمىز،
چۆلدە قالغان ھويلىنى.

ئىزدەپمۇ تاپالمايسەن،
تارىمدۇر مېنىڭ جايىم.
مەن ساڭا ئاشىق ئىدىم،
بىلەمسەن شۇنى يارىم.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار، توپبۇلدى يېزىسىدىن تۆنىياز ھاشىم.
توپلىغۇچى: دىلنار.

ياخشى يەردە يار تۇتسام،
يامان يەردە ھويلىسى.

ئېرىقىممۇ ئېرىقىم،
پېلدىرلايدۇ بېلىقىم.
قانداق يەردە تۇرسەن،
مېنىڭ يارىم غېرىبىم؟

ئۇيان ئۆتىدۇ بىر گۈل،
بۇيان ئۆتىدۇ بىر گۈل.
قىزىلگۈل ئاراسىدا،
سايراپ ياتىدۇ بۇلبۇل.

ئايغا باقسام ئاي يىراق،
يۇلتۇز گويا جىن چىراغ.
سېغىنغانچە ئۆزلەيدۇ،
يۈرەكتە ئوت ـ ئىشتىياق.

ئېيتىپ بەرگۈچى: توقسۇ ناھىيەسىدىن ھامۇدۇن ئابدۇرېھىم.
توپلىغۇچى: مېجىت سەيىت.

سېنىڭ ئوتۇڭ كۆيەر بولدى،
ئىچىمدە ھەم تېشىمدا.
بىر تاش تۈگمەن چۆرگىلەيدۇ،
كۆزدىن ئاققان ياشىمدا.

نەشتەر دېگەن بۇ زەھەر،
ئالىدۇ قاننى.
مۇھەببەتنىڭ كېسىلى،
ئالىدۇ جاننى.

ئالمىنىڭ تاياقىمۇ؟
بېھىنىڭ تاياقىمۇ؟
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
يارنىڭ ئىشتىياقىمۇ؟

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار قايلو يېزىسىدىن ئەخمەت ياقۇپ.
توپلىغۇچى: داۋۇت.

يارىم ئۇسسۇل ئوينايدۇ،
ئۆرگىلىپ ھەم چۆرگىلىپ.
قاياقتىن چىقىپ كەللە،
يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ.

بەش تۈگمەنىنىڭ ساداسى،
بىز تەرەپكە يېتەمدۇ؛
كۆڭۈلدىكى شۇ يارىم،
شەرەت قىلسام بىلەمدۇ؟

دادۇيجاڭنىڭ بالىسىمۇ سەن؟
شو دۇيجاڭنىڭ بالىسىمۇ سەن؟
شەرەت قىلسام بىلمەيسەن،
ماخوچىنىڭ كالىسىمۇ سەن؟

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار تويبولدى يېزىسىدىن ئەخمەت ئەممەن.
توپلىغۇچى: ئەسقەر.

ئاخشاملا بىلمىگەندۇ،
مەشرەپتە مېنىڭ يوقۇم.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
كەلمەيدۇ مېنىڭ ئۇيقۇم.

تاغقا چىققىمەن ئەمدى،
قارىغاي كېسىمەن ئەمدى.
كۆڭلۈمگە ئەلەم قىلساڭ،
تاشلاپ كېتىمەن ئەمدى.

ئوت ئوچاقتا ئوينايدۇ،
بېرىپ چۆگۈنگە باقساڭچۇ.
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى،
يار مەيدەڭنى ياقساڭچۇ.

ئادەم بارۇ ئادەم بار،
ئۆيگە كىرسەم دادام بار.
دادىڭىزدىن قورقمايمەن،
باشتا قىلغان ۋەدەم بار.

مەن بارمايمەن خوتەنگە،
خەت بارمايدۇ يەكەنگە.
ئەمدى قىلمامسەن ۋاپا،
باشتا قىلغان ۋەدەڭگە.

ئالمان قارچۇغام بولسا،
قوندۇرسام بىلەكىمگە.
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا،
بىر تاڭسام يۈرەكىمگە.

ئات ئوقۇردا باغلاقلىق،
بىدە يەمدۇ سامانمۇ؟
بارچە ئادەم ئوينايدۇ،
بىز ئوينىساق يامانمۇ؟

ئىشىك ئالدى ئاقار دەريا،
ئېقىپ بارسام كۆرەرسەنمۇ؟
ئوتۇڭدا كۆيۈپ ئۆلسەم،
نامازىمغا كېلەرسەنمۇ؟

سىرلىق ساندۇق چاپقۇزدۇم،
مەخمەل بىلەن ياپقۇزدۇم.
سەن مۇساپىر يارىمنى،
خۇدايىمغا تاپشۇردۇم.

ئىشىك ئالدى جىگدىلىك،
يېلىم ئالغان ئۆزىڭىز.
بىر قاراپ، ئىككى قاراپ،
كۆيدۈرۈۋالغان ئۆزىڭىز.

بۇ چۆلنىڭ داۋانىدا،
ئەجەبمۇ ئازاب تارتتىم.
بەش يىل بولدى كۆرمىگەن،
قارا كۆزنى ئاران تاپتىم.

قولۇمدىكى ئۈزۈكنىڭ،
مەرۋايىتتىن كۆزى بار.
بىزنىڭ قارا كۆز يارنىڭ،
ساقلاپ قويغان سۆزى بار.

بېشىمدىكى ئاق دوپپا،
شاپتۇل شاخىدا قالدى.
راست گېپىڭنى ئېيت يارىم،
كۆڭلۈم سەندىلا قالدى.

جان دوستۇم، جېنىم دوستۇم،
سەن مېنى خاپا قىلما.
ئالدىمدا كۈلۈپ قويۇپ،
كەينىمدىن جاپا قىلما.

يار بېغىدا ئېچىلغان،
ئانار گۈلىنىڭ نارىمەن.
گۈل تۈۋىدە ئولتۇرغان،
قارا كۆزنىڭ يارىمەن.

بۇلبۇلۇڭ بولاي يارىم،
شاخىڭغا قوناي يارىم.
ئېچىلغان قىزىلگۈلدەك،
ۋەسلىڭگە قاناي يارىم.

ئېگىز ئاسماندا تۈۋرۈك يوق،
ئاقار دەريادا كۆۋرۈك يوق.
جىمى ئالەم گۇۋاھ بولسۇن،
سەندىن باشقا يارىم يوق.

قېشىڭ دەيمۇ، كۆزۈڭ دەيمۇ،
سىياقىڭ قىلدى ۋەيرانە.
جاھاننى ئىزدىسەم يوقتۇر،
سېنىڭدەك ياخشى مەردانە.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار تويبولدى يېزىسىدىن ئىسمائىل ئىبراش ، 60 ياش، ساۋاتلىق.

توپلىغۇچى: قەيسەر.

1989- يىل 6- ئاي

دۈشمەنىنىڭ سۆزى بىلەن،
يار ئايرىلىمەن دەيدۇ.

بىر لاچىن بولسا كىشى،
قانات قېقىپ ئۇچسا كىشى.
بارچە ئالەمنى چۆرگىلەپ،
ئۆز يارىنى تاپسا كىشى.

ئۆستەڭ بويى يالپۇز،
يالپۇزنىڭ شېخى يالغۇز.
سەن يارىمنىڭ دەردىدە،
مەن ياتامدىمەن يالغۇز.

ئېيتىپ بەرگۈچى : شايار نادىيە يىگەممەھەللە يېزىسىدىن سادىاق
نوسمان.

توپلىغۇچى: سالى روزى.

قېشىڭنىڭ قاراسىنى،
يەرگە تېرىپ ئۈندۈرەي.
تۇرغىن بىردەم قېشىمدا،
ئىچ سىرىمنى بىلدۈرەي.

ئۆستەڭ چاپتىم ئېرىقچە،
ئۆزۈپ كەلدىم بېلىقچە.
سىز يارىمنىڭ دەردىدە،
جېنىم قالدى تېرىقچە.

ئىشىك ئالدى كۆلچەكتە،
بېلىقلار ئويناپ تۇرسا.
كىمنىڭ كۆڭلى ئۆسمەيدۇ،
ياخشى يار ياندا تۇرسا.

ئېرىقىڭغا سۇ كەلسە،
پاكار يەرنى قاشلىۋەت.
يېڭى يارىڭ مەن بولاي،
كونا يارنى تاشلىۋەت.

سىرلىق ساندۇق سىرىمەن،
جۇۋانلارنىڭ پىرىمەن.
ئىشىكىڭنى تاقىۋالساڭ،
تۈڭلۈكىڭدىن كىرىمەن.

چىلان كۆتىكى نەدە؟
چىلان كولىغان يەردە.
يارىم بىلەن ئوينايمىز،
ئاخشام ئوينىغان يەردە.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە يېڭىمەھەللە يېزىسىدىن راخمان قادىر-
توپلىغۇچى: ئەنۋەر كايىت.

ئاسماندىكى ئاي- يۇلتۇز،
مەن سانامدىمەن يالغۇز؟
سەن يارىڭ بىلەن ياتساڭ،
مەن ياتامدىمەن يالغۇز؟

ئىشىك ئالدى تال - تاللىق،
تالقا يىرىلىمەن دەيدۇ.

قاشىنىڭ قارىسى قۇندۇز،
ئاينىڭ ئالدىدا يۇلتۇز.
يار يادىمغا يەتكەندە،
يىغلايمەن كېچە ـ كۈندۈز.

تام تۆپىسىدە ئولتۇرسام،
كەپتەر قوندى باشىمغا.
سىز يارىمنى ئويلىسام،
ئېتەك تولدى ياشىمغا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ شەھىرىدىن تۆمەر يولبول.
تەپلىغۇچى: پاتەم نىياز.

ئوتتا كۆيگۈم كېلىدۇ،
سۇدا ئاققۇم كېلىدۇ.
سىزدەك ياخشى يارىمنى
كۈندە كۆرگۈم كېلىدۇ.

قارلىغاچلار كېلىپ قوندى،
سايدىكى يالغۇز تاشقا.
كۆرسەڭلار سالام دەڭلا.
بىزنىڭ يار قەلەم قاشقا.

ئېگىز قارىغاي تاغدا،
سۇلار ئاقىدۇ سايدا.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن،
مېھرىبان يارىم قايدا؟

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ شەھىرى ئىككەچى يېزىسىدىن داۋۇت ئاۋۇت.
توپلىغۇچى: غۇنچەم مەمەت.

ئاقتامدا ئات يۈگۈرۈتتۇم،
يىقىلدىم تۈزگە.
ئوتىڭىزدا ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۇۋالىم سىزگە.

ئۈزۈن سايدا ماڭغۇچە،
ناخشا ئېيتىپ يانغۇچە،
يار مەھەللىگە بارساڭچۇ،
كۆرۈۋالاي قانغۇچە.

باغدا ئۆسكەن لەيلى مەن،
تاغدا ئۆسكەن لەيلى مەن.
شۇ يارىمنى بىر كۆرۈپ،
ئۆلۈپ كەتسەم مەيلى مەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ شەھىرى ئىگەرچى يېزىسىدىن تۇرغۇن ئابلا
توپلىغۇچى: داۋۇت ھامۇت.

ئېگىز ـ ئېگىز تاغ باشىدا،
ئاسمان چىراغى.
يار قاشىغا باراي دېسەم،
يولىنىڭ يىراقى.

ناخشا ئېيتسام جاراڭلايدۇ،
تاغنىڭ ئاراسى.
ماڭسام ـ ماڭسام كۆرۈنمەيدۇ،
يارنىڭ قاراسى.

قاپاق تېرەك سايىسىدا،
ئۇخلاپ قاپتىمەن يارىم.
كۆرۈپ سېنى چۈشۈمدە،
يىغلاپ قاپتىمەن يارىم.

بېغىمدىكى ئالمىلار،
سۇ كىرمەي پىشىپ قاپتۇ.
كۆڭلۈمدىكى شۇ يارىم،
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ شەھىرى ئىگەچى يېزىسىدىن نىياز ئېلى.
توپلىغۇچى: غۇنچەم مەمەت.

ئىشىكىڭدىن ئۆتتۈممەن،
ئۆتكىنىمنى تۇيدۇڭمۇ؟
توخۇ چىللاپ تاڭ ئاتتى،
بىر چىقمايسەن ئۆلدۈڭمۇ؟

هاراق ئىچسەم مەس ئەمەس،
دورا ئىچسەم مەس ئەمەس.
بىر كۆرگەن شۇ يارىمنى،
يەنە كۆرمەك تەس ئەمەس.

ئاسماندىكى ئاي بولدۇم،
باياۋاندا ساي بولدۇم.
مەن يارىمنى سېغىنىپ،
بىر كۆرۈشكە زار بولدۇم.

باغقا كىرسەم سەھەردە،
بۇلبۇل خوشال سايرايدۇ.
مەن يارنى سېغىنغاندا،
قولۇم ئىشقا بارمايدۇ.

يار كەتتى ئارا ئايدا،
كەلمەيدۇ قارايمدا.
يار كېلىپ ئولتۇرسكەن،
ئاۋۋالقى سارايمدا.

مەن سېنى تولا ئويلاپ،
ئۆستەڭ بويىنى بويلاپ.
كەلسەم سېنىڭ قېشىڭغا،
نەدە يۈرۈيسەن ئويناپ؟

توشقان ئوۋلىدىم باغدا،
چەنلىدىم ئاتالمىدىم.
سىز ئۇ يەردە، مەن بۇيەردە،
تولغىنىپ ياتالمىدىم.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ شەھىرىدىن داۋۇت ئىسلام.
توپلىغۇچى: روشەنگۈل ئەزىز.

قىش پەسلى بولۇپ قالدى،
دەريا ياقىسى توڭلاپ.
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى،
مەن يارنى تولا ئويلاپ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ شەھىرى ئىگەچى يېزىسىدىن روشەنگۈلمۇنىياز، دېھقان، 28 ياش، ساۋاتلىق.
توپلىغۇچى: ئۈنچەم مەمەت.

قېشىم تارتىمدۇ مېنىڭ،
قەشقەردىن يارىم كېلەر.
ئۆزى كەلمىسە يارنىڭ،
ئەۋەتكەن خېتى كېلەر.

ئىشىك ئالدى شاپتۇلا،
يۈرىكىمدە گەپ تولا.
مېھرىبان يارىم بىلەن،
بىللە يۈرسەم نىم بولا.

چاڭگىسىدا قارلىغاچ،
ئۈچ كۈن بولدى قورساق ئاچ.
يار كەلمىگەچ شۇ كەمگە،
قۇرىمايدىكەن كۆزدىن ياش.

شارقىراپ ياغمۇر ياغسا،
ئازگاللار كۆل بولىدۇ.
يارىمنى كەلدى دېسە،
ئۆينىڭ ئىچى گۈل بولىدۇ.

ئاينى ـ ئايغا قاتايمۇ؟
كۈننى-كۈنگە قاتايمۇ؟
سېنىڭ دەردىڭدە ئاھ ئۇرۇپ،
پەنجىرەڭدە ياتايمۇ؟

ئېگىز تاغقا مەن چىقىپ،
يول تېپىپ چۈشەلمىدىم.
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى،
كۆزۈمگە ئىشەنمىدىم.

ئايدىڭدا چىمەنلىكتە،
كۈندە ناخشا توۋلايمەن.
قارا كۆز لېۋەن يارنى،
كېچە ـ كۈندۈز ئويلايمەن.

بادام دوپپىلىق يارىم،
كۆزۈم يەتسە كۆرەردىم.
شۇنداق دەردىنى تارتقىچە
ئەجەل كەلسە ئۆلەردىم.

ئۆستەڭ ياقىلاپ بېرىپ،
سۇغا قاراپ ئولتۇردۇم.
يار يادىمغا يەتكەندە،
گۈلنى پۇراپ ئولتۇردۇم.

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
ئۆرۈكۈڭ ئەجەب تاتلىق.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
مېھرىبان سۆزى تاتلىق.

بىر چۆنەككە گۈل تېرىدىم،
بىر چۆنەككە يۇگىمەچ.
يۈرەك باغرىم كاۋاپ بولدى،
سىز يارىمنى كۆرمىگەچ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ شەھىرى ئايكۆل يېزىسىدىن قەمبەرنىساخان.
توپلىغۇچى: ئەھەت ساۋۇت.

قاپاق تېرىسام باراڭ بولدى،
باراڭنى كۆرگىلى كەلدىم.
بىلىمگە ئاۋات تۇگۈپ،
يارنى سۆيگىلى كەلدىم.

ئىشىك ئالدى بوستانلىق،
باراقسانلىق گۈلباغلىق.
سەن يارىمنى بىر كۆرسەم،
نېمە دېگەن خۇشاللىق.

دۇتارغا باغلىدىم پەدە،
راۋابقا باغلىدىم پەدە.
بىلمەيتىمەن قەدرىڭنى،
سىنىڭدەك ياخشى يار نەدە.

يارىمغا تۇتۇپ بەردىم،
چىنىگە قۇيۇپ چاينى.
ئەمدى قاچان كۆرەرمەن،
سىنىڭدەك تولۇن ئاينى.

ئاتقا تاقا قاقتۇردۇم،
تۆمۈرچىگە بۇيرۇتۇپ.
قىشىمغا كېلىپ قاپلا،
يەر-جاھاننى يورۇتۇپ.

قولۇڭدىكى تاياقنى،
كىمگە بېرىسەن ئاقلاپ؟
چىقمايسەن تالا تۈزگە،
ئولتۇرامدىمەن ساقلاپ.

خوتەن يولى ئېچىلدى،
ئەمدى كېلىدۇ خەسە.
ئۆزى كەلمىگەن يارنىڭ،
خەت خەۋەرلىرى كەلسە.

كۇچا دېگەن شەھەردە،
تولۇن ئايدەك يارىم بار.
خۇدايىم قانات بەرسە،
كۆرۈشكە خۇمارىم بار.

يۈرىكىم ئارام تاپماس،
سەن يارنى سېغىنغاندا.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
باغدا گۈل ئېچىلغاندا.

مەن يارىمنى تاپارمەن،
ئانار گۈلنى ئۈزەرمەن.
مەن يارىمنى تاپقاندا،
مىرادىمغا يېتەرمەن.

تېرەكسىز ھويلىغا كىرسەم،
بېشىمدىن ئاپتاپ ئۆتتى.
بويۇڭدىن ئۆرگىلەي يارىم،
سېنىڭ قەدرىڭ ماڭا ئۆتتى.

گۈل تېرىسام تەشتەككە،
ئېچىلىپتۇ چىرايلىق.
سەن يارىمنى كۆرگەندە،
يۈرىكىمدە خۇشاللىق.

باغنىڭ چۆرىسى ئېرىق،
ئېرىق بويى چىمەنزار.
سەن يارىمنى كۆرۈشكە،
بولدۇم بەكمۇ ئىنتىزار.

گۈللەر تېرىدۇق باغقا،
پۈراق چاچتى ھەر ياققا.
ئىنتىلىدۇ يۈرىكىم،
يارىم ئۇينىغان باغقا.

پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ،
سەن تەرەپكە قارايمەن.
سەن يارىمنىڭ دەردىدە،
سەھەرلەردە يىغلايمەن.

نەشپۈت بىلەن ئالمىلار،
باغلارغا تولۇپ كەتتى.
سەن يارىمنى بىر كۆرۈپ،
كۆڭلۈمۇ يورۇپ كەتتى.

توپلىغۇچى: ئوبۇر راخمان.

يار يالغۇز تۇرامدىكىن،
مەن بارسام قارامدىكىن.
خۇيمۇ تولا سېغىندىم،
خىيال قىلىپ ياتامدىكىن.

ئاسماندىكى ئۈچ ئۆردەك،
ئەگىپ - ئەگىپ ئۇچساڭچۇ.
يىراقتىكى يارىمغا،
سالامىمنى ئېيتساڭچۇ.

ئىشىكىڭدىن ئۆتەرمەن،
مەنزىلىمگە يېتەرمەن.
سەن يارىمنى كۆرگەندە،
مۇرادىمغا يېتەرمەن.

ھاۋادىكى بوز لاچىن،
گۆشنى كۆرسە پەسلەيدۇ.
غېرىب بولغان يارىڭىز،
دائىم سىزنى ئەسلەيدۇ.

ئۆستەڭ بويلاپ ماڭغىنچە،
قاراپ تۇردۇم يانغىنچە.
غۇنچە بويلۇق يارىمنى،
سۆيەلمىدىم قانغىنچە.

كېلىمەن دەپ ھەپتىدە،
ئىككى ئايغا قالدىلا.
يوللىرىغا قارىتىپ،
يۈرەككە ئوتنى سالدىلا.

ئوينىغۇچنى يەرگە سالسام،
كېچە چۈشتى خەمكى.
بىزنىڭ يار يىراققا كەتتى،
خېلى باردۇر كەلمىكى.

ئوينىغۇچتەك سارغىيىپ،
يۈرسەم سىنىڭ ئالدىڭدا مەن.
ياخشى سائەتنى تېپىپ،
ئېيتسام ساڭا ھالىمنى مەن.

ئوينىغۇچتەك سارغىيىپ،
ياتسام كېلىپ بىر كۆرمىدىڭ.
ھەقتى ئاللاغا شۈكۈر،
سەن كەلمىسەڭ مەن ئۆلمىدىم.

ئىشىك ئالدى ئېرىقچە،
پىلدىرلايدۇ بېلىقچە.
ئىككى كۆزۈم تۆت بولدى،
سىز يارىمنى كۆرگىچە.

بىرلا كۆرسەم ساقىيارمەن،
سىنىڭدەك يارنى.

داۋان ئېشىپ كەلسەم مەن،
چىقمىدىڭ يارىم.
لەۋلىرىڭدىن ئىچىشكە مەي،
تۇتتى خۇمارىم.

بويۇنلىرىڭ قاپقارا،
كەتتىمۇ كۆيۈپ
لەۋلىرىم قۇرۇپ كەتتى،
قويماسەن سۆيۈپ؟

توپلىغۇچى: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنىستىتۇتىدىن تاھىر قاسىم.

زىغىرلىقتا زاغۇن بار،
بىرنى تېرىپ ئالغۇم بار.
سىز يارىمنىڭ قېشىغا،
بىردەم تۇرماي بارغۇم بار.

كۆكتىكى كەپتەر بولۇپ،
قونسام دەرەخنىڭ باشىغا.
سارغىيىپ دەرد تارتقىچە،
كەتسەمچۇ يارنىڭ قاشىغا.

ئېرىق- ئۆستەڭ سۇ بولار،
چۆرىسىدە قۇم بولار.
كۆزى چولپان يارىمنى،
كۆرۈپ كەلسەم نىم بولار.

توپلىغۇچى: نەخمەت ۋاھىت.

يار دەردى يامان ئىكەن،
مەن ئۆرە تۇرالمايمەن.
باراي دېسەم يول يىراق،
ۋاقتىدا كۆرەلمەيمەن.

توپلىغۇچى: ئاقسۇ شەھىرىدىن ئابدۇرازاق مەتنىياز.

ئايدىڭ كېچىدە باغدا،
يارىمنى كۆرەي دەيمەن.
گۈلگە ئاشىق بۇلبۇلدەك،
قولىغا قوناي دەيمەن.

كەت دېسەڭمۇ كەتمەيمەن،
كەتمە دېسەڭمۇ كېتىمەن.
ئارىدا ئىككى قونۇپ،
يار قېشىغا يېتىمەن.

توپلىغۇچى: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتىدىن مۇتەللىپ ساماقى

يارىمنىڭ ئۆيى دۆڭدە،
تۆت چامداپ بارالمايمەن.
يارنى بىردەم كۆرمىسەم،
تاقەت قىپ تۇرالمايمەن.

ئېگىز ئۆسكەن قارىغايغا،
قونۇۋاپتۇ بىر قاغا.
خەۋەر بەرسەم كەلمەيدۇ،
يىراقتىكى شۇ يارغا.

دورا دېسەم ئېپكەلمىگىن،
تاغدىن گىيانى.

ئىشىك ئالدىڭ ئېرىقچە،
پولتۇڭلايدۇ بېلىقچە.
سەن يارىمنى سېغىنىپ،
جېنىم قالدى تېرىقچە.

ئەي خېنىم رەھىم قىلىپ،
ھالىمنى سورىساڭ نىم بولار.
مېنى مۇنچە قىينىماي،
جېنىمنى ئالساڭ نىم بولار.

ئاڭلاپ سېنىڭ سۆزۈڭنى،
كۆڭلۈم خۇشال نىگارىم.
بىر كۆرۈشتۈر ئارزۇيۇم،
كۆرۈشتۈرگەي خۇدايىم.

يارىم مېنىڭ يىراقتا،
رەڭگىم سېرىق پىراقتا.
كەلسە دەيمەن ھەر ئاخشام،
گۈلگە تولغان شۇ باغقا.

ئىشىكىڭدىن تولا ئۆتتۈم،
سۆگەت تالنى تۇتۇپ.
كۆرسەتمەيسەن بويۇڭنى،
مەن يۈرۈيمەن قان يۇتۇپ.

يۈرىكىم خۇشال تەپتى،
مەن يارنى سېغىنغاندا.
ئۇچراشارمىز ئىككىمىز،
گۈل چېچەك ئېچىلغاندا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كەلپىن ناھىيە يورچى يېزىسىدىن ئابلەت تۇردى.
توپلىغۇچى: ئەمەتجان مايۇت.

باغ ئىچىدە بوستانلار،
يارىشىپتۇ ئاق تاللار.
يارىنىڭ دەردىدە يىغلاپ،
ئاقتى كۆزۈمدىن قانلار.

باغىمغا ئۆرۈك سالدىم.
چېچەك بولۇپ ئۈنسۈن دەپ.
يارىمغا سالام يازدىم،
ئەھۋالىمنى ئۇقسۇن دەپ.

ئاققىنا قۇشقاچ بولۇپ،
تال بويۇغغا قونمىدىم.
ئارزۇلاپ ئاشنا تۇتۇپ،
جامالىڭغا تويمىدىم.

سالام يازدىم سېغىنىپ،
ئاق قەغەزنىڭ بېتىگە.
ھەيران بولۇپ قالمىغىن،
ساۋاتسىزنىڭ خېتىگە،

مەن يارىمغا خەت ئەۋەتتىم،
مۇشۇ ئايدا كەلسۇن دەپ.
دۇلدۇلغا ئوخشاش ئات ئەۋەتتىم
ھارغىنىدا مىنسۇن دەپ.

بىر چەينەكتە چاي ئەۋەتتىم،
ئۇسسىغاندا ئىچسۇن دەپ.
كۆكچى قوغۇن ساقلىدىم،
ئۆزى كېلىپ پىچسۇن دەپ،

يارىم كېتىمەن دەيدۇ،
ئۇتىنى ماڭا تاشلاپ.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
قۇربان ھېيتتىن باشلاپ.

ئالتاي ياتتىم جاڭگالدا،
سامان بىلەن ئوت قالاپ.
سامان كۆيۈپ ئوت بولدى،
يارىنىڭ يولىغا قاراپ.

تام تۆپىسىدە ئولتۇرۇپ،
كىمگە ساقلاپ تۇرىسەن.
كۆيگىنىمنى بىلىسەن،
نېمە ئانداق قىلىسەن؟

چىرايىم زەپىرەڭ بولدى،
كىشى بىلمەيدۇ دەردىمنى.
كۆڭلۈمدىكى يارىم يوق،
كىشى سورىمايدۇ ھالىمنى.

دۇتارىم جىرىڭلايدۇ،
تارىسى ئالتۇنمىكىن.
مېنى كۆيدۈرگەن يارىنىڭ،
يۈرىكى يالقۇنمىكىن.

ئىشىك ئالدى قوغۇنلۇق،
ناشېكەرنى ئۈزەيمۇ.
ئەمدى قالمىدى تاقەت،
يانداپ بېرىپ سۆيەيمۇ.

يارىم بەرگەن تاۋار ياغلىق،
ساندۇق ئۈستىدە قاتلاغلىق.
سىز يارىمنىڭ سۆزلىرى،
يۈرىكىمدە ساقلاغلىق.

باغدا ئالما پىشىپتۇ،
تام تۈۋىگە چۈشۈپتۇ.
غۇنچە قىزنى ياراتماي،
كۆڭلۈم سىزگە چۈشۈپتۇ.

هاۋادىكى بوز لاچىن،
قاناتىڭنى پەسلەپ ئۇچ.
قاناتىڭغا خەت يازاي،
يار يېنىغا تاشلاپ ئۇچ.

پاكچۇ كۆڭلىكىم پاكىز،
پارقىرايدۇ يۇغاندەك.
قولۇم ئىشقا بارمايدۇ،
يارىم قاراپ تۇرغاندەك.

سۇغا چىقتىم كۆلۈڭگە.
ئەپكەش سېلىپ مۈرەمگە.
سەن يارىمنى كۆرگىلى،
نەچچە باردىم مەلەڭگە.

سۇنى سەپتىم سۇپىغا،
دورا ئالدىم قۇتىغا.
يارىم كەتتى يۇرتىغا،
مەن قالدىم يار ئوتىغا.

باغ بولسا ئاۋات بولسا،
يېگىلى ناۋات بولسا.
يار يادىمغا يەتكەندە،
ئۇچقىلى قانات بولسا.

يۈرۈك يارىم مەن بىلەن،
چاللاپ كەلدىم سەيلىگە.
مېنى ھەرگىز قاقشاتماڭ،
كىرىپ دۈشمەن كەينىگە.

ئېيتىپ بەرگۈچى: باي ناھىيە توقسۇن يېزىسىدىن ئىدرىس ئىسمائىل.
توپلىغۇچى: تەييۇم مەتتىمىن.

گۈل تېرىدىم ھويلىغا،
بىر - بىرىدىن چىرايلىق.
باشقىلارنىڭ يارىدىن،
مېنىڭ يارىم چىرايلىق.

باغقا كىردىم گۈل ئۈزدۈم،
مەن يارىمغا تۇتاي دەپ.
يارنى سۆيدۈم كېچىدە،
يۈرىكىمنى ئۇتاي دەپ.

كېپىنەك بولۇپ ئۇچارسىز،
گۈل شاخىغا قونارسىز.
غېرىب بولغان كۆڭلەردە،
بىزنى ئەسلەپ قويارسىز.

ئالمىلىق باغقا كىردۇق،
ئالمىسىنى ئۈزمىدۇق.
سىز ئۈمىدنى ئۈزگەن بىلەن،
بىز ئۈمىدنى ئۈزمىدۇق.

راۋاب دېگەن بىر ياغاچ،
ئۇنلەيدىكەن تارىسى.
مېنى مۇنداق كۆيدۈرگەن،
قارا كۆزنىڭ نالىسى.

ئاق قۇشقاچ، قارا قۇشقاچ،
ئېگىز ئۇچۇپ پەس بولدى.
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك،
كۆرۈشمىكىمىز تەس بولدى.

ئىشىك ئالدى چىغلىقكەن،
كەتمەن چاپسا ئۆتمەيدۇ.
يىراقتىكى مېنىڭ يارىم،
خىيالىمدىن كەتمەيدۇ.

گۈلنى ئالغىن قولۇڭغا،
پۇراپ باققىن بۇرنۇڭغا.
قاچانغىچە قارايمەن،
كېلىۋاتقان يولۇڭغا.

ئاسماندا بۇلۇت تولا،
يامغۇر يېغىپ ئۆتكەن يوق.
ئىككى مەشۇق بىر بولۇپ،
مىرادىغا يەتكەن يوق.

توقسۇننىڭ يولى قۇمتاش،
قۇم تاش بىلەن ئارىلاش.
كۆيگىنىمنى بىلمەپتۇ،
كۆڭلى قارا باغرى تاش.

باغ ئېرىقى تارمىكىن؟
ئېقىن سۈيى بارمىكىن؟
ھەر تەرەپكە قارايسىز،
بىزدىن ياخشىسى بارمىكىن؟

باغنىڭ ئىچى گۈل ئىكەن،
ساينىڭ ئىچى چۆل ئىكەن.
سىزنىڭ گۈزەل ھۆسنىڭىز،
خۇددى قىزىلگۈل ئىكەن.

خۇشال كۈلۈپ تۇرسىڭىز،
بىزنى سۆيۈپ قويسىڭىز،
كۆيگىنىمنى بىلسىڭىز،
دەردكە دەرمان بولسىڭىز.

يارىم بارۇ يارىم بار،
يار قېشىغا بارغۇم بار.
يار قېشىغا بارغاندا،
يار كۆڭلىنى ئالغۇم بار.

بىلىكىمنىڭ ئاقلىقى،
سائىتىمنىڭ يوقلىقى.
غېرىبلىك ماڭا يەتتى،
سەن يارىمنىڭ يوقلىقى.

گۈانى چاچتىم سۇپىغا،
تېرىۋالدىم قېتىغا.

ئاتنى باغلىدىم تۈزگە،
بەكمۇ كۆيىمەن سىزگە.
مەن كۆيگەندەك كۆيسىڭىز،
جاننى بېرىمەن سىزگە.

كاككۇك ئاشىقى زەينەپ،
شاخقا قونۇپ ئولتۇردى.
مەن يارىمنى تاپقاندا،
دۈشمەن ماراپ ئولتۇردى.

گۈل ئارىلاپ ئۇچۇپ يۈرگەن،
جېنى نازۇك كېپىنەك.
بىزنى مۇنچە كۆيدۈرگەن،
بېلى نازۇك سېكىلەك.

سايراپ كەلگەن كەكلىكنى،
ئوق قولۇمغا ئۆگىتەي.
كۆيۈك ئوتى دەردىمنى،
راۋاب چېلىپ تۆكىتەي.

سۇ ئاقار تاش ئۈستىدە،
رومالىم باش ئۈستىدە.
شۇ يارىمنى ئويلىسام،
يىغلايمەن ئاش ئۈستىدە.

باغدا بۇلبۇل سايرايدۇ،
قىزىلگۈللەر پۇرايدۇ.
يىراقتىكى شۇ يارىم،
چىلگە قوغۇن پۇرايدۇ.

قىزىلگۈللەر ئاچىلۇر،
شاخلىرىدا غۇنچىلاپ.
سىز يارىمنىڭ دەردىدە،
مەن يۈرۈيمەن زار يىغلاپ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: باي ناھىيە سايرام يېزىسىدىن تۇرسۇن سالى
توپلىغۇچى: ئۆمەر ھېكىم.

گۈش ئىچىدە تاتلىقى،
تا ئەزەلدىن كاۋاپتۇر.
يارغا سادىق بولماقلىق،
بۇ دۇنيادا ساۋاپتۇر.

ئۇچسا قۇرغۇي ئاسماندا،
لاچىنىمكىن دېمەسمەن.
يارىم ماڭا ۋاپادار،
زادى ۋايىم يېمەسمەن.

لېۋىڭ خۇددى گىلاستەك،
مەگزىڭ قىزىل ئانارمۇ؟

يارىم كەتتى يۇرتىغا،
مېنى قويدى ئوتىغا.

غورىگىزنى يېمەيمەن،
يېسەم مەيدەم ئاغرىيدۇ.
يىراقتىكى يارىمغا،
ئەجەب ئىچىم ئاغرىيدۇ.

تاغقا چىقسام تاغ يىراق،
ئۆيگە كىرسەم جىن چىراغ.
مەن يارنى سېغىنغاندا،
باراي دىسەم يول يىراق.

ئىشىك ئالدى قوم بولسا،
قىزىلگۈللەر ئۆسمەمدۇ.
سىز يارىمدىن خەت كەلسە،
كۆڭلۈم تاغدەك ئۆسمەمدۇ.

ئۆستەڭ بويىدا قارىغاي،
قارىغاي ئېگىلىپ تۇرغاي.
مېنىڭ مېھرىبان دوستۇم،
ماڭا خەت يېزىپ تۇرغاي.

خەتنى يازدىم ئولتۇرۇپ،
ئاق قەغەزنى تولدۇرۇپ.
خېتىم كەتتى، مەن قالدىم،
بىر خىيالدا ئولتۇرۇپ.

ئىككى ياخشى بىر بولۇپ،
ساينى تېرىسا گۈل بولۇر.

باغىڭگە كىرىپ باقسام،
ئۆرۈكۈڭ ئەجەب شاخلىق.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
مېھرىبان سۆزى تاتلىق.

ئېيتىپ بەرگۈچى: باي ناھىيە سايرام يېزىسىدىن ئايىمخان—
توپلىغۇچى: قەييۇم مەتتىمىن، ئۆمەر ساۋۇت.

دۇتار چالىمەن ئۆزۈم،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم.
كىشىنىڭ يۇرتىغا بارسام،
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم.

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
دەرياغا يېقىن ساگلار.
ناخشا ئېيتسام ئۈنۈمنى،
قارا كۆز قاچان ئاگلار.

كېتىپ بارىسەن يارىم،
قاچان كېلىسەن يارىم؟
سېنىڭ كەلمىكىڭ مۈشكۈل،
بېرىپ كۆرمىسەم يارىم.

ھۆسنۈڭ گويا تولۇن ئاي،
يۈرەك ساڭا قانارمۇ؟

ئامراقمەنۇ ئامراقمەن،
سۆيگەن يارىم ئىشچانغا.
كۆڭلۈم زادى تارتمايدۇ،
ئەمگەك سۆيمەس ھىشچانغا.

ئىشىك ئالدى تال تېرەك،
يەرگە سايە تاشلىدى.
يارنىڭ مەيلى بولغاچقا،
مېنى باغقا باشلىدى.

تۇپلاپ رەتلىگۈچى: ئابلىز قۇربان.

توپ تېرەكنىڭ تۈۋىدە،
توپ ئوينىغان قارا كۆز.
مۇرادىمغا يەتتىم دەپ،
جۇپ ئوينىغان قارا كۆز.
ئاندا مۇندا سۆز قىتىپ،
ئالدايدىكەن قارا كۆز.

ئەي يارىم يامانلىماڭ،
ياخشى ـ يامانىنى كىم بىلۇر.

ئۆگزەڭگە چىقىپ كۆرسەم،
تۆگۈلۈك يېنىدا مورا.
ئىزدىسە تېپىلمايدۇ،
كۆيۈك ئوتىغا دورا.

قىزىلگۈل ئاراسىدا.
بويۇڭنى كۆرۈپ قالدىم.
ئەمدى ئېتىمسام بولماس.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم.

بۇلبۇل سايرىدى كەتتى،
كاككۇك سايرىدى كەتتى.
سىز يارىمنىڭ دەردىدە،
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى.

ئاق ئالمىنىڭ شاخلىرى،
ئېگىلىدۇ ئېگىز - پەس.
سىز يارىمنىڭ ئوتلىرى،
كۆيۈپ تۇرار پەسلىمەس.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ،
تۆپىلىكى شايىكەن.
كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
گۈلنىڭ تۈۋى سايىكەن.

ئالما ئاتقۇم كېلىدۇ،
چالما ئاتقۇم كېلىدۇ.

ئېگىز ئاسماندا ئاي بولۇپ،
جىمى ئالەمنى تەك كۆرسەم.
پىيالەگە چاي بولۇپ.
لەۋلىرىڭنى كۆيدۈرسەم.

ئالما ساتقىلى چىقسام،
قىزلىنى تاللايدۇ.
ئالەمدە كىشى يوقتەك،
كۆڭلۈم سېنى خالايدۇ.

ئېگىز تاغقا چىقسىڭىز،
قولىڭىزنى مەن تارتاي،
بار ئويۇننى سىز ئويناڭ،
دەردىڭىزنى مەن تارتاي.

ئوقنى ئاتتىم سۆگەتكە،
يېنىپ تەگدى تېرەككە.
سىز يارىمنىڭ ئوتلارى،
ئورناپ كەتتى يۈرەككە.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە بېشئېرىق يېزا دۆڭبويى 3- كەنتتىن دېھقان مەمەت ئەھمەت.

توپلىغۇچى: توختىياز مەتنىياز.

شەرتىمىزنى ئاقلاشقا،
بىلىم مەھكەم باغلاقلىق.

ئېيتىپ بەرگۈچى: توقسۇ ناھىيە تاشئېرىق يېزا بوستان كەنتىدىن پاتەم نۇردۇن.
توپلىغۇچى: نىياز ئابدۇللا.

ئاسماندىكى يۇلتۇزنى.
سانىغىلى بولامدۇ.
يار ئۆتۈك يامان ئىكەن،
چىدىغىلى بولامدۇ.

ئاق قۇشقاچمۇ قۇشقاچكەن،
قارا قۇشقاچمۇ قۇشقاچكەن.
ئىككىمىز ئاداش بولساق،
بويىمىزمۇ ئوخشاشكەن.

ئات مىندىم ئىگەر بىلەن،
تاشمىسى يۈگەن بىلەن،
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم.
گەپ قىلماي يۈرگەن بىلەن.

مەن سىزگە تولا كۆيدۈم،
كۆيگىنىمنى بىلەمسىز؟
يالغان بولسا يۈرەكنى.
يېرىپ بېرەي كۆرەمسىز؟

ئېيتىپ بەرگۈچى: توقسۇ ناھىيە پەيشەنبە بازاردىن قاسىم زىياۋۇدۇن.
توپلىغۇچى: جامال جارۇپ.

يارىم بىلەن ئايرىلماي،
كۈندە ياتقۇم كېلىدۇ.

ئۆيىڭىزدە مەرىگەن.
ئوغلاقمىدى ، قويمىدى.
سىز بىزدىن قاچقان بىلەن،
سىزگە يۈرەك تويمىدى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە بازار ئىچىدىن ئىسلام ھاپىز.
توپلىغۇچى : توختىنياز مەتنىياز.

لاچىنلار قانات قاقسا،
باغدا ئۈنلەيدۇ پاختەك.
كۆڭلۈم سېنى خالايدۇ،
جاھاندا كىشى يوقتەك.

ئۇزۇن - ئۇزۇن ئاغامچا،
يولدا تۇرسا بولمايدۇ.
سىزمۇ بويتاق ، مەنمۇ بويتاق،
تەنها يۈرسەك بولمايدۇ.

باھار دەيدۇ ، ياز دەيدۇ،
يېتەمدۇ پەسىل كۈزگە.
شۇنچە قىز ئاراسىدا،
يۈرەك كۆيىدۇ سىزگە.

ئىشقىڭىزدا ئەي گۈزەل،
يۈرەك باغرىم داغلاقلىق.

بۇرۇلۇپ يېنىپ قاراپ،
كۆڭلۈمنى ئۇتتۇۋاللا.

قىزىلگۈلنىڭ شاخىنى،
ئەگكەن بىلەن قايرىلماس.
چىن يۈرەكتىن سۆيگەن يار،
ئۆمۈر بويى ئايرىلماس.

ئېيتىپ بەرگۈچى: توقسۇ ناھىيە بازار ئىچىدىن مەمەتنىياز ئىسمەن.
توپلىغۇچى، مەمىدىم سابىر، ھاشىم قاسىم.

قۇم چۆگۈنگە چاي سالسام،
قاينىمايدۇ تاشمايدۇ.
بىچارە نادان كۆڭلۈم،
سەن يارىمدىن ئاشمايدۇ.

ھاۋانى تۇمان ئالدى،
تۇماننى بوران ئالدى.
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
قاراكۆز جۇۋان ئالدى.

ئېيتىم بار، ئىگەرىم يوق،
بېغىم بار، ئانارىم يوق.
توقسۇ دېگەن بۇ جايدا،
سەندىن باشقا يارىم يوق.

ئېيتىپ بەرگۈچى، توقسۇ ناھىيە بازار ئىچىدىن ئايشەم نەرشى.
توپلىغۇچى، ياسىن ئابىت.

ئېگىز تاغنىڭ يېنىدا مەپە مېڭىپتۇ،
ئۇندا يىگىت دۇردۇن ياغلىق يەلپۈپ مېڭىپتۇ.
قارچۇغىسىنى قۇشلاپ مېڭىپتۇ،
قارچۇغىسى ئۇبدان بولسا قۇشلاپ قالاردۇق.

باغقا كىردىم باغلىققا،
گۈلنى ئۈزدۈم ياغلىققا .
شۇنچىمۇ كۆيەمدىغان،
سىزدەك بىر چىرايلىققا.

قىزىلگۈل ئاراسىدا.
بويۇڭنى كۆرۈپ قالدىم،
ئېيتىمىغانغا بولمىدى،
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم.

يارنىڭ ئۆيى بوستاندا،
سەيلە قىلىپ ئوينايدۇ.
مەن ئوتىدا كۆيگەن بىلەن،
يارىم كىمنى ئويلايدۇ؟

ئېيتىپ بەرگۈچى: توقسۇ ناھىيە بازار ئىچىدىن ھەسەن مەمتەل.
توپلىغۇچى، رازىيەم سوپۇر.

يارنىڭ بېغى گۈلزارلىق،
گۈلنى يۇراپ قانمايمەن.
باشتا قىلغان ۋەدەمدىن،
تا ئۆلگىچە يانمايمەن.

بازارغا كېتىپ بارسام،
قولۇمنى تۇتۇۋاللا.

ئىچى كۈمۈش، تېشى ئالتۇن،
چىنىگە قايان باراي.
چىنەمنى چىنىچىگە بەردىم،
چىنەمنى چىنە ئەتسۇن دەپ.
چىن كۆڭلۈمنى سىلىگە بەردىم،
مېھرىبان بولغايمۇ دەپ.
مېھرىبانمۇ ئۆزلىرى،
چولپانمىكىن كۆزلىرى.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن،
شېرىن- شەربەت سۆزلىرى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ئاقيار يېزىسىدىن ھاۋاخان خودابەردى.
توپلىغۇچى: ئىبراھىم قۇربان.

ئاسماندىن غاز كەلدى،
قاتار- قاتار لايىغا پېتىپ.
يارىمغا چېيىم بار ئىكەن،
دەردى ھالىمنى ئېيتىپ.
كىچىككىنە چىلگەم بار،
پىچىپ بەرسەم يەمدىلا؟
تۆردىكىنى چوڭ بىلىپ،
بىزنى كىچىك دەمدىلا.
ئاق يەرگە قوناق تېرىسام،
قۇرغۇي يېسە نىم بولغاي.
مەن يارىمغا مېغىز تۇتسام،
بىزنى ئالسا نىم بولغاي.
ئاق تاۋاردىن كۆڭلىكىم،
يەلپۈنىدۇ ماڭغاندا.

ئەقىدىسى ئوبدان بولسا يىغلاپ قالاردۇق،
بارا- كىلە يوللىرىغا قاراپ قالاردۇق.
سۇ دېسىلە سۇ بېرەيلى چىنە ئاياقتا،
يول دېسىلە يول بېرەيلى كۆزى قاراقتا،
سىلە ئۈچۈن بىز ئۆلەيلى خەنجەر پىچاقتا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيە يامانسۇ مەللىسى يېزىسىدىن مەرەمخان مەمەت-
84 ياش، ساۋاتسىز دېھقان.
توپلىغۇچى: زۇنۇنگۇل ئابدۇرېھىم.

ئاق تىكەن ئاپئاق تىكەن،
چۆرىسىدە گۈل بارىكەن.
گۈلنى ئېلىپ كۆپكە سالدىم،
كۆپتە شاراب بارىكەن.
ئوڭ قولۇمغا شاراب ئالدىم،
سول قولۇمغا شام چىراغ.
شام چىراغدا كۆيگىچە،
مەشرەپتە كۆيگەن ياخشىراق.
مەشرەپخانەمنىڭ ئالدىغا،
ئون ئالتە پالۋان كېلىدۇ.
ئون ئالتە پالۋاننى كۆرۈپ،
يارىمنى كۆرگۈم كېلىدۇ.
مەن يارىمغا تون تىكەي،
دەستە- دەستە گۈل تىزىپ.
چۆرىسىگە زەي تۇتۇپ،
زۇلپا چىچىمنى كېسىپ.
سۇ دەيدىلا سۇ دەيدىلا،
سۇغا مەن قايان باراي.

جىمى ئالەم بىلىپ بولدى،
سىرداشتى دەيدۇ.
سەنمۇ ئادەم، مەنمۇ ئادەم،
بىلسەك بولامدۇ.
شىرىن جاننى قىيىنغۇچە،
ئالساك بولمامدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: زۇنۇنگۇل ئابدۇرېھىم.
يېزىۋالغۇچى: ئىبراھىم قۇربان.

ئېگىز تاغدىن ئات يۈگۈرۈتتۇم،
مەشۇقۇم سىزگە.
ئات يايلىدا خەت ئەۋەتتىم،
ئامرىقىم سىزگە.

ئىشىك ئالدى قارا ياغاچ،
پالتا چاپسام تېگى تاش.
بىر تەكىيدە ئىككى باش،
جاننى ئالغان قارا قاش.

كىشى ئۆچۈن كىشى ئۆلمەس،
ئىشقى پىراقتا.
مەن يار ئۆچۈن ئۆلۈپ كېتەي،
خەنجەر پىچاقتا.

قۇربانلىقتا قۇربان قىلساك،
قوينى قۇربان قىل.
مەن ئاشىقنى سۆيەر بولساك،
يولدا ھەمراھ قىل.

مۇرادىمغا يېتەرمەن،
سىزنى باغرىمغا تاڭغاندا.

ئېيتىپ بەرگۈچى : ئۇچتۇرپان ناھىيە ياكۆۋرۈك يېزىسىدىن داۋۇت قاسىم.

توپلىغۇچى : ئۆمەر نىياز.

ئېگىز ـ ئېگىز تاغ بېشىدا،
ئېرىمەيدۇ قار.
بەگباش بولۇپ قالغانىمكىن،
قارىمايدۇ يار.
ئېگىز ـ ئېگىز تاغ باشىدا،
قۇرغۇي ئەگىيدۇ.
ئۇرغۇي ئەمەس، يارنىڭ ئوتى،
يۈرەك سەگىيدۇ.
ئېگىز ـ ئېگىز تاغ باشىدىن،
سېيرىلدىم تۈزگە.
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك،
ئېگىلدىم سىزگە.
بىلەمسىز كىن ـ بىلمەمسىزكىن،
مەن كۆيدۈم سىزگە.
ئىشقىڭىزدا ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۇۋالىم سىزگە.
ئېگىز تاغقا چىقماڭ يارىم،
كۆرۈشتى دەيدۇ.
تال چىۋىقنى ئەگمەڭ يارىم،
سۆيۈشتى دەيدۇ.
ئادا بولساقمۇ، جۇدا بولساقمۇ،
مۇڭداشتى دەيدۇ.

ئېگىز تاغقا چىققۇچە،
ئاتقا مىنگۈدەك بولدۇم.
ئۇتىگىز يامان ئىكەن،
كۆيۈپ ئۆلگۈدەك بولدۇم.

ئۇيانمۇ ئېقىن يارىم،
بۇيانمۇ ئېقىن يارىم.
ئۆيىمىز يىراق بولسا،
كۆڭلىمىز يېقىن يارىم.

كىچىككىنە تۇمۇچۇق،
باغدا ئۈزۈن ئۇچۇپتۇ.
شۇنچە خەقنىڭ ئىچىدە،
كۆڭلۈم سىزگە چۈشۈپتۇ.

بىر باغقا ئانار سالدىم،
بىر باغقا يالاڭ توغاچ.
چۆرگىلىپ كېتەلمەيمەن،
كۆڭلۈم سىزدىلا بولغاچ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان يېڭىشاۋات يېزىسىدىن توختى دامۇت.
توپلىغۇچى: ئۆمەر نىياز.

مەنمۇ ئېيتاي دەردىمنى،
سەنمۇ ئېيتقىن دەردىڭنى.
بىر مەھەللىدە چوڭ بولۇپ،
بىلمەپتىمەن قەدرىڭنى.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
ئوت كۆيەر ئوچاقىڭدا.

ئۆگزىگە توخا چىقتى،
تاخ دېسە توپا چۈشتى.
بۈگۈن ئاخشام مەشرەپتە،
مېنىڭ كۆڭلۈم ساڭا چۈشتى.

تۈڭلۈكتىن پاسا چۈشتى،
تورۇستىن ۋاسا چۈشتى.
جىمى ئەلنىڭ ئىچىدە،
سىزگە كۆڭلۈم راسا چۈشتى.

دوزاخ ئوتى جانغا چۈشتى،
جان يۈرەكنى ئارىلاپ.
مېنىڭ كۆڭلۈم سىزگە چۈشتى،
شۇنچە ئەلنى ئارىلاپ.

توپلىغۇچى : ئىبراھىم قوربان.

قوغۇن تېرىدىم خەندەك،
خەقمۇ تېرىسۇن مەندەك.
خەق سۆيگەننى سۆيمەيمەن،
ئۆزۈمنىڭ سۆيگۈنى قەندەك.

سۇ بولسا سۈزۈك بولسا،
قىشۇ ياز ئېقىن بولسا.
ئاشىق بىلەن مەشۇقلار،
تام قوشنا يېقىن بولسا.

مۆلجەر تاغنىڭ بېشىدا،
بىر گۈمبەز بار قېشىدا.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
سۆيگەن يارنىڭ يېنىدا.

ئالما يېگۈم كېلىدۇ،
نەشپۈت يېگۈم كېلىدۇ.
سىز چىرايلىق يارىمنى،
كۈندە سۆيگۈم كېلىدۇ.

سۈنى قۇيدۇم چىلەكتە،
سائەت بېغى بىلەكتە.
سىز يارىمنىڭ گەپلىرى،
چىڭ ساقلاقلىق يۈرەكتە.

ئوي ئېتىزنىڭ چالمىسى،
دۆڭ ئېتىزنىڭ چالمىسى.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن،
سىز خېنىمنىڭ ئالمىسى.

يارىمنىڭ ئېتى زوھرا،
قولىدا كۈمۈش كورا.
مېنىڭ مەيدەم ئاغرىسا،
يارىمنىڭ سۆزى دورا.

ئېيتىپ بەرگۈچى : ئۈچتۇرپان، ئوتىبېشى يېزىسىدىن ئانارگۈل تىلىۋالدى.

توپلىغۇچى : ئابلىز ھېسامىدىن.

سۈنىمۇ ئېچىپ قويدۇم،
ھويلا مىنىكى ئۆزۈمگە.
ئۇنداق قىلما چىرايلىق،
بىر قارىغىن كۆزۈمگە.

كەپتىرىم كۆرۈنمەيدۇ،
كەپتەرۋاز ئېتىۋالدى.

ئۆلسەم ئارمىنىم يوقتۇر،
يار سىنىڭ قوچاقىڭدا.

ماڭداپمۇ يېتەلمىدىم،
چامداپمۇ يېتەلمىدىم.
ئوتىڭىز يامان ئىكەن،
تاشلاپمۇ كېتەلمىدىم.

يوپۇرماقلار چۈشكەندە،
باراڭلىقتا ئۈزۈم يوق.
سىزدىن باشقا خەقلەرگە،
قارايدىغان كۆزۈم يوق.

ئۆستەڭ بويى قىياقلىق،
يېشىل رەڭدە بوياقلىق.
شېرىن شېكەر گەپلىرىڭ،
يۈرىكىمدە ساقلاقلىق.

تاغقا چىقتىم تال ئۈچۈن،
كاككۇك بالىسى بار ئۈچۈن.
ئىشقى ئوتىڭدا كۆيدۈمەن،
ساڭا مەيلىم بار ئۈچۈن.

ئېيتىپ بەرگۈچى : ئۈچتۇرپان ئوتىبېشى يېزىسىدىن رېھىم قەلەمۇاللى.
توپلىغۇچى : زۇنۇنگۈل ئابدۇرېھىم.

تاش ئۆستەڭگە تاش باستىم،
ئوڭ قولۇمغا تاش ئېلىپ.
سەن يارىمنى ئەسلەيمەن،
قارا كۆزۈمگە ياش ئېلىپ.

بىللە ماڭدۇق سەپەرگە،
مەن پىيادە، يار ئاتلىق.
كۆڭلۈمنى ئۈتۈۋالدى،
مېھرىبان گېپى تاتلىق.

ئاق كۆڭلەكنى كىيمەيمەن،
بوياقچى بوياپ بەرسۇن.
ئۆزۈمنىڭ سۆيگىنى سۆيگەن،
مەيلىمگە قويۇپ بەرسۇن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ئاقيار يېزىسىدىن ھېزىم ۋەزىر.
توپلىغۇچى: ئىبراھىم قۇربان.

سۇ كېلۇر قاش ئۈستىدە،
رومىلىم تاش ئۈستىدە،
يار ئېسىمگە چۈشكەندە،
يىغلايمەن ئاش ئۈستىدە.

ئەتىرگۈلنىڭ غۇنچىسىنى،
ئۈزۈپ بەرگەن مەن ساڭا.
ئاي بىلەن كۈننى قېتىپ،
ۋەدە بەرگەن مەن ساڭا.

باغ ئىچىگە قارىسام،
ئەجەب تولا قىزىلگۈل.
گۈل تۈۋىدە ئولتۇرغان،
مېنىڭ يارىم چىمەنگۈل.

غۇنچە بويلۇق قارا قاش،
كۆڭلۈمنى ئۇتتۇۋالدى.

يىراقلاردىن مەن كەلدىم،
يارىم سېنى كۆرەي دەپ.
ئوتتىگىز چۇشۇپ قاپتۇ،
ئەمدى قالدىم ئۆلەي دەپ.

چەككىم كەلدى تاماكۇ،
سىلاپ قويىمەن يانىنى،
سەن مېنى يارىم دېسەڭ.
پىدا قىلىمەن جانىنى.

خىيال قىلىپ ئولتۇرسام،
ئالما چۇشتى قېشىمغا.
يارىم ئەجەب ئەسقاتتىڭ،
كۈن چۈشكەندە بېشىمغا.

بوستان سېكىلەك قەلەم قاش،
دېرىزەڭدىن ئاتاي تاش.
كۈلۈپ چىققاسەڭ ئالدىمغا،
خۇشلۇقۇمدىن ئىگەي باش.

كويىمەنۇ كۆيىمەن،
قاشى قاراغا كۆيىمەن.
كۆزلىرىنى ئوينىتىپ،
جاننى ئالاغا كۆيىمەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ئوتتۇرىسى يېزىسىدىن ئابدۇۋايىت تاھىر.
توپلىغۇچى: ئىبراھىم قۇربان.

غېرىب ناۋارىدۇر كۆڭلۈم،
ھېچ نەرسە داۋا بولماس.
ئىشقىڭدا ئۆلۈپ كەتسەم،
كۆرگەن كۈنۈم راۋا بولماس.

جانان چېشىسى رەڭلىك،
ئىچىدە ئۈپا ـ ئەڭلىك.
يار كۆڭلىنى ئالالماي،
تارتىۋاتىمەن تەڭلىك.

ئات مىنىپ كەمخاپ كىيىپ،
يار مېنى كۆيدۈرگۈدەك.
يۇقىرى-تۆۋەن مېڭىپ،
قىيناپ يۈرۈپ ئۆلتۈرگۈدەك.

كەتمىنىڭنى سۇندۇرغان،
ئارقاڭدىكى قورام تاش.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن،
يارىم دېگەن قەلەم قاش.

ئېيتىپ بەرگۈچى : ئۈچتۇرپان ئوتتېيشى يېزىسىدىن روزى ياقۇپ.
توپلىغۇچى: زۇنۇنگۇل ئابدۇرېھىم.

مېنىڭ دەردىمنى سەن تارتقان.
سېنىڭ دەردىڭنى مەن تارتقان،
كېچىلەردە ئۇخلىماي،
ئىككىمىز چىرمىشىپ ياتقان.

ئاخشام چىقتىم تالاغا،
قوينۇم توشتى ئانارغا.

يار ئىشىكىدە ئولتۇرسا،
ئەيمىنىپ ئۆتەلمەيمەن.
مېيىقىدا كۈلۈپ قويسا،
چۆرگىلەپ كېتەلمەيمەن.

دۇتار چېلىپ ئولتۇرسام،
يارىم كەلدى يېنىمغا.
شېرىن سۆزىنى سۆزلەپ،
ئوتنى سالدى جېنىمغا.

يارىنىڭ باغچىسى باردۇر،
ئۈزۈم ئاغامچىسى باردۇر.
يارىنىڭ قىلغان سۆزلىرى،
يۈرىكىمگە داۋادۇر.

قارا قاشىم يارىمىنىڭ،
قوشۇما قاش لازىم ئەمەس.
بىر ئاداشىم يارىمىنىڭ،
ئىككى ئاداش لازىم ئەمەس.

ئالما ئاتتىم دەرياغا،
لەيلىمەيدۇ چۆكمەيدۇ.
سەن يارىمنىڭ ئوتلىرى،
يالقۇنجايدۇ ئۆچمەيدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ئاقتوقاي يېزىسىدىن ئابلىمىت سىدىق.
توپلىغۇچى: ھەنىپەم ئابدۇراخمان.

ئەجەب شېرىن سۆزىڭىز.
دېرىزىدە كۆزىڭىز.
ئىككى قاراپ بىر كۈلۈپ،
كۆيدۈرۈۋالغان ئۆزىڭىز.

تېكىستنى بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان يېڭىئاۋات يېزىسىدىن ئابدۇقەييۇم ئوسمان.
تولۇقلىغۇچى: مەمتىمىن ئوجانىياز.

ئۆگزەم غىس - غىس قىلادۇ،
چىقسام توخۇنىڭ ئىزى.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن،
ھەقەمسايىنىڭ قىزى.

ئېرىق ئويدۇم، ئوي ئويدۇم،
چۆرىسىگە گۈل قويدۇم.
سىز يارىمنىڭ سۆزلىرىنى،
يۈرىكىمگە سىپ قويدۇم.

نەمەنگانىنىڭ سازىمەن،
چۆلدە ئۈچقان غازىمەن.
سەن يارىمنى بىر كۆرۈپ،
ئۆلۈپ كەتسەم رازىمەن.

ئالمۇتانىڭ ئالمىسى،
ئەگمىگىچە قايرىلماس.
چىن دىلىمدىن سۆيگەن يار،
ئۆلمىگىچە ئايرىلماس.

خۇدا بىزنى ئايرىدى،
جاننى ئالماي تۇرۇپلا.

سەن يارىڭنى بىر كۆرۈپ،
ئەمدى قالدىم بالاغا.

تاش ئاتارىم كېلىدۇ،
قاش ئاتارىم كېلىدۇ.
قولىدا ئالتۇن ئۈزۈك،
مەستانە يارىم كېلىدۇ

ساماۋەرى بولسىكەن،
چېيى قايناپ تۇرسىكەن،
بىر چىنە چاينى ئىچىپ،
يارىم ئويناپ تۇرسىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ياكۆۋرۈك يېزىسىدىن داۋۇت قاسىم-
توپلىغۇچى: ئۆمەر نىياز.

لاچىن ئۇچار پەلەكتە،
كاككۇك سايرار تېرەكتە.
يارىم سىزنىڭ مېھرىڭىز،
يالقۇنلايدۇ يۈرەكتە.

كەلگۈن كەپتۇ دەرياغا،
شاخ بېسىپ ئۆتمەيلىمۇ.
بىز ئىككىمىز بىر بولۇپ،
مەقسەتكە يەتمەيلىمۇ.

تام تۆپىسىدە ئولتۇرۇپ،
ئالما سۇنغان قولىڭىز.
مېنى شۇنچە كۆيدۈرگەن،
قىز بىلگۈلدەك بويىڭىز.

بىز بۇ ئىشنى بىلمەيتتۇق،
سىز قارا كۆز ئۆگەتكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ياكۆۋرۈك يېزىسىدىن ھاجىرەم مەممەت
توپلىغۇچى: ئۆمەر نىياز

ئۈچتۇرپاننىڭ تاغلىرى،
گۈل چىمەنزار باغلىرى.
كىمنىڭ ئېسىدىن چىققۇن،
يارنى سۆيگەن چاغلىرى.

كۆلۈپ كەلدىڭ يېنىمغا،
ئوتنى سالدىڭ جېنىمغا.
جاندىن كەچسەم ئەرزىيدۇ،
سەن مېھرىبان يارىمغا.

يار ئۆتتۈم ئون بەش ياشلىق،
ئەجەب قىلىدۇ شاشلىق.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن،
خۇمار كۆز، قەلەم قاشلىق.

كۆردىگىمكىن ئالمىنى،
ئالمىغا ئاتتىم چالمىنى.
تاش يۈرەكلىك قىلمىغىن،
يار قوينىغا ئال مېنى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ياكۆۋرۈك يېزىسىدىن ئايىمخان ئەمەت.
توپلىغۇچى: ھەسەم ئابدۇراخمان.

ئۈشقىڭىزدا ياش تۆرۆپ،
كەتتى يۈرەك قۇرۇپلا.

چىننى سۇنۇق دېمەك،
چىنىدىن كۆڭلۈم سۇنۇق.
مەن يارىمدىن ئايرىلسام،
ئالەم ماڭا قاراڭغۇلۇق.

نەچە بىمۇ ياراشىپتۇ،
ئالا ئاتىنىڭ قاشقىسى.
كۆڭلۈمدىن ئۆرۈن ئالماس،
سىز يارىمدىن باشقىسى.

نەچە بىمۇ ياراشىپتۇ،
ئالا ئاتىنىڭ تۇمارى.
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
يېڭى يارنىڭ خۇمارى.

ئۈجمە تۈۋىدە تۇرغاندەك،
ئالما تۈۋىدە تۇرمايمەن.
سىز يارىمغا كۆيگەندەك،
ھېچ كىشىگە كۆيمەيمەن.

يارىمنىڭ سارىيىنىڭ،
كىم سالغاندۇ تېمىنى.
ئاغزىغا سۈيۈپ قويۇپ،
چىشلىۋالسام لېۋىنى.

ئۈشىك ئالدى ئاۋاتكەن،
جىگدە بىلەن سۆگەتكەن.

سىنىڭ ئوتتۇڭ قانداق ئوت،
كۆيدۈردۈ بۆلەكچە.

ئۇگرە ئىچتۇق چىنىدە،
ئاشنىڭ تەمى يېنىدە.
يارنى سۆيسەڭ چىشلەپ سۆي،
ئىزى قالسۇن لېۋىدە.

تۆگە باقىمەن سايدا،
قوڭغۇراقى بويىندا.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
سەن يارىمنىڭ قوينىدا.

ئالتۇن قەپەزدىم بولسا،
بۇلبۇلنى باقاي دەيمەن.
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا،
مەيدەمگە ياقاي دەيمەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۇچتۇرپان يامانسۇ مەللىمى يېزىسىدىن تىلەك سادىق-
توپلىغۇچى: ئابلىز ھېسامىددىن.

ھاۋادىكى لاچىننى،
قىل بىلەن تۇتاي دەيمەن.
مەشۇقۇم چىراyلىقنى،
سۇ بىلەن يۇتاي دەيمەن.

باغدا ئالما پىشىپتۇ،
ئۆيگە مېھمان چۈشۈپتۇ.
مېھمان بىلەن كارىم يوق،
سىزگە كۆڭلۈم چۈشۈپتۇ.

ئۈچتۇرپانىڭ بازىرى،
كېچە - كۈندۈز ئاۋاتكەن.
يارىڭ ماڭا بەرگىنى،
قەنت ئەمەسكەن ناۋاتكەن.

ئەجەب لەۋەن بالىكەنسىز،
قىزىلگۈلنىڭ بەرگۈدەك.
سىزنى بىر سۆيۈپ ئالسام،
يۈرەك - باغرىم قانغۇدەك.

باغقا بۇلبۇل قونۇپتۇ،
گۈل بىلەن ئويناشقىلى.
خەۋەر بەردىم سىزگە مەن،
باغ ئارا مۇڭداشقىلى.

غەزەل ئوقۇماي دېسەم،
دەردىم ئوقۇغىن دەيدۇ.
يارغا قارىماي دېسەم،
ئوتى قارىغىن دەيدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان يامانسۇ مەللىي يېزىسىدىن قۇربان سادىق.
توپلىغۇچى: ئىبراھىم قۇربان.

يېڭىئاۋاتتىن مەن كەلدىم،
ئالتە دەريانى كېچىپ.
يارىم بىلەن ئوينايمەن،
قانغىچە شاراب ئىچىپ.

مەھەللەڭدىن ئۆتۈپ كەتتى،
چىنە بىلەن چەينەكچى.

يارىم ئۆتتى قول سېلىپ،
ئارقىدىكى يول بىلەن.
كۆڭلۈمنى ئۇتۇۋالدى،
قولىدىكى گۈل بىلەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۇچتۇرپان ياماتۇ مەھەللى يېزىسىدىن موللا ئەمەت رەھمەت.
توپلىغۇچى: زۇنۇنگۈل ئابدۇرېھىم.

توققۇز بولاقنىڭ سۇلىرى،
توققۇز جايدا ئاقىدۇ.
يارىنىڭ خۇلقى ـ مىجەزى،
ماڭا ئوبدان ياقىدۇ.

بۇلبۇلدەك بولاي يارىم،
شاخىڭغا قوناي يارىم.
ئېچىلغان قىزىلگۈلدەك،
ۋەسلىڭگە قاناي يارىم.

ئىشىك ئالدى باغ يارىم،
باغ ئىچىدە گۈل يارىم.
چىدىمايدىكەن يۈرەك،
ھەر ئاخشىمى كەل يارىم.

ئالما ئاتتىم ئويمىدىم،
سويىما تاپتىم سويمىدىم.
ئايدەك جامالىڭىزغا،
قاراپ ـ قاراپ تويمىدىم.

قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىدىم،
قاتار ـ قاتار چۆنەكى.

يارىمنىڭ شېرىن سۆزى،
يۈرىكىمگە ئورناشقان.
ئۆلسەممۇ ئۇنۇتمايمەن،
كىچىك چاغدا ئويناشقان.

يۇقىرىدىن چۈشۈپ كەلدىم،
بەش تەڭگە تېپىپ كەلدىم.
يارغا سوۋغا قىلغىلى،
چاچتەڭگە تېپىپ كەلدىم.

بۇ كېچە تاڭ ئاتمايدۇ،
يار قېشىمدا ياتمايدۇ.
يار قېشىمدا ياتقاندا،
جان ئىچىمگە پاتمايدۇ.

كاڭغا سالدىم تېكمەت،
لىم تاختىغا جايناماز.
ئەقلى بولسا شۇ يارنىڭ،
مېنى بۇنچە قىينىماس.

سۇ كېلىدۇ ئەركىن ئېقىپ،
يار كېلىدۇ ئۆيدىن چىقىپ.
كۈلۈپ قويۇپ كىرىپ كېتەر،
يۈرىكىمگە ئوتنى يېقىپ.

يۈرىكىمنى سەگسۈن دەپ،
سۇنى ئىچتىم بىر چېلەك.
سۇ ئىچكەنگە سەگمەيدۇ،
كۆيۈپ كەتكەن بۇ يۈرەك.

ئاككۇك تولا سايرايدۇ،
ئۆزى غېرىب بولغاچقا.
ئىچىم تولا قاينايدۇ،
سىز بۇ ئوتنى سالغاچقا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۇچتۇرپان ئاچچىتاغ يېزىسىدىن خەلچەم نىياز.
توپلىغۇچى: ئابلىمىز ھىسامىددىن.

لاچىن بولۇپ ئەگىيمەن،
مەھەللەڭدە - پەلەكىڭدە.
بېلىق بولۇپ ئوينايمەن،
مەيدەڭدە، يۈرەكىڭدە.

قارا شەھەردىن ئات ئالدىم،
مىنىپ چىقتىم ئىگەرسىز.
سىزگە كۆيۈپ قالغاننى،
چىرايىمدىن بىلگەنسىز.

ئۆيىنىڭ ئارقىسىدا بېدە،
تۇماقىنىڭ ئارقىسى گىدە.①
سىنىڭ ئىشقى پىراقىڭدا،
يۈرەكىنىڭ ھەممىسى زېدە.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار توپپولدى يېزىسىدىن ئەركىن ھېمىت.
توپلىغۇچى: قەيسەر.

قىزىلگۈللەر ئاچىلىپ،
گۈل چىمەن بولدى.
پېقىر سىلىگە كۆيۈپ قىلىپ،
دىۋانە بولدى.

① بۇدرە.

ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
يېڭى يارنىڭ كۆيىكى.

تاش دېگەن ئېغىر نەرسە،
تالدۇرىدۇ بىلەكنى.
يار دېگەن يامان نېمە،
كۆيدۈرىدۇ يۈرەكنى.

يار مىنگەن تورۇق ئاتنىڭ،
ئوك قۇلىقىدا ئەن بار.
قورقماي چىقىڭ تالاغا،
ئىشىك تۈۋىدە مەن بار.

توپلىغۇچى: ئىبراھىم قۇربان.

ھەر كىمنىڭ نىگارى بار،
ھەر گۈلنىڭ خېرىدارى.
كۆڭلۈمدىكى يارىمنىڭ،
مەن ئامراق ۋاپادارى.

يايلاقنىڭ گۈلى بولسام،
باغنىڭ بۇلبۇلى بولسام.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
كۆزىنىڭ نۇرى بولسام.

بوستانلىقتا ئۆيۈك بار،
ماڭا لايىق بويۇك بار.
كېچەي دېسەم سېنىڭدىن،
بىر چىرايلىق خۇيۇك بار.

باشقا خەقنى سۆيدۈڭمۇ،
سەن مېنى يىغلاتقىلى.

بۈگۈن ئايغا ئون يەتتە،
مەن ئۆزۈم خىجالەتتە.
مەندىن باشقا يار تۇتساڭ،
سورىشىم قىيامەتتە.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە يېڭىمەھەللە يېزىسىدىن كېلى سامساق-
توپلىغۇچى: ئەنۋەر گايىت.

كېۋەزلىككە قارىسام،
چۈشۈپ كەتتى كۆپ غوزەك.
يارىم بىلەن ئىككىمىز،
خۇدا قوشقان قوش كېزەك.

بۇ يىل قوغۇن تېرىسام،
ئوخشاپ كەتتى قوغۇنۇم.
بۈگۈن ئاخشام چىقمىدىڭ،
بىكار كەتتى تۇرغۇنۇم.

كېلىپ قالسام مەھەللەڭگە،
يۈرەك چوغدەك يانىدۇ.
ئاندا-ساندا كۆرۈشۈپ،
يۈرەك قانداق قانىدۇ.

ئوتنى ياقسام ئوچاققا،
كۆيۈپ كەتتى پاراسلاپ.
يېتىپ قالسام دەردىڭدە،
كېلىپ كەتمىدىڭ يوقلاپ.

بىزنىڭ يارلار مېڭىپتۇ،
سەپەرنىڭ يول بولغاي.
بىزدىن باشقا يار تۇتسا،
ئىككى كۆزى كور بولغاي.

يارنى كۆردۈم يىراقتا،
يار مېنى كۆرگەنمىدۇ؟
سۇ بولۇپ ئاقتى يۈرەك،
يار بۇنى بىلگەنمىدۇ؟!

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە يېڭىمەھەللە يېزىسىدىن ئوبۇر ئابدۇللا ..
توپلىغۇچى: ئەنۋەر كايىت

يارىم يېزىغا ماڭدى،
ئۇ پىيادە، مەن ئاتلىق.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
قىلىقى ئەجەب تاتلىق.

يارىم باغقا باشلايدۇ،
ئالما يەڭ دەپ تاشلايدۇ.
ئالما شېخىدىن چۈشمەي،
خۇمار كۆزىنى ياشلايدۇ.

تامغا چىقتىم تال ئۈچۈن،
تالدا قۇرغۇي بار ئۈچۈن.
ئوتقا سالسا كۆيمەيتتىم،
شۇنچە كۆيدۈم سەن ئۈچۈن.

ئالمىلىق باغقا كىردىم،
ئالمىنى ئېرغا تىقلى.

كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ.
لەۋلىرىگە سۆيىمەن.

ئېرىقىڭدا سۇ بارمۇ؟
ئۇسسۇزلۇقتا مەن تەشنا.
ئىشچان يارىم مەن ساڭا.
ئەقىدە باغلىغان باشتا.

ئالتۇن سائەت ئالىمەن،
يانچۇقۇمغا سالىمەن.
سىز يارىمنى ئەسلىسەم،
بىر سائەتتە بارىمەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار بازار ئىچىدىن مەنتاپ ھاشىم.
توپلىغۇچى: پەرھات.

يارىم بىلەن بارغاندا.
يەتتە مانتا ئەپ بېرەي.
يۈرىكىمدە بار سۆزۈمنى،
يولدا ماڭغاچ دەپ بېرەي.

سەن يارىمنى بىر سۆيۈپ،
كۆرسەم مەيلى كۆرگۈلۈك.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق.
ھامان بىر كۈن ئۆلگۈلۈك.

ئىشىك ئالدى شاپتۇلا،
سىزگە ئېيتاي، گەپ تولا.
سىز ئۈچۈن ئەلەم تارتتىم،
يۈرەكلەردە گەپ تولا.

كۆچەت تىكسەڭ ئۆرۈك تىك،
باش- ئاخىرىنى بىلىپ تىك.
سېغىنىمەن يار سېنى،
ئاخشاملىققا بالدۇر چىق.

ئېتىزدىكى قوناقنىڭ،
تۇپى تولا، سانى يوق.
سەن ئۈچۈن كۆيگەن يۈرەككە،
مۇز تېگىشىنىڭ ئورنى يوق.

يېڭىمەھەللە دېگەن يەرنىڭ.
يانتاق شەھەر بازارى بار.
ئەسلى يارنى تاشلىماڭ.
ئۇنتۇلماس خۇمارى بار.

گۈلباغ دېگەن كونا يۇرت،
بەكمۇ گۈزەل يەر ئىكەن
ئاشۇ لەۋەن چىرايلىق،
ماڭا كۆڭۈل بەرسىكەن.

*يېتكۈچى بەرگۈچى: شايار گۈلباغ يېزىسىدىن موللا ھاشىم ھەمتىل.
**توپلىغۇچى: ۋاھاپ قادىر.

سېرىق ئىتنىڭ يامانىكەن،
زەنجىرىڭدە باغلاپ قوي.
ئالتە ئاي بولدى بۇ دەردكە.
ساراڭ بولدۇم ئاڭلاپ قوي.

كۆيمەنا - كۆيمەن.
قاشى قاراغا كۆيمە،

شەرەت قىلسام يۆتىلىپ،
قاش ئوينىتىپ قارايدۇ.

باغدا پىشتى جىنەستە،
يارىم كېلىپ يەمەدىكىن؟
ئىككىمىز كۆيۈشكەننى،
ئانىسى بىلەمەدىكىن.

يارنىڭ كۆزى خۇمادۇر،
قاراپ جاننى ئالادۇر.
خەستە نازۇك يۈرەككە،
ئىشقى ئوتى سالادۇر.

كەلمەي دېسەم كەل دەيدۇ،
ئەمدى كەلسەم كەت دەيدۇ.
كۆيۈشكەندە تەڭ كۆيگەن،
ماڭا كەلدى دەرد دەيدۇ.

توپلىغۇچى: ئاقسۇ شەھرى قۇماش يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئاۋۇت سىيىت.

قاتار - قاتار كۆرۈنگەن،
ئاقسۇنىڭ تېرەكلىرى.
مېنى كۆرسە ئوينامدۇ،
يارىمنىڭ يۈرەكلىرى؟

دېرىزەڭنى ئېچىپ قويۇپ،
ئايغا قاراپ ئويلانما.
مەن سېنىڭ يارىڭ بولاي،
خىيال سۈرۈپ مۇڭلانما.

ئوتلاقتا ئوتلاپ يۈرگەن،
ھەممىسى مېنىڭ قويۇم.
مەن ئەمدى كېتەر بولدۇم،
ياق دېمەي سۆيۈپ قويۇڭ.

ئەتىرگۈلنى گۈل دەيدۇ،
قىزىلگۈلگە يەتمەيدۇ.
ھەر كىمنىڭ يارى باشقا،
سىز يارىمغا يەتمەيدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شاپار بازار ئىچىدىن ئەخەت روزى
توپلىغۇچى: ئەسقەر

يارىم كۆڭلەك كىيىپتۇ،
گۈلى چىم ـ چىم تاۋاردا.
گۇمانلىق بولۇپ قالدۇق،
مېڭداشمايلى تالادا.

ئىشىك ئالدى باراڭلىق،
نوگاي چۈشتى چىرايلىق.
ھەممە كىشى ئارىسىدا،
مېنىڭ يارىم چىرايلىق.

دەريادىكى ئۇلۇغ سۇ،
تاشتىن ـ تاشقا سەكرەيدۇ.
ھوشيار بولمىساق يارىم،
دۈشمەن بىزنى قەستلەيدۇ.

پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ،
يار چاچىنى تارايدۇ.

بوي ـ بويىغا ئوخشايدو،
خۇي ـ خۇيىغا ئوخشايدۇ.
كېتىپ بارغان ئىككىيلەن،
ئاشىق ـ مەشۇق ئوخشايدۇ.

قاغا جىگدەگنى يېمەيمەن،
چىشىم ئاغرىيدۇ مېنىڭ.
مەشۇقۇم يادىمغا يەتسە،
ئىچىم ئاغرىيدۇ مېنىڭ.

بىزنىڭ يار ئەجەب چاققان،
ئۆتۈكىگە ناھال قاققان.
كۆرەلمىگەن دۈشمەنلەر،
ئارقىمىزدىن گەپ تاپقان.

يارىم بەردى تاماكا،
دەردى بولسا چەكسۇن دەپ.
ئىشىكنى قىيا ئاچتى،
مەيلى بولسا كىرسۇن دەپ.

ئىشىك ئالدى باراڭلىق،
ئارىسىدىن سۇ ئۆتەر.
كۆيۈشكەننى ئېپ بەرسە،
ساۋابىغا كىم يېتەر.

ئون قولۇمدا ئون ئۈزۈك،
جىڭ ياقۇتتىن كۆزى بار.
يۈرىكىمنىڭ قېتىدا،
شۇل يارىمنىڭ سۆزى بار.

توپلىغۇچى: تاھىر قاسىم.

بۇلبۇل دېگەن بىر قۇشتۇر،
سايرىسا ئۈنى خۇشتۇر،
بەش كۈنلۈك شۇ ئالەمدە،
يار بىلەن كۆڭۈل خۇشتۇر.

ھويلىمىزنىڭ ئىشكى،
كۈن چىقىشقا قارايدۇ.
بوستان چاچ مېنىڭ يارىم،
باغ ئارىلاپ مارايدۇ.

قاراڭغۇدا يول ماڭسام،
ئۆزۈمنى تونۇتماسمەن.
سېنىڭدەك ياخشى يارىمنى،
ئۆلسەممۇ ئۇنۇتماسمەن.

تاختىبىشىدا گۆش قويسام،
پۇشقاق مۇشۇك① يەپ قويدى.
يار بىلەن كۆرۈشكەننى،
كۆرۈپ قالغانلار دەپ قويدى.

ئاق قوغۇنمۇ تورلاشتى،
كۆك قوغۇنمۇ تورلاشتى.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
دوست ـ دۈشمەنلەر ئولاشتى.

يارىم بەرگەن مەرۋايىت،
پارقىرايدۇ بوينۇمدا.
مەن يارىمغا ساقلىغان،
قىزىل ئالما قوينۇمدا.

---

① ئوغرى مۈشۈك.

باغقا كىرمەك بادام بار،
ئاستا كىرىڭ ئادەم بار.
ئادەم بىلەن نىمە ئىشىم.
باشتا قىلغان ۋەدەم بار.

دۇتار دېگەن بىر ياغاچ،
ئۇنلەيدىغان تارىسى.
سىلىگە كۆيگەن يۈرەكنىڭ،
مۇشتەك يەردە يارىسى.

يارىم ئۇسسۇزلۇغا چۈشتى،
قارايمەن ياراشقانغا.
مىجەزىمگە بەك ياقتى،
بەرمەيمەن تالاشقانغا.

ئۆزۈكلىرىم ياقۇت كۆز،
دۈشمەن تاپتى يالغان سۆز.
دۈشمەن ئۆلسۈن قان يىغلاپ،
ئايرىلمايلى خۇمار كۆز.

قىزىلگۈلنى ئەگمەڭلار،
سۇندۇرغىلى بولمايدۇ.
چىرايلىقنى سۆيمەڭلار،
چىدىغىلى بولمايدۇ.

تاھىر بىلەن زۆھرەنىڭ،
ئارىسىدا ئازغان بار.
يار ئۆزۈڭگە پەخەس بول،
ئارىمىزدا دۈشمەن بار.

قارا قۇشنى قوشلاغىلى،
بەلەي بىلەن قونداق كېرەك.
يار تۇتۇپ ئوينىغىلى،
كۆڭۈل بىلەن تاقەت كېرەك.

سۇلار شارقىراپ ئاقسا،
تۈگمەننىڭ نورى دەڭلار.
يار كۆرگىلى كەلمىسە،
ئۆزۈمنىڭ شورى دەڭلار.

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن،
ئوڭ قولۇمدا تاشىم بار.
سەن قارىمساڭ يارىم،
قورغۇيدەك ئاداشىم بار.

يارىم بىلەن ئىككىمىز،
بىر دەلدە چوڭ بولغان.
باشتا ۋەدىمىز شۇنداق،
ئايرىلماسقا دوست بولغان.

شايىدىن شاپاق دوپپا،
شاپتۇل شاخىدا قالدى.
كىچىكلىكتە سۆيگەن يار،
نەدە ئايرىلىپ قالدى؟

ئىشىك ئالدى كۆلدۈرمە،
يارىم مېنى كۈلدۈرمە.
ئاشنا بولساڭ مەن بولاي،
خەلقى ئالەمگە بىلدۈرمە.

سايرامنىڭ سۇيى سۇزۇك،
يارغا بېرىمەن ئۇزۇك.
ئوينايلى بىللە يارىم،
ۋەدىنى قىلىپ تۇزۇك.

مال دېگەن ئوبدان نىمە،
تاغ ئوتىنى خالايدۇ.
بۇ مېنىڭ نادان كۆڭلۇم،
سەن يارىمنى خالايدۇ.

تاغدا ئۆسكەن تېرىكىم،
باغدا ئۆسكەن ئۆرىكىم.
سىزنى بىردەم كۆرمىسەم،
چىدىمايدۇ يۈرىكىم.

ئامبال ئويلىرى دەيدۇ،
يەتمىش يەردە رامى بار.
مەن سىزگە كۆيۈپ قالدىم،
ئاڭا قانداق چارە بار؟

ئۆستەڭ بويى ھاۋالىق،
مەجنۇنتال تاشلار سايە.
كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
ئۆمۈر كەتمەسۇن زايە.

ئاسماندا مېنىڭ ئايىم،
بۇ مېنىڭ ئەزىز جانىم.
يۈرىكىمگە ئوت سېلىپ،
ئۆزى بىلمىگەن يارىم.

گۈل دېگەنگە گۈل بولامدۇ،
قاتى ـ قاتى بولمىسا.
يار دېگەنگە يار بولامدۇ،
ئېتىقادى بولمىسا.

توپلىغۇچى: باي ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن قەييۇم مەدەمىن

چوڭ ئۆستەڭگە ئات سېلىپ،
ئۆتەلمىدىم ئۇ قاتقا.
مەيلى بولسا ئۆتىمەن،
مېنىڭ يارىم بۇ قاتتا.

شېرىنى ئېتەلمەيمەن،
ساندۇقنى ئېتەلمەيمەن.
يارىم ئولتۇرغان ئۆيدىن،
ئايلىنىپ كېتەلمەيمەن.

ئىشىك ئالدى قوش تېرەك،
بىرنى ئۇرۇپ سۇندۇرغىن.
بۇ خەتنى ساڭا يازدىم،
جاۋاب بېرىپ ياندۇرغىن.

نان پىشۇرغان تونۇرمۇ،
خىش پىشۇرغان خۇمدانمۇ.
مېنى شۇنداق كۆيدۇرسىلە،
ئۆزلىرىگە ئوبدانمۇ؟!

ئات مىنىپ سەھراغا چىقساڭ،
قامچا دەستەڭ مەن بولاي.
بارچە ئەلنىڭ كۆزى سەندە،
تىل تۇمارىڭ مەن بولاي.

سىزگە سالام يازدىم مەن،
چىن مۇھەببەت باغلاشقا.

ئەل خالايىق تولا كەلدى،
ھېچ كىشىگە باقمىدىم.
شۇنچە خەقنىڭ ئالدىدا،
ئۆزلىرىگە ساقلىدىم.

ئىشىك ئالدى قوناقلىق،
قويۇق بولسا تاقلايمەن،
ۋەدىمىز شۇنداق بولسا،
ئۆمۈر بويى ساقلايمەن.

شامال چىقسا لىڭشىيدۇ،
ئەنجان يولىدا تېرەك.
ئانچە - مۇنچە كېلىپ تۇرۇڭ،
چىدىمايدىكەن يۈرەك.

كۆل شىخىدىكى بۇلبۇلىڭ،
دەردى بارمۇ، بىلەمسىز؟
مەن كۆيسەم سىزگە كۆيدۈم،
سىزمۇ مەندەك كۆيەمسىز؟

قىزىل تاۋار كىيەمسىز،
يېشىل تاۋار كىيەمسىز.
ئاغزىڭىزدا يار دەيسىز،
باشقىلارنى سۆيەمسىز؟

سەھەردە تاڭ ئاتقاندا،
بۇلبۇل قانات قاققاندا.
ئاشىق - مەشۇق ئويناشار،
ئۆز يارىنى تاپقاندا.

قىزىلگۈل ئېچىلغۇچە،
غۇنچىسىنى ئۈزمەي تۇرۇڭ.
بىز مەقسەتكە يەتكۈچە،
ئۈمىدنى ئۈزمەي تۇرۇڭ.

ئالمىنىڭ شاخى تولا،
چىقىپ بولغىلى بولماس.
يىراقتىكى خان قىزىنى،
تاشلاپ قويغىلى بولماس.

چۆلتاغ دېگەن يىراق تاغ،
يامغۇر بىلەن بوران بار.
سىز يارىمنى كۆرۈشكە،
چىن يۈرەكتە ئارمان بار.

تەڭرىتېغى ئېگىز تاغ،
ياتۇر دېگەن گۈزەل باغ.
يارىمغا تولا كۆيۈپ،
باغرىم بولدى قارا داغ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: باي ياتۇر يېزىسىدىن قۇدرەت ئىبراھىم.
توپلىغۇچى: ئۆمەر پەيزى، تۇرسۇنجان.

ئېگىز تاغقا چىقتىم مەن،
پولات - تۆمۈر تاۋلاشقا.

كۆزدە بوغداي تېرىدىم.
ئورۇقىنى خىللىدىم.
ئاق ئۇندا توقاچ يېقىپ،
مەن يارىمنى چىللىدىم.

تراكتورنى ھەيدەيمەن،
يېرىمىزنى ئەگىتىپ.
يارىم غەزەل ئوقۇيدۇ،
يۈرىكىمنى سەگىتىپ.

ھەشقىپىچەك بويلىشىپتۇ.
باغدىكى جىنەستىگە.
ئۈچ كۈن بولدى كۆيۈپ قالدىم.
قاشى قارا بىخەستىگە.

باغقا كىردىم گۈل ئۈزەي دەپ،
تاپمىدىم بىر تال چېچەك.
بۇ سېنىڭ تالدەك بويۇڭغا.
مەن بولاي ھەشقىپىچەك.

ئېيتىپ بەرگۈچى: باي قارىباغ يېزىسىدىن توسۇنبارات، 62 ياش، دېھقان، ساۋاتسىز.

توپلىغۇچى قەييۇم مەتتەمىن، تۇرسۇنجان.

باغىڭغا كىرىپ باقسام،
ئالما تۆگمىدەك بوپتۇ.
كىچىككىنە شۇل يارىم.
ئېلىپ قاچقۇدەك بوپتۇ.

يول بويىدا چىرىملار،
سۇغا تەشنا ئەمەسمۇ.
سېنىڭ بىلەن ئىككىمىز،
ۋەدىلەشكەن ئەمەسمۇ.

تېپىپ بەرگۈچى: باي قارىباغ يېزىسىدىن باھارگۈل.
توپلىغۇچى: قارىباغ يېزىلىق ئاشلىق بونكىتىدىن: قەھرىمان روزى.

كۆڭلىكىمنى كۆك بوياتتىم،
ياغلىقىمنى ھاۋا رەڭ.
كۆڭلىكىمىز ماڭا چۈشتى،
كۈندە كېلىپ ئالما يەڭ.

ئۆگزەڭگە چىقاي دەيمەن،
شوتاڭنى تاپالمايمەن.
سېنى تاشلاپ كېتەي دەيمەن،
ئۇۋال بولمسۇن دەيمەن.

ئىشىكتىن قاراپ باقسام،
يارىم تولغىنىپ ياتتى.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
دەردىمنى تولا تارتتى.

دۇتارىم بار توققۇز كۆز،
دۈشمەن تاپتى يالغان سۆز.
دۈشمەن تاپسا تاپمامدۇ،
ئايرىلمايلى قارا كۆز.

دەردىڭ بولسا ئېيت يارىم،
مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم.

راۋاب دەستىسى ئۈرغاي،
چالسا ئىڭىلىپ تۇرغاي.
جوراڭدىن چىقىپ كەتسەڭ،
خۇدا ماڭا بۇيرۇغاي.

سەكرەپ چۈشتۈم خەندەككە،
ئۇزۇن بولدى بۇ دەردكە.
سەن يارىمنىڭ دەردلىرى،
ئورناپ كەتتى يۈرەككە.

شايى - شايى ئەمەسمۇ،
شايى پۇلغا كەلمەسمۇ.
شايى كىيگەن شۇ خېنىم،
بىزنىڭ قولغا كەلمەسمۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى : كەلپىن ناھىيە ئاچال يېزا قۇملۇق كەنتىدىن ھە-
سەن ئېلى

قوپلىغۇچى : ئابدۇرېھىم يۈنۈس

## خۇشلىشىش

كېتەرمەنغۇ ، كېتەرمەنغۇ،
يۇرتۇڭدىن كېتەرمەنغۇ.
داۋانچىڭدىن ئۆتكەندە،
يادىڭغا يېتەرمەنغۇ.

يالغۇز توغراق تۈۋىدە،
دۇتارىڭنى چالماسەن.

قاشنى قاشقا ئۇلىسا،
يېتەمدۇ قاشنىڭ بويىغا.
خۇدايىم سىلىپ قويىدى،
قارا قاشنىڭ كويىغا.

ناخشا ئېيتىمەن ئۆزۈم،
ئاڭلىغىن دىلىڭ بىلەن.
بەش كۈنلۈك بۇ ئۆمرۈمنى،
ئۆتكۈزەي سېنىڭ بىلەن.

يار مەندىن يامانلاپتۇ،
ئېيتقان سۆزلىرى ماقۇل.
بىرىپ ئېيتىڭ يارىمغا،
مەن يارىمغا ناماقۇل.

كېچە ئۇيقۇدا ياتسام،
ئېتىگىنى چاپتۇرۇپ ئۆتتۈڭ.
ئېتىگىنى قامچىلاپ قويۇپ،
يۈرەككە ئوت سېلىپ ئۆتتۈڭ.

يار ئىشىكىدە تۇرۇپ،
بىر جىلۋە قىلاي دەيدۇ.
ئايرىلىپ كېتەي دىسەم،
كۆڭلۈگنى ئالاي دەيدۇ.

دۇتار چېلىپ ئولتۇرسام،
خىيالىمغا سەن كەلدىڭ

مەن مەلەڭدىن ئۆتمەيمەن،
بۇرۇنقىدەك سېنى ئىزدەپ.
ئەمدى سېنى سۆيمەيمەن،
ھەرگىز يالۋۇرۇپ بەزلەپ.

قوغۇنلۇققا كىرگەندەك،
كېۋەزلىككە كىرمەيمەن.
ئەمدى كەلدىم ئەقلىمگە،
بىۋاپانى سۆيمەيمەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە گۈلباغ يېزىسىدىن سوپى. تو-
پلىغۇچى: ساۋۇت سوپى.

ئېتىمنى قويۇپ بەردىم،
سارغايغان سامانلارغا.
بىۋاپاغا مەيلىم يوق،
يىتىۋالسۇن ئارمانغا.

گۈلۈم كەتتى، گۈلۈم كەتتى،
قولۇمدىن بىر گۈلۈم كەتتى.
سەندەك بىۋاپا ياردىن،
كۆڭلۈم بۆلۈنۈپ كەتتى.

مەن سەپەرگە چىققاندا،
يارىم ئۆيىدە قالغان.
خوش ئەمدى دېگەن چاغدا،
قارا كۆزىگە ياش ئالغان.

قوم سىرلىدى قومتاغقا،
مەن سىرلىدىم گۈلباغقا.

مەن كەتتىم قۇرۇلقۇمغا①،
يىغلاپ ـ قاقشاپ قالمامسەن.

ئۆيۈمنىڭ ئارقىسى شورلۇق،
پۇتۇڭ ئاغرىمىدىكىن يارىم.
مەن ئەمدى كېتەر بولدۇم،
ئىچىڭ ئاغرىمىدىكىن يارىم.

كېتەي ئەمدى، كېتەي ئەمدى،
ئاتام بىلەن ئانام قالسۇن.
مېنى يامان دېگەنلەرنىڭ،
ئىچىدە ئوت يېغان قالسۇن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار يېڭىئەھەللە يېزىسىدىن ئىسمايىل قاسىم.
توپلىغۇچى: پولات.

ئالما دەيدۇ جانانىم،
جىگلاپ ساتقىن ئالمىنى.
ئەمدى مېنى سۆيمىسەڭ،
ئۆز يولۇمغا سال مېنى.

يىغلىما ھەسرەت چېكىپ،
جېنىم تېخى تەندىدۇر.
مەن ئۆزۈم كەتكەن بىلەن،
كۆڭلۈم ھامان سەندىدۇر.

ھويلاڭدىكى باراڭغا،
ئارتىدىغان ئۈزۈم يوق.
سەندەك بىۋاپا يارغا،
قارايدىغان كۆزۈم يوق.

---

① قۇرۇلتۇم — جاي ئىسمى.

بىرگە ئويناپ ئايرىلدۇق،
ئۇنۇتماڭ بىزنى.

بۈگۈن ئورغان ئورمىنىڭ،
ئېتىزدا بېغى قالدى.
سەن قىلغان ئەلەملەرنىڭ،
يۈرەكتە دېغى قالدى.

ئۆزى ئاق كۆڭلى قارا،
دەرد ـ ئەلەم قىلدىڭ ماڭا.
قىلغىنىڭ كۆڭلۈڭدە تۇرسۇن،
نېمە قىلغان مەن ساڭا؟!

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
نەگە بېرىپ چۈشكەندۇ؟
يارىم مەندىن ئايرىلىپ،
مۇرادىغا يەتكەندۇ؟!

قەلەمنىڭ ئۇچى ئالتۇن،
كۆرگەنلەرنى يازمايمەن.
ئەسقاتمىغان سەن يارنى،
ئەمدى مەڭگۈ تاشلايمەن.

كېپىنەك بولۇپ ئۇچارسىز،
قىزىلگۈلگە قونارسىز.
غېرىب بولغان چاغلاردا،
بىزنى ئەسلەپ قويارسىز.

ئېيتىپ بەرگۈچى: باي ناھىيە توقسۇن يېزىسىدىن ئىدرىس ئىسمايىل.
توپلىغۇچى: قەييۇم مەتتەمىن، ئۆبەر ساۋۇت.

ئەجەبىقىنا ئايرىلدۇق،
ۋاقىتسىزلا يىراققا.

قوغۇنلۇققا كىزدىممەن،
بىر چىلىگىنى ئۈزدۈممەن.
ئەسقاتمىغان شۇل ياردىن،
ئۈمىدىمنى ئۈزدۈممەن.

تاغقا چىقتىم ئات بىلەن،
قايتىپ چۈشتۈم يات بىلەن.
ياخشى ـ يامان بولساقمۇ،
كۆرۈشۈپ تۇرايلى خەت بىلەن.

مەن باغىڭغا كىرمەيمەن،
ئانارىڭنى ئۈزمەيمەن.
ئەمدى كەلدىم ئەقلىمگە،
نادان بىلەن يۈرمەيمەن.

بۈگۈن كۈنگە چارشەنبە،
قوپ ھارۋاڭنى قوش ئەمدى.
مەن ئەمدى كېتەر بولدۇم،
كۆرۈشكەن يارلار خوش ئەمدى.

كۆچەت تىكتىم باغ بولدى،
ئوينايدىغان چاغ بولدى.
يارىم قىلغان ئاھانەت،
يۈرىكىمدە داغ بولدى.

ھۆل ئۈزۈم، قۇرۇق ئۈزۈم،
قۇرۇتماڭ بىزنى.

مەن يارنى كۆردۈم،
مەستانە بولدۇم.
ئايدەك يۈزۈڭگە،
دىۋانە بولدۇم.

دىۋانە قىلغان،
شىرىن سۆزۈڭدۇر.
مەستانە قىلغان،
ئايدەك يۈزۈڭدۇر.

سۇ ئاقامدۇ ساي بىلەن،
قۇم ئاقامدۇ لاي بىلەن.
ئۆمرۈم شۇنداق ئۆتەمدۇ،
ۋەدىسى يالغان يار بىلەن؟!

سېنىڭ يارىڭ ئوبدانمۇ؟
مېنىڭ يارىم ئوبدانمۇ؟
سۆيسەم لەۋلىرىڭ تاتلىق،
ئاغزىڭدا ناۋات بارمۇ؟

قوناقلىقتا ماش چاچسام،
چاچراپ كېتەمەن دەيدۇ.
يېگمىيارچە تۇتقان يار،
تاشلاپ كېتەمەن دەيدۇ.

ھاۋادىكى لاچىنىڭ،
پۇتىغا زەنجىر سالاي.
سەن كەتسەڭ يىراقلارغا،
ئەمدى مەن قانداق قىلاي.

ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك،
شولا بەرمىگەن يارىم.
ئاغزىدا كۈلۈپ قويۇپ،
كۆڭۈل بەرمىگەن يارىم.

كۈمۈش، گۆھەر ئۈزلىرى،
قەنت - شېكەردۇر سۆزلىرى.
مېنى ئوتقا سېلىپ قويۇپ،
ئاغرىمىدىكىن ئىچلىرى؟

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى،
باشىمغا قويدۇم تېڭىنى.
ھايات بولساق ئاڭلارمىز،
سىز خېنىمنىڭ دېگىنى.

ئات مىنىسەمۇ ئوينايمەن،
مىنمىسەمۇ ئوينايمەن.
جۇۋان بىلەن كارىم يوق،
چوكان بىلەن ئوينايمەن.

ئىشىكىمدىن ئۆتكىن دەپ،
تاختا كۆۋرۈكنى سالدىڭمۇ.
كىچىككىنە جانىمغا،
شۇنچە ئوتنى سالدىڭمۇ؟

قوناقلىقتا قارا قوي،
باغقا ئەكىرىپ باغلاپ قوي.
ئوتنى سالدىڭ يۈرەككە،
ئانچە - مۇنچە قاراپ قوي.

ئېيتىپ بەرگۈچى: باي ناھىيە بىنچەنخ يېزىسىدىن ھەسەن داۋۇت.
توپلىغۇچى: ئۆمەر پەيزى، تۇرسۇنجان.

يىغلىما ھەسرەت چېكىپ،
جېنىم تېخى تەندەدۇر.
مەن ئۈزۈم كەتكەن بىلەن.
كۆڭلۈم ھامان سەندەدۇر.

گۈل غۇنچە ئېچىلمامدۇ،
شاخ ـ شاخىغا يەتكەندە.
قەدرىمىز ئۆتۈلمەمدۇ،
بىز يىراققا كەتكەندە.

كەتسىلە كەلمەيدىلا،
ياغلىقلىرى قالسۇن ماڭا.
يىغلىسام ياشىمنى ئېيتاي،
ھەمراھ بولۇپ قالسۇن ماڭا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كەلپىن ناھىيە يورچى يېزىسىدىن توختى مەرلەك ـ
توپلىغۇچى: ئىسلام سادىق.

يارىدىم ساقلار ئۆگزىسىدە،
گىجىم رومال ئۆشنىسىدە.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
ئانارلىق باغنىڭ چۆرىسىدە

ئۆردەك كۆرسەڭ ئېتىۋال،
بۇلبۇل كۆرسەڭ سېتىۋال.
سېغىنغاندا كۆرەرسەن،
سۈرىتىمنى ئېلىۋال.

كەلپىننىڭ يوللىرى،
قاتار ـ قاتار ئىمارەت.

ئېرىق ئىچىدە مېڭىپسىز،
ماڭغان سىزنىڭ ئىزىڭىز.
بىزنى تاشلاپ كېتەشكە،
قانداق چىدار يۈزىڭىز؟!

بۇغدا يىلىققا ئال چۈشتى،
تەقدىر ئىلاھ خۇدادىن.
نېمىشقىمۇ ئايرىلدىم،
كۆزى خۇمار شۇ ياردىن.

باغقا كىردىم شوراڭدىن،
تامايىم يوق غوراڭدىن.
ئارىمىزدا دۈشمەن كۆپ،
ئايرىۋەتتى جورامدىن.

توپلىغۇچى : قەييۇم مەمتىمىن.

مەن كېتەر بولدۇم بۈگۈن،
ئىككى قولۇمغا تاش ئېلىپ.
ئامرىقىم يىغلاپ قالادۇر،
قارا كۆزىگە ياش ئېلىپ.

يالغۇز قالدىم دېمىگىن،
ھەمراھ قىلغىن ۋاپانى.
مېنى كۈتكىن ئامرىقىم،
يېگىپ جەۋرى - جاپانى.

ئاھ گۈلچىمەن گۈزەل يار،
مەن كەتتىم ئۇزاقلارغا.
ساڭا خۇشتار قەلبىمنى،
تولدۇرۇپ ئازابلارغا.

سىرلىق سالدۇق چاپتۇردۇم،
مەخمەل كۆرپە ياپتۇردۇم.
سىز چىرايلىق يارىمنى،
خۇدايىمغا تاپشۇردۇم.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ئۇروچۇل يېزىسىدىن ئېمىر ئىبراھىم، 56 ياش، دېھقان، ساۋاتلىق.

توپلىغۇچى: ئابدۇقادىر مۇسا.

ئېگىز تاغقا مەن چىقىپ،
ئۇرۇمچىگە قارايمەن.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى،
يىراق شەھەرگە پالايمەن.

يارىم بىلەن ئىككىمىز،
ئايرىلدۇق ئاداۋەتتە.
ئايرىلسا كېتەۋەرسۇن،
دەۋا يوق قىيامەتتە.

ئۆستەڭنىڭ سۈيى سۈزۈك،
قولۇمدا ئالتۇن ئۈزۈك.
سېنىڭدەك بىۋاپا ياردىن،
ئايرىلىپ كەتكەن تۈزۈك.

ياخشى ئاتنى ساتمايمەن،
قەدرى ماڭا بەك ئۆتتى.
ياخشى ياردىن ئايرىلىپ،
غېرىبلىق ماڭا يەتتى.

ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
خۇدايىمغا ئامانەت.

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
باغنىڭ چۆرىسى قورغان.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن.
ئۆز ياردىن ئايرىلغان.

تويلىغۇچى ئەمەتجان مامۇت.

كەتسەڭ يوللىرىڭ بولسۇن،
ئارقاڭدىن يېتىشەرمىز.
ئۆمىدنى ئۈزۈۋەتمە،
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز.

سەنمۇ ئۆستەڭ بويىدا،
مەنمۇ ئۆستەڭ بويىدا.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
بېشىرىق ئۆستەڭ بويىدا.

ئېگىز تاغقا چىقتىم مەن،
تاپىنىمغا تاش قويۇپ.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
بىر تەككىيگە باش قويۇپ.

ئىشىك ئالدى كۆتەرمە،
ئاتلاپ قانداق ئۆتەرمەن.
سىزدەك ياخشى يارىمنى،
تاشلاپ قانداق كېتەرمەن؟!

ئايرىلمايلى دېۋىدۇق،
ئايرىلىپ كەتتۇق.
ئارىدا ھەسرەت چېكىپ،
قايرىلىپ كەتتۇق.

× ×

ئاق تەڭگە پۇلۇم بولسا،
دۆڭ يەرگە ساراي سالسام.
ئاق جۇۋان مېنىڭ بولسا،
بويىنىغا گىرە سالسام.

بىر قاچىغا گۈل تېرىدىم،
بىر قاچىغا يۆگىمەچ.
يۆگىمەچتەك قۇرۇپ كەتتىم،
مەن يارىمنى كۆرمىگەچ.

ئېلىمنىڭ داۋانىدا،
ئات بېلىدە ياغدى قار.
تاشلىغىلى بولمايدۇ،
ياش چېغىدا سۆيگەن يار.

سارغىيىپ ئۆسكەن دەرەخنىڭ،
سايىسى بولماس ئىكەن.
يارغا كۆيگەن شۇل يۇرەكنىڭ،
دورىسى بولماس ئىكەن.

كەتتى - كەتتى بىزنىڭ يارلار،
لەڭگەگە كەتتى.
كېلەمدىكىن - كەلمەمدىكىن،
قارارى يەتتى.

تال سۆگەتنىڭ بېشىدىن،
ئالدىم چىمچۇقنى.
مەن يارىمنى سېغىنىپ،
يازدىم بېيىتنى.

قارا قۇشۇم ئۇلتۇرار،
ھوجرام ئىچىدە.
قىزىلگۈلمۇ ئېچىلار،
گۈلباغ ئىچىدە.

قىزىلگۈللەر ئېچىلىپ،
نىشانە قىلدى.
يارىنىڭ ئىشقى پىراقى،
دىۋانە قىلدى.

ئېگىز تاغنىڭ ئۇ يېنىدا.
غىلتاڭ - غىلتاڭ مۇز.
يارىم كىيگەن كۆرپە جۇۋا،
ياقىسى قۇندۇز.

يارىم بۇيان كەلمىسە.
قالمامدۇ يالغۇز.
ياغلىقىمنىڭ ئۇچىغا،
گۈلنى باغلىدىم.

يوللىرىغا تەلمۈرۈپ،
كۈن - تۈن يىغلىدىم.
يارغا يەنە ئەۋەتتىم،
ياقۇت قاشتېشى.

قولغا ئالا - ئالمايلا،
تۆكۈلسۈن يېشى.

ئاللا ي ر ، د ك يايلاقتا ئۆزۈك يايلايسەن،
سىمىز قويىنىڭ قوزىسىدەك سەكرەپ ئوينايسەن.
ئۇ مەلىدىن بۇ مەلىگە كەلگەن يارىمىكىن،
يار ئاغرىقى بولۇپ قالدىم دورا بارمىكىن.
يار ئاغرىقى بولغانلارنىڭ دورىسى مەندە،
ئەتە قوپۇپ تاڭ سەھەردە يارنى سۆيگەندە.
سەن مىنى دەپ، مەن سىنى دەپ قالدىم بالاغا،
ئەسلى رەھىمىڭ كەلمەيدۇ كۆزى قاراغا.
ئوڭدىن سولغا كەلگىنىم سەن خان ئۈچۈندۇر،
جەۋرى ـ جاپا چەككىنىم جانان ئۈچۈندۇر.
ئەمدى مىنى كەتتى دەپ چەكمە قىشىڭنى!؟
غورۇلاينىڭ بالىسىدەك تۆكمە يىشىڭنى.

تېپىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيە ئاقتوقاي يېزىسىدىن ئابدۇرېھىم روزى.
تولىغۇچى: پارتىيە مەكتىپىدىن موللا ئەمەت.

دەريانىڭ ئۇ قاتىدا توغراق ئۆسۈپتۇ تولغىماچ،
شىخىغا چاڭگا تىزىپتۇ ئاچا قۇيرۇق قارلىغاچ.
قارلىغىچىم ـ قارلىغاچ ئۇچساڭ ئەگەر يېنىمدا ئۇچ،
قاناتىڭغا مەن يازاي خەت ئاپىرىپ يارىمغا تۇت.
قارلىغاچنىڭ قاناتىدەك قايىمدۇ باشىم مىنىڭ،
سايدىكى يالغۇز بۇلاقتەك ئاقىدۇ ياشىم مىنىڭ.
قارلىغاچ قارا نىمە قاناتىدىن ئايرىلمىسۇن،
قىز بالا ئاجىز نىمە ئاناسىدىن ئايرىلمىسۇن.

تېپىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيە ياماننۇ مەللىي يېزىسىدىن يۈسۈپ ئايۈپ.
تولىغۇچى: زۇنۇنگۈل ئابدۇرېھىم.

لوپنۇر كۆلىدە ئالتۇن،
سۈزۈپ چىقتىم تۇلۇم بىلەن.

ئارقا ھويلا ئىچىدە،
بىرغىنا زىلۋا تېرەك.
بىرغىنا زىلۋا بويىغا،
رەڭمۇ رەڭ غۇنچە كېرەك.

بازارغا بارغىنىم راستۇر،
قوش پىچاق ئالغىنىم راستۇر.
سىز ماڭا قارىمايسىز،
جۇۋاننى تاپقىنىم راستۇر.

ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا،
بولدى يۈرەكلەر كاۋاپ.
ھەپتىدە كۆرسەم بويىڭنى،
مەككە دەپ قىلسام تاۋاپ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيە يامانسۇ مەھەللىي يېزىسىدىن مەرە—
خان مەمەت.

توپلىغۇچى: زۇنۇن گۈل ئابدۇرېھىم.

باغدا پىشقان ئالمىلارنىڭ ياپرىقى بولسام،
كۆڭلۈمدىكى شۇل يارىمنىڭ ئامرىقى بولسام.
يارنىڭ ئۆيى يىراق دەيدۇ، داۋانى يوقتۇر،
مەن يارىمنى كۆرۈۋالسام يامانى يوقتۇر.
يار كېتىپ ئەجەب قىلدى، كېتەرىنى كىم بىلدى،
يار كەتكەنىنىڭ بوياقى يۈرەك باغرىم ئېزىلدى.

توپلىغۇچى: ئابدۇرۇسۇل روزى.

ئات ئالساڭلار تاي ئالماڭلار يولغا يۈرمەيدۇ،
چېچى ئۇزۇن، قاۋۇل چوكان قولغا كىرمەيدۇ.

ئۇتىڭىز يامان ئىكەن،
ئايرىلدۇق يامان چاغدا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيە باكۆۋرۈك يېزىسىدىن ھاجىرەم مەممەت.
توپلىغۇچى: ھەنىپە ئابدۇراخمان.

دۇتارنى چالاي دېسەم،
پەدىسىنى باسالمىدىم.
يار كېتىپتۇ قەشقەرگە،
كەينىدىن بارالمىدىم.

دەريا سۈيى لاي كەلدى،
يا ئۆرۈلدىمۇ باشتىن؟
بېشىمىزغا دەرد كەلدى،
ئايرىلدۇق قەلەم قاشتىن.

قارلىغاچ چاڭگا تىزىپتۇ،
قول يەتمەيدىغان يەرگە.
مېنىڭ يارىم كېتىپتۇ،
كۆز يەتمەيدىغان يەرگە.

يەرنى چاپ كەتمەن بىلەن،
مۇڭداشقىن دەردمەن بىلەن.
ئۇتۇك قالدى يۈرەكتە،
سەن ئۆزۈك كەتكەن بىلەن.

قاپاق تېرەك سايىسىدا،
ئۇخلاپ قاپتىمەن يارىم.
چۈشۈمگە كىرىپ قالساڭ،
يىغلاپ ساپتىمەن يارىم.

مەن سىنىڭدىن ئايرىلدىم،
ئەجەب بىر زۇلۇم بىلەن،

چۆل باياۋان ئىچىدە،
مەن يۈرۈيمەن غەم بىلەن.
مېنى غەمگە سېلىپ قويۇپ،
سەن يۈرۈيسەن كىم بىلەن؟

توپلىغۇچى: ئۈچتۇرپان ناھىيە ياكۆۋرۈك يېزىسىدىن ھاجىرەم مەممەت-

دەريا ئىدىم، كۆل ئىدىم،
سۇسىز قالدىم قاغجىراپ.
سىنىڭ بىلەن شاد ئىدىم.
قالار بولدۇم گاڭگىراپ،

ۋاقتى يەتسە ئېچىلمامدۇ،
باغدىكى قىزىلگۈللەر.
قاچانمۇ چىقار دەستىن،
بىللە يۈرگەن شۇ كۈنلەر.

تاغ بېشىدا سايرىغان،
بۇلبۇل بىلەن سېغىزخان.
سەن ئۇيەردە سېغىنساڭ،
مەن بۇ يەردە سېغىنغان.

باغدا بۇغداي ئورغىچە،
ئورغاق كەستى قولۇمنى.
سىز يار ئۈچۈن يول ماڭسام،
دۈشمەن توستى يولۇمنى.

كاككۇك ئاشىقى زەينەپ،
بىرى تاغدا بىرى باغدا.

بىزنى تاشلاپ قويۇپ،
كىمنى باخ ـ باخ ئەتتىلە؟

بادام دوپپىلىق يارىم،
قوناققا سۇ ئاچاي دەمسەن؟
كۆيۈك ئوتنى سېپ قويۇپ،
ئىلغا قاچاي دەمسەن؟

ھاۋانىڭ تۇمانىدىن،
بېشىم ئايلىنىپ كەتتى.
دۇشمەننىڭ سۆزى بىلەن،
يارىم ئايرىلىپ كەتتى.

بۇلۇتلار ئالاڭلاپتۇ،
يۇلتۇزلار شالاڭلاپتۇ.
يېڭىياچە يار تۇتسام،
مېنىڭدىن يامانلاپتۇ.

پەداز قىلىپ چىقىپسەن،
سەن بازارغا ماڭدىڭمۇ؟
ماڭا قاراپ قويمايسەن،
ئىرادەڭدىن ياندىڭمۇ؟

قۇشقاچ قەپەزدىن چىقمىدى،
جان نەپەستىن چىقمىدى.
يار سالغان بۇ دەرد ـ ئەلەم،
ھەرگىز ئەستىن چىقمىدى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: باي ناھىيە توقسۇن يېزىسىدىن ئىدرىس ئىسمايىل.
توپلىغۇچى: قەيىزم مەتتىمىن، ئۆمەر ساۋۇت.

ئۈرۈمچىدىن ماڭغاندا،
داخىيەندىن قايرىلدىم.
تەتۈر ئىككەن پېشانەم،
مەن يارىمدىن ئايرىلدىم.

بېشىمدىكى رومالىم،
گۈل شېخىغا ئىلىندى،
سەن يارىمدىن ئايرىلىپ،
يالغۇزلۇقۇم بىلىندى.

مـولـلا بالىسى ئالىم،
قورغوي بالىسى زالىم.
ئايرىلىپ كېتەر بولدۇق،
قانداق قىلىمىز يارىم.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك پارتكومدىن يۈسۈپ مامۇت.
توپلىغۇچى: مەدەنىيەت يۇرتىدىن ئىبراھىم قۇربان.

ئالما شاخى ئېگىلدى،
ئېگىلىشىنى كىم بىلدى.
سەن مېھرىبان يارىمدىن،
ئايرىلىشنى كىم بىلدى.

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ،
تامىنىڭ تۈۋىگە خەندەك.
ئۆز ياردىن ئايرىلىپ،
ھېچكىم بولمىسۇن مەندەك.

تاۋاردىن تامبال كىيىپ،
نېمىدىن باغ ئەتتىلە؟

زوقۇم كەلدى ئۇششۇغا،
باراي دېدىم قېشىڭغا.
بىر كېپىمغۇ بار ئىدى،
تەگمەي دېدىم چىشىڭغا.

گۈل چىمەنزار دەردىدە،
بولدى بۇلبۇل زارۇ زار.
مەن يارىمدىن ئايرىلىپ،
بولدۇم چۆلدە خارۇ زار.

باغدا بىر گۈل بار ئىدى،
شاخىدا بۇلبۇل سايرىدى.
سىز مېھرىبان دوستۇمدىن،
قانداق كىشى ئايرىدى؟!

ئېيتىپ بەرگۈچى: باي ناھىيە مىچىخ يېزىسىدىن تۇرسۇن سالى-
توپلىغۇچى: تۇرسۇن پەيزى، تۇمەرجان.

قىزىلگۈلدە يۇراق بار،
شاخىدا يوپۇرماق بار.
سۆيسەڭ ياخشىنى سۆيگىن،
ئاخىرەتتە سوراق بار.

ئېتىمنىڭ خۇيى يامان،
سۇندۇردى ئىگەرىمنى.
ئۇتىڭىز يامان ئىكەن،
كۆيدۇردى يۇرەكىمنى.

ئۆيدە ئېتىڭ بولمىسا،
ئات ئېلىپ مىنمەسمىدىڭ.

ئۆ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە،
چىققىنىم سەيلىگە.
يارنى ئۆنداق زورلاۋەرمەي،
قويۇڭ مەيلىگە.

دەريادا ئۆزۈپ يۈرگەن،
قاما بىلەن قۇندۇزمۇ؟
مېنى يامان دەپ يۈرۈپ،
تۇتقان يارىڭ موزدۇزمۇ؟

قۇم سۈرۈلدى قۇمباققا،
گۈل سۈرۈلدى گۈلباغقا.
كۆيۈپ ئۆلۈپ كەتمەيمەن،
يارىم سالغان پىراققا.

قورغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
بىلىكىمدىن پۇررىدە.
بەۋاپا يارنىڭ ئوتى،
تەگدى يۈرەككە پىژژىدە.

ئۇسسىغاندا سۇ ئىچتىم،
مەلەڭدىكى بۇلاقتىن.
مەن قانداق كېچەي ئەمدى،
سەن يارىم چىرايلىقتىن،

قىزىلگۈلنى قىسقانلار،
توزۇتماي قىسالامدۇ.
يار قەدرىنى بىلگەنلەر،
ئەسلىمەي يۈرە مدۇ؟!

ئېگىز تاغقا چىقماڭلار،
ئېگىز تاغدا بۆرە بار.
نادان يارنى سۆيمەڭلار،
يانچۇقىدا دورا بار.

چىللاق توخۇم، چىللاق توخۇم
يارىم ئويغانسۇن.
لەۋلىرىدىن چىشلەپ ئالاي،
چۆچۈپ ئويغانسۇن.

داپىنىڭ ھالقىسى قويۇق،
ھەر چالسام يۇرۇشمەيدۇ.
كۆڭلۈمدىكى يارىم يوق،
ناخشا ئېيتسام كېلىشمەيدۇ.

ئاق چەكمەن يېشىل چەكمەن،
رەڭدە بويىغان چەكمەن.
يىگىتلەردىن خەۋەر يوق،
چوكانلار ئۆزى دەردمەن.

دۇتارىڭنى ئال يارىم،
غېرىب چۆللەردە چال يارىم.
سەن مۇساپىر مەن غېرىب،
مېنى كەينىڭگە سال يارىم.

ئۇ مەھەللەڭدىن بۇ مەھەللەڭگە،
ئويناي دەپ كەلدىم.
مەيلىڭ بارمۇ، مەيلىڭ يوقمۇ،
سىناي دەپ كەلدىم.

سېنىڭ كۆڭلۈڭ مەندە بولسا،
بىر قېتىم كەلمەسمىدىڭ.

قاشىڭ ئەسلى قارادۇر،
ئۇسما قويغۇنىڭ يالغان.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
سېنىڭ كۆيگۈنىڭ يالغان.

بۇغداي باغلىغان باغلىق،
يارنىڭ قولىدا ياغلىق.
بەكمۇ كۆيدۈمەن دەيدۇ،
كۆيۈشلىرىمۇ چاغلىق.

كەلمىدى دەيسەن مېنى،
بىر نۆبىلەشنىڭ ئورنى يوق.
يەتمىسەڭ بۇ ھالىمغا،
دەپ يۈرۈشنىڭ ئورنى يوق.

كۆيمىدى دەمسەن مېنى،
كۆيۈپ يۈرۈشنىڭ ئورنى يوق.
كۆيمەي دېسەم ئۇتۇڭ يامان،
جاندىن كېچىشنىڭ ئورنى يوق.

كەتمەكچى بولۇپ قالدۇق،
يار كېتەمدىكىن بىللە.
يار كەتسە بىللە كەتسۇن،
ئويۇن ـ كۈلكىسى بىللە.

مىنى ئوتقا سېلىپ قويۇپ،
ئايرىلىپ چىدارسەنمۇ؟

قىزىلگۈلۈم ـ قىزىلگۈلۈم،
ئەجەب چاغدا غازاڭ بولدۇڭ.
مىنى ئوتتۇرغا سېلىپ قويۇپ،
ئۆزۈڭ يولغا راۋان بولدۇڭ.

بىزنىڭ مەھەللە بەشتېرەك،
بىز كۆرۈشتۇق تەستېرەك.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
يەنە بىر كۈن كەچتېرەك.

ئۆگزەمگە سېلىپ قويدۇم،
يېڭى ئالغان بورىنى.
تاپالمايمىز دۇنيادا،
مەندەك بەلەن جورىنى.

مىنى موللا يىگىت دەيدۇ،
مىنىڭ موللالىقىم ياخشى.
سېنىڭدەك بىۋاپا ياردىن،
مىنىڭ يالغۇزلىقىم ياخشى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ شەھىرى قاراتال يېزىسىدىن: ئىمىن زايىت.
توپلىغۇچى: جۇمە ئاخنىياز.

چەينەكنىڭگە چاي سېلىپ،
چېيىڭنى قاينىتاي يارىم.
ئىشىك ئالدىڭدىن يار تۇتۇپ،
ئىچىڭنى قاينىتاي يارىم.

دەرياغا كەلگۈن كەپتۇ،
شاخ سىلىپ ئۆتمەيلىمۇ،
خەلقى ئالەم ئالدىدا،
يېتىلىشىپ يۈرمەيلىمۇ.

قاشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە،
ئاشنا بولدۇم ئۆزۈڭگە.
بىر نەچچە زامان بولدى،
ئېيتالمىدىم ئۆزۈڭگە.

توپلىغۇچى: قەييۇم مەشمەن.

سۆزۈم مېنىڭ ئالەمچە،
پەقەت سۆزلىيەلمەيمەن.
شۇمۇ سېنىڭ كۆيگۈنىڭ،
ئەمدى ئىزلىيەلمەيمەن.

بىغىڭىزنىڭ تىمى پەس،
ئالمىڭىزنى يېگەن بىز.
سىز يارىمنىڭ كۆڭلى پەس،
شۇڭا تاشلاپ كەتكەن بىز.

ئالما بەرمىگەن يارنى،
ئالما بىرلىك دەرمەنمۇ.
كۆڭۈل بەرمىگەن يارنىڭ،
ئوتىدا كۆيەرمەنمۇ.

ياپىپىشىل چىنارسەنمۇ؟
قايرىسا سۇنارسەنمۇ؟

سەنمۇ كىيگەن كاستيۇمنى،
مەنمۇ كىيگەن ئەمەسمۇ؟
ئالتە ئاي بولدى كۆيگەنگە،
ماڭا ئۇۋال ئەمەسمۇ؟!

بارىلى دېگەن يارىم،
يانىلى دېگەن يارىم.
تىرىك تۇرۇپ ئايرىلساق،
ئۆلەيلى دېگەن يارىم.

بېغىڭغا كىرىپ قېلىپ،
توك غوراڭنى يەپتىمەن.
ۋەدە بەرسەڭ كۆيدۇم دەپ،
يارىم مۇشۇ دەپتىمەن.

خەق بەرگەننى مەن بەردىم،
تەلەپ قىلمىدىم يارىم.
ئوتقا سالمىسام سېنى،
قاچان چىقىدۇ دەردىم؟!

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
چېچىڭغا جالا سالما.
ئەمدى سېنى ئالمايمەن،
كەلگەنلەرنى ياندۇرما.

كۆك يانتاقنى قالاپسىز،
مورىڭىز تۈتۈن يارىم.
شۇنچە قىلسام بىلمەيسىز،
باغرىڭىز پۈتۈن ياردم.

ئاسمان بۈگۈن تۇمانسىز،
سىزگە كۆيدۈم تۇيغانسىز.
ئىككىمىزنى ئايرىغان،
كۆڭلى قارا ئىمانسىز.

يارىمنىڭ ئۆيى باشتا،
مەن بارايمىكىن ئاستا.
ئەسلى مەيلىڭ بولمىسا،
نېمىشقا ئۇينىغان باشتا.

ئالما ـ ئالما دېگەنمۇ؟
باغدا ئالما دېگەنمۇ؟
ئىككىمىز دوست بولغاندا،
ئايرىلارمىز دېگەنمۇ؟

يا مۇھەممەت، يا ئېلى،
خۇداغا تاپشۇردۇم سېنى!
ھەقتە ئاللا ساقلىسۇن،
ئۇندا سېنى، بۇندا مېنى.

كېتەردە خۇش دېمەي كەتكەن،
مېنىڭ ئۇنداقمۇيارىم يوق.
پېشانەمگە پۈتۈلگەن شۇ،
ئۇنى كۆرمەسكە چارەم يوق.

ساندۇقىمنىڭ ئاستىنى،
ئالتۇن بىلەن ياپتىڭمۇ.
مەندىن باشقا يار تۇتۇپ،
مۇرادىڭغا يەتتىڭمۇ؟

مەن بۇ يەرگە كەلمەيتتىم،
بېشىم ئايلىنىپ كەلگەن.
مەندىن تولا گەپ سورىما،
ياردىن ئايرىلىپ كەلگەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: تۇنساخان ئەھمەت.
توپلىغۇچى: پاتەم نىياز.

موخۇركام تۈگەپ كەتتى،
ناسىۋال چېكەي دەيمەن.
ياردىن كۆڭلۈم ئاغرىدى،
بۇ يۇرتتىن كېتەي دەيمەن.

ئىككى تاغ ئاراسىدا،
ئېرىمەيدىكەن قارلار.
بىزدىن ئامەت قاچقاندا،
قارىمايدىكەن يارلار.

بولۇت ئەگىپ كەتمەيدۇ،
تاغ باشىدىكى قاردىن.
ئەمدى كەتسەم كەلمەيمەن،
كۆڭلۈم ئاغرىدى ياردىن.

ھېچكىمشى ئۆلمەيدىكەن،
ياردىن ئايرىلغان بىلەن.
مەنمۇ ئۆلمەي يۈرۈيمەن،
سەندىن ئايرىلغان بىلەن.

يار ئۆزى كەتكەن بىلەن،
كۆڭلى ئۇنىڭ كەتمىدى.
مەن خۇداغا يىلىنسام،
ئەرزىم خۇداغا يەتمىدى.

مىلتىقىمغا ئوق سالدىم،
ئاق قۇشقاچنى ئاتقىلى.
توغۇلغانمۇ مەن شۇنداق،
سېنىڭ دەردىڭنى تارتقىلى؟!

سەن بېغىمغا كىرىپسەن،
ئالمىلارنى ئۈزۈپسەن.
مېنى تاشلاپ كېتەمسۇ،
يالغۇزغىنا يۈرۈپسەن.

تاماكىنى ئەتسىلە،
ھەسەل قوشۇپ چەكسىلە.
قانداق چىدار بۇ يۈرەك،
بىزنى تاشلاپ كەتسىلە؟!

بۇلبۇل بولۇپ ئۇچارسىز،
قىز دىلگۈلگە قونارسىز.
غېرىب بولغان چاغلاردا،
بىزنى ئەسلەپ قويارسىز.

مەن يارىمغا كۆيەرمەن،
باغدا پىشقان ئالمىدەك.
يارىم مېنى تاشلىۋەتتى،
ئېتىزدىكى چالمىدەك.

چاي ئىچسىڭىز بىر چۆگۈن،
ماڭا قاپتۇ شامىسى.
مېنى ياردىن ئايرىغان،
ئالمىخاننىڭ ئانىسى.

يارىم ئاش ئېتمەك دەيدۇ،
ئېتەلمەيمەن يوەدانىنى.
يار مېنى يامان دەيدۇ،
تېپىۋالسۇن ئوبدانىنى.

باغدا باققان پاقلاننى،
سەمرىتىپ سوياي دەيمەن.
ئەسقاتمىغان شۇ ياردىن،
ئايرىلىپ كېتەي دەيمەن.

ئۇ تاغلارمۇ يىراقتا،
بۇ تاغلارمۇ يىراقتا.
مەن يارىمدىن ئايرىلىپ،
ئەجەب قالدىم پىراقتا.

ئوتنى ياقسام ئوچاققا،
ئىس چىقمايدۇ مورامدىن.
قىلتاقچى يامان ئىكەن،
ئايرىۋەتتى جورامدىن.

ئاتلارنى قوشۇپ قويدۇم،
يوپۇق ياپىمەن ئەمدى.
مەن يارىمدىن ئايرىلدىم،
يالغۇز ياتىمەن ئەمدى.

توپلىغۇچى: تاھىر قاسىم.

گۈلى ئەنبەرنى كۆرۈك،
سۇغا بېقىپ ئاچىلۇر.
بىۋاپا يارنى كۆرۈك،
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلۇر.

ئېتىگنى قويۇپ بەردىم،
ئوقۇردىكى سامانغا.
بىۋاپاغا مەيلىم يوق،
يېتىۋالسۇن ئارمانغا.

ئېچىلمىغان گۈللۈكتىن،
يانتاق گۈلى ياخشىراق.
ئەسقاتمىغان يارىمدىن،
تەنهالىقىم ياخشىراق.

شاپتۇل شېخى ئېگىلدى،
ئېگىلگەننى كىم بىلدى.
باشتا ئوبدان دوست بولۇپ،
ئايرىلارنى كىم بىلدى.

قۇشقاچلار جاۋىلدايدۇ،
چاڭگىسىنى تاپالماي.
جۇدالىقتا يىغلايمەن،
يار قېشىدا ياتالماي.

يارىنىڭ بېغىدا بىر گۈل،
ماڭا قايرىلاي دەيدۇ.
مەن يارغا نېمە قىلدىم،
مەندىن ئايرىلاي دەيدۇ.

قارچۇغام ئۇچۇپ كەتتى،
پەلىيىمنىڭ يوقىدىن.
قارا كۆز كېتىپ قالدى،
تەلىيىمنىڭ يوقىدىن.

قولىغا ياغلىق ئېلىپ،
يېشىمنى ئېيتاي دېمىدى.

ئۆزى ئاق، كۆڭلى قارا،
خۇيمۇ ئەلەم قىلدى ماڭا.
قىلغىنىڭ كۆڭلۈڭدە تۇرسۇن،
مەنمۇ قىلارمەن ساڭا.

قىزىق ئاشنى ئىچمەيمەن،
كۆيدۈردۇ لەۋلەرنى.
كىمگە بېرىپ ئېيتارمەن،
يۈرەكتىكى دەردلەرنى.

قاپقارا تەلپەك كىيىپ،
قاراقچى بولامدۇ كىشى.
بىۋاپا يار دەردىدە،
راۋابچى بولمامدۇ كىشى.

ئالمىڭىزنى تەرمەيمەن،
ئېتىكىمنى لاي قىلىپ.
بىۋاپانى سۆيمەيمەن،
يۈرىكىمنى داغ قىلىپ.

ئاق ساراي بولغان بىلەن،
زەدىۋالى يوق ئىكەن،
ئالدىراپ بەرگەن كۆڭۈلنىڭ،
ئەتىۋارى يوق ئىكەن.

ئاق تىكەن ئوتتا كۆيەدۇر،
كۆك تىكەنگە چارى يوق.

مەن يارىمدىن ئايرىلدىم،
ئىرادىگە نە چارە.
يارىم يىغلاپ يۈرۈيدۇ،
كۆڭلى يۇمشاق بىچارە.

گۈل شېخىدا سايرىغان،
بۇلبۇلگويا ئەمەسمۇ.
يۈرىكىمنى داغ قىلغان،
مېنىڭ يارىم ئەمەسمۇ.

ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك،
شولا بەرمىگەن يارىم.
ئاغزىدا كۈلۈپ قويۇپ،
كۆڭۈل بەرمىگەن يارىم.

ئېرىقنىڭ ئىچى تاشلىق،
چاپاي دېسەم كەتمەن يوق.
دەردىمنى ئېيتاي دېسەم،
ماڭا ئوخشاش دەردمەن يوق.

ھاۋادىكى لاچىننى،
پېشايۋانغا ئۈگەتتىم.
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
غەزەل بىلەن تۈگەتتىم.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ شەھىرى ئىگەچى يېزىسىدىن: داۋۇت ئىسلام.
توپلىغۇچى: روشەنگۈل ئەزىز، پاتەم نىياز.

ئۆزى ئاق، كۆڭلى قارا،
ھالىمنى سوراي دېمىدى.

بىۋاپا يار تۇتقىچە،
تەنها يۈرگىنىم ياخشى.

دەردىنىڭ تولىسى كەتتى،
مۇندىن كېيىن تارتمايمەن.
بۇ ئالەمدە تارتقاننى،
ئاخىرەتتە تارتماسمەن.

بىر سەر ئالتۇن ئون مىسقال،
تارتىپ كۆرۈپ باققان يوق.
ئالتە ئاي تارتىپ دەردىڭنى،
بويۇڭنى بىر كۆرگەن يوق.

تاغ باغرىدا ئاچىلغان،
ئانار گۈلىنىڭ نارىمەن.
ھەر تەرەپكە يول ئالغان،
بىۋاپانىڭ يارىمەن.

بوزلۇقتا - ئېتىزلىقتا،
كەتمەننى راسا چاپتۇق.
ئۆزىمىز كىچىك تۇرۇپ،
يار دەردىنى خوپ تارتتۇق.

ئېشەكچى دېمەڭ بىزنى،
قەشقەر يولىدا كارۋان.

دەردى بار ئۇتتا كۆيەدۇر،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق.

ئالما بەرمىگەن يارنى،
ئالما بەردى دەرمەنمۇ.
كۆڭلى قارا شەل يارنى،
كۆڭۈل بەردى دەرمەنمۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ شەھىرىدىن ئۆمەر بۇلبۇل.
توپلىغۇچى: پاتەم نىياز.

بەلەزۈكۈم يوق دەيسىز،
ئۇنى ھېچكىم ئالغان يوق.
نادانلىقتا يار تۇتۇپ،
بىزدەك داغدا قالغان يوق.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ تۇمباش يېزىسىدىن نۇرمەھەممەت نىياز، 60 ياشلىق
دېھقان (ساۋاتسىز)
توپلىغۇچى: ئەمەتنىياز مەتنىز.

بىر پۇتۇمنى شاققا ئىلدىم،
بىر پۇتۇمنى داغىغا.
ئەمدى مەن قانداق قىلاي،
بىۋاپانىڭ ھالىغا؟!

باغىڭ بوستان بولمىسا،
بۇلبۇل كېلىپ سايرامدۇ؟!
يارىڭ ھەسرەت چەكمىسە،
كۆندە كېلىپ زارلامدۇ؟!

شولا چاچمىغان ئايدىن،
سۆنىڭ سۆزۈكى ياخشى.

سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل،
ئەمدى سايرىماس بولدى.
دۈشمەننىڭ گېپى بىلەن،
يېشىم قۇرىماس بولدى.

باغدا پاختەك، چۆلدە ئۆردەك،
مايسا چايناپ يۈرگۈدەك.
شۇ مېنىڭ بىچارە يارىم،
ھەر جايدا يىغلاپ يۈرگۈدەك.

سوپىياڭ سېرىق بولۇر،
يول ياقىسى ئېرىق بولۇر.
ياردىن ئايرىلغان كىشىنىڭ،
چىرايى سېرىق بولۇر.

سوپىياڭنىڭ بالىسى،
شاخ ئارىلاپ سايراپ ئۆتەر.
ياردىن ئايرىلغان خېنىم،
تام ياقىلاپ يىغلاپ ئۆتەر.

مەن بۇ يەرگە كەلمەيتتىم،
باشلاپ كەلگەن ئىبراھىم.
ئاشىق بىلەن مەشۇقنى،
ئايرىۋەتتى خۇدايىم.

سارغايدى دېمەك بىزنى،
يار دەردىدە سارغايغان.

تويلىغۇچى: نىياز مەخمۇت.

ئاخشام ئوينىغان جايدا،
ئالتۇن ئۈزۈكۈم قاپتۇ.
جاندىن ئەزىز يارىمغا،
بىر ئېغىز سۆزۈم قاپتۇ.

ئالتە ياڭزا يىپ ئالدىم،
رەڭدار ياغلىق توقۇشقا.
يىغلاپ تۇرۇپ خەت يازدىم،
كۈلۈپ تۇرۇپ ئوقۇشقا.

ئاخشام چىققان تولۇن ئاي،
شوخ يارىمنى ئەسلەتتى.
يۈرىكىمدە جانانغا،
كۆيگەن ئوتنى پەسلەتتى.

ئاتلىنىپ سەپەر قىلدىم،
ئۆزۈم بىلمىگەن يەرگە.
يارىم ئىچىڭ ئاغرىسۇن،
ئاشىقىڭ قەلەندەرگە.

كاككۇك جۆرىسى زەينەپ،
بىرى باغدا، بىرى تاغدا.
يارنى دۈشمەن ئايرىيدۇ،
بىر سۆيەي دېگەن چاغدا.

سېرىق چېچەن قايدا بار،
سىزدەك يارىم نەدە بار.
ئايرىلاردا بىر سۆيسەك،
قىيامەتتە پايدا بار.

راۋابىمنىڭ تارى يوق،
ئۇنى چالماي چارى يوق.
يېگىياچە يار تۇتسام،
تاشلىۋەتتى، كارى يوق.

ياغلىقىمنى يۇيدۇرۇپ،
ئاق تانىغا يايدۇردۇم.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى،
بەش كۈن بولدى ياندۇردۇم.

ئات مىنىپ سەيلە قىلىپ،
ئۈچ داۋاننى ئاتلىدىم.
سەن كېتىپ ئۈچ كۈن ئۆتۈپ،
يۈرىكىمنى تاتلىدىم.

ئاق تىكەن ئاپئاق تىكەن،
شېخىدا گۈل بار ئىكەن.
گۈلىنى مەن ئۈزگەن چېغىمدا،
باغدا يارىم بار ئىكەن.

قىردا گۈللەر ئۆسۈپتۇ،
غۇنچە بولۇپ قايرىلىپ.
ياتسام ئۇيقۇم كەلمەيدۇ،
سىز ياردىن ئايرىلىپ.

ئەجەب كەلمىدىڭ يارىم،
ئوتياشنى ئوتاشقاندا.
ئەجەب چاغدا ئايرىلدۇق،
يۈرەككە ئوت تۇتاشقاندا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: توقسۇ ناھىيە بازار ئىچىدىن ھەبىبەم قارى-
توپلىغۇچى: ئامان ناسىر.

ئورمىگىزنى ئوردۇم مەن،
ئۈنچىگىزنى سايلىماي.
يېنىگىزدا يار تۇتتۇم،
ئوتىگىزغا پايلىماي.

كەتسەڭ كېتەۋەر يارىم،
سەندىن نىمە پەرۋايىم.
بۇ باشىم ئېسەن بولسا،
ھەر جايدا مېنىڭ يارىم.

پاكچىۋ كۆڭلىكىم باردى،
ئوت چاچراپ كۆيۈپ قاپتۇ.
كۆڭلۈمدىكى يارىمغا،
تىل تېگىپ ئۆلۈپ قاپتۇ.

ھاۋادا بۇلۇت كۆڭلۈم،
دەريادا بېلىق كۆڭلۈم.
ياخشى يارنى تاپقاندا،
ياماننى ئۇنۇت كۆڭلۈم.

ئېيتىپ بەرگۈچى: توقسۇ ناھىيە تۆكەن يېزىسىدىن مەمەتنىياز ئەمەت
توپلىغۇچى: بارات غوپۇر، ھەمدەم سابىر.

1991 - يىل 7 - ئاي

شاپتۇل شېخى لىڭشىيدۇ،
لاچىن بارمىكىن دەيمەن.
بىزنىڭ يارلار غىڭشىيدۇ،
گېپى بارمىكىن دەيمەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات غورۇچۆل يېزىسىدىن ئۈنچەم ئابدۇرۇسۇل، 20 ياش، ئوقۇتقۇچى.

توپلىغۇچى: ئابدۇقادىر مۇسا.

ئالما بەردىم قولۇڭغا،
كۆيۈپ قالدىم بويۇڭغا.
قاچانغىچە قارايمەن،
سېنىڭ ماڭغان يولۇڭغا.

ئىشىك ئالدى قوش ئېرىق،
ئېقىپ كەتتى بەش بېلىق.
مەن يارنى دەپ كەپتىمەن،
ئەجەب يەتتى غېرىبلىق.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات تامتوغراق يېزا تامتوغراق كەنتىدىن مادۇت مەمەتىل، ساۋاتسىز، 47 ياش.

توپلىغۇچى: سېلىخان موللامەت.

بىر جۈپ كۆزۈڭ ئوخشايدۇ،
ئېقىپ تۇرغان بۇلاققا.
ۋەدىلەشكەن گۇناھمۇ،
قالدۇق ئەجەب سوراققا.

چۆلمۇ چۆللەرنى كېزىپ،
كەلدىم سېنى كۆرگىلى.
باغرىڭىز قاتتىق ئىكەن،
تاس قالدىڭىز ئۆلتۈرگىلى.

قولۇمدىكى ياغلىقىم،
گۈل شاخىغا ئۇلىمىدى.
سەن يارىمدىن ئايرىلىپ،
غېرىبلىقىم بىلىندى.

ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن،
ئەقىدەمگە يىغلايمەن.
دۈشمەن كىردى ئارىغا،
بۇنى سەندىن كۆرمەيمەن.

قىزىلگۈلنى پەرۋىشلەپ،
ئەتىرگۈلدىن ئايرىلدۇق.
كۆڭلى قارا يارنى دەپ،
ياخشى ياردىن ئايرىلدۇق.

يۈرەكتىكى ئوتلىرىم،
ئۇلغىيىشقا باشلىدى.
ۋىجدانسىز مېنىڭ يارىم،
كۆيدۈرۈۋېلىپ تاشلىدى.

ئۆستەڭ سۈيى تارتىلدى،
يار سۇ تۇتتىمىكىن باشتىن.
خەقنىڭ گېپىگە كىرىپ،
ئايرىلدىم قەلەم قاشتىن.

بۇلبۇل سايرىغان باغدا،
غۇنچە پورەك ئاچماپتۇ.
ئايرىلىشنىڭ دەردىنى،
يار مېنىڭدەك تارتماپتۇ.

ئالمىنىڭ نازۇك شېخى،
ئېگىلىپ سۇنمايدىكەن.
ياردىن ئايرىلغان خېنىم،
سارغىيىپ ئۆلمەيدىكەن.

بازارغا بارسام بىللە سەن،
تاغقا چىقسام بىللە سەن.
قارىسام كۆرۈنمەيسەن،
قارا كۆزۈم نەدە سەن؟

كەتتى - كەتتى بىزنىڭ يارلار،
كوچاغا كەتتى.
كىلەر دېسەم كەلمەي قالدى،
غېرىبلىق يەتتى.

ئالتە ئاي بولدى بۇ دەردكە،
يارىم كەلمەس قېشىمغا.
شۇ يارىمدىن ئايرىلىپ،
غەملەر چۈشتى بېشىمغا.

توپلىغۇچى: سېلىخان موللامەت.

كارىۋات قويسام ئۆيۈمگە،
كەملەپ قالدى بىر تال شال.
سېنىڭ بىلەن يۈرمەيمەن،
قايتىپ كىرىپ ئۇخلاپ قال.

قەمبەرخان لەۋەن ئاتلىق،
كەلمەملا جېنىم تاتلىق،
بىزدىن ئايرىلىپ قېلىپ،
بولماپلا تېخى ياتلىق.

سۇلار شارقىراپ ئاقسا،
تۈگمەنىنىڭ نۇرى دەڭلار.
يار ئۈچۈن ئۆلۈم كەلسە،
ئۆزۈمنىڭ شورى دەڭلار.

ئاسماندىكى چولپاننىڭ،
شام چىراغى بارمىكىن؟!
يۈرىكىمنى يېرىپ باق،
تازا يېرى بارمىكىن؟!

ئاخشام كەلدىم تېمىڭغا،
كەلگىنىمنى تۇيدۇڭمۇ؟!
توخۇ ئىككى چىللىدى،
چىقمايسەنغۇ ئۆلدۈڭمۇ؟!

ئوتىمىزنى ئىسسىنىلا،
چوغىمىزنى چاچمىسىلا.
سۆيگۈ دېگەن ئۇلۇغدۇر،
بىزدىن يىراق قاچمىسىلا.

موللىنى موللا قىلغان،
دەپتىرى ھەم قەلىمى.
كونا يارنىڭ ئوتى ئۆچتى،
يېڭى يارنىڭ ئەلەمى.

بېغىمغا ئانار قويدۇم،
چۆرىسىنى قىرىم قىلىپ.
نېمانچە يىغلايسەن،
كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىپ.

مەن ئەپ بەرگەن توپلىنىڭ
پايپاق بىلەن پاتامدۇ؟
ئەقلى بولسا شۇ كىشى،
بىزدەك يارنى تاشلامدۇ؟

ئىشىك ئالدىدا قۇملۇق،
ئىشىكىمنى قۇم باستى.
يېڭى يارنى مەن تۇتسام،
كونا يارنى غەم باستى.

باغقا كىرىپ هەر كۈنى،
كۆرۈپ باقسام بويۇڭنى.
ساق ـ سالامەت بولساقلا،
كۆرۈشەرمىز بىر كۈنى.

قىزىلگۈلنى گۈلۈم دەپ،
رەيھانگۈلدىن ئايرىلدىم.
بىۋاپانى يارىم دەپ،
ۋاپادارىدىن ئايرىلدىم.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە توپبۇلدى يېزىسىدىن مەھەممەت نىياز.
توپلىغۇچى: قەيسەر.

گۈلمىدى ئېچىلغىلى،
بۇلبۇلمىدى سايرىغىلى.
ۋەدىمىز شۇنداقمىدى،
ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلغىلى.

تاغدا كاككۇك، باغدا ئۆردەك،
دان تاپالماي يۈرگۈدەك.

ئاق تىكەندىن چەمەك ئالدىم،
جىگدەگدىن يېپىلىم.
ئەمدى سېنى سۆيمەيمەن،
ئاغرىدى دىلىم.

يار مېنى سۆيۈپ قويۇپ،
ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
مەندىن كۆڭلى قالغاچقا،
باشقىغا تېگىپ كەتتى.

باغقا كىرسەم بېغىمنىڭ،
ئالمىلىرى بەك بوپتۇ.
ۋاپا قىلماي ۋەدەگە،
ئابرۇيىڭغا سەت بوپتۇ.

باغقا كىرسەم خۇشپۇراق،
ئۆيگە كىرسەم جىن چىراغ،
مەن يارىمنى سېغىندىم،
باراي دېسەم يول يىراق.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە گۈلباغ يېزىسىدىن، دوللاھاشىم مەمتىلى،
60 ياش، دېھقان، ساۋاتسىز.
توپلىغۇچى: داۋۇت.
1989 - يىل، 6 - ئاي

بۈگۈن ئايدىڭ بەك بولدى،
ئايغا ئوخشىتاي يارنى،
ئايرىلىش يامان ئىكەن،
قانداق تۈگىتەي داغنى.

شىلدىر - شىلدىر قومۇشقا،
ئۇتنى ياقتىڭ نېمىشقا؟
ئەسقاتمىغان شۇ يارغا،
كۆڭۈل بەردىڭ نېمىشقا؟

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە يېڭىمەھەللىدىن تۇردى توختى.
توپلىغۇچى: ماھىرە.

مەن شاياردىن چىققىچە،
بىر تال ئالما كۆرمىدىم.
ئۆز يارىمنى تاپالماي،
باشقىلارنى سۆيمىدىم.

ئالما شاخىغا قونۇپ،
كاككۇك كۈلۈپ سايرىدى.
دۈشمەن كىرىپ ئارىغا،
يارنى مەندىن ئايرىدى.

يارىم ئالما ئاتقانتى،
تېگىپ كەتتى بېشىمغا.
يار دەردىدە مەن ئاغرىق،
بىر كەلمىدى قېشىمغا.

مەن مەھەللەڭگە بارمايمەن،
مەھەللەڭنىڭ گېپى يامان.
بارمايمەن، كۆرۈشمەيمەن،
بارسام ئۇتلىرىڭ يامان.

ئورۇس ھارۋىسى دەيدۇ،
ئارقا چاقى پەس ئىكەن.

تاشلاپ كەتكەن ۋاپاسىزلار،
يار تاپالماي يۈرگۈدەك.

ئەمەل قىلماي ۋەدەڭگە،
ئەمدى تانساڭ تېنىۋەر،
رەنجىمەيمەن سېنىڭدىن،
ئەمدى چانساڭ چېنىۋەر.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە يېڭىجەھەلىدىن ئەخەت روزى.
توپلىغۇچى: ناسىرجان.

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
باغدا پىشقان ئەمەسمۇ.
گۈللۈك باغدا ئولتۇرۇپ،
ۋەدىلەشكەن ئەمەسمۇ.

شاخ ئېگىلدى پەس بولدى،
كۆڭ ئېگىلدى كەچ بولدى.
ئارىلىقىمىز يىراق بولغاچ،
كۆرۈشمىكىمىز تەس بولدى.

ئېگىز تاغنىڭ باشىدا،
جاراڭلىغان ناخشىمۇ؟
مەن سېنى ئۇنۇتمىسام،
سەن ئۇنۇتساڭ ياخشىمۇ.

گۈلۈم كەتتى - گۈلۈم كەتتى،
قولۇمدىن بۇلبۇلۇم كەتتى.
ئۆز يۇرتۇم دېگەن بىلەن،
غېرىبلىق ماڭا يەتتى.

كېيىمىم كىر بولۇپ كەتتى،
يار كېلىپ يۇيۇپ بەرسۇن.
كۆڭلۈم بۆلۈنۈپ كەتتى،
مەيلىمگە قويۇپ بەرسۇن.

قولۇمدىكى ياغلىقىنىڭ،
بىر ئۇچىنى سەن تۇتقىن.
سەن مېنى يامان دېسەڭ،
مەندىن باشقا يار تۇتقىن.

گۈل بېغىمغا كىردىڭىز،
گۈل شېخىنى سۇندۇرماڭ.
كىشىنىڭ يارى ئەمەسمۇ،
ئۆزىڭىزنەڭكىدىن ئايرىلماڭ.

كەپتەر باقساڭ دەمدەرباق،
پېشايۋاندا ئۈنلەيدۇ،
بۇ كۈنىنىڭ سەتەڭلىرى،
كۆيگەن يارنى بىلمەيدۇ.

بەلباغلىرىمنى سەللە ئېتىپ،
ئالدامچى بولدۇم يارىگۈل.
تەلىيىمنىڭ يوقىدىن.
يالغانچى بولدۇم يارىگۈل.

سەن ئۆزۈڭ كەتكەن بىلەن،
كۆڭلۈم سېنىڭدىن كەتمىدى.
ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام،
ئەرزىم خۇداغا يەتمىدى.

سىز يارىمدىن ئايرىلىپ،
چىدىماق بەك تەس ئىكەن.

ئۈرۈمچىنىڭ يولىدا،
يالغۇز ماڭدىم پىيادە،
يىغلىماڭ جېنىم يارىم،
بىزگە كەلگەن ئىرادە.

ئۇچالمىدى قارچۇغا،
قاناتلىرى قايرىلىپ،
يۈرەك قانداق چىدايدۇ،
بىر ياخشىدىن ئايرىلىپ.

باغنىڭ ئوتى، تاغنىڭ ئوتى،
كۆيدۈرىدۇ يارنىڭ ئوتى.
مۈزنى ياقسام سەگمەيدۇ،
يىراقتىكى يارنىڭ ئوتى.

ئات مىنىسەممۇ ئوينايمەن،
مىنمىسەممۇ ئوينايمەن.
سەن گۆدەكنى تاشلىۋېتىپ،
چوكان بىلەن ئوينايمەن.

باشتا سۆيگەن يارىمنىڭ،
بىلمەپتىمەن قەدرىنى.
ئايرىلىشنى كىم بىلدى،
ئەمدى تارتىم دەردىنى.

ئېيتىپ بەرگۈچى : شايار ناھىيە يىغىمەھەللىدىن ھاموت ھاشىر
توپلىغۇچى : پولات ئاخنىياز،

سەن يارىمنى ئۇيلىسام،
غەم باستى مېنى.

قاپقارا بوران كېلىپ،
توزۇتتى گۈل بەرگىنى.
كىمگە ئېيتىپ، كىمگە يىغلاي،
بىۋاپا يار دەردىنى.

جىنەستە يەي جىنەستە،
شاختا پىشقان جىنەستە.
مەن ئىشكىگىدىن ئۆتكەندە،
قاراپ قالدىڭ ھەۋەستە.

ئەنجان تېمىڭ ئېگىزكەن،
بويۇنداپ كۆرەلمىدىم.
سەندىن ئايرىلىپ يارىم،
مەن يالغۇز يۈرەلمىدىم.

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى تاللىق،
قاچان كېلىدۇ يارلىق.
ئوتۇڭدا تولا كۆيدۈم،
سېنىڭ كۆيگۈنىڭ چاغلىق.

يار بىلەن ئوينايمەن دەپ،
سۇندى مېنىڭ نازۇك قولۇم.
يارىمنىڭ ياغلىقىدا،
تاڭسام ساقايمادۇ قولۇم.

بېغىڭدىكى ئۆرۈكنىڭ،
شاخىنى قانداق ئەگدىلا؟

چوكان دېسە مەن دەيدۇ،
جۇۋان دېسە مەن دەيدۇ.
مەن دېگەندە كەلمەيدۇ،
ئەمدى چولام تەگمەيدۇ.

گۈل غۇنچىسى گۈللۈكتە،
كۆنگە قايرىلاي دەمدۇ.
يار ئۆزىنى كۆرسەتمەي،
تېرىك ئايرىلاي دەمدۇ.

ئالما دەپ سۇنسام قولۇمنى،
ئانار ئىكەننى بىلمىدىم.
يارى دەپ سۆيسەم سېنى،
يامان ئىكەننى بىلمىدىم.

مەن بېغىڭغا كىرمەيمەن،
گۈللىرىڭنى ئۈزمەيمەن.
كىچىك بولسام چوڭ بولدۇم،
نادان بىلەن يۈرمەيمەن.

بۈگۈن ئايغا بەش بولدى،
قۇياش پېتىپ كەچ بولدى.
يارىم كېتىپ يىراققا،
كۆرۈشمەككە تەس بولدى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كەلپىن ناھىيە يورچى يېزىسىدىن ئابلەت.
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئەمەتجان داموت.

تام تۈۋىدە ئولتۇرسام،
تام باستى مېنى.

سەن يارىمنىڭ گەپلىرى،
يۈرىكىمدە داغ بولدى.

قىزىلگۈلنى كىم كەستى،
كەسكەن بىلەن قايرىلماس.
يار ئالدىنى كىم توستى،
توسقان بىلەن ئايرىلماس.

خەت يازغىلى كۆپ بولدى،
خەت كەلمىدى سېنىڭدىن.
نېمە بولدى بىلمەيمەن،
رەنجىگەنمۇ مېنىڭدىن.

ساماۋەرنىڭ سۈيىنى،
قاينىغاندا كۆرەرسەن.
مەندىن باشقا يار تۇتساڭ،
ئوينىغاندا بىلەرسەن.

ئۆگزىگە يىلان چىقتى،
تولغىنىپ جۇۋان چىقتى.
يار بىلەن كۆرۈشكەندە،
توختىماي بوران چىقتى.

هويلاڭدىكى كارىۋاتنى،
بەش تاختايدا ئەتكەنمۇ؟
سەن ئوينىغان چاغلاردا،
مەن يادىڭغا يەتكەنمۇ؟

ئېگىز تاغدىن چۈشكەن سۇ،
توختاپ قالدى ئېقىندا.

بىر ياخشى يار تۇتماي،
بىر يامانغا تەگدىلا.

ئىچىم قاينايدۇ، قايناپدۇ،
قازاندا قاينىغان چايدەك.
سىنىڭ ئالدىڭدا خار بولدۇم،
ئېچىلماي توزىغان گۈلدەك.

ئىچكىلى چاي تېپىلار،
ئۇخلىغىلى جاي تېپىلار.
بەلنى مەھكەم باغلىسا،
ئوينىغىلى يار تېپىلار.

ئالمىخان دەپ ئاڭلىدىم،
بۇ يۈرەككە باغلىدىم.
ئالمىخاننىڭ دەردىدە،
چۆللەرگە چىقىپ زارلىدىم.

داپ چېلىپ قولۇم تالدى،
ناخشا ئېيتىپ يۈرەك سالدى.
تۆت كۆنلۈك بۇ ئالەمدە،
ئوينىۋالغىنىڭ قالدى.

قارا قاش ئېگىز بويۇڭ،
قاچان بولىدۇ تويۇڭ؟
بولغىچە سېنىڭ تويۇڭ،
خالىدا سۆيۈپ قويۇڭ.

ئەتىيازدا كۆچەت تىكسەم،
قاپقاراڭغۇ باغ بولدى.

قاش - كۆزۈڭنى ئۇيناتساڭ،
ئادەممىكىن دەپتىمەن.

باغدا بۇلبۇل سايرىغان،
ئەمدى سايرىماس بولدى.
باشتا قارىغان يارىم،
ئەمدى قارىماس بولدى.

تاماكىنىڭ ئاچچىقى بار،
ناۋات قوشۇپ چەكسىلە.
يۈزلىرى قانداق چىدايدۇ،
بىزنى تاشلاپ كەتسىلە؟

ئالما شاخى - گۈل شاخى،
سۇنسا سۇنار، قايرىلماس.
چىن يۈرەكتىن سۆيگەن يار،
تا ئۆلگىچە ئايرىلماس.

دۈپۈر - دۈپۈر ئات كەلدى،
شەھرىڭىزگە كىم كەلدى؟
كەينىڭىزگە قارىڭا،
يارىڭىزدىن خەت كەلدى.

قىزىلگۈلۈم ئېچىلغىچە،
غۇنچىسىنى قىسىپ تۇراي.
سىز يارىمنى كۆرگىچە،
تاقەت قىلىپ كۈتۈپ تۇراي.

ھاۋادىن ئۇچۇپ چۈشكەن،
ياغمۇرمىكىن - قارمىكىن؟

سەھەر تۇرۇپ ئاڭلىسام،
ئۈنۈڭ چىقتى يىقىندا.

قىزىلگۈلمۇ گۈل بولسۇن،
ئەتىر گۈلمۇ گۈل بولسۇن.
ئىككىمىزنىڭ ۋەدىسى،
ئۈمۈرۋايەت بىر بولسۇن.

تاغ سۈيى ئېقىپ كەلدى،
شوخ ئويناپ بۇلاقلاردىن.
كەتمەيدۇ سېنىڭ كۆلكەڭ،
تا ئابەد قۇلاقلاردىن.

ئىشىك ئالدى قۇم بولسا،
قاپاق تېرەك ئۆسمەمدۇ.
يار بولسا شوخ بولسا،
كۆكۈل تاغدەك ئۆسمەمدۇ.

ئۈستەڭ بولسا تار بولسا،
ئاتلاپ ئۆتكۈدەك بولسا.
يار بولسا يېقىن بولسا،
ساقلاپ سۆيگۈدەك بولسا.

ئات بولسا يورغا بولسا،
تۇتۇپلا مىنسە كىشى.
يار بولسا ياندا بولسا،
ئوينىسا سۆيسە كىشى.

باشىڭدىكى ياغلىقنى،
يىپەكمىكىن دەپتىمەن.

يار كەتتى ئارا ئايدا،
كەلمەيدۇ قارايمدا.
يارىم كېلىپ ئولتۇرسا،
ئاۋۋالقى سارايمدا.

يوللىرى يامان ئىكەن،
ئاتقا مىنگۈدەك بولدۇم.
ئوتلىرى يامان ئىكەن،
كۆيۈپ ئۆلگۈدەك بولدۇم.

بىزنىڭ ئۆي شامالباغدا،
بارسىلا تاپالامىلا؟
بىز كۆيگەن شۇ ئوتلاردا،
سىلە كۆيۈپ چىدالامىلا؟!

ئوينايلى، يار ئوينايلى،
كۈندە مەشرەپ ئوينايلى.
كۆرەلمىگەن دۈشمەننىڭ،
بېشىغا دەسسەپ ئوينايلى.

ئۇ شەھەردە سىز بولۇڭ،
بۇ شەھەردە مەن بولاي.
گۈل غۇنچىسى سىز بولۇڭ،
مۇنچاقلىرى مەن بولاي.

قوشچى بالا قوش ھەيدەپ،
سۇندۇرۇۋەتتى كەشكىلىنى①
ئاخشاملىرى كەل دەيسەن،
سەن بىلمەيسەن تەشكىلىنى.

① ساپان.

راست گېپىڭنى ئېيت يارىم،
سېنىڭ يارىڭ بارمىكىن ؟

ئېيتىپ بەرگۈچى: باي ناھىيە سايرام يېزىسىدىن ئابلا سىراجىدىن.
توپلىغۇچى: قەييۇم مەمتىمىن، تۇمەر ساۋۇت.

ئاقتىنا كۆڭلەك كېيىپلا،
بەللىرىنى باغلىماي.
ھەر تەرەپتىن يار تۇتۇپلا،
ئۆزلىرىنى چاغلىماي.

ئۇ قاتتىمۇ يارىم بار،
بۇ قاتتىمۇ يارىم بار.
ئۇ قاتتىكى يارىمدىن،
ئۆلگىچە تامايىم بار.

يار ئوتى يامان ئىكەن،
ئۆچۈرۈش لازىم ئەمەس.
بىر قاراپ قويغىن نىگارىم،
باشقىسى لازىم ئەمەس.

باينىڭ بازارىغا،
مىنىپ بارىمەن تايىنى.
يار مەندىن يامانلىسا،
قويۇپ بېرىمەن چايىنى.

ئاق قوشقاچ ھارامزەدە،
چاڭگىسى ئېگىز يەردە.
سەن يارىمنى دېمىسەم،
نىمە ئىش قىلىمەن بۇ يەردە.

ئىشىك ئالدى تېرەككە،
كاككۇكلار ئۇچۇپ كەلدى.
يۈرىكىم جىغىلدايدۇ،
قاراپ بېقىڭ كىم كەلدى.

ئىشىك ئالدى ئۆستەڭگە.
ئۇلۇغ ـ ئۇلۇغ سۇ كەلدى.
يۈرىكىم گۆپۈلدەيدۇ،
يىراقتىكى يار كەلدى.

باغىم بارۇ باغىم بار،
باغىمدا ئانارىم بار.
ئانارىمنى ئۈزمەيمەن،
ساقلاپ قويغان يارىم بار.

هاۋارەڭ تونىنى كىيىپ،
هاۋادا ئۇينامدۇ كۆڭۈل،
ياخشى يار ياندا تۇرۇپ.
يامانىنى خالامدۇ كۆڭۈل.

قونۇۋېلىپ قاغىلار،
بۇلبۇل باغدىن كۆچتىمۇ؟
ماڭا كەلگەن دەرد ـ ئەلەم،
سىنىڭ بېشىڭغا چۈشتىمۇ؟

سەۋزە ئالدىم بىر تاغار،
بىر تەڭلە قەلەم بولدى.
بىۋاپا يارىنىڭ خېتى.
ماڭا بەك ئەلەم بولدى.

ئۆينىڭ ئارقىسى خامان،
لەپ - لەپ ئۆچىدۇ سامان.
بۇ يۈرەكنىڭ كۆيۈشى،
تونۇر ئوتىدىن يامان.

ئاتۇشنىڭ يولى تاشلىق،
تاشلىقتا بولار ئاشلىق.
ئىككى مەشۇق بىر بولسا،
گۈلدەك ئۆتىدۇ ياشلىق.

ئېيتىپ بەرگۈچى: باي مىچىغ يېزىسىدىن ئەخمەت ئامان، ئۇيغۇر، 30 ياش، دېھقان، ساۋاتلىق.

توپلىغۇچى: ئۆمەر پەيزى، تۇرسۇنجان.

1991- يىل 11- ئاي.

ئالمىلار ھەي ئالمىلار،
باغدا پىشقان ئالمىلار.
ئالمىدەك يارى تۇرۇپ،
خەقنى سۆيگەن لالمىلار.

ئىشىكىڭدىن مەن ئۆتتۈم،
شىلدىرلىتىپ غازاڭنى.
مەندىن باشقا يار تۇتساڭ،
خۇدا بەرسۇن جاجاڭنى.

تۈز يول بىلەن ماڭساڭچۇ،
بىدىلىكنى يول قىلماي.
راست گېپىڭنى قىلساڭچۇ،
غېرىب كۆڭلۈمنى گول قىلماي.

ئوينايلى دېمەيمىدۇق،
كۈلەيلى دېمەيمىدۇق.
ۋەدىمىز قىزىل ئالما،
تۇتۇشۇپ يېمەيمىدۇق.

باغىڭىزدىكى تېرەكنى،
شامال قايرىپ كەتكەنمۇ؟
باشتا ئەجەب ئامراقتۇق،
ئەمدى ئوتۇڭ ئۆچكەنمۇ؟

ئېيتىپ بەرگۈچى: باي ناھىيە قارىباغ يېزىسىدىن باھارگۈل.
توپلىغۇچى: قەھرىمان روزى.

ئوچاق بېشىدا چەينەك،
خېنىم چەينەككە باقساڭچۇ.
سىنىڭ مەيدەڭدە قوش ئەمچەك،
مېنىڭ مەيدەمگە ياقساڭچۇ.

تاغلاردىن ئورۇن ئالدۇق،
باغلاردىن ئورۇن تەگمەي.
قانداق قىلىمىز يارىم،
تەقدىرگە بويۇن ئەگمەي.

مۇھەببەتنى ئوڭاي چاغلاپ،
غازاڭ قىلدىم باھارىمنى.
ئەجەب سەزمەپتىمەن باشتا،
پۇشايمانغا قالارىمنى.

ۋاپا ئىزلەپ جاپا چەكتىم،
جۇدالىق باستى قەلبىمنى.
بىر نادانغا كۆڭۈل بەرسەم،
چۈشەنمەي كەتتى قەلبىمنى.

ئېرىقلارغا سۇ كەپتۇ،
ئىككى قاشنى قاشلايمەن.
يېڭى يارنى كۆرگەندە،
سەن نادانىنى تاشلايمەن.

ئۆزۈن سايىنىڭ تاشلارى،
سەتەڭ يارىنىڭ قاشلارى.
كېپىك ئاتقان پالۋاندەك.
كۆز قىسىپ قاراشلارى.

قارا قوينىڭ تېرىسىنى،
تۇماقچى باللا ئاشلايدۇ.
بىۋاپادىن يار تۇتساڭ،
تۆت كۆن ئويناپ تاشلايدۇ.

ئاللا - ئاللا دېگەنمۇ؟
باغدا ئالما يېگەنمۇ؟
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك،
ئايرىلمايمىز دېگەنمۇ؟!

قوناقلىقنىڭ ئوتلىرى،
قىردىن ئېگىز ئەمەسقۇ.
سىنىڭ تۇتقان يارلىرىڭ.
بىزدىن ئېشىل ئەمەسقۇ.

مەھەللىمىز ئىكەن شورلۇق،
تۈز چىقامدىكىن يارىم.
ۋەدىگە ۋاپا قىلماي،
يۈز چىندامدىكىن يارىم.

ئاق سارجىدىن شىم كىيدىم،
لىغىلدايدۇ پېتى يوق.
يېقىن يەردىن يار تۇتسام،
بىر ئېغىزمۇ گېپى يوق.

قىزىلگۈل ئاچىلغىچە،
غۇنچىسىنى ئۈزمەي تۇرۇڭ!
بىز كىچىك، چوڭ بولغىچە،
يار تۇتماي ساقلاپ تۇرۇڭ.

بېغىڭغا كىرەي دەيمەن،
شورا بولمىسۇن دەيمەن.
ئۈمىدنى ئۈزەي دەيمەن،
ئۇۋال بولمىسۇن دەيمەن.

دەرۋازىڭىز تار ئىكەن،
ئات بىلەن پاتارمەنمۇ؟
كۆڭلۈمدىكى يار بىلەن،
بىر كېچە ياتارمەنمۇ؟

قوغۇن تېرىسام تولاشتى،
پىياز تېرىسام سولاشتى.
ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرسام،
خوشۇم يوقلار ئولاشتى.

ھاۋادىكى لاچىنلار،
تۇمۇچۇقنى سايراتتى.
ئوتىڭىز يامان ئىكەن،
يولىڭىزغا قاراتتى.

سىنىڭ مەھەللەڭ يىقىن بولسا،
بىرىپ مەھەللەڭنى چۆرگىلىسەم.
خالايىق بولمىسا يارىم،
بىشىڭدا يۈزمىڭ ئۆرۈلسەم.

ساي بويىدا دىھقانلار،
خىللاپ ئورىدۇ ئوتنى.
قارا كۆز سەتەڭ يارلار،
جانغا سالىدۇ ئوتنى.

باياۋاندا قوي سويسام،
دىۋانە كاۋاپ دەيدۇ.
مۇساپىرنى بىر سۆيسە،
ئۆلگۈچە ساۋاب دەيدۇ.

بۇ يول بىلەن ماڭمايتتىم،
باشلاپ ماڭغان ئۆزىڭىز.
باشتا سىزگە كۆيمەيتتىم،
كۆيدۈرۈۋالغان ئۆزىڭىز.

مەن ئۆزۈم غىرىب بەندە،
كىيىمىم كۇلا ــ جەندە.
ماڭا كەلگەن ئەلەمنى،
كىملەر قىلدى بەخشەندە.

ھەر كىم ھەر نىمە دەيدۇ،
بىر قارا كۆرۈنگەننى.
ئەقلى بولسا بىلمەمدۇ،
ياخشى بىلەن ياماننى.

ئىشقىدا ئۆلۈپ كەتسەم،
جەننەتكە كىرەرمەنمۇ؟

تالىنىڭ ئۇچىدا ئۈزۈم،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم.
كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ،
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم.

كېچە بولسا، كېچە بولسا،
كۈندۈزمۇ كېچە بولسا،
يار بىلەن تېپىشقاندا،
تاڭ ئاتماس كېچە بولسا.

ئۇزۇن چېچى بار باللار،
قىسقا چېچى بار باللار.
يۈرەككە ئوتنى سېلىپ قويۇپ،
يارىم يوق دېگەن باللار.

بۇلۇت ئەگىپ كېتەلمەيدۇ،
ئېگىز تاغدىكى قاردىن.
ئەمدى كەتسەم كەلمەيمەن،
كۆڭلۈم ئاغرىدى ياردىن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: باي نامىيە مىچىخ يېزىسىدىن ھەسەن.
توپلىغۇچى: ئۆمەر پەيزى، تۇرسۇنجان.

دەريانىڭ ئۇ قېتىدا،
قاتار ـ قاتار تال ياتۇر.
يارىم مېنى سېغىنسا،
ئۆزىنى زەيگە ياقۇر.

تاماكىڭنى چەكمەيمەن،
تۈتىقىنىڭغا ھەشقاللا.
قىلچىمۇ تامايىم يوق،
بىزدىن ئۆيىناپ ئاشقانلا.

ئاق خېنىم، ئاپئاق خېنىم،
نەچچىدە باردۇر ياشلىرى.
ياشلىرى ئونبەشتە بولسا،
مەن بولاي ئاداشلىرى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: باي ناھىيە ئومباش يېزىسىدىن ھامۇت.
توپلىغۇچى: ئۆمەر پەيزى، تۇرسۇنجان.

بۇ كېچە تاڭ ئاتمايدۇ.
يار قېشىمدا ياتمايدۇ.
يار قىشىمدا ياتقاندا،
جېنىم ئىچىمگە پاتمايدۇ.

قازانلار تېشىپ كەتتى،
ئوتتۇڭلار ئۆچۈپ كەتتى.
ناخشىنى تولا ئاڭلاپ،
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى.

مەن سېنى نېمە قىلغان،
ئوتلارغا سېلىۋەتتىڭ.
دەردلەرنى ماڭا تاشلاپ،
يولۇڭغا يۈرۈپ كەتتىڭ.

يارىمغا كۆيەرمەنمۇ،
ئىشقىدا ئۆلەرمەنمۇ؟

سۇ بويىدا ئولتۇرۇپ،
سۇ لېيىتقان كاككۇكۇم.
ئۆز مەيلىچە يار تۇتۇپ،
مېنى ئۇنۇتقان كاككۇكۇم.

ئۇ مېنى ئۇرغان بىلەن،
يار ئىكەن بىلەك تالماق.
مۇشكۇل ئىكەن ئەجەبمۇ،
يارنىڭ كۆڭلىنى ئالماق.

تاختا بېشىغا گۈل قويماق،
ئوچاق بېشىغا ئاش قويماق.
مەندىن ئۆزگە يار بىلەن،
بىر تەكىيگە باش قويماق.

ئۆستەڭ بويىغا بارغىچە،
قاراپ تۇردۇم يانغىچە.
سىز يارىم خۇمار كۆزنى،
كۆرۈۋالاي قانغىچە.

ئاق تاۋارنى كىيىپسىز،
كۆك تاۋارمۇ كىيىپسىز.
كۆڭلۈم سىزدە دەپ قويۇپ،
باشقا خەقنى سۆيۈپسىز.

ئىشىك ئالدى توپ ئازغان،
مەن سىزگە سالام يازغان.
ئۆزۈڭ بولدى خەۋەر يوق،
مەن ئازغانمۇ سىز ئازغان.

— ئېيتىپ بەرگۈچى: باي ناھىيە سايرام يېزىسىدىن قۇدرەت ئىبراھىم.
— توپلىغۇچى: ئۆمەر پەيزى، تۇرسۇن ھېكىم.

شوپۇر بالىلار ھەيدەيدۇ،
تاشيوللاردا ماشىنا.
يانچۇقۇڭ ئېغىر بولسا،
كىم بولمايدۇ ئاشنا.

چىرايلىق بولۇپ قاپسەن،
كۆيۈپ قالىدۇ دەمسەن؟
ئۇن كۈن ئايرىلىپ مەندىن،
ئۆلۈپ قالىدۇ دەمسەن؟

يەلپۈنەر ئەجەب بەلەن،
ئۆستەڭ بويىدا ئەمەن.
ۋاقتىدا بارالمىدىم،
مەن سىزگە نېمە دەرمەن.

كۆيگۈنىمگە پۈتمىسەڭ،
سىناپ باقساڭ نىم بولار.
يۈرىكىمنىڭ قېتىغا،
كىرىپ باقساڭ نىم بولار.

ھەي خېنىم رەھىم قىلىپ
ھالىمنى سورىساڭ نىم بولار.
مېنى مۇنچە قىينىماي،
جېنىمنى ئالساڭ نىم بولار.

ئالسىلا پات ئالسىلا،
تەخلەپ تۇرۇپ تالدى بىلەك.
كەلسىلە پات كەلسىلە،
كۆيۈپ كەتتى بۇ يۈرەك.

بېشىڭدىكى لىچەكنى،
ئەلەمىگىن دەپتىمەن.
شىپىڭ كۆڭلەك كىيىۋالساڭ،
گۈلەمىگىن دەپتىمەن.

ئانارخان ئۆزى ئوبدان،
ئانىسى يامان.
مەن تاشلاپ كېتەي دېسەم،
ئوتلىرى يامان.

ئاتام زامان قارى،
ئانام زامان قارى.
بۇ يىل بۇغداي بەك بولدى،
لەغمەن يەڭ قارى.

بۇ لەغمەننى كىم ئەتتى،
چوڭ ئاچىڭىز ئەتتى.
بۇ سورۇننى كىم تۈزدى،
كىچىك ئاچىڭىز تۈزدى.

كىچىك ئاچىڭىز قىينى،
ئۈرۈمچىگە كەتتى.
بىر تۇۋالسا كەلمەيدۇ،
بۇ يۈرەككە ئوت كەتتى.

ئالتۇن پاشاخان،
مەرەمنىساخان.
جاننى ئالامدىلا،
قەمبەرنىساخان.

باشىڭدىكى چازاڭغا،
توپا قونسا ئېيتىۋەت.
مەن بارارنىڭ ئورنى يوق-
سىغىنغاندا خەت ئەۋەت،

ئۆينىڭ كەينى بېدىلىك،
چۆرىسىدە جىگدىلىك.
خىيالىمدىن كەتمەيدۇ،
گېپى تاتلىق مەزىلىك.

مەھەللىدىكى كاككۇكنى،
مەن باغىمغا ئۆگەتتىم.
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
سالام يېزىپ ئەۋەتتىم.

قويىڭىز بارمۇ خېنىم،
تاغقا چىقىپ باقىلى.
قوي بېقىپ زېرىكسىڭىز،
قوينى قېتىپ باقىلى!؟

خانىم سىزگە ئەرزىم بار،
كۆيۈپ قالغان قەرزىم بار.
كۆڭلۈمگە ئازار بەرمەڭ،
يۈرىكىمدە دەردىم بار.

سىزنىڭ بەرگەن ۋەدىڭىز،
يۈرىكىمدە ساقلاغلىق.

شاختا گۈل بولغان بىلەن،
مېۋىسى بولمىسا بىكار.
ئاي يۈزى بولغان بىلەن،
مېھرى بولمىسا بىكار.

بۈگۈن ئايغا ئۇن يەتتە،
ئايدىڭ بولماي تاڭ ئاتتى.
ئىشقى ئوتى يامان ئىكەن،
چىرايىمنى سارغايتتى.

خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن،
قۇرۇق شاختا ئانار بولدى.
ئانار شەربىتى ئىچسەم،
يۈرەكىمگە داۋا بولدى.

كۆزلىرىمگە سۈرمە سۈردۈم،
قاشلىرىمغا قاش قەلەم.
ھېچ كىشىگە كەلمىسۇن،
ماڭا كەلگەن دەرد ـ ئەلەم.

چىغنى چىغقا ئۇلىسا،
بۇغدايغا باغلىق بولغۇدەك.
ياردىن ئايرىلسا كىشى،
سەۋدايى ئاغرىق بولغۇدەك.

ئۆيىڭىزنى ئوغرى ئاپتۇ،
بېغىڭىزغا چىقالماي.

يارىم كاتتا ياتقاندۇ،
كاتقا قانداق پاتقاندۇ.
پاتسىمۇ پاتقاندۇ،
يالغۇز قانداق ياتقاندۇ.

سايراڭ بۇلبۇلۇم سايراڭ،
چىنارنىڭ شاخلىرى سۇنسۇن.
يار ئايرىلمەن دەيدۇ،
ئايرىلىپ كۆڭلى تىنسۇن.

قاشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە،
ئاشنا بولدۇم ئۆزۈڭگە.
بىر نەچچە زامان بولدى،
ئېيتالمىدىم ئۆزۈڭگە.

ئېيتىپ بەرگۈچى: باي ناھىيە توقسۇن يېزىسىدىن ئېمەر مۆمىن.
توپلىغۇچى: قەييۇم مەتتەمىن، تۆمەر ساۋۇت.

ئەتىگەندە سەھەردە،
يولغا چىقتىم سەپەرگە.
قول ياغلىقنى ئوينىتىپ،
يارىم قالدى شەھەردە.

ئانار يۈزلۈكۈم يارىم،
قىزىل يۈزلۈكۈم يارىم.
ھەر قانچە يامان بولساڭ،
سىنى تاشلامدىمەن يارىم.

تاۋار ئالدىم چىرايلىق،
كات تۆپىدە قاتلاغلىق.

باغ ئىچىگە ئۆي سالدىم،
كۈندە مەشرەپ بولسۇن دەپ،
كۆرەلمىگەن دۈشمەنىنىڭ،
ئىچى ئاداپ ئۆلسۇن دەپ.

ئۆي ئىرىقتا سۇ تولا،
دۆڭ ئىرىقتا قۇم تولا.
بىر موچەنىڭ ئۇسما ئالساڭ،
سەكسەن خوتۇن خۇش بولا.

تىللا دەيدۇ، تىللا دەيدۇ،
تىللا نەدىدۇ؟
تىللادەك قىز نەدە بولسا،
ئاشۇ يەردىدۇ.

سەھەر قوپۇپ ئىبادەت قىل،
ئالىسەن ساۋاپ.
مۇساپىرغا كۆڭۈل بەرسەڭ،
بولمامدۇ ساۋاپ.

يا ئاتادىن ئېيتماپتۇ،
يا ئانادىن ئېيتماپتۇ.
بۇ مىنىڭ قارا بەختىم،
ياخشى ياردىن ئېيتماپتۇ.

سوپىياڭنىڭ بالىلىرى،
ئالتە ئايدا سايرىشار.

ئاشىنگىزنى خەق سۆيۈپتۇ،
كۈندە كېلىپ يوقلىماي.

گۈلنى گۈلگە بەردىلە،
گۈلنى تىكەنگە بەردىلە.
مەن يىراقتا كەتكەندە،
كۆڭۈلنى كىمگە بەردىلە؟

ھاۋادىكى لاچىننىڭ،
بويىندىكى تۇمارى.
بەختىمگە ئامان بولغىن،
كۆڭلۈمنىڭ خېرىدارى.

ئۇ يانمۇ تاغ، بۇ يانمۇ تاغ،
ئېرىمەيدۇ قار.
بېشىمىزغا كۈن كەلگەندە،
قارىمايدۇ يار.

ئاتمىش ئالتە دەريا سۈيى،
بىر بولۇپ ئاقتى.
سەن بىلەن ئويناي دېسەم،
ئوقەتنىڭ ۋاقتى.

ئاق ئاۋات، شېكەر قوغۇن،
باراتنىڭ كەينىدە باردۇر.
سەن ئۆزۈڭنى داڭلايسەن،
سېنىڭدىن ياخشىسى باردۇر.

توپلىغۇچى: شايار ناھىيەسىدىن قەيسەر.

كۆڭۆلنىڭ كەينىگە كىرمەك،
كىرىپ كېتىسىز دوزاخقا.

ئەتىگەن تاڭ سەھەردە،
شاخ تاشلايمەن ئوغلاققا.
كۆڭۆل دېگەن نىجىسنى،
باغلاپ قوياي توغراققا.

ئۆردەك بولۇپ ئۇچتۇممەن،
ساي بويىغا چۈشتۈممەن.
تەلىيىمنىڭ يوقىدىن،
سەن سارىڭغا چۈشتۈممەن.

قاغىلىقتا قار ياغدى،
ئوينىغىلى بولمايدۇ.
ئوينىساڭلار ئويناڭلار،
تارچىلىقتا بولمايدۇ.

ئىشىك ئالدىدا كۆلچەك،
كۆلچەك يېنىدا دۆڭچەك.
شايى كۆڭلەك ئىچىدە،
لىغىرلايدۇ قوش ئەمچەك.

چوڭ چىنىدە چاي ئىچسەم،
پىيالىغا دەز كەتتى.
شايارلىقتىن يار تۇتسام،
ئالتە شەھەرگە داڭ كەتتى.

يۆلەنمىسىلە تېرەككە،
ئوت كەتمىسۇن تېرەككە.

يېڭىدىن يار تۇتقانلار،
سۆزلىشەلمەي مارىشار.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار قايلۇ يېزىسىدىن ئەخمەت ياقۇپ
توپلىغۇچى: داۋۇت.

ئاي بىلەن كۈن دوست ئىمىش،
چولپاننىڭ دوستى يوق ئىمىش.
ئالدىراپ بەرگەن كۆڭلۈڭنىڭ،
ئەتىۋارى يوق ئىمىش.

قىزىلگۈل ئۈزۈپ بەردىڭ،
قىستۇرۇلغان خەت بىلەن.
قانداق قىلىمەن ئەمدى،
ئىچىم تولدى دەرد بىلەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە توپبولدى يېزىسىدىن تۇنسا تۆمەر.
توپلىغۇچى: قەيسەر.

قارچۇغىنىڭ بالىسى،
ئالتۇن ئۇۋىدا.
بىزنى سىلە تونىمايلا،
ئەسكى جۇۋىدا.

ھاۋاغا چىقاي ئېگىز،
بۇلۇتقا سالاي كېگىز.
بىزنى يامان دېگەننىڭ،
كۆزىگە تىقاي بېگىز.

ئوتنى ياقتىم توغراققا،
تۇتاشقاندۇ قوۋزاققا.

يارىم مەن باراي دېسەم،
ئارىدا دەريا يامان.
سەن خېنىمنىڭ ئۆتلىرى،
دوزاخ ئوتىدىن يامان.

ئىشىك ئالدى ئانارگۈل،
ئانار گۈلنى پۈرامىلا؟
كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ،
گۆھەرنى تاشقا ئۇرامىلا؟

قىز تاللىماق تەس ئىكەن،
بىرنى تاپسام پەس ئىكەن.
كونىلارنىڭ سۆزلىرى،
يالغان ئەمەس راس ئىكەن.

ئاشۇ خېنىمنىڭ ئولتۇرۇشى،
ھېچ نېمىدىن غېمى يوق.
ئىككى يار تۇتقان خېنىمنىڭ،
كۆزلىرىنىڭ نۇرى يوق.

مەن بازارغا بارمىسام،
كۆڭلۈم بازارنى تارتىدۇ.
ئاچىسىنى ئالاي دېسەم،
سىڭلىسى قاش ئاتىدۇ.

ئوچاق بېشىدا كورا،
كورا ئىچىدە دورا.
بويىنى قاتتىق چوكانغا،
يۇلغۇن تايىقى دورا.

ئادەم دىگەن ھۆل نەرسە،
ئۆلمەيدىكەن كۆيۈككە.

ئۆگزىگە قويۇپ قويسام،
كەپتەر باسمىغان باسماق.
ئالدىمغا كېلىپ قاپتۇ،
بىز ياراتمىغان قاسماق.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار يېڭىمەھەللە يېزىسىدىن راخمان قادىر.
توپلىغۇچى: ئەنۋەر كايىت.

كەتسەڭ كېتىۋەر يارىم،
سەندىن نېمە پەرۋايىم.
شۇل باشىم ئامان بولسا،
ھەر جايدا مېنىڭ يارىم.

دەريانىڭ بۇ قېتىغا،
سىيادان تېرىغان باللار.
مېنى يامان دەپ يۈرۈپ،
سىڭايان قارىغان باللار.

ئاق قۇشقاچقا دان بەرسە،
تەمىنى بىلمەس.
نادان يىگىتكە كۆڭۈل بەرسە،
قەدرىگە يەتمەس.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە توغىبولدى يېزىسىدىن پاتەم.
توپلىغۇچى: مۇختەر.

دەريادا سۇ بولمىسا،
بېلىق ياتامدا باشىدا.
يارىڭ ھەيلى بولمىسا،
يار ياتامدا قاشىدا.

شاپتۇلىڭنىڭ شېخى پەس،
ئېگىپ يېمەك تەس ئەمەس.
كوچىنىڭ سەتەڭلىرى،
كىملا سۆيسە ياق دېمەس.

غىلدىر – غىلدىر غىل ياخشى،
تىمىلغىلى مۆز ياخشى.
جۇۋان خوتۇن ئالدامچى،
ئوينىغىلى قىز ياخشى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە يېڭىمەھەللە يېزىسىدىن ئېمىر شېرىپ.
توپلىغۇچى: ئابلەت.

كەلدىم مەن بېدىلىككە،
بېدە ئورۇپ باغلامسىز؟
يېنىڭىزدا مەن تۇرسام،
باشقا يارغا قارامسىز؟

كۆلنىڭ بويىدا كۆك قىياق،
سايىسى كۆلگە چۈشەر.
ھەر قانچە چوڭ بولسىمۇ،
ھاجىتى بىزگە چۈشەر.

ئېتىمنى قويۇپ بەردىم،
سارغايغان سامانلارغا.

سۇزۇك سۇنى لاي قىلغان،
تاختا كۆۋرۈك توپاسى.
چوكانلارنى باي قىلغان،
يىگىتلەرنىڭ ۋاپاسى.

رومىلىمنىڭ ئۇچىغا،
توگۇۋالدىم بىر ناننى.
مەستلىكىمدە ئالدىراپ،
سۆيۈپتىمەن ناداننى.

باراي دىسەم بارالمادىم،
يارنىڭ بىغىغا.
قوناي دىسەم قونالمادىم،
يارنىڭ قىشىدا.

خەقلەر سەۋرى قىل دەيدۇ،
مىنىڭ ھالىمنى بىلمەيدۇ.
ئەگەر ھالىمنى ئىيتسام،
دەرد تارتقانلار يىغلايدۇ.

پاكار - پاكار توغراقنى،
چۆلدە مانان بىسىپتۇ.
تىل تەگمىسۇن دەپ يارىم،
بوينىغا تۇمار ئىسىپتۇ.

ئارپا، بۇغداي سامانني،
سەلكىن ئايرىيدۇ.
گۆدەكلىكتە سۆيگەن يارنى،
دۈشمەن ئايرىيدۇ.

تېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيىسىدىن ساۋۇت سۈپى، ھاۋۇت قۇربان.
توپلىغۇچى: پەزىلەت.

ئويمانبايتوقاي سازى،
ئۆردەكتىن تولا غازى.
يېڭىدىن بىريار تۇتسام،
كۆيدۈردى ئۇنىڭ نازى.

ئاق ئالما، قىزىل ئالما،
باغدا پىشقان ئەمەسمۇ.
بىر كۆرۈپ سۆيۈشەلمەي،
داغدا قالغان ئەمەسمۇ.

تېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە توقسولدى يېزىسىدىن ئېمىر زاھىر.
توپلىغۇچى: ئەسقەر.

گۈل قىسىپمۇ چىقمايسەن،
باغىڭدا گۈلۈك يوقمۇ؟
چىرايىڭنى ئاچمايسەن،
كۆڭلىڭدىكى يار يوقمۇ؟

شەھىرىڭنى تاشلاپ بەردىم،
تالاشقان ياماﻧلارغا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە تويبولدى يېزىسىدىن گۈلنىسا تايىپ.
توپلىغۇچى: دىلنار.

يارسىز ئۆتكەن ئۆمۈرنىڭ،
مىڭ يىلى بىر يىلچە يوق.
ئىشقى ئوتىنىڭ ئالدىدا،
دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق.

يارىم كېلىدۇ قاراپ،
سۇمبۇل چاچىنى تاراپ.
مەن يارغا نېمە قىلغان،
يامان كۆزىدە قاراپ.

تۇمۇچۇقۇم سايرايدۇ،
يارىم ئوينىغان باغدا.
يۈرەكتە زەرداب قاينايدۇ،
ياردىن ئايرىلغان چاغدا.

جاڭگالدىكى بوز تورغاي،
سايرىمىساڭ نىم بولغاي.
يولدىن ئازغان ھەمراھنى،
يولغا سالساڭ نىم بولغاي.

گۈليار ـ گۈليار ئەمەسمۇ،
كۆزى خۇمار ئەمەسمۇ.
يامان كۆزدىن ساقلىغان،
ئاشۇ تۇمار ئەمەسمۇ.

ئىشىك ئالدى چىنادۇر،
بۇلبۇل كېلىپ قونادۇر.
يار ئۈستىگە يار تۇتۇش،
ئاشىقلارغا گۇناھدۇر.

خۇدايىم مەن غېرىبنى،
يار ئالدىدا خار قىلماڭ.
سۇرەي ھايات پەيزىنى،
بۇ جاھاننى تار قىلماڭ.

مىلتىقنى بەتلەپ قويدۇم،
غاز، ئۆردەكنى ئاتاي دەپ.
كېچىلەپ يولغا چىقتىم،
ئۆيىڭىزدە ياتاي دەپ.

ئايۋان ياسىتىپ قويدۇم،
گىلەم سالدۇرۇپ قويدۇم.
يوغان سۆزلىمەڭ يارىم،
سىزنىمۇ كۆرۈپ قويدۇم.

سېغىزخان ئالا بولۇر،
قاناتى قارا بولۇر.
يارىڭ بىۋاپا بولسا،
بېشىڭغا بالا كېلور.

چىراغنى چىراغ دەڭلار،
كۆيگەننى پىراق دەڭلار.
ۋاپا قىلمىغان يارنى،
كۆڭۈلدىن يىراق دەڭلار.

هاۋادىكى كەپتەرنى،
دان بېرىپ ئۆگەتمىسەم.
خۇدا بۇيرۇغان كۈنى،
كۆزۈڭدىن بىر ئۆتمىسەم.

ئاي دېسەم ئاسماندا يوق،
يۇلتۇز دېسەم كۈندۈزدە يوق.
گۈل دېسەم توزۇپ كېتەر،
يار دېسەم يانىمدا يوق.

باغىڭدىكى شاتۇتنى،
ئەي قىلىپ شاخلاتمىسام.
خۇدايىم بۇيرۇغان كۈنى،
سېنى بىر قاقشاتمىسام.

باغقا كىرسەم باقىدۇ،
بۇلبۇل قاناتىنى قاقىدۇ.
باغدىكى چوكان خېنىم،
بىزگە ئالما ئاتىدۇ.

ئوچاقتىكى زاغراڭنى،
قومارماسەن تەڭلەڭگە.
شۇ كۈنىڭ سەتەڭلىرى،
ئۆگىنىپ قاپتۇ لەڭمەنگە.

ياردىگەن شۇنداق بولسا،
يار تۇتمايمەن پەندىيات.

چىقىپ ئالدىلا تېرەككە،
ئوتنى سالدىلا يۈرەككە.
مېنىڭ كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ،
ئۆزلىرىدىن بۆلەكگە.

يا ئۇيان ئۆتەشىم بار،
يا بۇيان ئۆتەشىم بار.
يىراق يەرگە بارمايمەن،
يېقىندا ئاداشىم بار.

كۆچەت قويدۇم ئېتىزغا،
بىر چىرايلىق باغ بولدى.
يارىم قىلغان ئاھانەت،
يۈرىكىمگە داغ بولدى.

خامانغا تاشلىغان ئارا،
سامانغا كۆمۈلۈپ قاپتۇ.
ئون بەش ياشتا بىر قىزچاق،
يىگىتكە ئۆگىنىپ قاپتۇ.

يارىم بەرگەن ئالمىنى،
ئېتىۋەتتىم ئۆستەڭگە.
مەن ئۆزۈمچە سۆيمەيتتىم،
سۆيۈپ قويدۇم قەستەنگە،

كاككۇكۇم كاككۇك ئېيتىدۇ.
ئېگىز تېرەك باشىدا،
ئاشنام شەرەت قىلىدۇ.
ئوسما قويغان قاشىدا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە بازار ئىچىدىن تېيىپ ئۆمەر.
توپلىغۇچى: قەلبەنۇر.

ئاپئاق ـ ئاپئاق توشقانلار،
سايدا ئوينايدۇ.
ئەرگە تەگمىگەن قىزچاقلار،
تويدا ئوينايدۇ.

قارا ـ قارا قاغىلار،
خاماندا دەيدۇ.
ئەرگە تەگمىگەن قىزچاقلار،
ئارماندا دەيدۇ.

ئاسماندىكى يۇلتۇزلار،
ئاينىڭ گۈلىمەن دەيدۇ.
ئون بەش ياشلىق قىز بالا،
ئاشنا بولىمەن دەيدۇ.

شايار دېگەن يۇلغۇنلۇق،
كۇچا دېگەن تورغۇنلۇق.
كۆڭلى سۇيۇق سەتەڭنىڭ،
ئوتتۇز بەشى بىر پۇللۇق.

ئۇستەڭ بويىدا كارىۋات،
مەن ياتمايمەن ئۆزۈڭ يات.

كىمنى كۆرسەڭ يارىم دەپ،
يۈرگىنىڭگە مىڭ لەنەت.

توپلەي پاشىنىسى ئېگىز،
ئۆتۆك پاشىنىسى كالتە.
كوچىدىكى قىزلارنىڭ،
تۇتقان ئاشىنىسى ئالتە.

بېغىڭغا كۆچەت قويسام،
سۇ كىرمەي تۇگەپ كەتتى.
كۆپ قىزلارغا يىگىت يوق،
ياش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى.

قوناق يېيىگەن ئاتلار،
ئوتلاقتا ھېرىپ قالدى.
ئەر تاللىغان قىزچاقلار،
يىگىت يوق قېرىپ قالدى.

ھارۋامنىڭ ئوقى كالتە،
خىيال بىلەن چۆرۈيمەن.
ئەسقاتمىغان شۇ يارنى،
باش - كۆزۈمدىن ئۆرۈيمەن.

دۇتارىمنىڭ تارى يوق،
ئۇنى چالماسقا چارى يوق.

يول ماڭدىم كېچە بىلەن،
دەريانىڭ ئۇچى بىلەن.
قولۇم باغلىنىپ قاپتۇ،
يارىمنىڭ چېچى بىلەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيىسىدىن ئەيسا ئەشتىن.
توپلىغۇچى: تۇرسۇن مەھەممەت.

ئوڭ قولۇمدا ئوڭ ئۈزۈك،
چەپ قولۇمدا بىلەزۈك.
مېنى سۆيگەن ئاغزىڭدا،
كىمنى سۆيدۈڭ ئەي نازۈك.

گۈل قىستىم قۇلاقىمغا،
سىڭمەيدۇ چىرايىمغا.
سەن قىلساڭ يامانلىقنى،
مەن قويدۇم خۇدايىمغا.

كۆڭ قىيىلدى كەچ بولدى،
تام ئۆرۈلدى پەس بولدى.
كونا يارنىڭ دەستىدىن،
يېڭى يارغا ھەس بولدى.

بىلەكىمدىكى سائەت،
پېشانەمدىكى ئامەت.

ئۇتۇن باسىنىم ھارۋىغا،
تارتىۋېتەي سىنى بىلەن.
قولۇمغا پوتا چىقتى،
ئويناۋېتەي سىز بىلەن.

راۋابىمنى چالاي دەيمەن،
زەخمەك بىلەن تارى يوق.
يېڭىيارچە يار تۇتسام،
تاشلىۋەتتى، كارى يوق.

غازىمەنۇ غازىمەن،
چۆلدە ئۇچقان غازىمەن.
سەندىن باشقا يار تۇتۇپ،
ئۆلۈپ كەتسەم رازىمەن.

كەتمەن ئالدىم بازاردىن،
ئېرىق - ئۆستەڭ چاپاي دەپ.
مەنمۇ ئىزدەپ يۈرۈيمەن،
خالىغاننى تاپاي دەپ.

شاخ گۈلى بولغان بىلەن،
مېۋىسىز بولسا بىكار.
ئاي يۈزى بولغان بىلەن،
مېھرىسىز بولسا بىكار.

غەزەل بىلەن بۇ يولدىن،
ئۆتۈپ كەتتى ياش باللار.
خەۋەر ئالاي دېمەيدۇ،
باغرى قاتتىق تاش باللار.

دەردى بارلار تىڭشايدۇ،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق.

شاپتۇلىڭنى داڭلايسەن،
پىشقان چاغدا يېگەنمەن.
سەن يارىڭنى داڭلايسەن،
خالى جايدا سۆيگەنمەن.

ئالما بەرسەڭ ئاپتىمەن،
شاپتۇل بەرسەڭ يەپتىمەن.
چىرايىڭغا بىر قاراپ،
ئادەممىكىن دەپتىمەن.

كۆزدە قىلغان ئۇساڭغا،
خىنە بىلەن ئۇسما چاچ.
ئەقىللىق يىگىت ئۆزۈلۈڭ،
ئەقلى يوق سەتەڭدىن قاچ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە بازار ئىچىدىن سەمەت ئىمىن.
توپلىغۇچى: ساۋۇت سوپى.

ئېگىز تاغنىڭ ئۇ قېتىدا،
قوۇرغۇي ئىزى بار.
بىزنىڭ يارنىڭ ھەر زامان،
تاتلىق سۆزى بار.

توپلىغۇچى: شايار ناھىيە بازار ئىچىدىن سالى روزى.

تاغ باغرىدا كۆرۈنگەن،
ئارپا ئەمەس تېرىقكەن.
مېنىڭ يارىم ئەجەبمۇ،
سۆيۈشۈشكە قېرىقكەن.

چىراغ بارمۇ ياققۇدەك،
پاقلان بارمۇ باققۇدەك.
سىزمۇ خېلى چوڭ بوپسىز،
بىر قۇچاقلاپ ياتقۇدەك.

ئاپئاق ئۇپىدەك يارىم،
يۇمشاق كۆرپىدەك يارىم.
قىلغان سۆزىڭىز ئەجەب،
قورساق كۆپكىدەك يارىم.

ئاسماندىكى يۇلتۇزلار،
بىر - بىرىگە ئوخشىماس.
ئالەمدە كىشى تولا،
سىز يارىمغا ئوخشىماس.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە بېشئېرىق يېزا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتىدىن ئاۋۇت مەتنىياز. 32 ياش.

توپلىغۇچى: توختىنياز مەتنىياز.

هويلىدا كۆيگەن بىلەن،
بوراندا چىراغ كۆيمەس.
ئەقلى بولسا يارىمنىڭ،
مەندىن باشقىنى سۆيمەس.

غازاڭلار تۆكۈلمەكتە،
باراڭلاردا ئۈزۈم يوق.
بىۋاپا يار كەلمىسۇن،
قارايدىغان كۆزۈم يوق.

ئاي چىققاندا چىقسۇن دەپ،
سالام يوللىغان يارىم.
مەن چىقسام ئۆزى چىقماي،
كۈندە گوللىغان يارىم.

بىلۋىغىمنى يوق دىسەم،
بۇندا ھېچكىم ئالغان يوق.
نادانلىقتا يار تۇتۇپ،
مەندەك داغدا قالغان يوق.

تاتلىققىنا پىشىپتۇ،
بىغىمدىكى يېمىشىم.
ئەمدى تاپتىم ياخشىنى،
يامان بىلەن نىم ئىشىم.

دۇتارىڭنى چالساڭچۇ،
يىڭى چىققان پەدىگە.
ۋاپا قىلار دەپتىمەن،
قارا كۆزنى ۋەدىگە.

راۋاب بىلمىگەن بالىلار،
راۋاب چالىمەن دەيدۇ.
باينىڭ ئوغلى ئاشنامنى،
تارتىپ ئالىمەن دەيدۇ.

ئات مىندىم دېگەن بىلەن،
قامچا بولمىسا بولماس.
يار تۇتتۇم دېگەن بىلەن،
ياندا بولمىسا بولماس.

ئالتۇن تاغاق باشىمدا،
مەنمۇ باراي قاشىڭغا.
ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق،
يىگىرمە ئالتە ياشىمدا.

خوتەننىڭ بازىرىدا،
رەڭمۇ رەڭ تاۋارى بار.
چۆرگىلەپ كېتەلمەيسەن،
سۆيگەننىڭ خۇمارى بار.

ئۇ قاتقا چىقارمىز دەپ،
بۇ قاتتا قونۇپ قالدۇق.
ئۈچ كۈندە كېلەرمىز دەپ،
يالغانچى بولۇپ قالدۇق.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ،
گۈلى ئوبدان شايىكەن.
كەلسىلە بىللە ئوينايلى،
ئۆستەڭ بويى سايىكەن.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ،
سۇغا چۈشتى شولىسى.
ئاخشام سۆيگەن يارىمنىڭ،
يول تۆپىسىدە هويلىسى.

گۈل بېغىمدا ئاچىلغان،
ئانارگۈلىنىڭ بېرىمەن.
گۈل تۇۋىدە ئولتۇرغان،
قارا كۆزىنىڭ خېلىمەن.

ئالما ئاتتىم ئاتقانغا،
سەم كارىۋاتتا ياتقانغا.
سىز بىزدىن ياماڭلاپسىز،
بىرنى سۆيۈپ قاچقانغا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە بېشىرىق يېزا سوغىچى كەنت 1 - گۇرۇپ-
پىدىن ئەخمەت توختىياز.
توپلىغۇچى: نۇرمەمەت توختىياز.

دۇتار چېلىپ ئولتۇرسام،
خىيالىمغا سەن كەلدىڭ.
دەردىڭ بولسا ئېيت يارىم،
مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم.

كۆيۈپ قالدىم دەپ قويسام،
پەرۋايىڭ يوق مەن بىلەن.
سەن ئۆزۈڭنى ئېپ قاچما،
ئويناۋالاي سەن بىلەن.

كاككۇك سايرىدى كەتتى،
بۇلبۇل سايرىدى كەتتى.
ئىككى يىغلاپ - بىر يىغلاپ،
يار ئۆمرى ئۆتۈپ كەتتى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: بېشىرىق يېزا ئىمامھاشا 1 - كەنت 2 - گۇرۇپپىدىن
ئىمامنىياز تۇرسۇن (18 ياش، تولۇقسىز ئوتتۇرا).
توپلىغۇچى: توختىياز مەتنىياز.

يېڭىياچە يار تۇتتۇم،
بۇيرۇسا ئالارمەن دەپ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات بېشېرىق يېزىسىدىن ئايگۈل مەھەممەت، 26 ياش،
دېھقان، ساۋاتلىق.

توپلىغۇچى: توختىنىياز مەتنىياز.

جامالىڭنى كۆرمىسەم،
پىراقىڭدا كۆيمەستىم.
سەن ئۇماقنى يارىم دەپ،
لەۋلىرىڭگە سۆيمەستىم.

جىلغىدىكى سېرىق سۇ،
داۋالغۇيدۇ تاشمايدۇ.
يېڭى يار تۇتاي دېسەم،
مىجەزىمگە ياقمايدۇ.

شەبنەم چۈشتى ھاۋادىن،
كۆڭلەك كىيگىن تاۋاردىن.
تاۋار كۆڭلەك بولمىسا،
مەن ئېلىپ بېرەي بازاردىن.

دۇتار چالغان قولۇڭغا،
ئالتۇن ئۈزۈك سېلىپ قويدۇم.
ئۇخلاپ قاپسەن مەن بارسام،
ئويغاتماي سۆيۈپ قويدۇم.

قار لەيلىسى ئېچىلار،
قورقمىغاچقا جۇدۇندىن.
ئىشق ئوتى خار ئېكەن،
بۇ جاھاندا بۇرۇندىن.

باھار كېلىپ ياز كەلدى،
بۇلبۇل قوندى تېرەككە.
مېنىڭ دىلىم ئاغرىيدۇ،
يار داغ سالغاچ يۈرەككە.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە بېشېرىق يېزا قۇمشېرىق 1 - كەنت 3 - گۇرۇپپىدىن تۇنىياز روزى.
توپلىغۇچى: پەرھات مەسۇم، ئىمىنجان سالى.

ئاق قۇشقاچ ھارامزادە،
شېكەر بەرسەم سايرايدۇ.
دۈشمەن بىزنى كۆرەلمەي،
ئارقىمىزدىن مارايدۇ.

ئۈچمە يەمەن ھاراقىڭنى،
تۇتقىنىڭغا ھەشقاللا.
ئاشىقىمىز يۈرەلمەيدۇ،
يېڭى ئۈسكەن ياش باللا.

ئۇلۇق قولۇمدا بەش ئۈزۈك،
كۆزى يالغان، بېغى راس.
يېڭىيارچە يار تۇتسام،
ئۇن كېپىڭدىن بىرسى راس.

قارىغاينى كېسىپ قويدۇم،
قۇرۇسا قالارمەن دەپ.

مەيلى قانداق تېۋىپ بولسا،
تومۇرنى تۇتار.
يار كېسىلى يۈرەكتىدۇر،
ئۇنى كىم ئۇقار.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات بېشىرىق يېزا تاللىق كەنتتىن مەھەممەت ھاجى، 50 ياش، ئوقۇتقۇچى.
توپلىغۇچى: توختىياز مەتنىياز.

بۇغداينى ئورۇپ قويدۇم،
توشۇغىلى خامان يوق.
ئەمدى يار تۇتقان بىلەن،
ئوينىغىلى ئىمكان يوق.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات بېشىرىق يېزا 1 - كەنتتىن ھوشۇرخان ئابدۇنىياز.
توپلىغۇچى: نۇرمەمەت توختىنىياز.

مەن ئاماكا ئارتىمەن،
دەردى بالانى ئارتىمەن.
بىر سېلىم ئاماكىنى،
يارىم بىلەن تەڭ ئارتىمەن.

نەگە بارىسەن جانىم،
ئىشقا بارىمەن يارىم.
قاش كۆزۈڭنى ئوينىتىپ،
جاننى ئالىسەن يارىم.

ئاتا مەندە بولمىسا،
ئانا مەندە بولمىسا.
بۇ يۇرتتا نېمە قىلاي،
كۆڭلۈمدىكى يار بولمىسا.

كۆزلىرىمدىن ئاققان ياش،
قوشۇلۇپتۇ تارىمغا.
كۆكتە پەرۋاز قىلاتتىم،
يېتەۋالسام يارىمغا.

قولۇڭدىكى كەپتەرنى،
مەن ئۆگزەمگە ئۆگىتەي.
ئىچىمدىكى دەردىمنى،
غەزەل بىلەن تۆكەتتەي.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە بېشەرىق يېزا دۆڭبويىكەنتىدىن مامۇت مامۇت.
توپلىغۇچى: توختىياز مەتنىياز

ئاق سارايدىن چىقتىڭىز،
ئاق قەغەزدەك ئاقىرىپ.
كەينىڭىزدىن قاراپ قالدىم،
زاراڭىزدەك سارغىيىپ.

ئېشىك ئالدى بىر تۈپ سۆگەت،
قۇرغۇي قونالماس.
مېنىڭ يارىم تىكەنلىك گۈل،
بۇلبۇل قونالماس.

قونغان بىلەن سايرىيالماس،
ئۈنىڭ شېخىدا.
ئالغانىدىم يار كۆڭلىنى،
كىچىك چېغىمدا.

مۇساپىر دەپ خار كۆرمەڭ،
يېنىپ كېتىمىز ئۆز يۇرتقا.

كېتىپ بارغان خانىمنى،
شەرەت بىلەن توختاتتۇق.
قول سىلىشقا قاراپلا،
بىزنىڭ يارغا ئوخشاتتۇق.

يار كېتىپ يامان بولدى،
چىرايىم سامان بولدى.
يار بىلەن كۆرۈشمىگىلى،
بەش ـ ئالتە زامان بولدى.

مىكىيان توخۇ باقماڭلار،
سەھەر قانات قاقمايدۇ.
چوكان ئاشنا تۇتماڭلار،
جۇۋانلاردەك باقمايدۇ.

باغىم بارۇ باغىم بار،
بۇغدايلىقتا زاغۇن بار.
كىمنىڭ قىزى شوخ بولسا،
شۇنى بىزىپ ئالغۇم بار.

باغدا كاككۇك سايرايدۇ،
تىڭشاڭلار نېمە دەيدۇ.
ھەركىم ھەر نېمە دەيدۇ،
دەرد كەلمىسە بىلمەيدۇ.

يارىم كوڭلەك كىيىپتۇ،
گۈلى يوغان تاۋاردا.

قاشىڭىز قارا ئىكەن،
كۆزىڭىزگە كۆيىدۇمەن.
تىلىڭىز ئاتلىق ئىكەن،
لېۋىڭىزگە سۆيىدۇمەن.

چىرايىم زەپىرەڭ بولدى،
سارغايغىنىمنى كىم بىلۇر.
سارغايغان چىرايىمنى،
مېھرىبان يارىم بىلۇر.

تېكىست بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە بېشېرىق يېزا دۆڭبويى 1 ـ كەنت 2 ـ گۇرۇپپىدىن مەھەممەت ساۋۇت سامۇق.
توپلىغۇچى: توختىنىياز مەتنىياز.

يارىم قوناق ئوتايدۇ،
يول بويى قوناقلىقتا.
تەرلەپ كەتسەم يەلپۈيدۇ،
ئانار گۈللۈك ياغلىقتا.

تاغدەك يۈرىكىم تاغدەك،
كاككۇك سايرىغان باغدەك.
دائىم ئويىنىسام دەيمەن،
باشتا ئوينىغان چاغدەك.

يارىڭ ئۆيى دالىدا،
گۈل باغچىنىڭ ئالدىدا.
كېلىڭ يارىم بىر سۆيەي،
دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىدا.

شوتا قويدۇم شاتۇتقا،
بىز مۇساپىر بۇ يۇرتتا.

ئالمىنىڭ شېخى تولا،
ئېگىلىپ سۇنمايدىكەن.
يارنىڭ ۋەدىسى تولا،
گېپىدە تۇرمايدىكەن.

گۈلزارلار گۈلى بىلەن،
گۈل ئۈسەر غولى بىلەن.
ئوينساڭ تۈزۈك ئوينا،
ھەر ئىشنىڭ يولى بىلەن.

باغدا ئۆسكەن لەيلى بىز،
تاغدا ئۆسكەن لەيلى بىز.
غېرىب بىلەن سەنەمدەك،
ئۆلۈپ كەتسەك مەيلى بىز.

ئەجەبمۇ يارىشىپتۇ،
پېشايۋانىڭ تېيىنى.
قىيامەتتە ئۆچەرمۇ،
ئىككىمىزنىڭ كۆيىكى.

ئىشىكىڭدىن مەن ئۆتتۈم،
ئېرىقىڭدىن ئاقلىماي.
سەن يار ئۈچۈن دەرد تارتتىم،
ھېچ كىشىگە دادلىماي.

خىوپلاپ رەتلىگۈچى: ئاۋات ناھىيەبازار ئىچىدىن ئىسلام ھاپىز.

ئات مىنىپ سەيلىگە چىقسام،
قامچا دەستىدەك مەن بولاي.
ھەممە ئەلنىڭ كۆزى سەندە،
تىلتۇمارىڭ مەن بولاي.

ئۆتكەن ئاخشام يار چىقماي،
توگلاپ قالدىم تالادا.

بېغىڭدىكى ئالماڭنى،
چىشلەپ يەيمەن ئۈزمەيمەن.
كۆڭلۈم چۈشمىگەن يارغا،
چولام تەگمەيدۇ سۆيمەيمەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاۋات ناھىيە ئايۋاغ يېزا دولان 1 - كەنتتىن
بارات ئوسمان، ساۋاتسىز، 39 ياش.
توپلىغۇچى: ئىلياس باۋۇدۇن.

يانچۇقۇمدا ئارغامچى،
ئۆزۈم ئەسلى ئالۋاڭچى.
قولۇمدا پۇلۇم يوقتۇر،
مەن يارىمغا يالغانچى.

يۈرۈڭ يارىم مەن بىلەن،
بېرىپ كېلەيلى سەيلىگە.
غېرىب قىلماڭ كۆڭلۈمنى،
كىرىپ دۈشمەن كەينىگە.

دورا دەيدۇ، دورا دەيدۇ،
قىچا ياغىنى،
ئەقلىڭ بولسا سۆيەرمىدىڭ،
كىشىنىڭ يارىنى.

ئۇ مېنى تولا ئۇرۇپ،
بارالمىدىم سەيلىگە.
بىر بەلگە قىلىپ قويۇڭ،
ئۆيىڭىزنىڭ كەينىگە.

بوغداي باغلىغان يىگىت،
باغلىق سوزۇلۇپ قاپتۇ،
ئۆزىنى يوغان چاغلاپ،
ياردىن ئايرىلىپ قاپتۇ.

دۇتتارىيەي دۇتتارى،
دۇتتارىدا پەي تارى.
ئاخشام ئىچكەن سىنچايىنىڭ،
ئەمدى تۇتتى خۇمارى.

يارىم ياتىدۇ يالغۇز،
گۈلىنىڭ تۈۋىدە نەمدە.
مۇڭداشقىلى ھەمراھ يوق،
ئۇخلاپ قالىدۇ غەمدە.

مەن بۇ يەرگە كەلمەيتتىم،
يارى كەلتۈردى مېنى.
ئوتقا سالسا كۆيمەيتتىم،
يارى كۆيدۈردى مېنى.

مەنمۇ ئېيتاي دەردىمنى،
سەنمۇ ئېيتقىن دەردىڭنى.
بىر مەلىدە چوڭ بولۇپ،
بىلمەپتىمەن قەدرىڭنى.

ئىشىك ئالدى لاي ـ پاتقاق،
لاي ـ پاتقاقتا تاش ئاتما.
كۆڭلۈمدىكى يار بولساڭ،
باشقىلارغا قاش ئاتما.

يار ئۈچۈن ئۆلۈم كەلسە،
ئاۋۋال قولۇمنى باغلىتاي.
ئىچىمدە ئارمان قالمىسۇن،
يارنى قېشىمغا چىللىتاي.

جىنەستەيۇ جىنەستە،
بىزنىڭ باغدا جىنەستە.
يار ئېگىزدە مەن پەستە،
ئۆتۈپ-كەتتى كۆرمەستە.

ئاق پىيازنىڭ پوستىمەن،
كۆك پىيازنىڭ پوستىمەن.
ئۇي مەھەللىدە چوڭ بولغان،
قەلەمقاشنىڭ دوستىمەن.

جىلدىر - جىلدىر جىل ياخشى،
تىيىلغىلى مۇز ياخشى.
ئۇنداق - مۇنداق چوكاندىن،
سىڭا پۈتلۈق قىز ياخشى.

قارلىغاچ قارا بولۇر،
قانىتى ئالا بولۇر.
كونا يارنى تاشلىماڭ،
يېڭىسى بالا بولۇر.

تالى دەيدۇ، تالى دەيدۇ،
ئۆزۈمنىڭ تالىنى......
بىلمىگەنلەر يامان دەيدۇ،
كىشىنىڭ يارىنى.

ئاقچى قوغۇن ئاق ناۋات،
كۆكچى قوغۇن كۆك ناۋات.
باشقىلارنىڭ قانداقكىن،
مېنىڭ يارىم قەن ناۋات.

يارباغدىكى قومۇشنى،
ئورغاق بىلەن ئورغان يوق.
بىز ئىككىمىز دوست بولۇپ،
تۈزۈككىنە يۈرگەن يوق.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان يامانسۇ مەللى يېزىسىدىن تىلەك سادىق، 52 ياش، ساۋاتلىق، دېھقان.
توپلىغۇچى: كۈتۈپخانىدىن ئابلىز ھېسامىدىن.

ئۆيىڭىز دۆڭ مەھەللىدە،
ئاڭلىمايسىز ناخشىنى.
ئۆزىڭىز ئۇبدان بالا،
چاغلىمايسىز ياخشىنى.

سۇغا چىقتىم كۆلچەككە،
دەپ قويۇڭلار خەلچەككە.
ياش بالىنى ئالداپتۇ،
سازاڭ بولغان ئەمچەككە.

ھاۋىلار ئالاڭلاپتۇ،
يۇلتۇزلار شالاڭلاپتۇ.
يېڭى يارچە يار تۇتسام،
كونىسى يامانلاپتۇ.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن ئاۋۇت توختى، 47 ياش.

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن،
خۇدادىن قورقىمەن يارىم.
ئايرىلىشتىن قورقمايمەن،
ئۇتۇگۇدىن قورقىمەن يارىم.

ئالما گۈلى گۈل ئەمەس،
ئېچىلىپ تۇرغان بىلەن.
كىشىنىڭ يارى يار ئەمەس،
ھېجمىيىپ تۇرغان بىلەن.

ئاق كۆڭلەكنى كىيمەيمەن،
ئاق كۆڭلەك ياراشمايدۇ.
بىز ئىككىمىز ئۇينىساق،
باشقىلار تالاشمايدۇ.

بېغىڭغا كىرىۋېلىپ،
ئۆرۈك ئىزغىتاي يارىم.
ناخشامغا قېتىۋېلىپ،
سېنى يىغلىتاي يارىم.

تام تۆۋىدە ئولتۇرۇپ،
تام باسقاننى بىلمىدىم.
سەن يارىمنى ياد ئېتىپ،
غەم باسقاننى بىلمىدىم.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيە يېڭىئاۋات يېزا 1 - كەنتتىن توختى مامۇت.

توپلىغۇچى: مەدەنىيەت يۇرتىدىن تۇمەر نىياز.

ئاشنا تۇتمساڭ يارىم،
يېنىڭدىكى بولمامدۇ؟

ئالتۇن قەپەزىم بولسا،
بۇلبۇلنى باقاي دەيمەن.
كۆڭلۈمدىكى يار بولسا،
كۆكسۈمگە ياقاي دەيمەن.

تاماكا چەككىم كەلگەندە،
سېيلاپ قويىمەن يانىنى.
كۆڭۈلدىكى يار بولسا،
ئاتاپ قويىمەن جاننى.

تېپىپ بەرگۈچى: كەلپىن ناھىيە كەزلىك يېزىسىدىن توختى ئەيسا، ئە-
مام غوجا.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇۋېلى راخمان.

ئىشىكىڭدىن مەن ئۆتەرمەن،
يۆتىلىپ گۈل كۆتۈرۈپ.
مەيلىڭىز بولسا چىقىڭ،
چىنىدە چاي كۆتۈرۈپ.

بېغىڭىزنىڭ تېمى پەس،
مېۋىسىنى يېگەن بىز.
ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭلى پەس،
شۇڭا تاشلىۋەتكەن بىز.

ئاچا - ئاچا ئاچاملا،
شالغا سۇنى چاچاملا؟
يۈرەككە ئوتنى سېپ قويۇپ،
بىزدىن يىراق قاچاملا؟

باغلىرىڭنى سەيلىتىپ،
ئازغامچا سالدىم دارىگە.
تەلىيىمنىڭ يوقىدىن،
يالغانچى بولدۇم يارىگە.

بارساڭمۇ بېرىپ تۇرغىن،
ئازقاڭدىن يېتىشەرمەن.
خۇدايىم بۇيرۇسا بىر كۈن،
خالىدا كۆرۈشەرمەن.

ئېرىقىڭا ئېرىقىڭ،
پىلتىڭلايدۇ بىلىقىڭ.
ئېسىمدىن ھېچ كەتمەيدۇ،
ئاخشام قىلغان قىلىقىڭ.

توپلاپ رەتلىگۈچى : ئۆچتۇرپان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن سەمەت ئىسمايىل.

قارا - قارا قاغىلار،
خامانىدىدۇر يار - يار.
ئاشنىسى يوق چوكانلار،
ئارمانىدىدۇر يار - يار.

كۆڭلىكىمنى كۆك بوياتتىم.
بەلبېغىمنى ھاۋارەڭ.
بىزنىڭ باغدا غورا پىشتى،
كۈندە كېلىپ غورا يەڭ.

قاشلىق ئەتمىسەڭ يارىم،
قېشىڭدىكى بولامادۇ؟

ئاپئاق ئۇپىدەك يارىم،
شىشە قۇتىدەك يارىم.
ئاچچىقى كېلىپ قالسا،
چاقماق ئوتىدەك يارىم.

قاش ئاتارىم كېلىدۇ،
كىرپىك ئاتارىم كېلىدۇ.
بېلىگە ئالما تۈگۈپ،
يالغانچى يارىم كېلىدۇ.

گۈل دېگەنىنىڭ گۈلىمەن،
گۈزەل ئانار يۈز.
خەت يازغانغا تۈگەمدۇ،
يۈرەكتىكى سۆز.

قوغۇنىنىڭ پىلەكىدىن،
تاۋۇز تاپىمەن يارىم.
ياخشى ياردىن ئايرىلىپ،
يالغۇز ياتىمەن يارىم.

قارىغاي كېسىپ قويدۇم،
قۇرۇسا قالارمەن دەپ.
كەچىك يار تۇتۇپ قويدۇم،
بۇيرۇسا ئالارمەن دەپ.

كېتەردە خۇشلىشىپ كەتسەڭ،
پېشىڭگە ئېسىلىۋالمايتتىم.
قېشىڭنى ئوينىتىپ كەلسەڭ،
لېۋىڭنى چىشلىۋالمايتتىم.

سۇغا سالسا سۇ كۆتۈرمەس،
مىسقال تۆمۈرنى.
ئالتۇن بىرىپ ئېلىپ بولماس،
قالغان كۆڭۈلنى.

هاراق ئىچتىم جوزىدا،
ئالمىخان داڭلىق بىلەن.
ئاچچىقى كەلسە ئۇرادۇر،
قولىدىكى ياغلىق بىلەن.

ئايدىن ئايرىلالمايمەن،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگەندە.
ئەيمىنىپ قارالمايمەن،
قوشۇماڭ تۈرۈلگەندە.

گۈليار ـ گۈليار ئەمەسمۇ،
ئۆزى گۈليار ئەمەسمۇ.
بىزنى ۋەيران دېگەنلەر،
ئۆزى ۋەيران ئەمەسمۇ.

توپلىغۇچى : ئىسلام سادىق .

ئالتۇن بىلەن ئەينەكنى،
تاپالمايسەن مەندەكنى.
سەن ئۆزۈڭنى ماختايسەن،
مەنمۇ سۆيگەن سەندەكنى.

هاۋارەڭ تونىنى كىيىپ،
هاۋادا ئوينىغان كۆڭلۈم.
ياخشىنى ياندا قويۇپ،
يامانىنى خالىغان كۆڭلۈم.

بىر پىيالە چاي تۇتتىڭىز،
ھەسەل دەپ يۇتاي.
بىز يۇتاي، ئىككى يۇتاي،
كۆڭلۈمدە تۇتاي.

قىزىلگۈل ئېلىپ باردىم،
ئول بېۋاپاغا،
بېۋاپاغا بارغۇنچە،
يىغلاپ خۇداغا.

ئول خۇدايا يىغلىسام،
ئوڭلار بېشىمنى.
زەپىرەڭدەك سارغىيىپ،
تۆكسەم يېشىمنى.

باغدا شاپتۇل پىشىپتۇ،
تەرگىلى كەلدۇق.
يارىم سالغان ھوجرىنى،
كۆرگىلى كەلدۇق.

ئىشىكىڭنىڭ ئالدىدا،
سامانلىقىڭ يوق.
مېنىڭ ساڭا ھەرگىزمۇ،
يامانلىقىم يوق.

دۆڭ يەرگە قوغۇن تېرىدىم،
پىلەكلىرى تۈز.
قوغۇنلار پىشىپ قاپتۇ،
يارىم كېلىپ يۈز.

قىزىلگۈلگە قول ئۇزاتسام،
قولۇم يەتمەيدۇ.
مەن يارىمنى سۆيەي دېسەم،
بويۇم يەتمەيدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كەلپىن ناھىيە يورچى يېزىسىدىن ئوسمان مەمتاۋۇلا.
توپلىغۇچى: ئىسلام سادىق.

ئاسماندا مېنىڭ ئايىم،
كەلپىندە مېنىڭ جايىم.
جىمى ئالەم گۇۋاھ بولسۇن،
ئاقسۇدا مېنىڭ يارىم.

گۈل باغدا ئاتار ئەتىم،
بىرسىگە قىزىل ئالما.
نامەردكە كۆڭۈل بېرىپ،
مەندىن ئايرىلىپ قالما.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كەلپىن ناھىيە يورچى يېزىسىدىن ئابلەت تۇردى.
توپلىغۇچى: ئەمەتجان مامۇت.

ياخشى - يامانلىقىڭىزنى،
بىلىپ يۈرىمىز.
ئۇيىنىۋالسۇن بىچارە دەپ،
كۈلۈپ يۈرىيمىز.

ئاكام سالغان ھوجرىنىڭ،
تۈگۈلۈكى تىللا.
بىزنى كۆيدۈرگەن خېنىمنىڭ،
ئاشىقى موللا.

جاندىن ئايرىلغان يامان،
ياردىن ئايرىلغان يامان.
ئىشقى ئوتى تەگسە يۈرەككە،
دوزاخ ئوتىدىن يامان.

دوزاخ ئوتى ئوت بولامدۇ،
ئىشقى ئوتىنىڭ ئالدىدا.
كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇ،
ئۆز يارىنىڭ ئالدىدا.

توپلىغۇچى: ئىسلام سادىق.

ھېلىمخان، سېلىمخان ھالىم قالمىدى،
سەن يار ئۈچۈن خەجلەي دېسەم خەجىم قالمىدى.

سەن تالىشىپ، مەن تالىشىپ، ئاق چوكان يوقمۇ؟
بوينىڭىزنى تولغايسىزغۇ مەيلىڭىز يوقمۇ؟

ئىتلىرى يامان ئىكەن باغلاپ قويماپلا،
بىزدەك چاققان گۈل يىگىتنى چاغلاپ قويماپلا.

ئانام بىلمەس، دادام بىلمەس مېنىڭ ھالىمنى،
ئاۋۋال خۇدا، يارىم بىلمەس سارغايغىنىمنى.

كۈز پەسلىدە سارغىيىپتۇ باراڭدا ئۈزۈم،
يار كەتكەنگە ئىشەنمەيمەن كۆرمىدى كۆزۈم.

مىنگەن ئېتىم سەمرىمەيدۇ ئېگىز ئوتىدا،
يۈرەك باغرىم كاۋاپ بولدى يارىنىڭ ئوتىدا.

مەن يارىمنىڭ كۆڭلىنى دەپ،
تاياق يېدىم يۈز.
يەنە يېسەم شۇنچە يەرمەن،
يارىم قارا كۆز.

ئاتلار ئورۇق، يوللار يىراق،
شۇل مېنىڭ بەختىم.
قەمبەرخاننىڭ باغچىسىدا،
سۇ بولۇپ ئاقتىم.

ئالتە كەپتەر يەتتە بولدى،
قوندى تېرەككە.
ئىتتىك مېڭىپ يېتەلمىدىم،
شىپىڭ كۆڭلەككە.

شىپىڭ كۆڭلەك كىيگەن خاننىڭ،
مېڭىشى ئەپلىك.
ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا،
بىر چېكەن ياغلىق.

چېكەن ياغلىق كىر بولۇپتۇ،
يۇيسا بولمامدۇ.
يارنىڭ كۆڭلى ئېگىز بولسا،
ئەگسە بولمامدۇ.

ئويان ئۆتۈپ، بۇيان ئۆتۈپ،
ئالاي كۆڭلۈڭنى،
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك،
ئېگەي بوينۇڭنى.

يېشىل - يېشىل يوپۇرماقىم ياشاردى كەتتى،
يېشىل تونلۇق مېنىڭ يارىم نەلەرگە كەتتى.

قاراپ باقسام كۆرۈنمەيدۇ ئىلىنىڭ تاغى،
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن ئايرىلىش داغى.

بەختىم قارا بولغان ئۈچۈن يار بىزگە باقماس،
مەن يېتىمنى قاقشاتقىنى ھېچ ياخشى بولماس.

توپلىغۇچى: نىياز مەخمۇت.

قاتار - قاتار غاز كەپتۇ، چىمەنگە پېتىپ،
مەن يارىمغا چاي تۇتاي ئەرزىمنى ئېيتىپ.

ئىچمىسىڭىز ئىچكۈزەي قەن - شېكەر قېتىپ،
كۆيمىسىڭىز كۆيدۈرەي، مىراسىنى سېتىپ.

كېچىككىنە ئېرىق چاپتىم، ئاتلاپ ئۆتكۈدەك،
سۈزۈككىنە سۇ كېلىپتۇ قېنىپ ئىچكۈدەك.

سۈزۈككىنە سۇ ئىچىدە ئالا - چىپار تاش،
يۈرىكىمنى كۆيدۈرگىنى زالىم قارا قاش.

ئىككى تاغنىڭ ئۇ قېتىدا بىر توپ قارا قات،
شۇ يارىمنىڭ مىنگەن ئېتى چىلان تورۇق ئات.

ئۈزەڭگىسى ئالتۇن ئىكەن، قامچىسى پولات،
كۆزلىرى خۇمار ئىكەن، لەۋلىرى ناۋات.

كۆل بېشىغا سۇغا چىقتىم تۇمارنى ئېسىپ،
ئەجەب خۇشخۇي ئولتۇرۇپلا كىتابنى ئېچىپ.

ئاستا كېلىپ سالام قىلدىم بوينۇمنى ئېگىپ،
ئەجەبمۇ سەزمىدىلە، كۆڭلۈمنى چىگىپ.

توپلىغۇچى: ئەخمەت تۇمۇر.

چىللاڭ توخۇم، چىللاڭ توخۇم، يارىم ئويغانسۇن،
لەۋلىرىنى چىشلىۋالاي چۆچۈپ ئويغانسۇن.

ئۈچ يۈز ئاتمىش دەريا سۈيى بىر بولۇپ ئاقتى،
ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن خانىم كۆڭلۈمگە ياقتى.

باغدا پىشقان ئالمىلارنىڭ ياپرىقى بولسام،
كۆڭلۈمدىكى شۇ يارىمنىڭ ئامرىقى بولسام.

بىر قۇتىدا ئۈنچە مارجان ئۆزۈكدە تۇرسۇن،
ئىككى قاراپ، بىر سۆيگۈنىم كۆڭلۈكدە تۇرسۇن.

باردى دەيدۇ، ياندى دەيدۇ مېنىڭ يارىمنى،
ئېگىز داۋان ئاشتى دەيدۇ بويى تالمىدى.

تال چىۋىقتەك بويلارىڭغا زوقۇم كېلىدۇ،
ئاخشاملىقتا باراي دېسەم قورققۇم كېلىدۇ.

باغدا باغۋەن نوتىلارنى سەھەردە پۇتار،
يار ئاغزىغا سۇ تېمىتسا ھەسەل دەپ يۇتار.

بىر پۇتار، ئىككى پۇتار، كۆڭلىدە تۇتار،
كىچىكىدە سۆيگەن يارنى كىممۇ ئۇنتۇتار.

سىم - سىم ئارىلاش قار يېغىپتۇ دەرياتى بويلاپ،
يۈرەك باغرىم پارە - پارە سەن يارنى ئويلاپ.

ئاقسۇ يولى ئۇزۇن ئىكەن داۋانى يوقتۇر،
مەن يارىمنى كۆرۈۋالسام ئارمانىم يوقتۇر.

ئېگىز تاغدىن تاشقىن كەلسە ئاقىدۇ سايغا،
دەرد ئاغرىقى بولۇپ قالدۇق، مەشۇقۇم قايدا.

سۈزۈك سۇنى لاي قىلغان،
دۆڭگۈرۈكنىڭ تۆپىسى.
چوكانلارنى خوش قىلغان،
پىيازلىقنىڭ ئۇسمىسى.

ئاخشام چىقتىم تالاغا،
قوينۇم توشتى ئانارغا.
ياخشى يارنى تاپاي دەپ،
ئۆزۈم قالدىم بالاغا.

ئۇرۇمچى دېگەن شەھەردە،
ئۇن تاسقايدۇ لەگزىدە.
بىزنىڭ يارغا نىم بولدى،
قان قالماپتۇ مەگزىدە.

ئاتىم بار دېگەن بىلەن،
قامچا بولمىسا بىكار.
ئاشنام بار دېگەن بىلەن،
ياندا بولمىسا بىكار.

ئاقاردۇيۇ ئاقاردۇر،
دەريا سۈيى ئاقادۇر.
يىراقتىكى يارەنلەر
ئەمدى كىمگە باقاردۇر.

تېرەك كۆكلەپ باغ بولدى،
زىغىر پىشىپ ياغ بولدى.
يارنىڭ قىلغان گەپلىرى،
يۈرىكىمدە داغ بولدى.

سايغا چۈشكەن ئۈردەكنى،
بىلمىگەنلەر غاز دەيدۇ.
دەرد ئۈستىگە دەرد قوشۇلۇپ،
توينىڭ ۋاقتى ياز دەيدۇ.

بۈگۈن چىققان تولۇن ئاي،
ئاخشامقىغا ئوخشىماس.
شۇ يارىمنىڭ قىلىقى،
باشقا يارغا ئوخشىماس.

ئاسماندىكى ئايمىدەك،
كۆڭلۈمدىكى يارىم بار.
گۈزەل يارىم چىمەندىن،
ئايرىلماس قارارىم بار.

ئىشىك ئالدى قوشتېرەك،
ئىگىلەيمۇ دېمەيدۇ.
بىزنىڭ يارلار تاش يۈرەك،
سۆيۈپ قوياي دېمەيدۇ.

ئاينى ئاسماندا دېسەم،
تار كوچىدا ئاي بار ئىكەن
مەن سېنى يارىم دېسەم،
سېنىڭمۇ يارىڭ بار ئىكەن.

ئاق سارايغا كىردى يارىم،
زەيتۇنە تونىنى كىيىپ.
ئارقىسىدىن مەنمۇ كىردىم،
بىر تۇتام گۈلنى ئېلىپ.

ئەقلى بولسا گۈلنى ئالۇر،
پەمى بولسا غۇنچىنى.
غۇنچىدەك يارى تۇرۇپ،
كۈلىدىن بەتەر قىلدى مېنى.

توپلىغۇچى: ئابدۇرۇسۇل روزى.

ئاستا ـ ئاستا ماڭسىڭىز،
دەرياغا كۆۋرۈك سالسىز.
بىر قاراپ، ئىككى قارىماي،
ئىچىمگە ئوتنى سالسىز.
ئىشىك ئالدى يوللىرى،
باشتىن ـ ئاياغقا تاللىرى.
بېرىش ـ كېلىش قىلمايلا،
كىمگە چۈشتى كۆڭۈللىرى.
كۆڭۈللىرىنىڭ چۈشكۈنى،
ئۇنچە بەك لازىم ئەمەس.
سىلىچە يارىم تۇرۇپ،
يار تۇتماق لازىم ئەمەس.
چىنە دەيلا، چىنە دەيلا،
چىنە ئەنجان يولىدا.
خۇيمىغۇ كۆيدۈرۈلا،
خەندەك ئۆستەك بويىدا.

سۆيگۈ ئەزىم دەريادۇر،
لەيلەپ ـ چۆكۈپ ئاقايلى.
مەجنۇنلارچە ئىگىلىپ،
تۆشنى ـ تۆشكە ياقايلى.

ئات مىندىم دىگەن بىلەن،
ئىگىرى بولمىسا بىكار.
يار تۇتتۇم دىگەن بىلەن،
خۇلقى بولمىسا بىكار.

ئىشىك ئالدى قوناقلىق،
قويۇق كەتسە تاقلايمەن.
سەن ماڭا ۋاپا قىلساڭ،
ۋەدە بىلەن ساقلايمەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: تۇقسۇ ناھىيىسىدىن ھاكىم باتۇر.
توپلىغۇچى: مەھەممەت ئەيسا.

## مەشرەپ بېيىتلىرى

ئاق سارايغا ۋاسا تىزدىم،
سانىمىدىم جۇپىمۇ تاق.
ئاق سارايدىن چىقتى يارىم،
مەڭزى قىزىل يۈزى ئاق.

مەڭزى قىزىل يۈزى ئاققا،
ئاشنا بولسا كىشى.
قارچۇغىنىڭ بالىسىدەك،
قولىغا قونسا كىشى.

گۈلنى ئۈزۈپ كۈپكە سالسام،
كۈپتە ھاراق بار ئىكەن.

ئوڭ قولۇمغا ھاراق ئالدىم،
سول قولۇمغا شام چىراغ.
شام چىراغدا كۆرۈشكەندىن،
مەشرەپتە كۆرۈشكەن ياخشىراق.

×

سىراجان كۆۋرۈكى مەكتەپخانادۇر،
ئۇنىڭدا ئوقۇسا موللا بولادۇر.
چىشىڭىزنىڭ ئاقلىقى ئۈنچە ـ سانادۇر،
لېۋىڭىزنىڭ تاتلىقى تىلنى يارادۇر.
لەززەتلىك قوينىڭىز بېھىش خانادۇر،
قېشىڭىز پادىشاھ بولۇپ يۇرتنى سورادۇر،
كۆزىڭىز ئويناپ تۇرۇپ جاننى ئالادۇر،
سىزنى ھەم ھەر كۈنى بېرىپ كۆرگۈم كېلەدۇر،
قۇچاقىمغا ئېلىپ سۆيگۈم كېلەدۇر.
دوزاخ ئوتىدا تونۇر قىزىيدۇ، نانى كۆيمەيدۇ،
كۆزۈمدىن ئاققان ياشتا ئۆردەك ئۈزىدۇ، يارىم بىلمەيدۇ.
خالايىق سەۋرى قىل دەيدۇ، دەردىمنى بىلمەيدۇ،
كېچە ـ كۈندۈز يىغان ئەيلەپ، ئۇيقۇم كەلمەيدۇ.

×

سىزنىڭ ئوتىڭىز ماڭا چۈشتى،
چۆل ـ باياۋاندا ئۆتسەك.
مېنىڭ ئوتۇم سىزگە چۈشتى،
تەڭ قىيامەتتە ئۆتسەك.

خەندەك ئۆسىنەڭ سۆلىرى،
قىرىدىن تاشقىنى يوق.
سىلىنىڭ تۇتقان يارلىرى،
بىزدىن ئاشقىنچە يوق.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيە ياكۆۋرۈك يېزىسىدىن تۇخان يۈسۈپ.
توپلىغۇچى: ھەنىپەم ئابدۇراخمان

تۇزلۇق كۆلنىڭ بويىدا،
قېشىڭنى قارا قىلدىڭ.
قىلغان ۋەدەڭدە تۇرماي،
كۆڭلۇڭنى ئالا قىلدىڭ.
كۆيۈك بىلەن ئۆلتۈرۈپ،
يۈرەكنى يارا قىلدىڭ،
قىيناپ شېرىن جېنىمنى،
غەمگە مۇپتىلا قىلدىڭ.

توپلىغۇچى: ھاجىرەم مۇھەممەت.

ئى يارى خېنىم ھېچ كىشى سىلىگە ئوخشىماس،
ئىشقى بىر گادايىڭ ماڭا ئوخشىماس.
سۆزلىسەم سۆزلىرىم تامام بولماس،
بىز ئىككىمىز پوتا ① ئويىنىساق يامان بولماس.

× ×

ئاق تىكەن، ئاپئاق تىكەن،
چۆرىسىدە گۈل بار ئىكەن.

① دەررە ئويۇنى

×

مۇھەببەتنامە قىلدىم، ئاڭلىسۇن دەپ،
مېنىڭ كۆيگۈنىمنى چاغلىسۇن دەپ.
مۇھەببەت ئوتىدا كۆيدى جانىم،
سېزىپ كەتتى بۇ تەندىن ئۇستىخانىم.

×

كۆككىنە كەپتەر بولۇپ،
ئۇچسام قاناتىمنى سوزۇپ.
سىلە جاۋاب بەرمىسىلە خېنىم،
مەن كېتەي ئۈمىد ئۈزۈپ.

كۆككىنە كەپتەر ئەمەس،
كۈندە ـ كۈندە كەلگىلى.
كۈندە كەلسەممۇ كېلەرمەن،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسى،
چۈشتى پىيالە ـ چىنىگە.
ئەجەبمۇ قارىمايسىز،
مەن يېتىم بىچارىگە.

×

بىر پىچىقىم بار چار دەستە،
ئولتۇرسىلا، قوپسىلا مېنى ياد ئەتسىلە.

×

مەگەر ئاقسۇ ئىچىدە سىز چىرايلىق،
سىزنىڭ خۇيىڭىز ھەممىدىن چىرايلىق.
يۈزىڭىزنىڭ ئاقلىقى ئايدىن چىرايلىق،
قېشىڭىزنىڭ قارىسى قەلەمدىن چىرايلىق.

# تۇرمۇش قوشاقلىرى
# ۋە
# باشقا قوشاقلار

## ئىجتىمائىي مۇئامىلە توغرىسىدا

ئاق سارايىڭ بار ئىكەن،
زەدىۋالىڭ يوق ئىكەن.
ئاتا - ئاناڭ بولمىسا،
ئەتىۋارىڭ يوق ئىكەن.

ئاتا دېسەم قايىدۇ باشىم،
ئانا دېسەم تۆكۈلەر ياشىم.
مېنىڭ بېشىمنى ئوڭلاڭلار،
ئۇرۇق - تۇغقان قېرىنداشىم.

سۇ بىلەن تاھارەت قىل،
لاي بىلەن ئىمارەت قىل.
ئاتاڭنى ھەم ئاناڭنى،
«مەككە» دەپ زىيارەت قىل.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئاۋات ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن ئابدۇقادىر مۇسا.

سەن ئاتاڭنى ھۆرمەت قىل،
سەن ئاناڭنى ھۆرمەت قىل.
ئاتا - ئاناڭ بار ۋاقتىدا،
رازى قىلىپ خىزمەت قىل.

ئاتاڭنىڭ قولىغا سۆيگىن،
ئاناڭنىڭ قولىغا سۆيگىن.
ئاتا - ئاناڭنىڭ بارىدا،
ۋاپانىڭ ئىشقىدا كۆيگىن.

نەچچە يىلدىن كۆڭۈل بەردىم قىمارغا،
قىمار ئويناپ ئۆزۈم قالدىم بالاغا.

ياخشىلىقنىڭ كوچىسىدىن چىقىپتىمەن،
ئۆزۈمنىڭ جېنىغا ئوتلار يېقىپتىمەن.

قىمار دېگەن يامان قاتتىق بالادۇر،
كىشىنى رەھىمسىز ئوتقا سالادۇر.

بېشىمغا كىيگىنى موزا كولادۇر،
پۇلنى ئۇتتۇرۇپ قەرزىم تولادۇر.

قىمارنى ئوينىدىم مەن نەچچە دەلدىن،
قۇتۇلمىدىم پەقەت ئۇشبۇ كېسەلدىن.

بۇرادەرلەر قىمارۋازنىڭ يۈزى يوق،
كىشى ئاڭلىغۇدەك ياخشى سۆزى يوق.

قىمارنىڭ ئۈستىدە كۆپ ھىيلە قىلدى،
نېمە قىلسام ئۆزۈمنىڭ پەيلى دېدى.

كى ياخشىلار قىمارنى مەنئى قىلدى،
پۇل ئۇتتۇرسام خالايىق تەنە قىلدى.

قىمار ئوينىدىم ھەممىشە قىش - ياز،
قىمارۋازغا ئۇشبۇ كۈنلەر تېخى ئاز.

پۇلۇمنى ئۇتتۇۋالسا زار قىلدىم،
ئۆزۈمنى خەلق ئىچىدە خار قىلدىم.

جۇدا بولدۇم ئۆز پەرزەنتلىرىمدىن،
يەنە ياخشى روزىگاھ مەھرەملىرىمدىن.

بۇرادەرلەر بۇ ئىشقا بولدۇم ھەيران،
بالا-ۋاقام ئۆزۈممۇ خانۇ ۋەيران.

ئاتا قولىدا ئۈسكۈم بار،
ئانا قولىدا ئۈسكۈم بار.
يېتىم قىلماڭلار باشىمنى،
خۇشال ئويناپ كۈلگۈم بار.

توپلىغۇچى: نەسرجان.

جەرەن كېيىك ئاتۇرمەن،
بىر ـ بىرىگە چاتۇرمەن.
مۇساپىر دەپ خار كۆرمەڭ،
بەش كۈن ـ ئون كۈن ياتۇرمەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شاياردىن ئېمىر شېرىپ.
توپلىغۇچى: ئابلەت.

ئارپا تاپساڭ ئاتقا بەر،
سامان يېسۇن كالىلار.
پۇلنى تاپساڭ ئۆزۈڭ يە،
ئىشلەپ يېسۇن بالىلار.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئابدۇرۇسۇل ئابدۇكېرىم.

## قىمارۋازغا رەددىيە

بۇرادەرلەر ئىشتكىل بىر رىۋايەت،
قىمارنىڭ شەرمەتىنى قىلدىم شىكايەت.

بۇرادەرلەر ئىشتكىل بۇ سۆزۈمنى،
يامان يولغا سېلىپتۇرمەن ئۆزۈمنى.

بىرى قاغىش ئالۇر تۇغقان ئانادىن،
بىرى قاغىش ئالۇر مۇشپىق ئاتادىن.

كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ،
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم.

بۈگۈن ئايغا ئون يەتتە،
مەن مۇساپىر بولغىلى.
بىر مۇسۇلمان چىقمىدى،
ھالىمنى بىرسورىغىلى.

ھەي يىگىت كەلدىڭ قەيەردىن،
ئازغان تۇرنىدەك يەككە.
ئۆز يۇرتۇڭدىن ئايرىلغۇدەك،
قالدىڭسەن نېمە دەردكە.

كەلدىم يىراقتىن بۇ يەرگە،
يۇرت ئارىلاپ كۆرەي دەپ.
ئۆز خىلىمدا دوست تاپسام،
ئويناپ- كۈلۈپ يۈرەي دەپ.

خامانلارنى سورۇغان،
دەستىسى يوق گۈرجەكتى.
يۈسۈپ بەگنىڭ چاي ئىچكىنى،
بايدىن كەلگەن چۆچەكتى.

مىڭ مېلى بار يۈسۈپ بەگ،
قايناقسۇنى داغ ئىچتى.
بىر مېلى يوق ئادەملەر،
قايناقسۇنى ياغ ئىچتى.

قىشتا ياغقان قارلاردىن،
يازدا ياغقان يامغۇر ياخشى.

ئاتامدىن قالغان ئەردى نەچچە يامبۇ پۇل،
ئۇچامغا كىيگەن كىيىم مىڭ ياماق جۇل ـ جۇل.

يوقاتتىم شۇنچە دۇنيا بار پۇلۇمنى،
يەنە ساتتىم چىشى، ئەركەك بار-يوقۇمنى.

كى ئايرىلدىم يەنە هويلا ـ ئارامدىن،
قوتانۇ ، قوي، كالا، باغۇ هـەرەمدىن.

گۆرۈگە قويدۇم گىلەم مەرۇزا قويماي،
يەنە لاخشىگىر، پىچاق، چەدوزا قويماي.

ئېتىپ هوشۇقنى سەنجۇ ـ پوزا قالماي،
سېلىپ بەردىم هەممىنى تۇماقۇ موزا قالماي.

كىگىز، يوتقان تۆشەكلەر بارى كەتتى،
ئېغىلدىكى ئېشەكلەر بارى كەتتى.

تۇتۇپ ئالغان كىشىلەر يۇرتقا يەتتى،
تۆت هوشۇق بىلەن شىشخال خورجۇندا كەتتى.

سېتىپ بەردىم يەنە هەم بورا قالماي،
چۆگۈن، داڭقان، قاپاقمۇ كورا قالماي.

گۆرۈگە ئالمىغان بىر كونا پوتا قالدى،
ئىككى تېقىم ۋە يەنە يوتا قالدى.

پۇشايمان ئەيلەپ دادۇ پەرياد،
دۇنياغا كەلگەن ئۆمىدىم بەرباد.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناهىيىلىك گۈڭشەنجۇدىن ئابدۇراخمان توختى.
خاتىرىلىگۈچى: ئىبراهىم قۇربان.

راۋابنى چالسام ئۆزۈم،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم.

يۇرت- ماكاندىن ئايرىلىپ،
يۇرەكتە قالدى ئارمانلار.

توپلىغۇچى: ئاتۇش ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىسى مەرىگۈل روزى.

ئانىجان يادىمدا بار،
ئاق سۈت بېرىپ باققانلىرىڭ.
كېچىلىرى ئۇخلىماي،
تىنماي ئازاب تارتقانلىرىڭ.

ئۇن سەككىز ياشىمغىچە،
شەربەت بېرىپ باقتىڭ مېنى.
رازى بول جانىم ئانا،
ئەمدى كۆرەلمەيسەن مېنى.

كۆپ يىغلىماڭ جانىم ئانا،
ھەر جايدا باردۇر بىر ئۆلۈم.
چۈنكى ئىچىلماي سولدىشىپتۇ،
ئۇن گۈلۈمدىن بىر گۈلۈم.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كەلپىن ناھىيە يورچى يېزىسىدىن سالمان ئىكەم.
توپلىغۇچى: ئىسلام سادىق.

قومبۇلاقتا بارغىچە،
توققۇزنى ئوردۇم يانغىچە.
بار پۇلۇمنى يەۋىلاي،
تۇغماس خوتۇنغا قالغىچە.

تۇغماس خوتۇنغا قالغان پۇلۇم.
دوزاخ ئوتىدا كۆيدۇرەر.
ئەتىسى ناماز كۈنى،
بوينى يوغانغا يېدۇرەر.

يۇسۇپ بەگنىڭ يامبۇسىدىن،
ئىككى باش چامغۇر ياخشى.

ئالدىلىرىغا قارىسام،
چاقىدىغان مەدەك يوق.
شەرىئەتتىن سوراڭلار،
بېخىلغا قىز بەرمەك يوق.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كەلپىن ناھىيە كەزلىك يېزىسىدىن قاسىم مۆمىن
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇسالتار ھامىددىن.

مەن بۇ يەرلىك ئەمەسمەن،
يەر- سۇيۇڭنى بىلمەيمەن.
يەر - سۇيۇڭنى بىلگەندە،
باغلاپ قويساڭ تۇرمايمەن.

توپلىغۇچى: كەلپىن ناھىيىسىدىن ئابدۇسالتار ھامىددىن.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
كۆرۈنەر چىراغ ئوتى.
كەڭ يايراپ يۈرەي دېسەم،
تۇرغىنىم خەقنىڭ يۇرتى.

يۇرتۇمغا بارارمەن دەپ،
ئەسكى تام ئارا ياتتىم.
ئۆي- ماكاندىن ئايرىلىپ،
غەم- ئەندىشىگە پاتتىم.

قالدى مېنىڭ جاپا بىلەن،
تىككەن باغۇ بوستانلار.

كۆڭلۈمدە يامانلىق يوق،
كۈلۈپ ئولتۇرۇڭ يارىم.

### ئەرز نامە

كېلىپتۇ ئىشىكىڭگە بىر بۇۋى زەن①
بۇ شەھرى‌شەھيارغا ئەمىرزادە سەن.
بېگىمگە ئەرز ھالىم ئەيلەي بايان،
قۇلاق سالغىن بۇ سۆزۈمگە شاھى جاھان.
ئۆزۈمكى چىنباغلىق گادايغا تېگىپ،
پېقىرنى خوتۇن قىلدى تالدەك ئېگىپ.
يىگىرمە بەش يىل بولدى بىر ئۆيدە بىز،
بالام بار بىر ئوغۇل، ئىككى قىز.
ياش ۋاقتىمدا ئىشلەپ قاپاردى قولۇم،
تاغارغا كېلەر ئەردى تاپقان پۇلۇم...
قېرى دەپ قويدى مېنى، ياش جۇۋان ئالدى،
گادايلىق قىلۇرمەن تىلەپ ئاش ـ نان.
ئاتام يوق، ئانام يوق، مۇساپىر خوتۇن،
يېمەككە ئېشىم يوق، قالارغا ئوتۇن.
بارارغا يېرىم يوق قېتىپتۇر بېشىم.
كى دەريا سۇيىدەك ئاقادۇر يېشىم.
بۇ قوڭالتاقتا تەگكەندە ئەجەب ياش ئىدىم،
ئاجايىپ چىرايلىق، قەلەم قاش ئىدىم.
لەئلى ياڭلىغ سۇزۇك تاش ئىدىم،
بارچە جۇۋانلارغا پېقىر باش ئىدىم.
كۆكسۇم بار ئىدى قىزىل ئالمىدەك،
ئۇۋۇلاپ تاشلىدى يىلىم خالتىدەك.

---

① داۋاگەر.

باغچىم كەلدى ساخساققا،
پىرە ئويناتتى ئاقساققا،
ياخشى باللا كۆيۈپ قاپتۇ،
جۇۋان دېگەن شاقشاققا.

تاغقا چىقسام تار ئىكەن،
بۇلبۇل بالاسى بار ئىكەن.
قىزىنى ئالاي دېسەم،
قېرى ئانىسى بار ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئىمام خوجا.
توپلاپ رەتلىگۈچى: تۇردى جاپپار.

ھېلىمكامنىڭ ھويلىسىدا،
بىر قىز ياتادۇر،
چار يىلاندەك تولغىنىپ،
جاننى ئالادۇر.

ھېلىمكامنىڭ ئۆيىگە بارما،
يولى خاتادۇر.
ئالما، ئۆرۈك، نەشپۈتنى،
پۇلغا ساتادۇر.

كىشىلەرگە خوش دېمەي كەتكەن،
مېنىڭ ئۇنداقمۇ يارىم يوق.
پېشانەمگە پۈتۈلگەننى،
ئۇنى تارتماسقا چارەم يوق.

ئۇنداق ئولتۇرۇڭ يارىم،
مۇنداق ئولتۇرۇڭ يارىم.

بەش تۆگمەننىڭ ئېرىقى،
پەسكە قاراپ ئاقارمۇ.
ئۆيلەنمىگەن ياش باللا،
ئۆيدە يالغۇز ياتارمۇ.

توپلىغۇچى: توقسۇ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن مەھەممەت ئەيسا.

ئات دۈشمىنى قامچىدۇر،
تۇرار قولۇڭدا بىلىنمەس.
ئەر دۈشمىنى خوتۇندۇر،
ياتۇر قوينۇڭدا بىلىنمەس.

ئاتنىڭ بالىسى تايچاق،
يىمەيدۇ بىسىلغاقنى.
يىگىتلەر ياراتمايدۇ،
ۋاپاسىز ۋىتىلداقنى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: توقسۇ ناھىيىسىدىن ھەمرەمتىل.
توپلىغۇچى: مىجىت سېيىت.

باغ ئىچىدە بىر گۈل بار،
گۈل شاخىدا بۇلبۇل بار.
كىمنىڭ قىزى ئاي بولسا،
شۇنى بىرىپ ئالغۇم بار.

تاغقا چىقسام تار ئىكەن،
كەكلىك بالاسى بار ئىكەن.
ئۆزەمنى چاققان دىسەم،
مەندىنمۇ چاققان بار ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ يېڭىبازار ئاھالىلەر كومىتېتىدىن ئايتۇرسۇن سىدىق.
خاتىرىلىگۈچى: ئەھەت ياسىن.

پەلەكتىن يېتىپتۇ قىرىلىق ئىشى،
قىرىغان خوتۇننى قويارمۇ كىشى.
ماڭا رەھىم قىلسا بىھەققى خۇدا،
يېتىممەن، ئاجىزمەن، بىر ئاجىز گاداي.
ماڭا رەھىم قىلسا بى ھەققى پەلەك،
يېتىم ھالىگە رەھىم قىلماق كېرەك.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيەبازارى ئىچىدىن تاش ئىمىن ھاجىم
توپلىغۇچى: ساۋۇت سوپى.

تاپالمىدىم شەھەردە،
بىر سەتەڭنى نىمىشقا.
تاڭ ئاتقۇزۇش تەس ئىكەن،
ئاشناسى يوق يىگىتكە.

قىزىلگۈلنىڭ تۈۋىنى،
چاناپ قويدۇم كەتمەندە.
نەخۇشاللىق بار دەيسىز،
ماڭا ئوخشاش دەردمەنگە.

كۈن كەچ بولۇپتۇ ئەمدى،
قولۇمغا چىراغ ئالاي.
يولدا يالغۇزلۇق يامان،
مەن خۇداغا يالۋۇراي.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە گۈلباغدىن موللا ھاشىم مەتىل
توپلىغۇچى: ۋاھاپ قادىر.

يۈگۈن سوغۇق بەك بولدى،
ئوت قالايلى خامانda.
ئەر ئالمىغان چوكانلار،
داغدا قالسۇن ئارماندا.

بۇ ئالەمدە تۆرىلىپ،
دەردى يوقلار نەدە بار.

تويلاپ رەتلىگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن سەمەت ئىسمايىل.

سايىسىز بوستانلىرىڭدىن،
چۆل باياۋان ياخشىراق.
قەدرى بىلمەس ئادەمدىن،
بىلسە ھايۋان ياخشىراق.

يارىم كۆڭلەك كىيىپتۇ،
گۈلى يوغان تېگى بوش.
شۇ زامانىنىڭ بالىلىرى،
گېپى بوغان بېلى بوش.

لەپ ـ لەپ ئۇچىدۇ قارلار،
قارىمايدىكەن يارلار.
قارىمىسا قارىمىسۇن،
بىزمۇ ئەتىۋار باللار.

ئېيتىپ بەرگۈچى: توقسۇ ناھىيە تاشئېرىق يېزا مەكتىپىدىن ياسىنچۇرۇق-
توپلىغۇچى: بارات غوپۇر.

كىمكى ئۆلمەستىن بۇرۇن،
بىلمەس بۇ جانىنىڭ قەدرىنى.
كىم ئۆلەر ھالەتكە يەتسە،
شۇل بىلۇر جان قەدرىنى.

شوتا قويدۇم شاتۇتقا،
مەن مۇساپىر بۇ يۇرتقا.

مەن بارالمىدىم توزغا،
يىقىلىپ چۈشتۈم موزغا.
بىر تەڭگىنىڭ تايىنى يوق،
ئىچىم كۆيىدۇ قىزغا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: چاۋار يۈسۈپ.
خاتىرىلىگۈچى: پاتەم نىياز.

چوكانىمۇ تېگەي دەيدۇ،
جۇۋانىمۇ تېگەي دەيدۇ.
ئانىسى يامان دەللە،
سارجىدىن چاپان دەيدۇ.

ئېتىم بولسا ئارسلاندەك،
جابدۇقلىرى تىللادىن.
خۇدا ماڭا بېرەرمۇ،
قاشى قارا قىزلاردىن.

ئۆتمە نامەرد كۆۋرۈكىدىن،
سۇ سېنى ئاقتۇرسىمۇ.
يېمە نامەرد لوقمىسىنى،
ئاچلىق سېنى ئۆلتۈرسىمۇ.

باغقا بۇغداي تېرىساڭ،
سەپسىم بۇدۇشقاق بولغۇدەك.
تۆت ـ بەش تەڭگەڭ بولمىسا،
خوتۇن ئۇرۇشقاق بولغۇدەك.

ئامبالنىڭمۇ دەردى بار،
دوتەينىڭمۇ دەردى بار.

يېمەي تاپقان بېخىل بايدىن،
تىلەپ يېگەن گاداي ياخشى.

ئۆيۈمنىڭ ئارقىسى پاتقاق،
پۇتۇمنىڭ پاتقىنى پاتقان.
يامانىنىڭ يولىدا يۈرسەڭ،
بېشىڭنىڭ قاتقىنى قاتقان.

ئات باغلىدىم چار باغقا،
سىزنىڭ ئۆيگە بارماققا.
سودا بېلىق بولسىڭىز،
ئىلىنارسىز قارماققا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ شەھىرى قۇمباش يېزىسىدىن سەمەت تۇردى.
خاتىرىلىگۈچى: ئەمەتنىياز مەتنىياز.

ھېسابسىز ئۆتتى ئۆمرۈم بىر جان تېپىلماس،
ئەجەلنىڭ ئوقى كەلسە قالقان تېپىلماس.
كۆڭۈلنىڭ خۇشلۇقىدا ھەر كىم بولار دوست،
بېشىڭغا چۈشسە كۈن بىر دوست تېپىلماس.
ئۆيۈڭدە قالمىسا بىر جىڭ تۆت سەر ئۇن،
جاھان توقچىلىق بىر نان تېپىلماس!

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ شەھىرى قارىتال يېزىسىدىن ئايۇپ راۋاب.
خاتىرىلىگۈچى: موللا توختى ئېلى.

ئەرزىڭ بولسا بەش پۇللۇق،
قەرز ئېلىپ بار ئون تەڭگە.

مۇساپىر دەپ خار كۆرمەڭ،
قايتىپ كېتەي ئۆز يۇرتقا.

ئاتاسى ئۆلمىگەن كىم بار،
ئاناسى ئۆلمىگەن كىم بار.
ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ،
مۇساپىر بولمىغان كىم بار.

يۇرتنى كۆرگىلى بارساڭ،
مەن ئىگەرلىك ئات بېرەي.
بوز ئېتىمنى چاپتۇرۇپ،
ساڭا يول باشلاپ بېرەي.

ئېيتىپ بەرگۈچى: توقسۇ ناھىيىسىدىن ھەمەر مەمتىل.
توپلىغۇچى: ئىجات سىيىت.

قەلەندەرگە مازار ياخشى،
سودىگەرگە بازار ياخشى.
ئابرويى يوق پۇلداردىن،
بىزگە ئوخشاش گاداي ياخشى.

ئىشىك ئالدى جىغانلىق،
پاشاخان يامانلاغلىق.
قاشلىرىدا كۆك ئوسما،
ياتقان يېرى سامانلىق.

ئېيتىپ بەرگۈچى: توقسۇ ناھىيىسىدىن ئەخمەت قۇربان.
توپلىغۇچى: مەھەممەت ئەيسا.

جاھاندا نېمە ياخشى،
ئاتا بىلەن ئانا ياخشى.

ئېگىز تۇرغان شۇ يولدا،
قاتار ـ قاتار سۆگەت بار.
نوچىلىقنى ئاز قىلىڭ،
سىزدە پەقەت سۆلەت بار.

توپلىغۇچى: تاھىر قاسىم.

## نەزىم پولۇخان

جىمى نېمەتلەر ئىچىدە خانى سۇلتاندۇر پولۇ،
ھەر ماكان ھەر جايغا بارسا، ئىززەت مېھماندۇر پولۇ.

ھەر ۋاقىت يېسە پولۇنى، بۇ يۈرەكنى دەم قىلۇر،
ئۇرۇشقان ئىككى كىشىنى، ياراشتۇرغاندۇر پولۇ.

ھەر نېچۈك ئادەم ئۇنى كۆرسە، ئىككى كۆزى قازاندا،
ئاشپىزى نائۇستا بولسا، تېگى كۆيگەندۇر پولۇ.

بۇ پولۇ ئوبدان پولۇ، ياغ بىلەن ئەتكەن پولۇ،
سېخىلارنىڭ غەيرىتىدىن مېھمان ئالدىغا كەلگەندۇرپولۇ.

ئالتە ئاي سۇدا تۇرۇپ، ئورۇلۇپ، تېپىلىپ، سورۇلۇپ،
يەنە زاۋۇتتا ئاقىرىپ مۇنچە بولغاندۇر پولۇ.

ئىككى قېرى بىر بولۇپ، يېسە پولۇدىن بىر لىگەن،
ئىككى ئاتقاندا بىر تۇرۇپ، ھېچ تۇتتۇرغاندۇر پولۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۇچتۇرپان ناھىيە ياكۆۋرۈك يېزىسىدىن مەھەممەت ئەخمەت.

خاتىرىلىگۈچى: ھاجىرىم مەممەت.

نى بالالەر كېلىدۇ،
ئوغۇل بالانىڭ باشىغە،

سورىمايدۇ ئۇن تەڭگە،
ئۆزۈڭ يەيسەن دەرەڭگە.

توپلىغۇچى: رەيھانگۈل كامىل.

تەكەببۇر ئەيلىمە ھەرگىز،
گەرچە ئەۋلىيا بولساڭ.
ئۆزۈڭنى بارچىدىن كەم تۇت،
سۇلايمان پادىشاھ بولساڭ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايىر ناھىيە تويبولدى يېزىسىدىن راخمان ئوسمان.

توپلىغۇچى: ھەسقەر.

ئېگىز تاغنىڭ كۆلەڭگۈسى،
سايىنى تالىشۇر.
ياخشى بىلەن يولداش بولساڭ،
خۇيمۇ يارىشۇر.

ياخشى بىلەن دوست بولساڭ،
ئېچىلار چېچەكلىرىڭ.
يامان بىلەن دوست بولساڭ،
يېرىلار يۈرەكلىرىڭ.

ئارپا، بۇغداي، سامانىنى،
سالقىن ئايرىيدۇ.
ئورۇق- توغقان قېرىنداشنى،
ئۆلۈم ئايرىيدۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كەلپىن ناھىيە ئاچال يېزىسىدىن ئابدۇقادىر توسمان.

توپلىغۇچى: ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن ئابدۇرېھىم يولۋاس.

ناخشا ئېيتىپ يۈرگەن بىلەن،
يۈرەكنىڭ تازاسى يوق.

توپلىغۇچى: تاھىر قاسىم.

ئاتىمنى توقۇپ قويدۇم،
باغلىغىلى تانا يوق.
غېرىبلىق ماڭا يەتتى،
ئاتا بىلەن ئانا يوق.

دۇتار چالدىم ئاللىغا،
نان تېپىپ بەردىم باللىغا.
ناننى بەرسەم يېمەيدۇ،
تارتىپ سالدىم كاللىغا.

قىزىلگۈلدەك يۈرتۇمدىن،
ئۈمىدنى ئۈزەر بولدۇم.
نە ئامال باردۇر ماڭا،
سەرگەردان يۈرەر بولدۇم.

سۇنى ئالدىم ئۆگەندىن،
ئات باغلىدىم يۈگەندىن.
خوتۇن ئالساڭ سوراپ ئال،
ئاتا ـ ئانىسىنى بىلگەندىن.

باغىم بارەي، باغىم بار،
باغىمدا ئانارىم بار.
نەگە بارسام بارىمەن،
ياراتقان خۇدايىم بار.

سايدا تۈگمەن چۆرگىلەيدۇ،
كۆزدىن ئاققان ياشىگە.

ئاتالىقلار، ئانالىقلار،
دەستە ـ دەستە گۈل ئىكەن.
ئاتاسىزلەر ـ ئاناسىزلەر،
كۆيۈپ ئۆچكەن كۈل ئىكەن.

ئاتامۇ ئۆلۈپ كەتكەن،
ئانامۇ ئۆلۈپ كەتكەن.
ۋاپاسى يوق قېرىنداشتىن،
كۆڭلۈم بۆلۈنۈپ كەتكەن.

ئۇيانىمدىن ئۆتسەڭچۇ،
بۇيانىمدىن ئۆتسەڭچۇ.
ئۇلۇغقىنا خۇدايىم،
گۇناھىمدىن ئۆتسەڭچۇ.

توپلىغۇچى: مېھرىنسا مۇنىياز.

غېرىبلىقتا ئالدىم مەن،
سىنيا بىلەن قەلەمنى.
يازدىم قەغەز يۈزىگە،
ماڭا كەلگەن ئەلەمنى.

ئاسماندىكى ئاي قانچە،
كۆڭلۈمدىكى دوست قانچە.
مېنى شۇنچە سالامسەن،
زۇلۇم زىندانىغا مۇنچە.

ناخشا ئېيتىمەن ھەر چاغ،
ناخشامنىڭ ساپاسى يوق.

ئاتامغا نىمە دەپ يىغلاي،
ئانامغا نىمە دەپ يىغلاي.
ئۆتىمىنىڭ ئالدىدىن ئاشقان،
سامانىدەك سارغىيىپ يىغلاي.

توپلىغۇچى: قەييۇم مەمەتتەمىن.

ئاتام بولسا، ئانام بولسا،
غېرىب بولماس ئىدى باشىم.
غېرىبلىق دەردىدە يىغلاپ،
كۆزۈمدە قالمىدى ياشىم.

غېرىب دەيدۇ، غېرىب دەيدۇ،
غېرىب قىلسا خۇدا قىلدى.
ئاتام بىلەن ئانامدىن،
جۇدا قىلسا خۇدا قىلدى.

ئۆتىم ئالدىدا كەتتى،
قامچام يايلىدا كەتتى.
ئاتا - ئانامدىن ئايرىلىپ،
غېرىبلىق ماڭا يەتتى.

ئەجەب بولدۇم، ئەجەب بولدۇم،
ئەجەب بولغانغا يىغلايمەن.
ئاتا - ئانامدىن ئايرىلىپ،
غېرىب بولغانغا يىغلايمەن.

قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالدۇق،
ئوتۇنچى ئاپىرىپ ساتسۇن.
خېرىدارى يېتىپ كەلسە،
غېرىب بىچارە دەپ ساتسۇن.

قاشىڭ ئەسلا قارادۇر،
جانغا ئۆتنى سالادۇر.
خۇدا ئالمىغان جاننى،
بەندە قانداق ئالادۇر.

ئالتە شەھەرنىڭ بالىلىرى،
ئىلىخونى داڭلايدۇ.
ئىلىخوغا يېتەلمەي،
مۇز داۋاندا يىغلايدۇ.

دەردىمنى تۆگەپ قالدى،
مەن ئاتىمنى ساتمايمەن.
بۇ ئالەمدە دەرد تارتسام،
ئۇ ئالەمدە تارتمايمەن.

ئىلىغا چىقىپ كەتتى،
يول بىلمەيدىغان بالىلار.
جېنىنى باقالارمۇ،
چامغۇر ساتمىغان بالىلار.

دۇتتارىم تالا ـ تالا،
دۆلەتىم ئاتا ـ ئانا.
يار دېگەن كۆكۆل خۇشى،
تېپىلمايدۇ ئاتا ـ ئانا.

داۋاندىكى قورغاننى،
غېرىب جايى دەيدىكەن.
غېرىبلارنىڭ ئاھ ـ زارى،
خۇدايىمغا يەتسىكەن.

بىر خالايىق چىقىمىدى،
ھالىمنى سوراپ قويغىلى.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن سەھەت ئىسمايىل.

كۆزگى بۇغداي تاختا بولدى،
يازغى بۇغداي قايدىسەن؟
جان چىقار ھالەتكە يەتتى،
جان قېرىنداش قايدىسەن؟

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ شەھىرى ئايكۆل يېزىسىدىن مامۇت ھاۋاز.
توپلىغۇچى: مەدەنىيەت يۇنكىتىدىن داۋۇت مامۇت.

ئوتتۇنچى دىمەك بىزنى،
تارىم يولىدا كارۋان.
تارىمنىڭ مازارىدا،
مېھرىبان ئانام قالغان.

قار ياغار ئېگىز تاغدا،
سۇلار ئاقىدۇ سايدا.
بىز بۇندا غېرىب بولدۇق،
ئاتا بىلەن ئانا قايدا.

باغ ئىچىدە بىر ئەمەن،
گۈل تۈۋىدە تۇرىمەن.
سىز مېھرىبان ئانامنى،
قايسى كۈنى كۆرىمەن؟

مەن بىر يېتىم قوزىمەن،
ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىلغان.

قىزىلگۈلمۇ قايرىلسا،
ئەتىر گۈلمۇ قايرىلسا.
ئەجەب غېرىب بولاركەن،
ئادەم دوستىدىن ئايرىلسا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇرۇسۇل روزى.
خاتىرىلىگۈچى: ئىبراھىم قۇربان.

ئاتاسى بارمۇ توشقاننىڭ،
ئاناسى بارمۇ توشقاننىڭ.
بۇ يۇرتتا نېمەسى بار،
مېنىڭدەك بەختى قاچقاننىڭ.

قەشقەر دېگەن شەھەرنىڭ،
ئانارى تولا ئىكەن.
غېرىبلىق ماڭا يەتتى،
كەلمىسەم بولار ئىكەن.

ئاتام سورىسا، ئانام سورىسا،
زىنداندا دەڭلار.
بىر كۆزى قان، بىر كۆزى ياش،
يىغلايدۇ دەڭلار.

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
غېرىبنىڭ يولىنى باغلار.
غېرىب ئۆلسە كىم يىغلار،
غېرىبقا غېرىب يىغلار.

ئايمۇ ئۆتتى، يىلمۇ ئۆتتى،
مەن مۇساپىر بولغىلى.

مەن بۇ يەرنى بىلمەيتىم،
باشلاپ كەلگەن ئىبراھىم.
ئاتا بىلەن ئانادىن،
ئايرىلغۇدەك خۇدايىم،

ئاتام بولسا كۆرسەممەن،
ئانام بولسا كۆرسەممەن.
ئاتا بىلەن ئانامنىڭ،
ئاياغىدا ئۆلسەممەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: كەلپىن ناھىيە كەزلەك يېزىسىدىن خۇداقۇلى ھەققۇلى.
توپلىغۇچى: كەلپىن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن ئابدۇۋېلى ئابدۇراخان.

قارلىغاچىنىڭ قاناتىدەك،
قايىدۇ باشىم مېنىڭ.
تاغدىكى يامغۇر سۇيىدەك،
ئاقىدۇ ياشىم مېنىڭ.

ئاتام مېنى، ئانام مېنى،
جاپا ئەمگەك بىلەن باققان.
ئەزىز باشىمنى ياد ئەيلەپ،
مازارلارغا چىراغ ياققان.

ئېگىز قارىغاي تاغدا،
سۇلار ئاقىدۇ سايدا.
ئاتا ـ ئانام ئۆلۈپ كەتتى،
قەدرىنى بىلەر چاغدا.

ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم،
باغلىغىلى تانام يوق.

لاچىن سوققان چۆجىدەك،
قاناتىدىن قايرىلغان.

يايلىدۇققا يايلىدۇق،
دولان بويىدا يايلىدۇق.
يولىنمۇ شۇنچە مېڭىپ،
ئانام قايدا دەپ يىغلىدۇق.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ شەھىرى قارىتال يېزىسىدىن ئابلىم ئابلىز.
خاتىرىلىگۈچى: موللا توختى ئېلى.

ماشىنىدا بىلىنمەس،
يولنىڭ يىقىن- يىراقى.
ئاتا - ئانا ئۇلۇغكەن،
ئۇ - بۇ ئۆينىڭ چىراغى.

ئاتامدىن كۆرمىدىم خوشلۇق،
ئانامدىن كۆرمىدىم خوشلۇق.
غېرىبلىق ماڭا يەتتى،
ناخشا توۋلىدىم مۇڭلۇق.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقسۇ شەھىرى ئايكۆل يېزىسىدىن ساۋۇت سايىت
توپلىغۇچى: پاتەم نىياز.

مەن ئاتامدىن ئايرىلىپ،
سۇندى قاناتىم قايرىلىپ.
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن،
جانىم ئانامدىن ئايرىلىپ.

باغقا كىرسەم باقىدۇ،
بۇلبۇل قاناتىن قاقىدۇ.
يىغلىماڭ جېنىم ئانا،
بىزنى خۇدايىم باقىدۇ.

ئىشىك ئالدى ئاقار دەريا،
ئاقار دەريادا كۆۋرۈك يوق.
شەھىرىڭگە مۇساپىرمەن،
ئاتام بىلەن ئانام يوق.

ئاتاسى بار، ئاناسى بار،
تاۋاردىن ئەتىۋار باللار.
ئاتاسى يوق، ئاناسى يوق،
تالادا خارۇ زار باللا.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئىسمايىل ئىبراش.
توپلىغۇچى: قەيسەر.

ئاتامنىڭ ئېيتقىنى كەلدى،
ئانامنىڭ ئېيتقىنى كەلدى.
ئانامنىڭ سۆزىگە كىرمەي،
بېشىمغا دەرد ـ ئەلەم كەلدى.

ئاتام بىلمەس، ئانام بىلمەس،
مېنىڭ ھالىمنى.
خۇدا بىلەن ئۆزەم بىلدىم،
تارتقان دەردىمنى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئېمىر زاھىر.
توپلىغۇچى: ئەسقەر.
1989 ـ يىلى 6 ـ ئاي، شايار.

ئۆستەڭنىڭ ئىچى قاتتىق،
چاپاي دېسەم كەتمەن يوق.
دەردىمنى ئېيتاي دېسەم،
ماڭا ئوخشاش دەردمەن يوق.

غېرىبلىق ماڭا يەتتى،
ئاتام بىلەن ئانام يوق.

ئاتا ئۆتتى يامان ئىكەن،
قان قىلدى يۈرەكىمنى.
ئانا ئۆتتى يامان ئىكەن،
يارا قىلدى جىگەرىمنى.

تام تۆپىسىدە بىر قۇرغۇي،
نەدە بالىسىنىڭ جايى.
يەتمەمدۇ خۇدايىمغا،
مۇساپىر بالىنىڭ ئاھى.

سايرامنىڭ كۆلى دەيدۇ،
يا ئاقمايدۇ، تاشمايدۇ.
تۈلۈمنىڭ نۆۋىتى كەلسە،
ياش- قېرىنى باقمايدۇ.

خالايىق سەۋرى قىل دەيدۇ،
مېنىڭ ھالىمنى بىلمەيدۇ.
مېنىڭ ھالىمنى بىلگەندە،
تاڭ سەھەردە يىغلايدۇ.

ئىچەيمىكىن، ئىچمەيمىكىن،
ئىچسەم مەست قىلارمىكىن.
ئىچىپ - ئىچىپ مەست بولسام،
ئاللا كەچۈرەرمىكىن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: سەمەت ئەمەن.
توپلىغۇچى: ساۋۇت سوپى.

# تارىخي قوشاقلار



ئون سەككىز ياشىمدا،
غېرىبلىق يەتتى باشىمگە.
ئولتۇرۇپ خىيال قىلسام،
ئېتىكىم تولدى ياشىمگە.

ئاتاممۇ ئۆلۈپ كەتكەن،
ئاناممۇ ئۆلۈپ كەتكەن.
بىر تۇغقان قېرىنداشتىن،
كۆڭلۈم بۆلۈنۈپ كەتكەن.

دۇتار چالىمەن ئۆزۈم،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم.
كىشىنىڭ يۇرتى يامان يۇرت،
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم.

ئاتام بارمۇ بۇ جاڭگالدا،
ئانام بارمۇ بۇ جاڭگالدا.
غېرىبلىق ماڭا يەتتى،
ھېچنېمەم يوق جاھاندا.

ئاتام ئۆلگەنگە يىغلايمۇ،
ئانام ئۆلگەنگە يىغلايمۇ.
كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ،
غېرىب بولغانغا يىغلايمۇ.

چاپان كىيدىم قوش ئەستەر،
ئەستىرىنى چوڭ سىرىپ.
مەن مۇساپىر بۇ يۇرتقا،
شۇڭا يۇرۇيمەن غېرىب.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شائىر يېڭىمەھەللىدىن ھامۇتموشۇر.
تۈپلىغۇچى: ئەكبەر كايىت.

## ئۈچتۇرپان جېڭىدە يىغىلىقى توغرىسىدا

سۆچۈك ① دېگەن دارىنىڭ،
زۇلۇمغا چىدىماي،
چىقتى پوقرا سېپىلگە،
غەزەپلىنىپ توختىماي.

جاپا چەككەن دېھقانلار،
پىدا قىلدى جېنىنى.
چوڭ دەرۋازىغا ئوت قويسا،
چېرىنىڭ ئەتتى ئۈچىنى.

قورقۇپ سۆچۈك ئالۋاستى،
كىردى سېپىل ئىچىگە.
مەھكەم ئىكەن سېپىلى،
تەستە كىردۇق كېچىدە.

نەرە تارتىپ خالايىق،
چېرىكلەرنى چېپىشتى.
غەزەپلىنىپ نەيزىنى،
گاللىرىغا تىقىشتى.

تالقان ئېلىپ پوقرالار،
ھاياتلىققا ئېرىشتى.
ماغدۇر تېپىپ نېمەتتىن،
يەڭلىرىكنى تۇرۇشتى.

① سۆچۈك — مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچتۇرپاندا تۇرۇشلۇق ئامبىلى، قوموللۇق ئابدۇللا بەگ بىلەن بىرلىشىپ، ئۈچتۇرپان خەلقىنى دەھشەتلىك ئەزگەن.

كۆزلىرىم ئاقۇ قاراسى،
تەندە جانىم ياخشى قال.

بىللە ئويناپ بىللە ئۆسكەن،
يارى دوستۇم ياخشى قال،
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن،
قەشقەر شەھىرىم ياخشى قال.

ئاسماندىكى سار بولدۇم،
يوللار يۈرۈپ خار بولدۇم.
قەشقەردىكى ئاتامنى،
بىر كۆرمەككە زار بولدۇم.

چۈرۈق كىيگەن ئاياغقا،
تۆمۈر كەشەھىم كەلدى.
جانىم ئاتام قېشىدىن،
بىلەلمىدىم كىم كەلدى.

مەن ئاتامنى سېغىندىم،
ھەم ئانامنى سېغىندىم.
تېرىكمىكىن قەشقەردە،
ئۇقماي زارلاپ يىغلىدىم.

مەن قەشقەردىن كەلگىچە،
تۆشەك سېلىپ ياتقان يوق.
ئانام ئۆرىگەن چېچىمغا،
تاغاق سېلىپ باققان يوق.

سۈلۈن بېرىپ يامۇلغا،
ئەرز قىپتۇ جاڭجۇڭغا.

تاقاقتا كېتىپ بېرىپ،
كەينىمىزگە قايرىلدۇق.
شۇم پېشانە ئىكەنمىز،
ئۇچ شەھەردىن① ئايرىلدۇق.

مەردلىك بىلەن جان بەرگەن،
ئاتا - ئانىدىن ئايرىلدۇق.
قىزىل قانغا بويالغان،
يارى-دوستتىن ئايرىلدۇق.

رەخمىتۇل بەگ② سەرداردىن،
ئەجەبقىنا ئايرىلدۇق.
كۆزىمىزگە ياش ئېلىپ،
ئارقىمىزغا قايرىلدۇق.

يۇرتىمىزنىڭ سەردارى،
مايسىخاندىن ئايرىلدۇق.
يامان ئىكەن يېغىلىق،
بىر تۇغقاندىن ئايرىلدۇق.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىن، جامال قۇربان، 78 ياش-
توپلىغۇچى: تۇرسۇن بارات.

## نوزۇكۇم قوشاقلىرى

خەيىر ئاتا مېھرىبانىم،
غەمگۇزارىم ياخشى قال.

① ئۇچ شەھەر— ئۇچتۇرپان
② رەخمىتۇللا بەگ— ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىسى-

مەن نوزۇكنى تۇتقاندا،
تېرىك قولغا ئالالماس.

مېنى ئىزدەپ تاپالماي،
ئۇتنى قويدى قومۇشقا.
قەستلەپ قويغان زالىملار.
تۇتسا كۆزۈم ئويۇشقا.

تۆگىلەر ياندا ئويدا،
باش بېغى بار بويىندا.
تۇتسا زالىم نوزۇكنى،
ئۇرۇپ قىيناش كويىدا.

تاغدىن چۈشكەن لاي سۇنى،
سۈزۈپ ئىچەر ئەر بارمۇ.
نوزۇك باشقا كۈن چۈشتى،
ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ.

ئۇنۇتمايمەن باقىنى،
قومۇشلۇقتا ياتسامۇ.
كۆڭلۈم ئۇندىن ئايرىلماس.
ئەلەم- كۈلپەت تارتسامۇ.

چۆل- جەزىرە ئىچىدە،
يوقتۇر بىرەر ھەمراھىم.
ئاچ - زىرىن ئۆتتى كۈنلەر،
قالمىدى ھېچبىر ھالىم.

خۇدا بەرگەن غۇنچەمنى،
سۇلۇن ياۋۇز ئۈزەلمەس:

جاڭجۇن چېرىك ئەۋەتتى،
مەندەك غېرىب مىسكىنگە.

ئۈچ كۈن ياتتىم قومۇشتا،
مېنى ئىزدەپ يۈرەرمىش.
تاپالماستىن نوزۇكنى،
ئىتتەك ماراپ يۈرەرمىش.

قومۇشلۇققا ئوت قويسا،
قېچىپ كىرەي دەرياغا.
ئېقىن سۇ بىلەن بىللە،
چىقىپ كېتەي جايلارغا.

جان ئاتامنى كۆرەلمەي،
ئۆلۈپ كېتەر بولدۇممەن.
زالىملارغا تۇتۇلۇپ،
سولۇپ كېتەر بولدۇممەن.

يوللارنى تولا مېڭىپ،
ھالسىزلىنىپ يىقىلدىم.
مەن بۇياققا كېلىپلا،
يامان كۆزگە چېلىقتىم.

قومۇش ئارىلاپ كۈن چۈشتى،
يالغۇز باشقا مۇڭ چۈشتى.
مەن نوزۇكنى تۇتقىلى.
چېرىكلەر قوغلاپ چۈشتى.

قومۇشلارغا ئوت قويماي،
مەن نوزۇكنى تۇتالماس.

ـمدىرلىماس بوپ قالدى،
كويزا قىسىپ قولۇمنى.

ـەيچكىم مەندەك بولمىسۇن،
يا يەللارغا قالمىسۇن.
ماڭا كەلگەن بۇ بالا،
باشقىلارغا كەلمىسۇن.

ـەل ئەمەستۇر ئاققىنى،
كۆزدىن ئاققان يېشىمىز.
قامچا تاياق ئاستىدا،
غېرىب مەزلۇم بېشىمىز.

ئالدىمدىكى چاللاتلار،
قىلىچىنى ئويىنىتار.
مەن نوزۇكنى ئۆلۈمدىن،
قانداق كىشى قۇتقۇزار؟

نوزۇك بىلەك باغلاندى،
ئۆلتۈر مەككە چاغلاندى.
قەشقەردىكى ئاتامنىڭ،
يۈرەك باغرى داغلاندى.

يوقالسۇن بۇ زالىملار،
تاجى ـ تەختى گۇم بولسۇن.
خەلقى ئالەم ئالدىدا،
يەر بىلەن يەكسان بولسۇن.

تېكىست بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيە يېڭىئاۋات يېزا ـ ھەممەللە كەنتىدىن داشىم قاسىم.

توپلىغۇچى: ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن ئۆمەر نىياز.

شۇ باقىنغا باغلانغان،
كۆڭلۈم رىشتى ئۈزۈلمەس.

قايناپ تۇرغان قازانغا،
چۆمۈچ سېلىپ باققان يوق.
سىز ئۇياقتا مەن بۇياقتا،
بىر مۇڭدىشىپ باققان يوق.

بۇلبۇل ھەرگىز سايرىماس،
ئالتۇن بالداق قەپەزدە.
مەن باقىنى ئويلايمەن.
كېچە-كۈندۈز سەھەردە،

تۆگە جايى قاغى بېشى.
ھۆلچەرىمىز يار قېشى.
يار قېشىغا يەتكەندە،
توختىمايدۇ كۆز يېشى.

كەپە قۇردۇم پاۋانغا،
چېرىك كەلدى داۋانغا.
قوتۇلالماي ئاخىرى،
مەن تۇتۇلدۇم قاۋانغا.

ئالتە ئاي ياتتىم قاماقتا،
نان يېشۇردۇم سامانىدا.
ماڭالىدۇلۇم پىچىلدى،
كېتەرمەنغۇ ئارمانىدا.

ئايىغىمدا كىشەن بار،
قوۋۇق قىسار بويىنۇملى.

قىبلىدىن شامال چىقىپ،
دەرەخ ئېگىلەي دەيدۇ.
ئۆز يۇرتىمنى خىيال قىلسام،
ئۆپكەم ئۆرلەي دەيدۇ.

قارا ئېتىم تايغان ئىدى،
يوغان ئىدى، ئات ئىدى.
يۇرتتا قالغان تۇغقانلار،
ئەمدى بىزگە يات بولدى.

بىز ئىلىدىن چىققاندا،
ئالتىنچى ئاي روزىدى.
باشقا ئەلەم كەلگەندە،
ئاتا ـ ئانام بولسىدى.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
كۆرۈنەر چىراغ ئوتى.
ئېچىلىپ يۈرەي دېسەم،
قورقىمەن خەقنىڭ يۇرتى.

ئىلىدىن چىققان يىگىت،
تونى بار، ياقاسى يوق.
چېكىسىگە گۈل قىسىپتۇ،
گۈلى بار غۇنچىسى يوق.

كەچ بولسا تاڭ ئاتمايدۇ،
مەن بىلەن قىرىشقاندەك.
ئۆز يۇرتۇمدىن ئايرىلدىم،
لاچىن سوققان توشقاندەك.

## كۆچ - كۆچ قوشىقى

كۆچ - كۆچ دېسە كۆچەمدۇ،
كۆچۈپ يۇرمىگەن ئەللەر.
ئۆز يۇرتىغا يېتەمدۇ،
بېرىپ كۆرمىگەن يەرلەر.

ئورۇس ھارۋىسى دەيدۇ،
ئالدى چاقى پەس ئىكەن.
خەقنىڭ يۇرتىدا يۇرۇپ،
كۆڭۈن ئالماقمۇ تەس ئىكەن.

قارىغاينىڭ يوپۇرمىقى،
ياپيېشىل بولار ئىكەن.
ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلسا،
خۇيمۇ دەرد بولار ئىكەن.

قارىساق كۆرۈنمەيدۇ،
بىزنىڭ ئۆينىڭ ياغىچى،
ئېتىزلاردىن يەر تەگمەي،
ماكان بولدى تاغ ئىچى.

گۈلنى تىرىدىم ھويلامغا،
قىسقىلى قىزلار قېنى.
تىزىپ قويدۇم نان يېقىپ،
يېگىلى بالىلار قېنى.

ئۇششاق بالىلار دۇينايدۇ،
تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ.
مۇساپىر بالىلار يىغلايدۇ،
ئۆز يۇرتىنى ياد ئېتىپ.

ئەل - يۇرتىغا خۇش ئېيتىپ،
كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

قالدى مىڭ جاپا بىلەن،
تىككەن باغۇ - بوستانلار.
يۇرت - مەھەللىدىن ئايرىلىپ،
يۇرەكتە قالدى ئارمانلار.

يولدا ھېچ توختاتمىغان،
يايى، لەشكەر ئەر ئەمەس.
باشقا قاتتىق كۈن چۈشسە،
ئازار بەرگەن يار ئەمەس.

ياركەنتنىڭ يولى دەيدۇ،
كۆۋرۈكىدە يوغان تاش.
بىزنى يۇرتتىن ئايرىغان،
نىكولاي① دېگەن باغرى تاش.

ئەلنىڭ ئالدى يەتكەندۇ،
قورغاسنىڭ بازارىغا.
تاۋاپ قىلىپ ئۆتسەڭچۇ،
تۆمۈرخان مازارىغا.

ئوقنى ئاتتى چېرىكلەر،
كېلىپ تەگدى يۇرەككە.

---

① نىكولاي ـــ رۇس پادىشاھى.

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
يۇرتۇمنىڭ تاغى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
تىرىك ئايرىلىش داغى.

بۇرادەرلەر، خوش ئەمدى،
خۇدايىمغا ئامانەت.
جېنىمىز ئامان بولسا،
كۆرۈشەرمىز سالامەت.

ئاتام ئارزۇلىغان باشىم.
ئانام ئارزۇلىغان باشىم.
ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەندە،
سۇ بەرگەن قېرىنداشىم.

خۇيمۇ خار بولۇپ كەتتۇق،
خەقنىڭ يۇرتىدا ئىشلەپ.
يار خالتا ئەۋەتىپتۇ،
سېغىنىپ مېنى ئەسلەپ.

چۆللەرگە قاراپ ماڭدۇق،
چۆلنىڭ بۆرىسى باردۇر.
كۆچمەي كۆچكەن ئەللەرنىڭ،
قېرى - چۆرىسى باردۇر.

كۆچمەي كۆچكەن يارەنلەر،
قىبلىگە قاراپ ماڭدى.

# بالىلار قوشاقلىرى



## ئاق پاشانىڭ قىلغىنى،
## ئورناپ كەتتى يۈرەككە.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان يېڭىئاۋات يېزىسىدىن ھاشىم قاسىم.

توپلىغۇچى: ئۆمەر نىياز، ھەنىپەم ئابدۇراخمان.

## ئەي ئايەم

كىچىككىنە قايچا قولۇمنى كەستى،
ئۈنچە-مارجان يولۇمنى توستى.
ئەي ئايەم - ئەي ئايەم،
نەگە بارىسەن؟
تاغقا بارىمەن.
تاغدا نىمە بار؟
تاغدا بادام بار.
بادام كىمنىڭكى؟
ئوتىۋاينىڭكى.
ئوتىۋاي - ئوتىۋاي،
قورسىقىدا بالىۋاي.
ۋىچىر - ۋىچىر سايرامدۇ؟
ۋىچىر - ۋىچىر سايرايدۇ.
سىڭىل خېنىمغا توي كەپتۇ،
ئالا پاچاق قوي كەپتۇ.
قوينى سويۇڭلار ۋاقتىدا،
ئاشنى ئىچىڭلار تاختىدا.

## جىرىم سالدىم قاتارا

جىرىم سالدىم قاتارا،
ئۆچكە كېلىپ غاجارا.
ھاسام بىلەن بىرنى سالسام،
تىكاك - تىكاك قاچارا.

قەشقەر دېگىنىڭ نېمە دېگىنىڭ؟
ئەنجان دېگىنىڭ نېمە دېگىنىڭ؟
ئەنجانلىقنىڭ نېمىسى بار؟
چىنە تەخسىدە پىستىسى بار.
پىستىسىنى كىم چاقىدۇ،
ھاشىم توكۇر ئۇستىسى بار.
ھاشىماخۇن قارا قاش،
بەش پۇلۇمنى بەر ئاداش.
بەش پۇلۇمنى بەرمىسەڭ،
شەرىئەتكە ماڭ ئاداش.
ھاشىم توكۇر ئۆلۈپتۇ،
ئاق مازارغا كۆمۈپتۇ.
يىغلىغىلى ئادەم يوق،
ئۆزى قوپۇپ يىغلاپتۇ.
ئاق مازارنىڭ چالمىسى،
قارا توڭگۇزنىڭ كاللىسى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۇچتۇرپان ناھىيە ئىمامليرىم يېزىسىدىن ئەززاق سۇلتان.
خاتىرلىگۈچى: سەمەت ئىمايىل.

## چىم چۆچەك

چىم چۆچەك، چىم چۆچەك،
ئوتتۇرىسى كۆلمەنچەك.
سۇ قۇيسام تېشىپ كەتتى،
ئۆمىلەپ قېچىپ كەتتى.
چۆچۈرەم ـ چۆچۈرەم قاينايدۇ،
ئانام ماڭا بەرمەيدۇ.

تەخسىدە كاۋاپ،
يېسىلە ساۋاپ.
مەن ئۇكامنى باقىمەن،
قوينۇمغا سولاپ.
ئاپام مېنى ئۇرسدۇ،
بولۇشىغا سولاپ.
بىزنىڭ تامنىڭ ئارقىسى،
بوستانلىق تېرەك.
چاتىۋېتىڭ شېخىنى،
قالاشقا كېرەك.
قىمارۋازلار ئويناپدۇ،
دەتتىكام ھوشۇق.
ئوتتۇۋالسا بەرمەيدۇ،
تۇرسۇنباي ئوششۇق.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن ھېيۋەتچە ئابدۇراخمان.
خاتىرىلىگۈچى: ئىبراھىم تۇربان.

## ئەششاپتۇل

ئەششاپتۇلا، ئەششاپتۇل،
داچىنىڭگە بەش شاپتۇل.
پۇلى بارغا نەق ساتتىم؛
پۇلى يوققا گەپ ساتتىم.
بىزنىڭ باغدا بەش قاغا،
بەشىلىسى ياش قاغا.
خۇدايىم قانات بەرسە،
ئۇچۇپ كەتسەم قەشقەرگە.

تۇزغا بارسەن،
تۇزۇڭ نەدە تۆكۈلدى؟
ئارىيادا تۆكۈلدى،
تاسقاپ-تاسقاپ ئالساڭچۇ.
بايەۋەككە تۇتساڭچۇ،
بايەۋەكنىڭ قۇشلارى.
ئۈستۈن چىقتى ھاۋاغا،
تۆۋەن چۈشتى دەرياغا.
دەريا سۈيى سوغالدى،
بېلىقلىرى بوغۇلدى.
ھەسەن كىچىك ئۇرۇشتى،
قىزىل قانغا بوياشتى.
قىزىل قاننى كىم ئىچىدۇ؟
پاتىمە - زۆھرە قىز ئىچىدۇ.

## ئاللا غازلارىم

قاق - قاق - قاق،
ئاللا - ئاللا غازلارىم.
ئارقاڭدىكى نېمەرىڭ،
ئۇششاق - ئۇششاق باللارىم.
ماڭا بىرنى بەرسەڭچۇ،
كۆچۈك يەتسە ئالساڭچۇ.

## تاقىقا - تۇقىقا

تاققا - تۇققا،
زەنجىر ھالقا.

بەرمىسىمۇ بەرمىسۇن،
كۆڭلۈم يېرىم بولمايدۇ.
كېلىڭ دوستلار ئوينايلى،
ئاداش – ئاداش بولايلى.
ئاپمىزنىڭ ئەمچىكىگە،
توپا چېچىپ قاچايلى.
بىر نان ئاپساق تەڭ يەيلى.
ئايرىلماس دوست بولايلى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن ھېنىچە ئابدىراخمان.
خاتىرىلىگۈچى: ئىبراھىم قۇربان.

## يامغۇر ياغدى

يامغۇر ياغدى، قار ياغدى،
شارقىراپ كەتتى.
ئۆتۈكۈمنى مايلىسام،
پارقىراپ كەتتى.
تاۋار كۆڭلەك ئېپ بېرىمەن،
كۆڭلۈم چۈشكەندە.
ئاق خالتىدا ماش،
كۆك خالتىدا ماش.
سېنىڭ ئاناڭدىن،
مېنىڭ ئانام ياش.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن سەمەت ئىسمايىل

## دۈگىلەك

دۈگىلەك ئەي دۈگىلەك،
نەگە بارىسەن دۈگىلەك؟

ئۆزى چىۋەر ھەر ئىشتا،
ھەم ئەلاچى ئوقۇشتا،
خەيرىنسا كېرەك.
قاۋۇل ـ قاۋۇل قامچالى.
تامدا تۇرغان تامچالى،
ئاقتېرەك ـ كۆك تېرەك.
بىزدىن سىزگە كىم كېرەك؟
ئۆزى خۇشخۇي گۈل غۇنچە ،
تىلى تاتلىق ھەم شۇنچە،
مېھرىنسا كېرەك.

ئېيتىپ بەرگۈچى: زۇنۇنگۈل ئابدۇرېھىم.
خاتىرىلىگۈچى: سەمەت ئىسمايىل.

## غوجالدىرۋاق

جالدىرۋاققا ـ جالدىرۋاق،
كىمدە بولسا شۇنىڭغا باق.
سەن ئۇنىڭغا باقمىساڭ،
يېڭى ئويۇن تېپىپ باق.
يېڭىشە ھەرنىڭ باللىرى،
كونىشە ھەرنىڭ باللىرى.
ئوينىغىلى چىقماپتۇ،
مەخسۇتبايىنىڭ خانلىرى.
يۆگەي ـ يۆگەي ئوخشايدۇ،
يىكەندازغا ئوخشايدۇ.
ئاشۇ كېلىۋاتقان بايۋەچچە،
مېنىڭ دادامغا ئوخشايدۇ.

قارا قوي نەدە؟
قارا قوي باغدا.
باغقا چىقسام باغدا يوق،
تاغقا چىقسام تاغدا يوق.
باغ مېنىڭ،
تاغ سېنىڭ.
ئۆرۈلۈپ،
چۆرۈلۈپ.
سەن تۇرۇپ،
سەن چىق.

## دۇم - دۇم

دۇم - دۇم - دۇم،
لەبەي - لەبەي.
ئاتا - ئاناڭ نەدە؟
ئەسكى ساماننىڭ ئىچىدە.
نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟
ئاش ئېتىۋاتىدۇ.
ماڭا ئاش قېنى؟
تاختا بېشىدا.
ماڭ پات ئېلىپ كەل،
قاغا ئىچىپ كېتىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ھەنىپەم ئابدۇراخمان.
خاتىرىلىگۈچى: سەمەت ئىسمايىل.

## ئاق تېرەك

ئاق تېرەك، كۆك تېرەك،
بىزدىن سىزگە كىم كېرەك.

## «سا، چۆجە» ئويۇنى

قارا ـ قارا قۇشلارىم،
ئارقاڭدىكى كىملەرىڭ؟
ئۇششاق ـ ئۇششاق باللارىم.
بىرنى ماڭا بەرسەڭچۇ؟
كۈچۈڭ يەتسە ئالساڭچۇ.
كۈچۈم نەگە كېتىپتۇ؟
ئالا تاغقا كېتىپتۇ.
ئالا تاغدا نېمە بار؟
ئۇندا ھەر خىل قۇشلار بار.
ئانداق بولسا بارايچۇ،
قۇشتىن بىرنى تۇتايچۇ.

## توپ ئويۇنى

ئەيساكامنىڭ بىر قىزى،
تاۋار كۆڭلەك كىيىپتۇ،
تاۋار كۆڭلەك كىيگەندە،
ھېلىم بەگكە تېگىپتۇ.
ھېلىم بەگكە تەگكەندە،
ئالتە بالا تۇغۇپتۇ.
ئالتە بالا بەرى پوق.
ئېيتاي دېسە لاتا يوق.
لاتا دېگەن ئۆگزىدە،
چىقاي دېسە شوتا يوق.
شوتا دېگەن تېرەكتە،
كېسەي دېسە پالتا يوق.

ئۆيگە كىرسەم قاراڭغۇ،
تالاغا چىقسام داراڭگۇ.
داراڭگۇنىڭ دەستىدىن،
بولۇپ قالسام ياداڭغۇ.

توپلىغۇچى: توقسۇ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن مەھەممەت ئەيسا

ئۇ قاش - بۇ قاش،
دەريا بويىدا سۈزۈك تاش.
خانىنىڭ قىزى قەلەم قاش،
قەلەم بىلەن مەن ئاداش.
ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟
مۆرەيدىغان كالا بارمۇ؟
مۆ......................

## چۆچۈرە قاينايدۇ

چۆچۈرە قاينايدۇ،
ئانىكام بەرمەيدۇ.
بەرمىسە بەرمىسۇن،
ئىچكىممۇ كەلمەيدۇ.
ئاق ئۆيدە ئايىم بار،
پىيالىدە چايىم بار.
ئاش بەرسە سۇيۇق بەردى،
نان بەرسە كۆيۈك بەردى.
تويمىدىم دېسەم،
تىل بىلەن تاياق بەردى.
قانداق قىلاي ئاللا،
ئۆگەي ئانىنىڭ دەردى.

## لەگگەر تاق - تاق

لەگگەر تاق - تاق،
ئۆچكە ساغلاق.
موللام قىزى،
تاشتەك يۇمىلاق.
ئالاي دېسەم،
يۈزلەرى قاسماق.
كۆزلەرى چاپاق،
بەر قولى چولاق،
بەر پۇتى مايماق.

## دوست چاقىرىش ئويۇنى

ئاق تاش-كۆك تاش،
دەريادىكى سۈزۈك تاش.
سېنىڭ بىلەن مەن ئاداش،
ئوينايدىغان باللار بارمۇ؟
ئاق تاش- كۆك تاش،
دەريادىكى سۈزۈك تاش.
بىر تەكىيدە ئىككى باش،
ئىككىلىسى قەلەم قاش.
قەلەم قاشنى ئويغاتقان،
هاشىم ئاخۇن قارا قاش،
ئوينايدىغان باللار بارمۇ؟

## چىگىچى

چىگىچى، بوغدايچى،
ئەمكى تاغدايچى،

پالتا دېگەن بازاردا،
ئالاي دېسە پۇلى يوق.
پۇل دېگەن ساندۇقتا،
ئاچاي دېسە ئاچقۇچ يوق.
ئاچقۇچكاملار ئۆلۈپتۇ.
شورلۇق يەرگە كۆمۈپتۇ.
قەبرىسىنىڭ بېشىغا،
ئاق تىكەنلەر ئۈنۈپتۇ.
يىغلايدىغان ئادەم يوق،
ئۆزى قوپۇپ يىغلاپتۇ.
..............................
ئۇچۇپ چىقتىم هاۋاغا،
سەكرەپ چۈشتۈم دەرياغا.
دەريا سۈيى قويۇلدى،
پاتمانچۇقلار بوغۇلدى.
پاتمانچۇقنى كىم بوغدى،
ئاپئاق ساقال بوۋىلار،
قىلدى نەچچە توۋىلار.

## بارا - باراڭ ئويۇنى

بارا - باراڭ،
بارا - بار.
بار ئاتاڭنىڭ قېشىغا،
بار ئاپاڭنىڭ قېشىغا.
كېسىپ بەرسۇن نېمىرنى،
ئاپىرىپ ئۇچاققا سال،
پۇۋلىمەي ئاغزىڭغا سال،

بايلار ئاادى خاماننى،
ئەللەي بالام ـ ئەللەي.
بىزلەر ئاالدۇق ساماننى،
ئەللەي بالام ـ ئەللەي.

بايلار كەلدى قورساق توق،
ئەللەي بالام ـ ئەللەي.
بىز زارلاندۇق كىيەك يوق،
ئەللەي بالام ـ ئەللەي.

ئۆدۈلۈمغا ئاي كەلدى،
ئەللەي بالام ـ ئەللەي.
كۆزلىرىمگە ياش كەلدى،
ئەللەي بالام ـ ئەللەي.

ئەتىمىزنى ئويلىسام،
ئەللەي بالام ـ ئەللەي.
بۇ بېشىمغا غەم كەلدى،
ئەللەي بالام ـ ئەللەي.

ئۈچيۈز ئاتمىش كۈنلەردە،
ئەللەي بالام ـ ئەللەي.
تاڭ ئاتمايدۇ تۈنلەردە،
ئەللەي بالام ـ ئەللەي،

نان ئۈزۈلدى ئۆيۈمدىن،
ئەللەي بالام ـ ئەللەي.
لەيلى توغراپ ئاش ئېتەي،
ئەللەي بالام ـ ئەللەي.

كېچىلەپ ئاغزىڭنى تۇت،
ئۇچۇپ چىقتىم ھاۋاغا،
سەكرەپ چۈشتۈم دەرياغا.
دەريا قېشى ئويۇلدى،
پاتمان سۈيى قۇيۇلدى،
بىرىنىڭ ئېتى كۆچىلا،
بىرىنىڭ ئېتى پۇچىلا.
ئاپئاق ساقال بوۋىلار،
قىلدى نەچچە تۈۋىلار.
بوۋىنى بوۋا دىمەڭلار،
بوۋىلار يالغانچىكەن.
ئالداپ- ئالداپ بىزلەرنى،
قولىغا ئالماقچىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: شايار ناھىيە توپبولدى يېزا مائارىپ ئىشخانىسىدىن ئەخمەت مەھەممەت.

توپلىغۇچى: ساۋۇت سوپى.

## ئەللەي ناخشىسى

ئەللەي دىدىم ئويغاندىڭ،
ئەللەي بالام- ئەللەي.
بوشۇكۈڭگە تېگىلدىڭ،
ئەللەي بالام- ئەللەي.

زامان شۇنداق تار ئىكەن،
ئەللەي بالام- ئەللەي.
تۇغۇلمىساڭ بوپتىكەن،
ئەللەي بالام- ئەللەي.

# ئاقسۇ خەلق ئەل نەغمىچىلىرى



بۆشۈك تۈۋۈدە مەن قالدىم،
ئەللەي بالام- ئەللەي.
بىر-پ ياتتىم چۆللەردە،
ئەللەي بالام- ئەللەي.

ئېيتىپ بەرگۈچى: باي ناھىيە قىزىل يېزىسىدىن توختى ياقۇپ.
توپلاپ رەتلىگۈچى: ئۆمەر پەيزى، تۇرسۇن ھېكىم.



## مۇقامچى ئايۇپ راۋاب

داغلىق دولان مۇقامچىسى ئايۇپ راۋاب 1891- يىلى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ قاراتال يېزا قارا قاش كەنتىدە تۇغۇلغان.

ئۇ كىچىك چېغىدىلا ئاتا- ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ جاڭگالدا پادا بېقىش جەريانىدا دولانلىقلارنىڭ خەلق مەشرەپلىرى ۋە دولان مۇقامىغا ھېرىسمەنلىك بىلەن ئىشتىياق باغلاپ، ئۆزى ياسىۋالغان دولان راۋابى بىلەن دولان مەشرەپلىرىگە نەغمە قىلىشنى ئۆگىنىۋالغان، ئۇنىڭ مۇقام ئېيتىش ۋە مەشرەپ ئاھاڭلىرىغا نەغمە قىلىش ماھارىتى يۇقىرى بولۇپ ئۇنىڭسىز توي- تۆكۈن ۋە ھەرخىل مەشرەپلەر قىزىمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئۇنى تولىمۇ ھۆرمەتلەيتتى.

ئۇ 1955- يىلى ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق سەنئەتكارلىرى كۆرىكىگە قاتنىشىپ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتكەن ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنىدى. 1985- يىلىدىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق مەملىكەتلىك مۇزىكا تەتقىقاتى ئورۇنلىرى ۋە بىر قىسىم چەتئەللىك مۇقام تەتقىقاتى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ زىيارەت قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغانىدى.

ئايۇپ راۋاب يەنە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بايلىقىنىڭ مول خەزىنىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇ خەلق قوشاقلىرى ۋە خەلق ناخشىلىرىنى قېزىش، توپلاش ئىشلىرىغىمۇ يېقىندىن ياردەم بەردى. ئۇ 1993- يىلى 4- ئايدا 102 يېشىدا ئۆز يېزىسىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

رەندە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، ئۆسمۈرلۈك چېغىدىن
باشلاپلا ئاتىسى ئابدۇۋېلى ئاخۇن، ئانىسى پاتىمخاندىن داپ
ۋە دۇتار بىلەن نەغمە قىلىشنى، كۇچا خەلق ناخشىلىرىنى
چوڭقۇر ئىرىك تۇيغۇ ۋە ھېسسىياتلىق ئېيتىشنى ئۆگىنىۋا-
لىدۇ. ئۇ 18 ياشلارغا كىرگەندە، كۇچا خەلقى ئارىسىدا داڭ-
لىق ناخشىچى بولۇپ تونۇلىدۇ.
ئازادلىقتىن كېيىن نىساخان ئۆزىنىڭ ياڭراق، يېقىم-
لىق ناخشىلىرى بىلەن ئازاد ھەم بەختىيار يېڭى زامانىنى
كۈيلەپ، خەلققە چوڭقۇر مەنىۋى زوق بەردى.
ئۇ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم
رايونى ۋە مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت
تارماقلىرىنىڭ 20 قېتىمدىن ئارتۇق ماددىي ۋە مەنىۋى مۇ-
كاپاتىغا مۇيەسسەر بولدى. 1958 - يىلى بېيجىڭدە مەملى-
كەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ
ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، ماۋزېدۇڭ، ليۇ-
شاۋچى، جۇئېنلەي قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل
قىلىشىغا ئېرىشتى.
نىساخان ئۆز ئۆمرىدە 300 پارچىغا يېقىن كۇچا خەلق
ناخشىلىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ ئېيتىپ ۋە ئورۇنلاپ، ئۇنى
ئامما ئارىسىغا تارقىتىپ، بۇ ناخشىلارنىڭ ئەۋلادتىن- ئەۋ-
لادقىچە داۋاملىشىشىغا تۆھپە قوشتى. ئۇ جۇڭگو خەلق ئەدە-
بىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەم-
ئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىر-
لەشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئە-
زاسى، كۇچا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى
بولغانىدى.
ئۇ، 1987 - يىلى 85 يېشىدا كۇچادا ۋاپات بولدى.

## مۇقامچى ، خەلق قوشاقچىسى تاھىر ئاخۇن ساتار

مەشھۇر مۇقامچى تاھىر ئاخۇن ساتار 1896- يىلى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ يورچى يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇنىڭ دادىسى ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولۇپ، مۇزىكىغا ھېرىسمەن سەنئەت خۇمار ئىدى. ئۇ ئاتا بوۋىلىرىنىڭ مۇقامچىلىق ۋە ئەلنەغمىچىلىك ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ كەلپىن خەلقى ئىچىدە ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان ھەم خەلق سۆيگەن سەنئەتكار ئىدى.

تاھىر ئاخۇن كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا دادىسى ۋە باشقا ئەلنەغمىچىلەردىن «12 مۇقام» مۇزىكىلىرى ۋە يەرلىك خەلق مەشرەپلىرىدىكى خەلق ئەلنەغمىلىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن ئۆگىنىشكە باشلىغانىدى. ئۇ كېيىنكى چاغلاردا ساتار، تەمبۇر، راۋاب، دولان غېجىكى، قالۇن قاتارلىق ئۇيغۇر چالغۇلىرىنى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن چالالايدىغان ۋە مۇقام ئورۇنلاپ ئەلنەغمىچىلەر ئارىسىدا نەغمىقىلالايدىغان بولۇپ يېتىلدۇ.

ئۇ ماھىر خەلق قوشاقچىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ مول مەزمۇنلۇق قوشاقلىرى ئارقىلىق خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا شادلىق بېغىشلىغان. ئۇ 1956- يىلى 60 يېشىدا كەلپىن ناھىيىسىدە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ نامى ھازىرمۇ خەلق ئارىسىدا ياشاپ كەلمەكتە.

## ئاتاقلىق خەلق سەنئەتكارى، سازەندە، ناخشىچى نىساخان

مەشھۇر خەلق ناخشىچىسى نىساخان ئابدۇۋېلى، 1902 - يىلى كۇچا ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئىچىدىكى سەنئەت خۇمار سا-

بولۇپلا قالماستىن، خەلق سەنئىتىنىڭ تەلەپچان ئۇستازى ئىدى. ئۇ، ئۆز ئۆمرىدە ناھايىتى كۆپ سازەندە ۋە مۇقامچىلارنى تەربىيىلىگەن. بۇلاردىن مەرھۇم مامۇت ئەلەم ساتارچى، ئابدۇقادىر مەخسۇم، ھامۇتخان قاتارلىق سازەندىلەر كىشىلەر تەرىپىدىن بۈگۈنگىچە يادلىنىپ كەلمەكتە. ئىبرايىم روزى، مېجىت ساۋۇت قاتارلىق پېشقەدەم سازەندىلەر ئۆزىنىڭ ياڭراق ئاۋازى بىلەن دىيارىمىزدا كۈي ياڭرىتىپ كەلمەكتە.

## خەلق سەنئەتكارى، سازەندە داۋۇت مامۇت

خەلق سەنئەتكارى داۋۇت مامۇت (ساتارچى داۋۇتخان) دادىسى مامۇت قالۇن، بوۋىسى ئەمەت ساتارچىدىن قالغان ساتارنى بىر ئۆمۈر چېلىپ «خەلق سەنئەتكارى» دېگەن نام بىلەن ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

داۋۇت مامۇت 1912- يىلى ئاقسۇ كونىشەھەر بازىرىنىڭ مىسكەرچى كوچىسىدا ئەنئەنىچى خەلق سەنئەتكارى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئەقلىگە كەلگەندىن باشلاپ، دادىسىغا ئەگىشىپ، ئاشخانا، چايخانا، توي-تۆكۈن، جامائەت سورۇنلىرىدا ساتار چېلىپ، ئاقسۇ كونىشەھەردىلا ئەمەس، ئاۋات، ئاقسۇ شەھەرلىرىدىمۇ داڭ چىقارغان. ئۇ يالغۇز ساتار چېلىشقىلا ماھىر بولۇپلا قالماستىن، تەمبۇر، راۋاب، داپ، غىجەك، ئىسكىرىپكا قاتارلىق سازلارنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالاتتى. ئۇ ئۆمرىدە نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن.

ھازىرغىچە نامى مەشھۇر بولغان خەلق سازەندىلىرى ئىچىدە مەشھۇر ئۇيغۇر كلاسسىك خەلق داستانى «سۇلتانى جەمجەمە» نى، «ئۆزھال» مۇقامىنىڭ داستان ۋە مەشرەپ،

كۇچا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ۋە سەنئەتخۇمار كۇچا خەلقى مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر قايغۇ بىلەن تەزىيە بىلدۈردى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋەكىل ئەۋەتىپ مەرھۇمنىڭ دەپنە ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى.

## مۇقامچى ئابدۇكېرەمخان

ئابدۇكېرەمخان 1903 - يىلى ئاقسۇ ناھىيە ئايكۆل يېزا سايئېرىق كەنتىنىڭ قوشئېرىق مەھەللىسىدە مەرىپەتپەرۋەر ئۇقۇمۇشلۇق دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، كىچىك چېغىدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ساۋاتلىق بولغاندىن كېيىن، ئائىلىسىدىكى ۋە جەمئىيەتتىكى مەدەنىي ھاياتنىڭ تەسىرىدە ناخشا - مۇزىكىغا ھەۋەس باغلاپ، دادىسى ئەرشىدىن ئاخۇننىڭ شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىشى ئارقىسىدا، دۇتار، تەمبۇر قاتارلىق چالغۇلارنى ئۆگىنىپ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۆز يۇرتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن سازەندىلىرىدىن بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ، قۇمباش يېزىسىدىكى ئەينى يىللاردا جامائەتچىلىككە تونۇلغان ئاكا - ئۇكا سازەندە مەھەممەتجان ۋە يۇسۇپجانلاردىن ساتار، تەمبۇر، راۋاب، داپ قاتارلىق چالغۇلارنى چېلىشنى ئۆگەنگەن.

ئابدۇكېرەمخان 12 مۇقامغا ۋارىسلىق قىلىپ، راك، چەببىيات، مۇشاۋۇرەك، چارىگاھ، پەنجىگاھ، ئۆزھال، ئۇشاق، ناۋا قاتارلىق سەككىز مۇقامنى پۈتۈن قىسمى بويىچە يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئورۇنلاپ، ئۆز زامانىدىكى سەنئەتسۆيەر خەلقىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى.

ئۇ، ئاقسۇ دىيارىدىكى مەشھۇر مۇقامشۇناس، سازەندە

داڭلىق ھەم ماھىر غەزەلخان، ھەم ئەل ئىچىدە يۇقىرى ئابرويغا
ئىگە داڭلىق مۇقامچىلارنىڭ بىرسى ئىدى.

مىجىت ساۋۇت باللىق چېغىدىلا ئائىلىسىدىكى سازەندە،
غەزەلخان ئەجدادلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن خەلق ناخشا- مۇزى-
كىلىرى ۋە ئەلنەغمىسىگە زور ھەۋەس بىلەن ئىشتىياق باغلاپ
ئۇنى ئۆگىنىشۋالىدۇ. ئۇ 22 ياشقا كىرگەندە، دۇتار، راۋاب،
تەمبۇر، ساتار قاتارلىق چالغۇلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالا-
لايدىغان، ئەل - يۇرت ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن سازەندە ۋە
مۇقامچىلارنىڭ بىرسى بولۇپ يېتىلىدۇ. ئۇ، 1948- يىلى ئاق-
سۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەرىپىدىن قۇرۇلغان «سانا-
يى نەفىسە»نىڭ مۇزىكا ئەترىتىگە قوبۇل قىلىنىپ، خەلقنىڭ
مەدەنىيەت جەھەتتىن ئاقارتىلىش ئىشلىرىغا تۆھپە قوشىدۇ.

1950- يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە
قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە بۇ ئۆمەكتە مۇزىكانت بولۇپ ئىشلەيدۇ.

مىجىت ساۋۇت ئۇيغۇر «12 مۇقام» مۇزىكىلىرىغا چوڭ-
قۇر ئىشتىياق باغلاپ، ئۇزۇن يىل ئىزدىنىش ۋە تىرىشىپ ئۆ-
گىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بارلىق مۇقام، داستان ۋە مەرغۇل-
لىرىنى ئاجايىپ يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنلىيالايدىغان
دەرىجىگە يېتىدۇ.

مىجىت ساۋۇت داڭلىق مۇقامچى ھەم سازەندە بولۇپلا قالماس-
تىن، يەنە كامالەتكە يەتكەن مۇزىكا ئەسۋابلىرى ئۇستىسىدۇر.

ئۇ ئۇيغۇر چالغۇلىرىدىن داپ، دۇتار، تەمبۇر، راۋاب
قاتارلىقلارنى ناھايىتى كۆركەم ھەم نەپىس، سادالىق قىلىپ
ياساپ، خەلقنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرىغا بولغان ئېھتىياجىنىمۇ
تەمىن ئېتىپ كەلدى.

ئۇ، ئۆمرىدە كۆپلىگەن سەنئەتخۇمارلارنى تەربىيىلەپلا
قالماستىن، ئۆز پەرزەنتلىرىنىمۇ خەلق سەنئىتى جەھەتتە ئۆ-

نەغمىلىرىنى داۋۇتخاندەك ئورۇنلىغان بىرمۇ كىشى يوق. داۋۇتخان «سۇلتانى جەمجەمە» نى ساتارغا تەڭكەشلىگەندە ئاڭلىغۇچىلارنى سەلتەنەتلىك پادىشاھ تىرىلىپ، پۇقرالارغا پەند-نەسىھەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتقاندەك تۇيغۇغا ئېلىپ كېلەتتى. ئاقسۇ رايونى دائىرىسىدە 12 مۇقامنى بىر قەدەر تولۇق بىلىدىغان مۇقامچىمۇ داۋۇتخان ئىدى.

پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، داۋۇتۇم نەغمە قىلغان ئاشخانىلاردا خېرىدارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي، ئاشپەزلەرگە ئامەت كەلگەن.

داۋۇتخان 1953- يىلى ئاقسۇ ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ماھارەت كۆرسىتىشىگە تېخىمۇ كەڭ زېمىن ھازىرلاندى. ئۇنىڭ ساتارىنى ئاڭلايدىغانلارمۇ كۆپەيدى. 1962- يىلى داۋۇتخان مائارىپ قوشۇنىغا ئالمىشىپ، ئاقسۇ كۆنەشەھەر ناھىيىسىنىڭ جام، بوزدۆڭ ۋە ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىدى.

1983- يىلى 4-ئايدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ساتار بىلەن ئورۇنلىغان «سۇلتانى جەمجەمە» داستانى 1982- يىلى لېنتىغا ئېلىنغانىدى. ئۇ جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى.

## داڭلىق مۇقامچى مېجىت ساۋۇت

داڭلىق مۇقامچى، مۇزىكانت مېجىت ساۋۇت 1923- يىلى ئاۋات ناھىيە يېڭىئېرىق يېزىسىنىڭ تۆگمەنبېشى كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ساۋۇت ھاجىم ئۆز زامانىسىدىكى ئوقۇمۇشلۇق، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ بىرسى بولۇپ،

ئاۋۇت مۇسا ئازادلىقتىن كېيىن، ۋىلايەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە مەملىكەتلىك خەلق سەنئىتى تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ دولان مۇقاملىرىنىڭ مۇقام ۋە مەشرەپ ئاھاڭلىرىنى لېنتىگە ئېلىش، توپلاش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەم بەرگەن ھەمدە بۈگۈنكى كۈندە «دولان توققۇز مۇقامى» نىڭ سىستېمىلىق ھالدا توپلاپ رەتلىنىشى ئۈچۈن زور ياردەم بەرگەن. گەرچە ئۇ، ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا دولان مۇقاملىرىنى خەلق ئارىسىدا ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇپ، كۆپلىگەن ياشلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. ئۇ، ھەم ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ھازىر ئاۋات ناھىيىسىدىكى ھەر خىل مەشرەپ ۋە توي - تۆكۈنلەردە خەلقنىڭ دولان مەشرىپىگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كەلمەكتە،

## دولان مۇقامچىسى مەمتاۋلا راۋاب

ئاتاقلىق خەلق ئەلنەغمىچىسى مەمتاۋلا راۋاب 1924-يىلى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورۇچۆل يېزا قەدىمى ئايماق كەنتىدە ئاخنىياز ئاخۇن دېگەن ئۇقۇمۇشلۇق، خۇشخۇي، سەنئەت خۇمار كىشى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ چوڭ دادىسى توختاخۇنمۇ داڭلىق مۇقامچىلارنىڭ بىرسى بولۇپ، 1917-يىلى 40 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئانىسى تەرەپ چوڭ دادىسى مەممەت دورغا دېگەن كىشىمۇ ئەلنەغمىچى بولۇپ، 1933 - يىلى 86 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

مەمتاۋلا نىياز ئۆسمۈر چېغىدىن باشلاپلا ئائىلىسى ۋە يۇرتىدىكى خەلق ئەلنەغمىچىلىرىنىڭ تەسىرىدە دولان مۇقامىغا ھەۋەس بىلەن قىزىققان. ئۇ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئائىلىسىدىكى تۇرمۇش يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن بايلارنىڭ ئۆيىدە يالىنىپ ئىش-

سۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى.

1984 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ سەنئەت بۆلۈمى ئۇنىڭ ئۆز پەرزەنت- لىرى ئابدىرىشىت ۋە ئابدۇكېرىملەر بىلەن بىرلىكتە ئورۇن- لىغان بىر قانچە ناخشا- مۇزىكىلىرىنى لېنتىغا ئېلىپ كەڭ تاماشىبىنلارغا تەقدىم قىلدى.

مېجىت ساۋۇت كۆپ يىللاردىن بۇيان مۇناسىۋەتلىك سەنئەت تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرى، ئەلنەغ- مىلىرى ۋە خەلق ناخشا- قوشاقلىرىنى يىغىش، توپلاش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەم بېرىپ كەلدى. ئۇ، ئۆز ھاياتىنى خەلقىمىزنىڭ مۇقام، ئەلنەغمە ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلىغان پېشقەدەم، تەلەپچان تۆھپىكارلىرىمىزنىڭ بىرىسىدۇر.

## دولان مۇقامچىسى ئاۋۇت مۇسا

ئاۋۇت مۇسا 1923 ـ يىلى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورۇچۆل يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا دىنىي مەك- تەپتە ئوقۇغان، چوڭ دادىسى يۈسۈپ سوپى ئەينى يىللاردى- كى دولانلىقلار ئارىسىدا ئۇستا ئەلنەغمىچى بولۇپ، ئاۋۇت مۇسا ئۇنىڭ تەسىرىدە «دولان توققۇز مۇقامى» نى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلاش ماھارىتىنى ئۆگەنگەن. چوڭ دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ، چوڭ- كىچىك سورۇنلاردى- كى مەشرەپلەردە نەغمە قىلىپ، يۇرت ئىچىدە تونۇلۇشقا باش- لىغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، خەلق ئىچىدىكى پېشقە- دەم دولان مۇقامچىلىرى ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئاۋۇت مۇسا كې- يىنكى كۈنلەردە مەشھۇر دولان مۇقامچىسى بولۇپ يېتىلگەن.

## داڭلىق دولان راۋابچىسى ئىمرەمزى قۇربان

ئىمرەمزى قۇربان 1927 - يىلى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورۇچۆل يېزا ئايكۆل كەنتىدە راۋابچى قۇربان ئاخۇن دېگەن سازەندە كىشى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئىمرەمزى قۇربان كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ئاتىسى قۇربان راۋاب بىلەن چوڭ- كىچىك خەلق مەشرەپلىرىگە بىللە بېرىپ، خەلق مەشرەپى ۋە دولان مۇقاملىرىغا زور ھەۋەس بىلەن ئىشتىياق باغلىغان. ئۇ، يېزىسىدىكى ئاتاقلىق دولان راۋابچىسى مامۇت تاش دېگەن كىشىنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ راۋاب چېلىش ماھارىتىنى پۇختا ئۆگىنىش بىللە، ئۆز يېزىسىدىكى ياش مۇقام ھەۋەسكارلىرىدىن بارات ئاۋۇت، تۇنىياز تۇردى، ئابدۇقادىر مۇسا، ئەسئەت سوپى، ھەسەن راۋاب دېگەن كىشىلەرگە دولان راۋابىنى ياساش ۋە چېلىش ماھارىتىنى ئۆگىتىپ، دولان مۇقاملىرى ۋە دولان مەشرەپلىرىنىڭ خەلق ئىچىدە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشقان. ئۇ، 1950 - يىلدىن بۇيان ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت - سەنئەت ۋە مۇقام تەتقىقاتى ئورۇنلىرىنىڭ دولان مۇقاملىرىنى يىغىش، توپلاش ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەم بەرگەنىدى.

ئىمرەمزى قۇربان 1988 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. پىراق ئۇنىڭ شوخ - يارقىن، لەرزان ئاۋازى، ئۇ چالغان دولان راۋابىنىڭ جاراڭلىق ساداسى بۈگۈنگىچە رادىئو كانايلىرىدىن ئۈزۈلمەي ياڭرىماقتا.

## سەمەت سوپى

داڭلىق دولان مۇقامچىسى سەمەت سوپى 1925 - يىلى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورۇچۆل يېزا بېشىرىق كەنتىدە دېھقان

لىگەن. ئەنە شۇ يىللىرى ئۇ داڭلىق راۋابچى مامۇت زەي-
دىل (1988 - يىلى 110 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن) نى ئۇس-
تاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن دولان راۋابىنى چېلىش، دولان مۇقام-
لىرىنى ئېيتىشنى ۋە مەشرەپلەردە ئاجايىپ ياخشى ماھارەت
بىلەن نەغمە قىلىشنى ئۆگەنگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭ
نامى ئەل ئارىسىدا، مەمتاۋلا راۋاب دەپ ئاتىلىپ، يۇرت
ئىچىدە تونۇلۇشقا باشلىغان.

مەمتاۋلا راۋاب 1952 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەن-
ئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغان. 1963 - يىلى يۇرتىغا قاي-
تىپ كېلىپ، ئاۋات ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ۋە ناھىيە-
لىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلىگەن. ئۇ، شۇ جەريانىدا دولان
مۇقام ئاھاڭلىرى ۋە مۇقام، مەشرەپ تېكىستلىرىنى سىستې-
مىلىق ھالدا توپلاپ، يۇرۇشلەشتۈرۈپ ئورۇنلاپ، كۆپ قېتىم
ناھىيە، ۋىلايەت سەھنىلىرىدە ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئورۇنلاش
ۋە دولان مۇقامى ئاھاڭلىرىدىن پايدىلىنىپ، بۈگۈنكى سەھ-
نە ناخشا - ئۇسسۇل ۋە تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئۆزگىچە مىللىي
شەكىللەر بىلەن ئورۇنلىنىشى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئىزدەنگەن.
ئۇ، دولان ئاھاڭلىرى ئاساسىدا كۆپلىگەن ئاھاڭلارنى ئىجاد
قىلىپ، سەھنە ۋە رادىئو ئىستانسىلىرىغا بۇ ئاھاڭلارنى تەق-
دىم قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى خەلق سەنئىتىدىن
زوق ئېلىشنى تەمىن ئەتكەن. ئۇ، ئازادلىقتىن بۇيان كۆپ
قېتىم دولان مۇقامى ئاھاڭلىرى ۋە تېكىستلىرىنىڭ توپلاپ،
رەتلىنىشى ئۈچۈن ئالاھىدە ياردەمدە بولدى. مەمتاۋلا را-
ۋاب ھازىرمۇ تەۋەرۈك دولان راۋابىنى ئۆز يېنىدىن ئايرى-
ماي، ناھىيە تەۋەسىدىكى ياش مۇقام ھەۋەسكارلىرىنىڭ
يېتىلىشى ئۈچۈن كۈچ چىقارماقتا.

رەپلىرىگە داۋاملىق قاتنىشىپ، پېشقەدەم خەلق ئەلنەغمەچىلىرىنى ئۇستاز تۇتۇپ، كوچا خەلقى ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئەلنەغمىچىلەردىن بولۇپ يېتىلگەن.

ئۇ، كوچادىكى ئاتاقلىق مۇقام ۋە ئەلنەغمە ئۇستازلىرىدىن ئالىماخۇن، ھوشۇر ئاخۇن، نىساخان قاتارلىق خەلق سەنئەتكارلىرىدىن كوچار سەنئىتى ۋە كوچار خەلق ناخشىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئەل ئىچىدە داڭلىق خەلق سەنئەتكارلىرىدىن بىرى بولۇپ يېتىلگەن.

ئۇ 1960-يىللىرىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئەلنەغمە ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، كوچادىكى ھەر خىل توي-تۆكۈن، ھېيت-بايرام ۋە سەيلە مەشرەپلىرىدە سورۇنغا چىقىپ ئۆزىنىڭ ئەلنەغمە ھاياتىنى باشلىغان. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ، بۈگۈنگە قەدەر كوچا خەلق ئارىسىدا ئۇيغۇر 12 مۇقام مۇزىكىلىرىدىن «ناۋا»، «ئۇشاق»، «پەنجىگاھ»، «مۇشاۋۇرەك»، «ئۆزھال»، «راك» قاتارلىق مۇقاملارنىڭ كەڭ تارقىلىشى ۋە ساقلىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان.

ئۇ، كوچا خەلق ناخشىلىرى ۋە كوچا خەلق قوشاقلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ بىرسى بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر دەرىجىلىك ئەدەبىيات-سەنئەت، ئەلنەغمە ۋە مۇقام تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئورۇن ۋە مۇناسىۋەتلىك كەسپىي خادىملارغا ئۆزى بىلىدىغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئەلنەغمە ئاھاڭلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، خەلقىمىزنىڭ بۇ قىممەتلىك مىراسلىرىنىڭ توپلاپ، نەشر قىلىنىش ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەم بەردى.

ئۇ، 1990-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق «12 مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى» گە قوبۇل قىلىندى.

ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن 4- ئەۋلاد دولان مۇقامچىسى بو-
لۇپ، ئۇ ئاكىسى ئاۋۇت مۇسا، ئىسمايىل دايىم، مەھەممەت
مۇسا، ئەمەت ئۇستا قاتارلىق ئەلنەغمىچىلەرنىڭ تەسىرى
بىلەن، ئۇستا دولان مۇقامچىلىرىنىڭ بىرى ھەم يىگىت بې-
شى بولۇپ، خەلق ئارىسىدا پات - پات مەشرەپ تەشكىللەپ
خەلقنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان خەلق ئەلنەغمىچى-
سىدۇر.

ئۇ داڭلىق دولان مۇقامچىلىرىدىن ئىمىر ئىبراھىم،
ئىمىن ئىسمايىل، ئىمىر ئەمەت قاتارلىق مۇقامچىلارنى
تەربىيىلەپ چىقتى. ئۇنىڭسىز ئاۋات يېزىلىرىدا دولان مەش-
رىپى ئۆتكۈزۈلمەيدۇ ھەم قىزىمايدۇ.

سەمەت سوپى 1983 - يىلى تەڭرىتاغ كىنو ستودىيىسى
ئىشلىگەن «چېگرا يېزىغا مۇھەببەت» ناملىق كىنو فىلىمىنىڭ
سۈرەتكە ئېلىنىشى ۋە ئاۋات ناھىيىسىدە دولان توققۇز مۇقامى-
نىڭ لېنتىگە ئېلىنىپ، توپلاپ، رەتلىنىشى ئۈچۈن ھەمدە خەلق
قوشاقلىرىنىڭ توپلاپ رەتلىنىشى ئۈچۈن يېقىندىن ياردەم
بەردى.

## ئەلنەغمىچى تۇنىياز داۋۇت

خەلق ئەلنەغمىچىسى، مۇقامچى تۇنىياز داۋۇت 1942-
يىلى كۇچا ناھىيە كونىشەھەر سايباغ مەھەللىسىدە تۇغۇل -
غان. دادىسى داۋۇت مىسكەر ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولۇپ، ئۇ-
نىڭغا كىچىك چېغىدىن باشلاپ ئۆز ھۈنىرى مىسكەرچىلىكنى
ئۆگەتكەن ھەم ئۇيغۇر چالغۇلىرىدىن دۇتار، تەمبۇر، راۋاب
قاتارلىقلارنىمۇ ئۆگەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، تۇنىياز دا -
ۋۇت خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرى ۋە مۇقام، ئەلنەغمە، خەلق
مەشرەپلىرىگە ئالاھىدە ھەۋەس بىلەن قىزىقىپ خەلق مەش-

ئوقۇغۇچىلىق چېغىدىن باشلاپ راۋاب چېلىش ماھارىتىنى
پۇختا ئىگىلىگەن. 1960 - يىلى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى-
گە قوبۇل قىلىنغان. 1965 - يىلىدىن كېيىن ئوقۇتقۇچى ۋە
ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت- سەن-
ئەت كەسپىي خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن.

ئابدۇقادىر مۇسا دولان مۇقاملىرى ۋە دولان ئۇسسۇللى-
رىنى پۇختا ئىگىلىگەن ماھىر، ياش خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ
پىرسى بولۇپ، ئاۋات ناھىيىسىدە دولان سەنئىتىنىڭ مۇكەم-
مەل ساقلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئالاھىدە كۈچ سەرپ
قىلغان تۆھپىكارلارنىڭ بىرسىدۇر.

ئۇ پېشقەدەم دولان راۋابچىسى ئېمرەمزى قۇربانىنى
ئۇستاز تۇتۇپ، دولان راۋابىنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن چې-
لىشنى ئۆگەنسە، پېشقەدەم مۇقامچى ئاۋۇت مۇسا قاتارلىق
خەلق مۇقامچىلىرىدىن دولان مۇقام تېكىستلىرىنى ۋە ئاھاڭ-
لىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، ناھىيە تەۋەسىدە ھەمزە مەتنىياز،
كېرەمجان، مامۇت نەمەت، ئېزىز ئابلىز، قاتارلىق ياش
مۇقام ھەۋەسكارلىرىنى تەربىيىلەپ، دولان دىيارىدىكى مۇ-
قامچىلىقنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۈزۈلمەي داۋام قىلىشى ئۈ-
چۈن ئايانماستىن كۈچ سەرپ قىلماقتا.

ئابدۇقادىر مۇسا يەنە ئاۋات ناھىيىسىدىكى مۇقام سو-
رۇنلىرىدا يوقىلىپ كەتكىنىگە ئۇزاق يىللار بولغان ئاتا مې-
راس ئۇيغۇر چالغۇسى — قالۇننى قايتىدىن رېمونت قىلىپ،
دولان ئەنئەنىچىلىكىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى ۋە بۇ
تەۋەرۈك چالغۇنى يېڭىباشتىن سەھنىگە ئېلىپ چىقتى.

## خەلق قوشاقچىسى موللا تۇردى

ئاتاقلىق خەلق قوشاقچىسى، شائىر موللا تۇردى شاد-
ئېلى، 1892- يىلى كۇچا ناھىيىسىنىڭ ياقا يېزا ئاقبۇيا كەن-

## دولان مۇقامچىسى ئىمىر ئەمەت

دولان دىيارىدىكى ياش مۇقامچى ئىمىر ئەمەت 1943 ـ يىلى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورۇچۆل يېزا ئايكۆل مەھەللىسىدە خەلق ئىچىدىكى مەشھۇر ئەلنەغمىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ كىچىك چېغىدىن تارتىپ ئاتا كەسپى ــ دولان مۇقامچىلىقىغا ئىشتىياق باغلاپ، خەلق مەشرەپلىرىگە قىزىقىپ ۋە قاتنىشىپ، 18 ياشقا كىرگەندە چوڭ ـ كىچىك مەشرەپ ۋە ھەر خىل كاتتا مەرىكە ـ يىغىلىشلاردا مۇستەقىل نەغمە قىلالايدىغان دەرىجىدە ماھارەت ئىگىلىگەن.

ئىمىر ئەمەت ناھىيە تەۋەسىدىن يەنە ئەلا ئىلى، ئىمامنىياز ئابلىز، ئابدۇراخمان، ئوسمان سايىم، بەكرى ھەمەر قاتارلىق ئەلنەغمە خۇمارلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، دولان مۇقامچىلىقىنىڭ ئۈزۈلمەي داۋاملىشىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. ئۇ ھازىر ئاۋات ناھىيىسى تەۋەسىدە داڭلىق مۇقامچىلارنىڭ بىرسى بولۇپ، دولان دىيارىدىكى سەنئەت خۇمار خەلقنىڭ ئالقىش ۋە ھۆرمىتىگە ئىگە ياش ھەم تالانتلىق دولان مۇقامچىلىرىنىڭ بىرسىدۇر.

## دولان مۇقامچىسى ئابدۇقادىر مۇسا

ياش دولان مۇقامچىسى، سازەندە ئابدۇقادىر مۇسا 1943 ـ يىلى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ غورۇچۆل يېزىسىدا، مەشھۇر خەلق مۇقامچىسى ھەم سازەندە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى دولان دىيارىدىكى مەشھۇر خەلق مۇقامچىلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ، ئابدۇقادىر مۇسا ئائىلىسىنىڭ تەسىرى ۋە ئۆزىنىڭ ئالاھىدە قىزىقىشى ئارقىسىدا،

يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى.

موللا تۇردى ئۆز ھاياتىدا كۆپلىگەن خەلق قوشاقلىرىنى توپلىغان ۋە يازغان بولسىمۇ، ھەر خىل تارىخىي سەۋەبلەر بىلەن ئۇ، كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدى. ئۇ، 1970- يىلى 78 يېشىدا كۇچادا ۋاپات بولدى.

## خەلق قوشاقچىسى ئايۇپ سامساق

مەشھۇر خەلق قوشاقچىسى ئايۇپ سامساق 1908- يىلى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ گەزلىك يېزىسىدا ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىك چېغىدىن باشلاپ ئاتىسىدىن كۆنچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگەنگەن، يەنە بىر تەرەپتىن خەلق مەشرەپلىرىگە قاتنىشىش ئارقىلىق خەلق قوشاقلىرى ۋە ئەلنەغمىلىرىنى ئۆگەنگەن.

ئايۇپ سامساق ئۆز ھاياتىدا كۆپلىگەن قوشاقلارنى ئىجاد قىلدى. ئۇ 1953- يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ دادىل قەدەم بىلەن ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىنى باشلىدى ۋە بىر قىسىم قوشاقلارنى ئېلان قىلدى. 1956- يىلى «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» تەرىپىدىن ئۇنىڭ قوشاقلار توپلىمى نەشىر قىلىندى.

ئايۇپ سامساق 1956- يىلى 48 يېشىدا كەلپىندە ئالەمدىن ئۆتتى. تۆۋەندە ئۇنىڭ بىر قوشىقىنى تونۇشتۇرىمىز.

ـتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى موللا
شادىئېلى ۋە چوڭدادىسى موللا خۇدابەردى ئەينى يىللاردىكى
ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەردىن بولۇپ، خەلق ئىچىدە تونۇلغان
خەلق قوشاقچىلىرىدىن ئىدى.

موللا تۇردى كىچىك چېغىدىن باشلاپلا تىرىشچان ھەم
زېرەك ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇ ئۆز مەھەللىسىدىكى دىنىي مەكتەپـ
تە ئوقۇغانىدى.

موللا تۇردى ئەنە شۇ يىللىرى ئەرەب، پارس تىللىـ
رىنى ئۆگىنىپ، شۇ يىللاردا نەشر قىلىنغان كۆپلىگەن كىتابـ
لارنى ئوقۇدى، تۈرلۈك خاتىرە ۋە نەزمىلەرنى يازدى ھەمدە
دادىسىنىڭ يازغان قوشاقلىرىنى قىزىقىپ ئوقۇش بىلەن ئۆزىمۇ
كۆپلىگەن قوشاقلارنى يازدى ھەم خەلق ئارىسىدىكى ئوقۇمۇشـ
لۇق كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ سىردىشىش ئارقىلىق نۇرغۇنلىـ
غان خەلق قوشاقلىرى، خەلق چۆچەكلىرى، ماقال- تەمسىللەرـ
نىمۇ ئاڭلىدى ۋە ئىجاد قىلدى.

موللا تۇردىنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئىجادىيىتى ئاساسەن
ئۆتمۈشتىكى فېئوداللىق تۈزۈم ۋە ئۇنىڭ ئادالەتسىز ھۆكۈمـ
رانلىقىغا قارشى تېما ۋە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، ئاـ
زادلىقتىن كېيىنكى قوشاقلىرىدا، خەلقىمىزنىڭ بەختىيار، ھۆر،
ئازاد زامانغا بولغان چەكسىز مېھرى-مۇھەببىتى ۋە پارتىيە،
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خەلققە ئېلىپ كەلگەن مېھرى- شەپقىتى
كۈيلەنگەن. ئۇ، يەنە ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر تىلى ئارقىلىق جەمئىـ
يەتتىكى ھەرخىل ناچار ئىللەتلەرنى مەسخىرە قىلىش ئارقىـ
لىق خەلقنى توغرا يولغا يېتەكلىگەن.

موللا تۇردى 1956-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىياتـ
سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. ئۇ ئۆزىـ
نىڭ بىر قاتار ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق شۇ يىلى جۇڭگو

بۇ زامان شۇنداق زامان
گۆشنى چوڭلار يەيدىغان.
چوڭلار مۇنداق قىلماڭلار،
ئاخىر ھالىڭلار يامان.

چوڭلار ھەدەپ گۆش يېسە،
ئۇششاقلار قاراپ قالدۇق.
ئاچچىققا بەس كېلەلمەي،
بۇ قېشاقنىمۇ ئالدۇق.

بۇلتۇر مۇشۇكەم بىلەن،
ئۆرۈكمۇ سۇزۇلۇپتىكەن.
«ئىنساب» دېگەن بولمىسا،
بۇ كەلپىن بۇزۇلۇپتىكەن.

پۇقرالارنى يامان دەپ،
ئامبىلىڭغا دېسەڭچۇ.
قارنىتىپ گۆش يېگىچە،
ئىت تىزىكى يېسەڭچۇ.

تۇرداخۇنمۇ ياش تۇرۇپ،
ھاسا تاياق تاياندى.
بۇ قوشاقنى بوش كۆرمەڭ،
ئەمدى قوشاق ئايىندى.

1946 - يىل، كەلپىن.

# بىر قۇربان ھېيت خاتىرىسى

ئاھىيىمىز كەلپىنگە،
بىر قانچىلار باش بولدى.
ھېيت قۇربان كۈنىسى،
ئاھايىتى بەلەن ئاش بولدى.

چاقىرىشتى چوڭلارنى،
خەتكە بىر - بىرلەپ يېزىپ.
چوڭلار گۆشنى يەپ كەتتى،
ئۇششاقلار قاراپ قېلىپ.

بېگىم تورغاي بېقىپتۇ،
قەپەزىدە سايرىتىپ.
چوڭلار گۆشنى يەپ كەتتى،
ئۇششاقلارنى قارىتىپ.

كەلسە گۆشلەر ئالدىغا،
كۆزنى يۇمۇپ ھەدەپ يەر.
بۇگۈن مۇنداق يېگەن بىلەن،
ئاخىرەتتە نېمەدەر؟!

قىيانمۇ ئۇلۇغ كەلسە،
ئاتلىقلار ئۆتەلمەيدۇ.
چوڭلار مۇنداق قىلماڭلار،
خۇدايىم كۆتەرمەيدۇ.

— لەشكەر تەييارلىغۇچى: ئابلەھ قەيۇم، ئابدۇقادىر سادىر، ئابدۇراخمان مامۇت، ئەھمەت ساۋۇت.

审稿人：阿布力米提·沙迪克
编辑：吐尼牙孜·买提尼牙孜
责任编辑：贺加克.胡达伯迪
摄影：吐尼牙孜·买提尼牙孜
托乎提·艾山
克尤木·卡德尔
封面设计：夏迪叶·阿西不
刊头设计：帕尔哈提·依布拉英木
阿布拉·托乎提

中国民间歌谣集新疆传
阿克苏民间歌谣（维吾尔文）
收集、整理：吐尼牙孜·买提尼牙孜
*
新疆青少年出版社出版
地址：乌市建设路九号　邮编：830002
阿克苏地区民间文学集成办编
新疆新华书店发行
喀什日报印刷厂印刷
开本：850×1168　1/32.　22印张
1993年5月第一次出版第一次印刷
ISBN7—5371—1535—4/I.543
印数：1—3570
单价：　精装14.00元